国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# ھاشارات خاتىرىسى

فابرې ( فرانسىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

فابرې ( فىرانسىيە )

# ھاشارات خاتىرىسى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: گۈلشەھەر نىيغمەت
تاھىرجان ئەركىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

昆虫记：维吾尔文 /（法）法布尔著；古丽夏尔，塔依尔江·艾尔肯译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.7
ISBN 978-7-228-17741-7

Ⅰ. ①昆… Ⅱ. ①法… ②塔… Ⅲ. ①昆虫学 — 普及读物 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①Q96-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第216277号

责任编辑　穆纳尔江·托合塔洪
责任校对　阿依古丽·亚森
封面设计　买买提·诺比提
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米　32开本
印　　张　16
版　　次　2014年9月第1版
印　　次　2014年9月第1次印刷
定　　价　40.00 元

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم

سكاراب قوڭغۇزى ........ 3
ۋاندۇ چوققىسىغا چىقىش ........ 30

## ئىككىنچى بۆلۈم

قاقاس تاشلىق باغچە ........ 53
هايۋانلار تەپەككۇر قىلالامدۇ ........ 72

## ئۈچىنچى بۆلۈم

جىسمانىي ئۇزۇقلۇق ۋە مەنىۋى ئوزۇقلۇق ........ 77
ئۈچ خىل قۇرۇلۇشچى ھەرە ........ 80
شەكىل ئۆزگەرتىش نەزەرىيەسىنى بىر تەرەپ قىيۇش ........ 86
جاپاكەش پارازىت قۇرتلار ........ 97

## تۆتىنچى بۆلۈم

مىڭلىغان نەزەرىيەۋى قاراشلار بىر پاكىتقا يەتمەيدۇ ........ 105
ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ تىرىكچىلىك يولى ........ 110
ئوخشىمىغان ماھارەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 113

## بەشىنچى بۆلۈم

تاپىخورلار ........ 121

گەندىخورلار ۋە مۇھىت تازىلىقى ........................ 142
تومۇزغا ۋە چۇمۇلە ھەققىدە مەسەل ........................ 152
تومۇزغا تۇخۇمىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ........................ 169
ياچىۋەكىنىڭ شىكارى ........................ 172
ھاشاراتلارنىڭ ئۇيقۇ ھالىتى ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە ..... 186
ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆلۈش ........................ 191

ئالتىنچى بۆلۈم

سىسفۇس ھاشارىتى ۋە ئاتىلىق تۇغما ئىقتىدار ........................ 203
پامپاس يايلىقىدىكى گەندىخورلار ........................ 221
يېشىل تاقتاق چېكەتكە ........................ 237
ھاشارات تېنىنىڭ رەڭگى ........................ 246
قارا چېكەتكىنىڭ دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى ........................ 259
ئىتالىيە قارا چېكەتكىسى ........................ 262
توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان قارىغاي پەرۋانىسى .......... 270

يەتتىنچى بۆلۈم

ئۆلگەن بولۇۋېلىش ........................ 303
ئاق پاتمىچۇقنىڭ «ئۆلۈۋېلىشى» ........................ 321
چىراغ ھەققىدە تەسىرات ........................ 331
قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكى خارتۇملۇق ھاشارات ........ 333
چوڭ تون پەرۋانىسىنىڭ كەچلىك يىغىلىشى ........................ 337
ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغان توختام سۇ ........................ 341
تاغ جىنس پارچىلىرىدىن تۈزۈلگەن تارىخ كىتابىدىكى
خارتۇملۇق ھاشارات ........................ 345

## سەككىزىنچى بۆلۈم


سىرىنگۈل ئىبادەتخانىسى ........................ 357
كوچا ھەرىسى ........................................ 361


## توققۇزىنچى بۆلۈم


كىچىك ئۇستىلىم .................................... 379
لانگىدوك چايىنىنىڭ تويى ۋە ئائىلىسى .............. 396
قىزىل خانقىز ......................................... 445


## ئونىنچى بۆلۈم


يالتىراق قوڭغۇزنىڭ تاماق تەييارلىشى .............. 451
كاپۇستا كېپىنىكىگە تاقابىل تۇرۇش .................. 457
بىنورماللىق ھەققىدە ................................ 461
ماگدامچى قوڭغۇزنىڭ توي ئادىتى .................... 482
بالىلىق ئەسلىمىلىرى ............................... 493

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم



# سكاراب قوڭغۇزى

ئۈۋا ياساپ چاڭگا تىزىش، ئائىلىسىنى قوغداشقا تۈرلۈك ئىقتىدار ـ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى مەركەزلەشكەن. ئۇچار قاناتلاردىن ئىبارەت بۇ چېۋەر ئىنژېنېرلار بىزگە بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ كۆپ خىللىقتا تېخىمۇ بەكرەك يۈزلەنگەن ھاشاراتلارمۇ بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھاشاراتلار بىزگە «ئانىلىق بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى ھازىرلايدىغان ئىجادكارلىقنىڭ ئىلھام مەنبەسى» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئانىلىق تۈرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ، بۇ يەككە جانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇھىم. شۇ سەۋەبتىن، ئانىلىق ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئەقلىي قابىلىيەتنى ئويغاتقۇچى، يىراقنى كۆرەرلىكنى بىخلاندۇرغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئانىلىق مېھىر بولسا مۇقەددەس مەنبە بولۇپ، تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان پىسخىكا ئەپچىللىكى ئاشۇ جايغا يوشۇرۇنغان. ئانىلىق ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتكەندە بىز خاتالىقتىن ساقلايدىغان بىر خىل ئىدراكنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. ئانىلىق مېھىر قانچە كۆرۈنەرلىك بولغانسېرى، تۇغما ئىقتىدارمۇ شۇنچە ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ. ئانىلىق بىلەن تۇغما ئىقتىدار ئۈستىدە توختالغاندا، ئىپادىسى جەھەتتە، ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى پەردە قاناتلىق ھاشاراتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ جىنسىغا ناھايىتى مۇستەھكەم ئانىلىق مۇجەسسەملەنگەن. ئۇلار ئەۋزەل تەبىئىي ئىقتىدارلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ۋە تۇرالغۇ تەييارلاشقا

ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ كۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقداشلىرىنى كۆرۈشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، ئەمما ئۇلاردا ئانىلىقنىڭ ئالدىن سەزگۈسى ئارقىلىق ئۇرۇقداشلىرىنى ھېس قىلىش مەۋجۇت بولىدۇ. قەلبىگە ئۆز ئائىلىسىنى مەھكەم پۈككەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر پۈتۈن ماھارەتكە ئىگە بولغان كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى يىپ توقۇلمىلارنى ياكى باشقا تالاسىمان ماتېرىياللارنى يۇمشاقلاشتۇرىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋۇتلىرىنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلىنىدۇ؛ بەزىلىرى ئىنچىكە يوپۇرماق، تال چىۋىقلاردىن سېۋەت توقۇيدىغان ئۇستىكارلارغا ئايلىنىدۇ؛ تامچىغا ئايلانغىنى ئۇۋىلارنى ۋە تاش پارچىلىرىدىن ئۆگزىلەرنى ياساپ چىقىدۇ؛ ئاۋۇ بىرسى فارفورچىلىق دۇكىنى قۇرۇپ چىقىپ، سېغىز توپىلارنى چىمدىپ ئېلىپ ناھايىتى نەپىس بولغان تۈۋى ئۇچلۇق ئىدىشلارنى، يەنە تېخى كۇپ، يوغان قورساقلىق بوتۇلكىلارنى ياساپ چىقىدۇ؛ يەنە باشقا بىرى بولسا ئۆزىنىڭ قېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق، دىمىق ۋە زەي خىزمەت شارائىتى ئاستىدا سىرلىق يەر ئاستى قۇرۇلۇشلىرىنى ياساپ چىقىدۇ. ئۇلار بىرگە ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان ماھارەتلەرنى ئىگىلىگەن، ھەتتا بىزمۇ سەل قارىغان كۆپلىگەن ماھارەتلەرمۇ ھاشاراتلارنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئاللىقاچان قوللىنىلغان. ئۇلار تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولۇپ، ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىدۇ. ئۇلار شىرنە كۇمىلىچىنى، گۈل چېچىكى تالقىنىنى ياساپ چىققان، يەنە تېخى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن يۇمشىتىلغان گۆش كونسېرۋاسىنىمۇ ياساپ چىققان. ئائىلىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ياسالغان بۇ خىل قۇرۇلۇش ئانىلىقتىن ئىلھام ئالغان ئەڭ ئالىي تۇغما قابىلىيەتلەرنى نامايىش قىلىدۇ.

ھاشارات دۇنياسىدىكى باشقا تۈرلۈك ھاشاراتلاردا ئانىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەتتە ناھايىتى يۈزەكى ۋە تايىنسىز بولىدۇ. ئۇلار تۇخۇملىرىنى بىرقەدەر ياخشى ئورۇنغا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن لىچىنكا مەغلۇبىيەت خەۋپىگە قارىماي، ھاياتىدىن ئايرىلىشتەك تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇپ، ماكانلىشىدىغان ئورۇن ۋە ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. مۇتلەق كۆپ سانلىق ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەۋلادلىرىغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. پەرۋىش قىلىش جەريانى مۇشۇنداق ئاددىي بولىدۇ، ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئانچە مۇھىم مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ. لىكورگى① سەنئەتنى سپارتا جۇمھۇرىيىتىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىدۇ، ئۇ سەنئەت كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ. سپارتاچە شەكىلدە بېقىپ ئۆستۈرۈلگەن ھاشاراتلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى تۇغما قابىلىيەتلىرى مانا مۇشۇنداق ئۆلۈپ يوقايدۇ. ئانا بولغۇچى ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتىكى بۆشۈك بولغان خىلمۇخىل مۇلايىم، ئىنچىكە باشقۇرۇش ئىچىدىن چەتنەپ چىقىدۇ، بارلىق خۇسۇسىيەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل بولغان ئەقلىي ئىقتىدار خۇسۇسىيىتى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، ئاخىر يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، مەيلى ھايۋاناتلار ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئىنسانلار ئۈچۈن بولسۇن، ئائىلە گۈزەللىك ۋە مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشنىڭ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنىڭ ھەقلىقىگە قىل سىغمايدۇ.

ئەۋلادلىرىغا غەمخورلۇق قىلىشتا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن پەردە قاناتلىق ھاشاراتلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ تەرىپلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەۋلادلىرىنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىدىغان ھاشاراتلار ئەكسىچە كىشىنى ئانچە زوقلاندۇرمايدۇ. ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەۋلادلىرىنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن،

① لىكورگى — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 9 ـ ئەسىردىكى سپارتا دۆلىتىنىڭ مەشھۇر قانۇن تۈزگۈچىسى.

فىرانسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەرلىك ھايۋاناتلار تەزكىرىسىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىرنە يىغىدىغان ھاشارات تۈرى بىلەن توپىدىن ئۇزۇقلۇق ئىزدەيدىغان ھاشارات تۈرىگە ئوخشاش بۇنداق ئائىلىسى ئۈچۈن تۈرالغۇ ۋە ئوزۇقلۇق تەييارلىيالايدىغان ھاشاراتلاردىن يەنە بىر خىلى بار.

سىرلىقلىقنى ئېلىپ ئېيتساق، ئانىلىق مېھرى تەرەپتە گۈللەردىن ئوزۇقلۇق تاپىدىغان ھەرە تۈرىدىكىلەرگە سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغىنى پەقەت ئەخلەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھايۋانات توپى بۇلغىغۇەتكەن يايلاقلارنى پاكىزلايدىغان تۈرلۈك گەندىخور ھاشارات تۈرلىرىدۇر. سىز يەنە مول تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە، ئۆز خىزمىتىگە سادىق ئانا ھاشاراتتىن بىرنى تېپىشنى ئويلىسىڭىز، چوقۇم گۈللۈكلەردە خۇش پۇراق چېچىۋاتقان گۈل ـ غۇنچىلاردىن ۋاز كېچىپ، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ يول بويلىرىدىكى قىغ دۆۋىسىگە بارسىڭىز بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى مانا مۇشۇنداق سېلىشتۇرمىلارغا تولغان. بىزدە بار بولغان ئاتالمىش كۆرۈمسىزلىك ۋە گۈزەللىك، پاسكىنىچىلىق ۋە پاكىزلىقلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. تەبىئەت دۇنياسى بەتبۇي پۇراقلاردىن خۇش پۇراقلارنى ھاسىل قىلىدۇ، گەندە ـ مايىقلاردىن پايدىلىنىپ، بىز ئاغزى ـ ئاغزىمىزغا تەگمەي تەرىپلەيدىغان ئەلا سۈپەتلىك دانلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

تۈرلۈك گەندىخور ھاشاراتلار گەندە ـ مايىقلار بىلەن ھەپىلىشىشكە قارىماي، يەنىلا شۆھرەت، نام ـ ئاتاقتىن قالمايدۇ. ئۇلار ئادەتتە توغۇلۇپلا ئەپلىك بەدەنگە ئىگە بولىدۇ؛ ئۇلار شەكلى ناھايىتى ئاددىي، لېكىن پارقىراقلىقى ياخشى كىيىم كىيىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ تەق ـ تۇرقى سېمىزرەك بولسىمۇ، ئەمما بەدەن شەكلى ناھايىتى ئەپچىل بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پېشانىسى بىلەن كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە ئاجايىپ غەلىتە بېزەكلەر تاقالغان

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ئائىلىلەردىكى قۇتا ئىچىگە قويغاندا، ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ، فىرانسىيە چېگراسى ئىچىدىكى گەندىخور ھاشارات تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلۈك پارقىراق، قاپقارا ھالەتتىكى ھاشارات خىللىرى بولۇپلا قالماي، يەنە ئالتۇن رەڭدە جۇلالىنىدىغان ۋە بىنەپشە رەڭدە نۇر چاچىدىغان تىروپىك بەلباغ ھاشارات تۈرلىرىمۇ بار.

گەندىخور ھاشاراتلار پادىلار توپىنىڭ دائىملىق مېھمىنى. ئۇلار ھايۋانلار بىلەن قىل سىغمايدىغان يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئۇلار بەدىنىدىن بىر خىل بېنزوئىك كىسلاتالىق پۇراق چىقارغاچقا، قوي قوتانلىرىغا ئىسرىق سالىدىغان خۇش پۇراق ماتېرىيال، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەزەلدىن پاساھەتلىك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلمايدىغان ھاشارات تۈرلىرى لۇغىتىنى تۈزگۈچىلەر گەندىخور ھاشاراتلارنىڭ ئېتىز - دالالاردا بەسلىشىپ ياشاشتەك ئادىتىنى بايقىغىنىدا، ئۇلارغا يېڭىچە نەزەردە قارىماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىلگىرىكى گۇمانلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ تۈردىكى ھاشاراتلارنى تونۇشتۇرغان بايانلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، ئۇلارنىڭ نامىنى مېلىبى، تېترىپ، ئامىنتاس، كوردون، ئالىكسىس، موپسۇس① دېگەن ناملار بىلەن يېزىپ قالدۇرۇشتى. گەندىخور ھاشاراتلارنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ناملىرىنىڭ ھەممىسىنى شائىرلار قەدىمكى دەۋردىكى دالا - ئېتىز شېئىرلىرىدا ئاتاشقانىدى. ۋېرگىل② نىڭ «قىشلاق غەزىلى» دېگەن ئەسىرىدە گەندىخور ھاشاراتلارنى تەرىپلەيدىغان تۈرلۈك ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ.

بىر دۆۋە كالا قىغى ئەتراپىدا مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىگە

---

① مېلىبى، تېترىپ، ئامىنتاس، كوردون، ئالىكسىس، موپسۇسلارنىڭ ھەممىسى ۋېرگىلنىڭ «قىشلاق غەزىلى» دە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان قەھرىمانلارنىڭ ئىسمى.

② ۋېرگىل — قەدىمكى رىمنىڭ مەشھۇر شائىرى.

يول بەرمەيدىغان مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ ! دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كالىفورنىيەگە ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن بارغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئارىسىدىمۇ بۇنداق قىزغىنلىق كۆرۈلۈپ باقمىغان. قۇياش تېخى ئىسسىق ھارارىتىنى تارقاتمىغان ۋاقىتتا، سانسىزلىغان گەندىخور ھاشاراتلار ئاللىقاچان بۇ جايغا يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. خىلمۇخىل بەدەن تۈزۈلۈشىگە ئىگە بۇ جانلىقلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئوخشاش بىر «تورت» ئۈستىدە مىغىلدىشىپ كېتىدۇ. ھەربىر ھاشارات بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر نۇقتىنى كۆزلەپ، جىددىي قېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇچۇقچىلىقتا ئىشلىگەنلەر سىرتقى قاتلامدىكى بايلىقلارنى يىغىۋالىدۇ، ئىچكى قىسىمغا يول ئېچىپ كىرگەنلەر كۆڭۈلدىكىدەك بايلىق ئىزدەشكە كىرىشىدۇ؛ ئەڭ ئاستىدىكى قاتلاملارنى ئاچقۇچىلار يەمەكلىكلەرنى بىۋاستە بەدىنىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى ئورۇنغا تىقىدۇ؛ بىر قىسىم ئىستازى قىسقا خادىملار ۋاقىتىنچە بىر تەرەپتە تۇرۇپ، كۈچلۈك ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ئورۇشقاندا بىر قىسىم قالدۇقلارنى چۇشۇرۇپ قويۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. بۇ جايغا ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن بىرقانچىسى ئېھتىمال چىداش تەس بولغان ئاچلىق ئازابىدىن بولسا كېرەك، شۇ جايدىلا يېيىشكە باشلايدۇ. ئەمما، يېتەرلىك ئوزۇقلۇققا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان گەندىخور ھاشاراتلار يەنىلا كۆپ. ئۇلار يوشۇرۇن جايلارغا شۇڭغۇپ، زاپاس ئوزۇقلۇقلىرىنى قوغداپ، نىسبەتەن ئۇزاق بولغان بالاشات كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. سىز ھېچقانداق بۇلغىنىش بولمىغان، چۆل رەيھىنى ئۆسۈپ كەتكەن دالالاردا بولۇشنى ئارزۇ قىلىسىز، ئەگەر ئۇ جايدا ھەقىقەتەن بىرەر دۆۋىمۇ كالا گەندىسىنى ئۇچرىتالمىسىڭىز، ئەجەبا، بۇ تەڭرىنىڭ ھىممىتى بولماسمۇ؟ پەقەت ئىلتىپاتقا ئېرىشىش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئادەمدىلا شۇنىڭغا ئوخشاش بەخت بولىدۇ. ئەمما، بۇ يالغۇز بىر ئارزۇ بولۇپلا قالماستىن، كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىيەتتۇر. مەسىلەن، بۈگۈن بۇ كالا

قىغلىرىنى گەندىخور ھاشاراتلار ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىسكىلاتلارغا يوشۇردى. بۇنىڭدىن سەللا بۇرۇن، بۇ چارۋا قىغلىرىنىڭ پۇراقلىرى مەيىن شامالدا بىر كىلومېتىر دائىرە ئەتراپىدىكى جايلارغا تارقالغانىدى. خەۋەر تېپىشقانلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەممىسى قىغ دۆۋىسىگە قاراپ چېپىشىدۇ. قاراڭ، ئارقىدا قالغان بىرقانچىلىرىمۇ داۋاملىق بۇ جايغا كېلىۋاتماقتا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇچۇپ، بەزىلىرى مېڭىپ كېلىشىدۇ.

ئەمدى ئاۋۇ كېچىككىنە قىلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن قىغ دۆۋىسىگە قاراپ سوكۇلداپ يۈگۈرۈۋاتقانلار كىمدۇ؟ ئۇزۇن پۇتلىرى بىلەن قېتىپ قالغاندەك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتكە قارىسا، خۇددى قورسىقىدىكى ئۇسكۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە مېڭىۋاتقانغا ئوخشايدۇ، سېرىق قىزغۇچ رەڭدىكى بىر جۈپ سەزگۈ بۇرۇتى، ئېچىلغان يەلپۈگۈچتەك ھالىتى نەپسى تاقىلداپ كەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئۇ ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. بىراق، كېلىپلا زىياپەتتىكى بىرقانچە مېھماننى دومىلىتىۋەتتى. ئۇ دەل سىكاراب قوڭغۇزىدۇر. پۈتۈن بەدىنى قارا بۇ ياپونىيە مايىقوڭغۇزى گەندىخور ھاشاراتلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ داڭلىق بىر تۈردۇر. قەدىمكى مىسىردا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى بولۇپ، ئۇ مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقنىڭ سىمۋولى، دەپ قارالغان①. مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۇ ئاللىقاچان ھەمراھلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ زىياپەتكە قاتنىشىپ بولغانىدى. ھەمراھلىرى ئالدى پۇتلىرىنىڭ كەڭ ئالىقانلىرى بىلەن گەندە

① قەدىمكى مىسىردا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى بولۇپ، مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان — قەدىمكى مىسىرلىقلار بۇ خىل ھاشارات ئىنسانلارغا بەخت يارىتىپ، مۆجىزە بارلىققا كەلتۈرىدۇ، دەپ قارىغان، شۇڭلاشقا ئۇنى «مۇقەددەس ھاشارات» دەپ ئاتىغان. ئاممىۋى مەيدانغا ئۇنىڭ غايەت زور ھەيكىلىنى تۇرغۇزغان. كېيىنكى قىسىملاردا ئاپتور كۆپ قېتىم «ياپونىيە مايىقوڭغۇزى» دېگەن ئىلمىي نامنى ئىشلەتكەن.

كۆمىلاچىلىرىنى يېنىك شاپىلاقلاپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىش ھالقىسى بولغان شەكىلگە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلىماقتا ئىدى. ئۇلار گەندە كۆمىلاچىلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى بۇ بىر قەۋەت ماتېرىياللارنى قېتىپ بولسىلا، دەرھال زىياپەتتىن خوشلىشىپ، قايتىپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولاتتى. بىز ئاشۇ ئۆلچەمگە لايىق گەندە كۆمىلاچىلىرىنىڭ قانداق تەرتىپتە ياساپ چىقىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى: بۇ ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ بېشى ئۈستىدە كەڭ ھەم ياپىلاق قاسراق بولۇپ، قاسراقنىڭ ئالدى گىرۋەكلىرىگە ئالتە دانە ئىنچىكە ۋە ئۆتكۈر چىش ياي ھالىتىدە تىزىلغان. ئۇنى قېزىش قورالى، كېسىش قورالى قىلىشقا، شۇنداقلا گەندىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق ئۆسۈملۈك تالالىرىنى سانجىپ ئېلىۋېتىدىغان ئارا قىلىشقا، ياخشى يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، بىر يەرگە توپلايدىغان تىرنا قىلىشقا بولىدۇ. بۇ كەسىپ ئەھلى مانا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ماتېرىيال تاللايدۇ. ياپونىيە مايقوڭغۇزى ئەگەر ئۆزىگە ئوزۇقلۇق ئىزدىسە، قولىنىڭ ئۇچىدا چالا ـ پۇلا تاللاپلا بولدى قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك كۆمىلاچىلىرىنى ياسىغان ۋاقىتتا، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا توغرا كەلسە، ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ماتېرىيال تاللايدۇ.

ئۆزىنىڭ يېمەكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ئۇنىڭ گەندە كۆمىلىچىنىڭ ماتېرىيالىغا بولغان سۈپەت تەلىپى ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن قاسىرىقىنى ئىشلىتىپ بىر قانچە قېتىم يېيىپ تاللاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاختۇرۇپ، ئارىلاشمىلارنى ئىلغاپ تاشلىۋېتىدۇ، ئارقىدىن يىغىپ دۆۋىلەيدۇ. گەندە كۆمىلىچى ياسايدىغان ۋاقىتتا، ناھايىتى كۈچلۈك ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن مەشغۇلات قىلىدۇ. يايپاڭ بولغان ئالدى پۇتى ياسىمان شەكىلدە ئېگىلىپ، كۈچلۈك تومۇرلىرى سىرتقا نەقىشلەردەك پۈلتىيىپ چىقىدۇ، مەزمۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەش دانە چىشى ئالدىنقى يېرىم قىسمىغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ. كۆچىنى نامايان قىلىشقا توغرا كەلگەندە توسالغۇ ماددىلارنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. قىغ دۈۋىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يول ئاچىدىغان ۋاقىتتا، بۇ گەندىخور ھاشاراتلار زورمۇزور تازىلاش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بىر جۈپ چىشىنىڭ ئوڭ ـ سولغا ھەرىكەتلىنىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا ھەممە تازىلىنىپ، ئالدىدا يېرىم چەمبەر شەكىلدىكى بوشلۇق بارلىققا كېلىدۇ. بوشلۇقنى تازىلاپ چىققاندىن كېيىن، ئالدى ئىككى پۇتى يەنە باشقا بىر خىزمەتكە كىرىشىدۇ، ئۇلار چوققا تىرنىسى بىلەن ئاللىقاچان ئېلىپ كېلىنگەن ماتېرىياللارنى بۆلۈپ، قورسىقىنىڭ ئاستىدىكى ئارقا تۆت پۇتىنىڭ ئارىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئارقا تۆت پۇتى دەل ئارىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قىلىشقا ماس كېلىدۇ. ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى بىر جۈپ تىرنىقى ناھايىتى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە، سەل ـ پەل ئەگرى بولۇپ، خۇددى يا كىرىچىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، پۇتىنىڭ ئۈسۈش ئالاھىدىلىكى چاڭگاللىشىغا ئەپلىك.

بىر جۈپ تىرنىسى خام ماتېرىياللارنى قورساق ئاستىغا بىر قۇچاق ـ بىر قۇچاقتىن بۆلۈپ، ئارقا تۆت پۇتىنىڭ ئارىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئارقا تۆت پۇت گەندە كۇمىلىچىنىڭ تاشقى شەكلىنى بىرلىكتە ئۆزگەرتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە گەندە كۇمىلىچىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر بۆلەك ۋاقىت ئىچىدە، يىرىك پىششىقلاپ ئىشلەنگەن گەندە كۇملىچى قورساق ئاستىدا ئايلاندۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنىش ئارقىلىق، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر كۇملاچىنىڭ سىرتقى يۈزىدە نۇقسان كۆرۈلۈپ، ئاجراپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنسە ياكى مەلۇم بىر ئورۇندىكى تالالار كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئايلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرۇش تەس بولۇپ قالسا، ئالدىدىكى بىر جۈپ چىشىسمان پۇتى ئۆلچەمگە توشمىغان

يەرلەرنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ، كەڭ شاپىلاقلاش قورالى ئارقىلىق يېنىككىنە شاپىلاقلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يېڭىدىن قوشۇلغان ماتېرىياللار بىلەن گەندە كۆمىلىچى بىر گەۋدە قىلىنىدۇ، يېپىشتۇرۇش قىيىن بولغان ئاشۇ پارچە - پۇرات ماتېرىياللار يەڭگىل ئۇرۇلۇپ كۆمىلاچىنىڭ سىرتىغا يېپىشتۇرۇلىدۇ.

خىزمەت ئۇتتەك قۇياش نۇرى ئاستىدا جىددىي ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ دەقىقىلەردە ئارىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەن بۇلارنى كۆرۈپ هاڭ - تاڭ قالدىم. ئىش جىددىي داۋام قىلماقتا. باياتىنلا تېخى رەڭگەتكە ئوقلىرىدەك تۇرغىنى بۇ ماھارەتلەر ئارقىلىق ياڭاقتەك چوڭلۇقتا بولدى، يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرھاللا ئالما چوڭلۇقىدىكى كۆمىلاچقا ئايلاندى. مەن تېخى يەنە بەزى ئاچ كۆز ياپونىيە مايقوڭغۇزلىرىنىڭ كۆمىلاچىنى مۇشتۇم چوڭلۇقىدا ياسىغانلىقىنىمۇ كۆردۈم. ئۇنىڭغا چوقۇم بىرقانچە كۈنلۈك ئەمگەك سەرپ بولاتتى.

زاپاس يېمەكلىك ياسىلىپ بولدى، ئەمدى قالايمىقانچىلىقتا تولغان نەق مەيداندىن چېكىنىپ، يېمەكلىكلەرنى مەلۇم ئىشەنچلىك ئورۇنغا ئاپىرىش كېرەك. دەل مۇشۇ ھەرىكەتتە ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىپ چىقىشقا باشلايدۇ. قىسقىغىنا ۋاقىتتا بۇ گەندىخور ھاشارات يولغا چىقىدۇ، ئارقا ئىككى پۇتى كۆمىلاچىنى چىڭ قاماللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوڭ - سول تەرەپتىن كۆمىلاچقا سانجىلىپ، ئايلانما جىسىمنىڭ تايىنىش ئوقىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئوتتۇرىدىكى بىر جۈپ پۇتى يەر يۈزىنى چىڭ قامالاپ، تايىنىش تىرىكى قىلىنىدۇ؛ ئالدى تەرىپىدىكى چىشلىق پۇتلىرى پىشاڭلىق رولىنى ئويناپ، بىسىم كۈچى بېرىش يولى بىلەن ئىككى تاپىنىنى نۆۋەت بىلەن يەر يۈزىدە ئايلاندۇرىدۇ. ياپونىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مايقوڭغۇزى مانا مۇشۇنداق بەدىنىنى ئېگىپ، بېشىنى تۆۋەنگە قىلىپ، قۇيرۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھازىرلا ئارقىغا چېكىنىدىغاندەك ھالەتتە يۈكنى ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ بىر يۈرۈش مۇھىم زاپچاسلاردىن ئەڭ كەيىنىدىكى بىر جۈپ پۇتى باشتىن ـ ئاخىر ھەرىكەتلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ھەر ۋاقىت يۆتكىلىپ، قاماللاش نۇقتىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئايلىنىش نۇقتىسىنىڭ ئورنىنى تەڭشەپ، يۈكلەرنىڭ تەڭپۇڭ ھالەتتە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوڭ ـ سول ئالدى پۇتىنى بىردىن ـ بىردىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يۈكنى ئالغا قاراپ دومىلىتىدۇ.

تېخىمۇ كۈچكىن! توغرا، ياخشى بولدى! ئۇ ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىغا چوقۇم يېتىدۇ. ئەلۋەتتە، قىيىن مەسىلىلەرگىمۇ ئۇچرايدۇ. مانا ئەمەسمۇ، ئېغىر قىيىنچىلىق يېتىپ كەلدى: گەندىخور ھاشاراتنىڭ ئالدىدا يان باغىرلىق يول كۆرۈندى، ئېغىر گەندە كومىلچى توختىماستىن دۆڭدىن سىيرىلدۇرۇلدى، ئەمما بۇ ھاشارات ئۆزىنىڭ يولىنى ئېنىق بېكىتكەن بولسىمۇ، ئاشۇ تەبىئىي شەكىللەنگەن يولدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكە رازى بولغاندەك قىلاتتى. بۇ لايىھە ناھايىتى قارامىلىق بىلەن چىقىرىلغان بولۇپ، پەقەت بىر قەدەم بىخەستەلىك قىلسىلا ياكى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويسىلا ھەممە ئىش يوققا چىقاتتى. دەرۋەقە، قەدەم ئېلىشتا خاتالىق كۆرۈلۈپ، گەندە كومىلچى يول ياقىسىدىكى ئېرىققا دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان يۈك ھاشاراتنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئالتە پۇتى ھاۋادا پۇلاڭلاپ قالدى. ئاخىر ئۇ يەنىلا قەددىنى رۇسلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن گەندە كومىلچىنى قوغلاپ داۋاملىق ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ سۆرەش ماشىنىسى تېزلا ئەڭ ياخشى ئايلىنىش ھالىتىگە كىردى.

ئېھتىيات قىلمامسەن، تەنتەك! جىلغا ئاستىنى بويلاپ ماڭغان بولساڭ، كۈچۈڭمۇ تېجىلىپ قالاتتى، بىخەتەر بولاتتى.

ئۇ يول ناھايىتى تۈز، ياخشى ئىدى. سېنىڭ كىچىك شارىڭ ئاسان دومىلايتتى.

ھەي، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ ئۇ ئەتەي شۇنداق ماڭمىدى، ئۇ يانتۇلۇققا قايتىدىن يامىشىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ يەردە ئۇ ئايلىنىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بىر توسالغۇ بولسا كېرەك. بەلكىم، بەلگىلىك ئېگىزلىكتە ئارقىسىغا قايتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن... ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەنمۇ ھېچنېمە دېمىدىم. بەلگىلىك ئېگىزلىك ھەقىقەتەن ياردەم بېرەتتى. بۇ نۇقتىدا ياپونىيە مايىكوۋىسكىنىڭ سۆزى بىزدىن ئەقىللىك ئىدى. «لېكىن، سەن باشتىلا بۇ تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ، بۇ دۆڭ پەسرەك، ئۆمىلەپ ئۆتەلەيتتىڭ». ئۇ سېنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى، گەرچە ئاۋۇ تەرەپتىكى يولدا ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان يانتۇلۇق بولسىمۇ، بۇ جاھىل ئاشۇ يانتۇ يولدىن ماڭماي قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن شىشۇفۇس① نىڭ خىزمىتى باشلاندى. پەقەت ئۇنىڭ ئېغىر يۈكنى يۇقىرىغا ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى، قەدەممۇ قەدەم بىر توختاۋاتقانلىقىنى، قەدەم ئېلىشىنىڭ قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەمما، ئۇ گەندە كۇمىلىچىنى ھەر قېتىم بەلگىلىك ئېگىزلىككە ئىتتىرىپ ئاچىققاندا دومىلاپ چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەمدە ئىختىيارسىز ھالدا «مۇشۇنداق چوڭ گەندە كۇمىلىچىنى يانتۇلۇق ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ كېتىدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال پەيدا بولاتتى. ۋاھ! ھەرىكىتى سەل قولاشمىغىلى تۇردى. بۇ قاۋۇل ھاشارات بىرھازا جاپا تارتقان بولسىمۇ، كۇمىلاچ ھاشاراتنىمۇ بىللە ئېلىپ پەسكە

---

① شىشۇفۇس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى زوراۋان ھۆكۈمران. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن غايەت زور بىر تاشنى يۇقىرىغا ئىتتىرىش جازاسىغا ئۇچرايدۇ، بۇ زور تاش ھەر قېتىم تاغ چوققىسىغا ئازلا قالغاندا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇ مەڭگۈ مۇشۇ ھالەتتە تاغ ئۈستىگە قاراپ تاشنى ئىتتىرىپ يۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دوملاپ چۈشۈپ كەتتى؛ يەنە يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى، لېكىن ناھايىتى تېزلا يەنە دوملاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ھېلى يۇقىرىغا ياماشسا، ھېلى تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتەتتى، تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتسە يەنە يۇقىرىغا يامىشاتتى. بۇ ۋاقىتتا، يەنە بىر قېتىملىق سىناق باشلاندى. بۇ قېتىم ئۆتۈش قىيىن بولغان يانتۇلۇقتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلىدە باشتىكى بىرقانچە قېتىمدا ئېچىلىپ قالغان ئۆسۈملۈك يىلتىزىغا پۈتلىشىپ كەتكەنىكەن، ئەمما بۇ قېتىم يىلتىزلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كېتىشكىمۇ ئازلا قالدى، ھەرىكىتىمۇ ئىنتايىن يەڭگىللىشىپ كەتتى. يانتۇ يول خەتەرلىك، ئېھتىيات قىلماي كەتكۈزۈپ قويغان ھامان، قىلغان ئىشىڭ بىكارغا كېتىپ، ھەممە ئىشنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. يامان بولدى، ئۇ سىلىق شېغىل ئۈستىگە دەسسەپ سېلىپ پۇتى تېيىلىپ كەتتى، گەندە كۆمىلچى گەندىخور ھاشاراتىمۇ قوشۇپ كالدىر ـ كۇلدۇر قىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ھاشارات بۇنىڭ بىلەن بوشىشىپ كەتمەي، يەنە بىر قېتىملىق يانتۇلۇققا يامىشىشقا باشلىدى. ئون قېتىم، بولمىدى، يىگىرمە قېتىم، يەنە بولمىدى! ئۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق بۇنداق يامىشىشتىن توختاپ قالماي، ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنگە قەدەر ئۇرۇنۇپ بېقىشتا چىڭ تۇراتتى.

ياپونىيە مايقوڭغۇزى قىممەتلىك گەندە كۆمىلچىنى توشۇشتا يەككە ـ يېگانە ھەرىكەت قىلمايدۇ. يەنە بىر خىزمەتدىشىنى ئىزدەپ تېپىپ، گەپ بىلەن توغرىلايدۇ، كۆپ ھاللاردا خىزمەتداشلىرى ئىزدەپ ئالدىغا كېلىدۇ. ئەھۋال ئادەتتە مۇشۇنداق بولىدۇ. يالغۇز بىر ياپونىيە مايقوڭغۇزى گەندە كۆمىلچىنى تەييارلىغاندىن كېيىن، تالاش ـ تارتىش ئىچىدىكى ھاشارات توپىدىن قايتىپ چىقىپ، مەشغۇلات مەيدانىدىن ئايرىلىدۇ، ئارقىغا قايتقاچ زاپاس يېمەكلىكنى ئىتتىرىپ

ماگىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەڭ ئاخىرىدا يېتىپ كەلگەن باشقا بىر ياپونىيە مايقوۋگىزى ئىشنى ئەمدىلا باشلىغان بولسىمۇ، تۈيۇقسىزلا قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، دوممىلىتىۋاتقان گەندە كۆمىلىچىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، مەمنۇنلۇقتا قايتىۋاتقان گەندە كۆمىلىچىنىڭ غوجايىنىغا ياردەملىشىدۇ. يولدا ئۇچرىغان بۇ ياردەمنى قوبۇل قىلىشقا غوجايىنىنىڭ ناھايىتى رازى ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇرىدۇ. ئىككى ھەمراھ ھەمكارلىشىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. ئۇلار يول بويى تىرىشىپ كۈچ چىقىرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ گەندە كۆمىلىچىنى بىخەتەر ئورۇنغا يۆتكەپ كېلىدۇ.

ئىش ئورنىدا زادى قانداق ئەھدىنامە تۈزۈلگەن؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر پارچە يېمەكلىككە شېرىك بولىدىغان كېلىشىم ماقۇللانغانمۇ ـ قانداق؟ بىر ياپونىيە مايقوۋگىزى گەندە كۆمىلىچىنى تەييارلاۋاتقاندا باشقا بىرى گەندە قېزىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشەمدۇ؟ بۇ خىل ھەمكارلىقنى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىدىم. مېنىڭ كۆرگەنلىرىم بولسا، ھەربىر ياپونىيە مايقوۋگىزى گەندە ماتېرىياللىرىنى ئۆزى يالغۇز ئاچىدۇ. شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېرىم يولدا قوشۇلغۇچىنىڭ ھېچقانداق ئىمتىيازى بولمايدۇ.

گەندىلەرنى ھەمكارلىشىپ ئايرىش ۋە توشۇش يات جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق بولامدۇ ـ قانداق؟ ياكى ئۇلار ئۆزئارا جۈپلىشىدىغان بىر جۈپ ھاشاراتمۇ؟ بىر مەزگىل مەن ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش دەپمۇ ھېسابلىغانىدىم. ئىككى گەندىخور ھاشارات ئالدى ـ كەينى بولۇپ، ئوخشاش يۇقىرى ئەمگەك قىزغىنلىقى بىلەن ئېغىر گەندە پارچىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ماڭا ئۆتمۈشنى ئەسلەتكۈزىدۇ ـــ كىشىلەر گارمون چېلىشىپ، مۇنداق ناخشىلارنى ئېيتىشىدۇ: «دەيمەن ئىككىمىز قىلىمىز قانداق، قويۇشتا قەيەرگە ئۆي جابدۇقىنى؟ مەن تۇراي ئارقىدا، سەن تۇر ئالدىدا، ئىتتىرەيلى بىرلىكتە ھاراق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆيىنى.» ئەمما، ئاناتومىيە پىچىقنى ئىشلىتىش بىلەنلا، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئىللىق ئائىلىنىڭ كۆرۈنۈشى كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئوخشىمىغان جىنىستىكى ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ تاشقى قىياپىتىدە ھېچقانداق پەرق بولمايدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بىر گەندە كۆمىلىچىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان ئىككى گەندىخور ھاشاراتنى ئاناتومىيەلىك تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى ئوخشاش جىنسلىق چىققان.

ئائىلە ئورتاق گەۋدىسى تەشكىل قىلغانلارنىڭ ئەمگەك ئورتاق گەۋدىسى بولۇشى ناتايىن. ئۇنداقتا، قارىماققا بىر خىل جەمئىيەتكە ئوخشايدىغان ھادىسە يەنە نېمە دەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي، تالان - تاراج قىلىشنى كۆزلەشتىن ئىبارەت. ئاشۇ قىزغىن ھەمكارلاشقۇچىلار باشقىلارغا بىر قېتىم ئاشكارا ياردەم قىلغىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئاستىرتىن يامان غەرەزنى ساقلايدۇ، ئەگەر پۇرسەت پىشىپ يېتىلسىلا، شۇ ھامان كۆتۈپ تۇرماي بايلىقنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. كىچىك گەندە پارچىلىرىنى دومىلىتىپ شارسىمان قىلىشتا جاپا تارتىشلا ئەمەس، يەنە سەۋرچانلىقمۇ بولۇشى كېرەك. ئەگەر تەييار گەندە كۆمىلىچىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالسا، ئۇنداقتا بۇ سۆزسىز ناھايىتى پايدىلىق ئىش ئەمەسمۇ! گەندە كۆمىلىچىنىڭ ئىگىسى ھوشيارلىقنى كىچىككىنە بوشاشتۇرۇپ قويسىلا، باشقىلار بايلىقنى ئېلىپ، قويرۇقنى خادا قىلىدۇ؛ ئەگەر غوجايىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي نازارەت قىلسا، باشقىلار ئېھتىمال ئاز كۈچ سەرپ قىلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا سەن بىلەن مەززىلىك تاماقتا بىللە بولۇشىمۇ مۇمكىن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاشۇنداق بىر تۈركۈم ياپونىيە مايقوڭغۇزلىرى ھېلىگەرلىك قىلىشىدۇ، ئۇلار ياردەمگە موھتاج بولمىغان كەسپداشلىرىغا ياردەم بېرىپ، كۆرۈنۈشتە مېھرىبان قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بىلەن، كۆڭلىدە باشقىلارغا ئېيتىشقا بولمايدىغان ئاچ كۆزلۈكنى يوشۇرىدۇ. ئۇنىڭ

ئۈستىگە، ئۇياتنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ياپونىيە مايىقوشقۇزى ئۆزىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ، تۈيۈقسىز بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە مۇددىئاسىغا يېتىدۇ.

بۇلاڭچىلىقنى ھەر ۋاقىت كۆرگىلى بولىدۇ. بىر ياپونىيە مايىقوشقۇزى ئىش ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن ھېچنېمە تالاشماي، ئۆزى يالغۇز گەندە كۆمىلىچىنى دومىلىتىدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ ئىنسابىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن قانۇنلۇق مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەيەردىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئوخشاش تۈردىكى بىرى يەرگە قونۇپ، ئالدى بىلەن ئىسلىشىپ كەتكەندەك قاپقارا قاناتلىرىنى يىغىشتۇرىدۇ، ئارقىدىن ئالدى پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بىلەكلىكىنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن گەندە كۆمىلىچىنىڭ ئىگىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. يېمەكلىك ئىگىسى شۇ پەيتتە سۆرىلىۋېلىش ھالىتىدە بولۇۋالسىمۇ، چىداشلىق بېرىشكە زادىلا ئامالسىز قالىدۇ. مەھرۇم قىلىنغۇچى گاڭگىراپ قېلىپ مۇھاپىزەت قىلالماي، جايىدا مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ، چاقىرىلمىغان مېھمان چاققان كېلىپ، جاھانغا پاتمىغان ھالدا گەندە كۆمىلىچىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ، ھۇجۇم قىلىشقا پايدىلىق ئورۇننى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئۇ ساۋۇتقا ئوخشاش ئىككى بىلىكىنى كۆكرىكى ئالدىغا يىغىپ، قارشى تەرەپنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا تەييارلىنىپ، ھەر ۋاقىت ئىشىنىڭ تەتۈرگە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمگەك مېۋىسى تارتىۋېلىنغۇچى گەندە كۆمىلىچى ئەتراپىدا توختىماستىن ئايلىنىپ، پايدىلىق ھۇجۇم قىلىش نۇقتىسىنى ئىزدەيدۇ؛ تارتىۋالغۇچى ئىستىھكامىنىڭ ئۈستىدىكى ئەسلىدىكى ئورنىدا چۆرگىلەپ، ھەر ۋاقىت قارشى تەرەپ بىلەن تىركىشىش ھالىتىنى ساقلايدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى قەددىنى رۇسلاپ يۇقىرىغا يامىشىدۇ، مۇداپىئە كۆرگۈچى بىلىكىنى پۇلاڭلىتىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن زەربە بېرىدۇ. قارىغاندا، ئاماللارنى

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىپ ھۇجۇم قىلغۇچى بايلىقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتمىسىلا، ئۇ ھالدا ئېگىزلىكتىكى ئەۋزەل ئورۇننى ئىگىلىگۈچى ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا ئېلىپ بارغان ھۇجۇمنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلغۇچى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى قوللىنىپ، ئىستىھكام ۋە مۇداپىئە قىلغۇچىنى بىرلىكتە كۆتۈرۈپ ئۆرۈۋېتىشنى ئويلايدۇ. گەندە كۇمىلچى تەۋرىنىشكە باشلاپ، شۇنىڭغا ئۇلاپلا يۇمىلاشقا باشلايدۇ، باسمىچمۇ بىللە دومىلايدۇ، لېكىن ئۇ بارلىق ئامالLارنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنى شار ئۈستىدە داۋاملىق ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ غەلىبە قىلدى. ئەلۋەتتە، باسمىچىلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قىلىۋەرمەيدۇ.

ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، تېز سۈرئەتتە بىر قاتار گىمناستىكا ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاپ، گەندە كۇمىلچى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەڭپۇڭسىزلىقنى يېڭىدۇ، بەدىنى باشتىن ـ ئاخىر ۋېرتىكاللىقنى ساقلاش ئىمكانىيىتىدە بولىدىغان كۇمىلاچ چوققىسىدا تۇرىدۇ. ئەگەردە ئۇ يىقىلىپ چۈشسە، شۇ ھامان كۈچلەرنىڭ ئەۋزەللىك ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، تىركىشىش روبىرو تۇرۇپ جەڭ قىلىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوغرى بىلەن ئوغرىلانغۇچى قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرىدۇ، كۆكرەكلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، پۇت تىرناقلىرى توختىماستىن ئۆزئارا كىرىشىپ، بوغۇملىرى چىگىچلىشىپ كېتىدۇ، چوققىسىدىكى مۈڭگۈزسىمان دۇبۇلغىسى ئۆزئارا ئارقا ـ ئارقىدىن سوقۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مېتاللارنى ئېكەكلەۋاتقاندەك قۇلاققا سەت ئاڭلىنىدىغان «غىچ ـ غىچ» ئاۋازنى تارقىتىدۇ. قولى بىكار بولۇش ئىمكانىيىتى بولغان بىر تەرەپ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە گەندە كۇمىلچىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئىگىلەيدۇ. ئىستىھكامنى مۇداپىئە قىلىش ۋە مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى يەنە باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ھۇجۇم قىلغۇچى باسمىچى بولۇشىمۇ مۇمكىن،

شۇنداقلا بۇلانغۇچى بولۇشمۇ مۇمكىن. بۇلاڭچى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، باشقا كەلگەننى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۇستۇن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇلاڭچىلىقتا ئۇچرىغۇچى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، كۈرەش ئىرادىسى بوشىشىپ كېتىدۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ. لېكىن يەنە گەندە دۆۋىسىگە قايتىپ بېرىپ، قايتىدىن كىچىك گەندە كۇمىلىچىدىن بىرنى ياسايدۇ. بۇلاڭچىلىق قىلمىشى ئوڭۇشلۇق بولغىنى بۇلىنىۋالغان گەندە كۇمىلىچىنى سۆرەپ مېڭىپ، ئۇنى ئۆزى بىخەتەر دەپ ھېسابلىغان ئورۇنغا ئاپىرىدۇ. مەن بەزىدە يەنە «ئوغرىنى قاراقچى سوقتى» دېگەندەك ئەھۋاللارغىمۇ يولۇقتۇم، ئۇچىنچى بىر بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىنىڭ تۇيۇقسىزلا مەيدانغا چىقىپ، بۇلىنىۋالغان غەنىيمەتلەرنى تارتىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. راستىنى دېسەم، بۇنىڭغا قارىتا مەندە ھېچقانداق بىزارلىق بولمىدى.

مەن ئىككى مەسىلە ئۈستىدە تازا باش قاتۇرۇپ ئويلاندىم. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، قانداق بىر كۈچ «مال ـ مۈلۈك دېگەنلىك هارامدىن كەلگەن بايلىق دېگەنلىكتۇر» دېگەن قارشىلىق نەزەرىيەسىنى ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ ئادىتىگە يۈرەكلىك ھالدا سىڭدۈرگەن بولغىيدى؛ ئىككىنچىسى، قانداق بىر دىپلومات «زوراۋانلىق ئەركىنلىكتىن ئۈستۈن كېلىدۇ» دېگەن ۋەھشىيانە قانۇن ـ قائىدىنى گەندىخور قۇرتلار ئارىسىدا شان ـ شەرەپكە ئايلاندۇرغان بولغىيدى؟

ئاساسىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، مەن ئاللىقاچان ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ بۇلاڭچىلىق ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەتقىق قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم. بىر گەندە كۇمىلىچىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن زوراۋانلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. مەن پەقەت بىر نۇقتىنىلا دەلىللەپ چىقتىم، يەنى، بۇلاڭچىلىق ياپونىيە مايقوڭغۇزلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۇسۇل. گەندە

كۆمىلچىنى دومىلىتىدىغانلار قىلچە ئەيمەنمەستىن ئۆز ئارا بۇلاڭچىلىق قىلىشىدۇ، باشقا ھاشارات تۈرلىرى ئىچىدە بۇنداق تىپىك نومۇسسىز قىلمىشىنىڭ بار - يوقلۇقىنى راستلا بىلمەيمەن. بۇ ھاشارات پىسخولوگىيەسىدىكى ئەجەبلىنەرلىك قىيىن مەسىلە. بۇنى كەلگۈسىدىكى تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ ئېتىبار بىلەن قاراپ، بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇپ قويايلى. مەن بايىقى گەندە كۆمىلچىنى ھەمكارلىشىپ دومىلاتقان ئىككى ھەمكارلاشقۇچىنىڭ ئىشىنى بايان قىلاي.

ئېھتىمال بىزنىڭ سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىشىمىز مۇۋاپىق بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇ ئىككى ياپونىيە مايىقوڭغۇزىنى يەنىلا «ھەمكارلاشقۇچىلار» دەپ ئاتاپ تۇرايلى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى زورلۇق بىلەن ھەمكارلاشقۇچى، يەنە بىرى بولسا ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشتىن قورقۇپلا تاشقى ياردەمنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. ئىككىيلەننىڭ ئۇچرىشىشى ھەرھالدا ئىناقلىق ھېسابلىنىدۇ. ياردەم بەرگۈچى يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، مۇلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى بىردەممۇ توختىماي ئىش قىلىۋېرىدۇ، ئەمدىلا يېتىپ كەلگىنى خۇددى قەدىناسلاردەك دەرھاللا ئىشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىككى نەپەر ھەمكارلاشقۇچىنىڭ ھەرقايسىسى ئوخشاش بولمىغان ئېزىقتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ، مۇلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپ، توشۇلىدىغان يۇكنىڭ ئارقىسىدىن ئالدى تەرەپكە قاراپ ئىتتىرىدۇ، ئارقا پۇتى يۇقىرىغا، بېشى تۆۋەنگە قاراپ تۇرىدۇ. ياردەمچى توشۇلىدىغان يۇكنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، بەدەن ھالىتى بايىقىسىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چىشلىق ئالدى بىلەكلىرىنى گەندە كۆمىلچىگە بېسىپ، بىر جۈپ ئۇزۇن ئارقا پۇتلىرى بىلەن يەرگە تىرەپ تۇرىدۇ. بىرى ئالدىغا ئىتتىرسە، يەنە بىرى ئالدىغا تارتىدۇ، گەندە كۆمىلچى ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا دومىلاپ تۇرىدۇ. ئىككى ياپونىيە مايىقوڭغۇزى ھەمىشە ئۇنداق ماسلىشىپمۇ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ياردەم بەرگۈچىنىڭ دۈمبىسى يول تەرەپكە

قاراپ تۇرىدۇ، مۇلۇككە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ كۆرۈش دائىرىسى توشۇلىدىغان يۇك تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ. خېيىمخەتەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ، گەندە كۆمىلچى ھەر قېتىمدا دومىلاپ كېتىدۇ.

دومىلاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار تېزدىن قەددىنى رۇسلاپ، قايتىدىن ئۆز ئورنىغا كېلىپ، ئىلگىرى قانداق تۇرغان بولسا شۇنداق ھالەتتە تۇرىدۇ. پۈتكۈل ھەرىكەتتە توغرا ماسلىشىش كەمچىل بولغاچقا، تۈز يەر بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئاز ئىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئارقا تەرەپتە ئىتتىرىۋاتقان ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ ئىش قىلىشى ئوخشاش تېز بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ياردەم بەرگۈچى يەنە ئەنسىرەشكە چۈشىدۇ، ئۇنىڭ تېخى ھېلىراقتىلا سەمىمىيەتلىكنى ئىپادىلەپ تۇرغان ھالىتى ئەمدىلىكتە تەۋەككۈل قىلىشقا ئۆتۈپ، كۈچ توپلاپ ھالسىرىغان دۈشمەننى كۆتۈشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ خېلى بۇرۇنلا نەزىرى چۈشكەن گەندە كۆمىلاچتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلمايدۇ، قارشى تەرەپ ئۇنى ئالدىغىمۇ ماڭالمايدىغان، كەينىگىمۇ قايتالمايدىغان بىر جايغا تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن.

بۇ جانىۋار پۇتلىرىنى قورساق ئاستىغا يىغىپ، بەدىنىنى گەندە كۆمىلچى ئۈستىگە چاپلاپ، خۇددى كۆمىلاچ ئۈستىگە ئورنىتىلغاندەك، گەندە كۆمىلچى بىلەن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گەندە كۆمىلچى ۋە ھاشاراتتىن تەشكىل قىلىنغان بىر پۈتۈن گەۋدە مۇلۇككە قانۇنلۇق ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى تەرىپىدىن ئىتتىرىپ دومىلىتىلىدۇ. گەندە كۆمىلچى ئۈستىدە ھورۇنلۇق بىلەن يېتىۋالغىنى، كۆتۈلمىگەندە كۆمىلاچنىڭ بېسىپ ئۆتۈشى بىلەن تۇراقلىق ئورنىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بىردەم كۆمىلاچنىڭ ئۈستىدە، بىردەم كۆمىلاچنىڭ ئاستىدا، بىردەم ئۇ تەرىپىدە،

www.uyghurkitap.com

بىردەم سول تەرەپتە بولىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان كەلتۈرمەيدۇ. بۇ ياردەم ناھايىتى جايىدا بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ. بۇنداق ياردەمچىنى ئىزدەپ تېپىش ھەقىقەتەن تەس! ئۆزى ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، يېمەكلىكتە تېخى بىر كىشىلىك ھەسسىسى بولىدۇ! ئەمما، ئالدى تەرەپتە يانتۇلۇق ئۇچرىسا، ئۇ چوقۇم ئۈستىدىن چۈشۈپ ھۈنىرىنى كۆرسىتىشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا گەندە كۈمىلىچىنى يانتۇلۇق ئۈستىگە دومىلىتىپ چىقىرىش ھەقىقەتەن تەس، باياتىن ھارۋا ئۈستىدە ئولتۇرغان بىلەن، ئەمدى باشلامچى ئورنىدا تۇرۇپ، ئېغىر گەندە كۈمىلىچىنى سۆرەيدۇ؛ ھەمراھى ئاستىدا تۇرۇپ تىرەپ، ئاز - ئازدىن ئۈستىگە ئىتتىرىدۇ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىدۇ، ئۈستىدىكىسى سۆرەيدۇ، ئاستىدىكىسى ئىتتىرىدۇ، مەن كۆرگەن ياپونىيە مايقوڭغۇزلىرى مانا مۇشۇنداق يانتۇلۇققا يامىشىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، گەندە كۈمىلىچىنى بىر ياپونىيە مايقوڭغۇزى ئۆزى يالغۇز يانتۇلۇققا ئىتتىرگەندە، ھەرقاچان قەيسەرلىك كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. قىيپاش يولدا ئەسلىدە ياردەم بەرگۈچىلەرگە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولاتتى، بىراق، قېرىشقاندەك ياردەمچى ھارۋا ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇرۇپ، مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلمىگەندەك تۇرىۋېرىدۇ. نەس باسقان شىشۇفۇس قايتا - قايتا جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتىدۇ. يەنە بىرىچۇ، مىدىرلىماي جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئىمكانقەدەر ئۆزىنى گەندە كۈمىلىچى ئۈستىگە يېپىشتۇرىدۇ، بىللە دومىلاپ پەسكە چۈشۈپ، يەنە دومىلاپ ئۈستىگە چىقىدۇ.

مۇبادا ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ تەلىيى بولسا، ئۇچراتقىنى سادىق ھەمكارلاشقۇچى بولىدۇ، ياكى ئەھۋال تېخىمۇ ياخشى بولسا، ئۇ يېرىم يولدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەلگەن ھېچقانداق

بىر ھەمراھىغا يولۇقمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا كېيىنكى قەدەملىك خىزمەتكە كىرىشىدۇ، گەندە كۇمىلىچىنى ساقلايدىغان گەمە تەييار بولىدۇ. گەمە تۇپراق بوش جايلارغا قېزىلغان بولىدۇ، كۆپ ھاللاردا قۇمساڭغۇ تۇپراق ئۈستىدە بولۇپ، شەكلى خۇددى گەمە ئۆيگە ئوخشاش بولىدۇ. گەمە ئانچە چوڭقۇر بولمايدۇ، ئۇنىڭدىكى بوشلۇققا تەخمىنەن بىر مۇشت سىغىدۇ، بىر تار ئۆتۈشمە يول يەر يۈزىگە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن دەلمۇدەل بىر گەندە كۇمىلىچىنى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. يېمەكلىكلەرنى ياخشى يوشۇرۇپ ساقلىغاندىن كېيىن، ياپونىيە مايقوڭغۇزى ئالدى بىلەن بۇلۇڭلارغا قويۇپ قويغان كېرەكسىز نەرسىلەرنى يۆتكەپ كېلىپ، گەمە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ، ئۆزىنى ئۆي ئىچىگە سولىۋالىدۇ. ئىشىك ئېتىۋېتىلىسىلا، بۇ جايدا تەبىرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان يەر ئاستى زالىنىڭ بارلىقىنى سىرتتىن ھەرگىز كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «خۇشاللىق ياشىسۇن» دەپ ۋارقىراشقا بولىدۇ! ھەممىسى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەر! شۇنچە كۆپ ئېسىل يېمەكلىكلەر ئۈستەل ئۈستىگە تىزىلغان، تورۇس ئۆتكۈر قۇياش نۇرىنى توسۇپ، پەقەت ئاز مىقداردىكى ئىللىق ھاۋا ئۆي ئىچىگە كىرىپ تۇرىدۇ. كۆڭۈل خاتىرجەم، سىرتتىن قارا چېكەتكىلەرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسە ئاشقازانغا پايدىلىق بولۇشتىن مۇستەسنا ئەمەس. تەسەۋۋۇر كۈچۈمنى ۋاستە قىلىپ، بىر ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ ئۇۋىسى ئالدىدا بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، ئىچىدىكى شەپىگە پۈتۈن زېھنىم بىلەن دىققەت قىلدىم. نەتىجىسى ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، قۇلاققا خۇددى غىزالىنىش ناخشىسى ئاڭلانغاندەك بولىدۇ، بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىگە قوللىنىلغىنى دېڭىز ئىلاھەسى ھەيلاتىيا تەسۋىرلەنگەن ئوپېرادىكى مەشھۇر ئابزاس: «ئاھ ! بىكار يۈرۈش نېمىدېگەن لەززەتلىك. ئەتراپقا باقسا يوقتۇر بىرمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالدىراشچىلىق ۋە تاقەتسىزلىك». مۇشۇنداق بىر زىياپەت ئۇستىلىدە ئولتۇرۇپ، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە غەرق بولسا، بۇنداق مەنزىرىگە كىممۇ خىجىل بولماستىن بېرىپ مالاللىق يەتكۈزەر؟ لېكىن، ھەۋەس قىلسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ! مەن ئاشۇنداق بىھۆرمەتلىكنى قىلغانىدىم. تۆۋەندە خاتىرىلەنگىنى دەل مېنىڭ تۇرالغۇغا بېسىپ كىرگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى: زالنىڭ گەندە كۆمىلىچى بىلەن تولغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئېسىل يېمەكلىكلەر تورۇسقىچە دۆۋىلەنگەنىدى. يېمەكلىك بىلەن تام ئوتتۇرىسىدا تارغىنا ئۆتۈشمە يول قالدۇرۇلغان، ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئورنى ئۆتۈشمە يولغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەزىز مېھمانلار كۆپ بولغاندا ئىككى، كۆپىنچە چاغلاردا پەقەت بىرلا بولاتتى. ئۇلار غىزالانغاندا قورسىقىنى ئۇستەلگە، دۈمبىسىنى تامغا يۆلەپ تۇراتتى. ئۇلار جايلىشىپ ئولتۇرغان ھامان ئازراقمۇ ھەرىكەت قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدىن باشقا بارلىق ئەزالىرى تورمۇزلانغانىدى. ھەرقانداق كىچىككىنە ۋاراڭ - چۇرۇڭمۇ يۈز بەرمەيتتى، بولمىسا بىر كاپام لوقمىنى ئاز يەپ قالاتتى. ھەممە ئىش تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆچەيدىن ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن گەندىلەرنى قورشاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، سىز ئۇلار ئۆزىنى «زېمىننى ساپلاشتۇرغۇچى قەھرىمان» دەپ ھېس قىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىسىز. يەنە ئۇلارنى گەندىلەر ئارقىلىق يېشىللىق بەرپا قىلىدىغان ئىنچىكە خىمىيە قۇرۇلۇشىغا ئۆزلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېغىشلىغانىمىدۇ، دەپمۇ ھېس قىلىپ قالىسىز. گۈللەر ئادەمنى زوقلاندۇرىدۇ، ياپونىيە مايقوڭغۇزىمۇ قالقان قاناتلىرى بىلەن باھاردىكى چىمەنزارلارنى زىننەتلەيدۇ. ئات - كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نىسبەتەن ئالىي دەرىجىدىكى ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار چىقىرىپ تاشلىغان نەرسىلەر ئىچىدە يەنىلا پايدىلىنىلمىغان ماددىلار بولىدۇ. ياپونىيە

مايقوڭغۇزىنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئىشى بولسا، ئاشۇ ھايۋانلار ئىشلەتمىگەن نەرسىلەرنى ھاياتلىق ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇش. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇكەممەل بولغان ئالاھىدە ۋاستىنى ئىگىلىشى كېرەك. دېگەندەك، ئاناتومىيەلىك تەكشۈرۈش ئادەمنى ھەيران قالدۇردى، بۇ گەندىخور ھاشاراتلارنىڭ ئۈچىيىنىڭ ئۈزۈنلۈقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۈچەي يولى بولسا ئالدى ـ كەينىگە سوزۇلغان ئەگرى ـ بوگرى سىستېمىدىن ئىبارەت، يېمەكلىك بۇنىڭدىن ئۆتىدۇ، ھەر بىر پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى دانچىلىرىغىچە ھەممىسى تولۇق ھەزىم قىلىنىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوتخور ھايۋانلارنىڭ چىقىرىندى ماددىلىرىدىن گەندىخور ھاشارات تۈرلىرىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك دىستىلياتۇرى ئارقىلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى بايلىقلار تازىلىنىپ چىقىدۇ.

بىراق، ئەخلەتلەرنى ئۆزگەرتىشتەك كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان خىزمەت چوقۇم قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملىنىشى كېرەك. مۇھەت تازىلىقىغا بولغان تەلەپ چوقۇم مۇشۇنداق بولىدۇ. ياپونىيە مايقوڭغۇزى ئىگە بولغان ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ئالەمدە بىرلا بولۇشى مۇمكىن. تۇرالغۇسىدا يېمەكلىكلەرنى كېچە ـ كۈندۈز قوغداپ، بىردەممۇ توختىماستىن غىزالىنىش تاكى زاپاس يېمەكلىكلەر پاك ـ پاكىز تۈگىتىلگۈچە داۋاملىشىدۇ. پەقەت سىزنىڭ بەلگىلىك ئەمەلىي تەجرىبىڭىز بولغاندىلا، ئاندىن ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ قەپەس ئىچىگە سولىنىپ بېقىلىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالايسىز. مەن بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ تۆۋەندىكىدەك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم، بۇنىڭ گەندىخور ھاشاراتلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى چۈشىنىشكە ناھايىتى چوڭ ياردىمى بولىدۇ.

پۇتكۈل گەندە كۆمىلچى نۆۋەت بىلەن ئاز ـ ئازدىن ئۈچەي يولىدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئابىد» قايتىدىن سىرتقا چىقىپ، ھەممە تەرەپتىن تەلەي سىنايدۇ. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسا يەنە بىر قېتىم ئۆزى ئۇچۇن گەندە كۆمىلچىدىن بىرنى

ياسايدۇ، شۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ھەممە ئىش قايتىدىن باشلىنىدۇ.

ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، مېنىڭ ئاشۇ ئابىدىلىرىمنىڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈشىگە ناھايىتى پايدىلىق بولدى. مەن سائەتنى تۇتۇپ، ئوچۇقچىلىقتا غىزالىنىۋاتقان بىرىنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇردۇم، ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن تاكى كەچ سائەت سەككىزگىچە ساقلىدىم. بۇ ياپونىيە مايقوڭغۇزى ھېچ تويغاندەك قىلمايتتى، ئون ئىككى سائەت ئىزچىل چايناپ توختىمىدى. كەچ سائەت سەككىزدە مەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئەھۋالنى كۆزەتتىم. ئۇ يەنىلا تويغاندەك كۆرۈنمەيتتى، دەسلەپكىدەك كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن زىياپەت تاكى پۈتكۈل يېمەكلىكنىڭ ھەممىسى پاك - پاكىز غايىب بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئەتىسى ياپونىيە مايقوڭغۇزى كۆرۈنمىدى، تۈنۈگۈنكى گەندىدىن پەقەت ئازراق ئۇۋاقلارلا ئېشىپ قالغانىدى.

ۋاقىت ئىستىرېلكىسى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئەمەلىيەتتە بىر ئايلىنىشتىنمۇ كۆپرەك بولدى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغىنى پەقەت بىر قېتىملىق غىزالىنىش بولدى، بۇنى «ئاچ كۆزلۈك» دەپ ئاتىساقمۇ مۇبالىغە بولماسلىقى مۇمكىن. تۆۋەندىكىسى ئاچ كۆزلۈككە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ سەرخىل بولغان ھەزىم قىلىش چەبدەسلىكىدۇر، يەنى توختىماستىن چايناش بىلەن بىر ۋاقىتتا، توختىماستىن چىقىرىپ تۇرۇشتۇر. ئۇزۇقلۇق تەركىبى يوق چىقىرىلمىلار قارا رەڭلىك ئۇزۇن ئارغامچىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ خۇددى موزدۇزلارنىڭ ئىنچىكە موملۇق يىپىغا ئوخشايتتى. ياپونىيە مايقوڭغۇزى پەقەت تاماق ۋاقتىدىلا تەرەت قىلاتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش خىزمىتىنىڭ قانچىلىك تېز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەسلەپكى بىرقانچە لوقما يېمەكلىك قورسىقىغا كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ قىيام قىلىش ماشىنىسى خىزمىتىنى باشلايتتى، ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە لوقما يېمەكلىكنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن قىيام قىلىش ماشىنىسى ئاندىن ئىشتىن توختايتتى. تاماق يېيىش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر

ئىنچىكە موملۇق يىپنىڭ ئۇزۇلۇش ئۇچى كۆرۈنمەي، ھەر ۋاقىت مەقئەتكە ئېسىلىپ تۇراتتى. يەر يۈزى بىلەن ئۇچراشقان قىسمى بىر دۆۋە بولۇپ يۆگىلەتتى.

ھەر قېتىمقى چىقىرىش ۋاقتى ئاساسەن سېكۇندومېرنىڭ بىر قېتىم ئايلىنىش رىتىمىغا ماس كېلەتتى. ھەربىر مىنۇتتا، تېخىمۇ توغرىسى ھەر ئەللىك تۆت سېكۇنتتا كىچىك بىر ھاشارات پوقى سىقىپ چىقىرىلاتتى، ئىنچىكە ئارغامچا شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۈچ ـ تۆت مىللىمېتىر ئېشىپ باراتتى. ھەر قېتىم ئىنچىكە ئارغامچا ئۈزۈلۈپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە، مەن موچىن بىلەن ئۇنى قىسىپ ئۈزۈپ، كىچىك ـ كىچىك يۆگەم ھالىتىدىكى گەندە ئارغامچىسىنى توختىماستىن ئۆلچەپ تۇردۇم. ئۆلچەش نەتىجىسى ئىسپاتلىدىكى، ئون ئىككى سائەتتە چىقىرىلغان ئارغامچىسىمان ماددىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر سەكسەن سەككىز سانتىمېتىرغا يەتكەنىدى. بۇ قېتىمقى كۆزىتىش كەچ سائەت سەككىزدە تاماملاندى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسمىي تاماقتىن سىرت، يەنە كەچلىك تاماق قوشۇمچە قىلىندى، شۇ سەۋەبتىن ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ غىزالىنىشى بىلەن قىيام قىلىشى يەنە مەلۇم ۋاقىت داۋاملاشتى. ئەڭ ئاخىرى مەن بۇ ھاشاراتتىن ھېچقانداق ئۈزۈلۈش كۆرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تەخمىنەن ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى گەندە ئارغامچىسىنى تارتىپ چىقاردىم.

پەقەت ئىنچىكە يىپنىڭ دىيامېتىرى بىلەن ئۇزۇنلۇقىنى بىلسەكلا، بۇنىڭ ھەجمىنى ناھايىتى ئاسانلا ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. ھاشاراتنىڭ ھەجمىنىمۇ ھېسابلاپ چىقىرىش تەس ئەمەس، ئۇنى سىلىندىر ئىچىگە قويۇپ، سىلىندىر ئىچىدىكى سۇ ئورنى سىزىقىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزەتسىلا، مەسىلە ھەل بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىگە بولغان تولۇق سانلىق مەلۇماتلار ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. نەتىجە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، جىسمانىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ

بېرىلگەن بىر قېتىملىق يېمەكلىك تولۇقلاش پائالىيىتىدە ياپونىيە مايكوڭغۇزى ئۆزىنىڭ ھەجمى بىلەن ھېچقانداق پەرقى بولمىغان يېمەكلىكنى ھەزىم قىلىدۇ. نېمىدېگەن قالتىس ئاشقازان، نېمىدېگەن تېز سۈرئەت، نېمىدېگەن كۈچلۈك ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ـ ھە! ئېغىزىنى ئېچىپ غىزالانسىلا، كېرەكسىز ماددىلارمۇ تەڭلا ئىنچىكە ئارغامچا بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماق يەۋاتقاندىمۇ توختىمايدۇ، بۇ ئىنچىكە ئارغامچا چەكسىز ئۆزىرىشىمۇ مۇمكىن. مەن ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالىمەن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەخلەتلەرنى دەل ۋاقتىدا ساپلاشتۇرىدىغان تەجرىبىخانا بولسا، شەك ـ شۈبھىسىزكى مۇھىت تازىلىقى خىزمىتىدە زور بۆسۈش بولاتتى.

# ۋاندۇ چوققىسغا چىقىش

ۋاندۇ چوققىسى يەككە ـ يېگانە، تەنها قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەممە تەرەپلىرى ئاتموسفېرا ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇلۇتلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋاندۇ چوققىسى فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئالپىس تاغ تىزمىسى بىلەن پىرېنېس تاغ تىزمىلىرىنىڭ كونتول قىلىش ئېگىزلىكىنى ھاسىل قىلغان. پروۋېنىستىكى بۇ تاقىر چوققىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان كىلىماتلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشىنى ھەر ۋاقىت ئۇن ـ تىنسىز كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىر قاراپلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. تاغ ئېتىكىدىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىلىغىچە سوغۇقتىن قورقىدىغان زەيتۇن دەرەخلىرى، شۇنداقلا، قۇياش نۇرىدا خۇش پۇراق چاچىدىغان چۆل رەيھىنى تۇرىدىكى يېرىم ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر بۇك ـ باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن، تاغ چوققىسى بىر يىلنىڭ يېرىمىدا ئاپپاق قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، سىرتىدىكى تۇپراق قاتلاملىرىنى شىمالىي قۇتۇپنىڭ قۇتۇپ رايونىغا ئالاقىدار بولغان، تۈرلۈكناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. پەقەت ئوخشاش بىر مېرىدىياننى بويلاپ، خېلى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ جەنۇبتىن شىمالغىچە سوزۇلغان بىر قېتىملىق تاغقا يامىشىش ساياھىتىنى تاماملىغاندىلا، ئاندىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ئۇزۇكسىز تۇردە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا، پۇتلىرىمىزنىڭ ئاستىدا دەسسىلىپ تۇرىدىغىنى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان چۆل رەيھىنى بولۇپ، ئۆزئارا تۇتۇشۇپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

پارچە ـ پارچە چۆل رەيھانلىرى گويا كىچىك تۆپىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويۇلغان گىلەملەرگە ئوخشايدۇ؛ بىر قانچە سائەتلەردىن كېيىن پۈتلىرىڭىز يوپۇرماقلىرى قارىمۇقارشى ئۆسۈشكەن تاشيارغان تۇزغاقلىرىدىن شەكىللەنگەن قاپقارا نېپىز سېلىنچا ئۈستىگە دەسسەيدۇ. بۇلار بوتانىكلار ھەر يىلى 7 ـ ئايدا سېپتىسبېرگېن تاقىم ئاراللىرى①غا چىققان ۋاقىتتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇچرىتىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز ھېلىلا تاغ باغرىدىكى چىتلاقلار ئارىسىدىكى ئانار دەرەخلىرىدىن قىپقىزىل گۈللەرنى ئۈزۈۋالسىڭىز، بۇلار ئافرىقىنىڭ سۈپسۈزۈك ئاسمانلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ تاغ چوققىسىغا چىققاندىن كېيىن، سىز مامۇقتەك كىچىك كۆكنار گۈللىرىنى ئۈزەلەيسىز، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بىر قەۋەت ئۇششاق شېغىل تاشلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەمما، چوڭ ـ چوڭ سېرىق رەڭلىك گۈل تاجلىرى خۇددى گىرلاندىيە ۋە شىمالدىكى مۇزلۇق يەرلەردىكىگە ئوخشاش ۋاندۇ چوققىسىدىكى تۆپىلىكلەردە يەككە ـ يېگانە ھالدا كۆركەم سايە تاشلاپ تۇرىدۇ.

بۇنداق روشەن سېلىشتۇرما مەنزىرە كىشىگە ھەر ۋاقىت يېڭىلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. مەن ۋاندۇ چوققىسىغا يىگىرمە بەش قېتىم چىققان بولسامۇ، قىلچە بىزار بولۇپ باقمىدىم. مەن 1865 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 23 ـ قېتىملىق تاغقا چىقىش پائالىيىتىگە تۇتۇش قىلدىم. شۇ قېتىمقى سەككىز سەپەرداشنىڭ ئىچىدە ئۇچەيلەن ئۆسۈملۈكلەرنى كۆزىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، باشقا بەش ئادەمنىڭ قىزىقىشى بولسا تاغقا يامىشىش ۋە ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلاش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ھەمراھلىرىمىزنىڭ بەش نەپىرى چەت ئەللىك بولۇپ، ھەممىسى ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىمۇ ماڭا ئىككىنچى قېتىم

① سېپتىسبېرگېن تاقىم ئاراللىرى ــ شىمالىي مۇز ئوكيانىدىكى ئاراللار.

ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. بۇ خىل يىراققا پىيادە ساياھەت قىلىش ھەقىقەتەن ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. بىر قېتىملىق كۈن چىقىشنى كۆزىتىشتىكى ھارغىنلىقتىن خېلى كۈنلەرگىچە ئەسلىگە كەلگىلى بولمايتتى. مۇنداق سېلىشتۇرما قىلساق ۋاندۇ چوققىسى خۇددى بىر دۆۋە ئۇششاق شېغىللارغا ئوخشايتتى. سىز ئېگىزلىكى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان شېغىل دۆۋىسىنى دۆۋىلەپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەكشى قىلىپ، ئورماننى ئاق رەڭلىك ھاك تاشلار بىلەن ئېپادىلىسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن تاغ چوققىسىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە تەسىراتىغا ئىگە بولىسىز. پارچە - پۇرات نەرسىلەرنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن شەكىللەنگەن بۇ تاغ گەۋدىسىنىڭ گاھىلىرى نۇر چاقنىتىدىغان شېغىللاردىن تۈزۈلگەن، گاھىلىرى بولسا يوغان - يوغان تاغ جىنسلىرىدىن تەشكىل تاپقان، تېخىمۇ يۇقىرىراقى بولسا ھېچقانداق يانتۇ يۈزلۈك ئارىلىق ۋە ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولمىغان، ئەكسىچە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان كىچىك تۈزلەڭلىكلەردىن ئىبارەت. بۇ خىل چوڭ سۈپىلىق قۇرۇلما پۈتكۈل مۇساپىدىكى بىر ھاردۇق ئېلىش بۆلىكى بولۇپ، تاققا چىقىش پائالىيىتىنىڭ قىيىنلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىدۇ. كېيىنكى بىر بۆلەك مۇساپە باشلانغاندىن كېيىن، ئەڭ باشتىكىسى تاشلىق چىغىر يول بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى يولىنىمۇ يېڭىدىن شېغىل ياتقۇزۇلغان يوللارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. يول بارغانسېرى مېڭىش تەسلىشىپ، تاكى دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ توققۇز يۈز ئون ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسىغىچە داۋاملىشىدۇ. باشقا تاغ تىزمىلىرىغا پۈتمەس - تۈگىمەس سېھرىي كۈچ قوشىدىغان يېڭى ۋە يۇمران چۆپلۈكلەر، جىرا ئارىسىدىكى شادلىققا تولغان ئېقىنلار، مۇخلاردىن كىيىم كىيگەن كۆك رەڭلىك تاشلار ۋە يۈز يىللىق دەرەخلەرنىڭ قويۇق سايىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ۋاندۇ چوققىسىدا كۆرگىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. بۇ تاش تاغدا پەقەت باش ـ ئايىغى يوق تاش قاتلاملىرىلا بار. كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ئۇۋۇلغان هاك تاشلار خۇددى مېتال بۇيۇملارنىڭ ئۆزئارا سوقۇلۇشىدەك ئاۋازلار چىقىرىپ، بىرنىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئۆلىشىپ سىيرىلىپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. ۋاندۇ چوققىسىدىكى شارقىراتما شېغىل تاش شارقىراتمىسىدىن ئىبارەت؛ ۋاندۇ چوققىسى ئارىسىدا تۈۋش چىقىرىپ تۇرغىنى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇلار بولماستىن، بەلكى سىيرىلىپ چۈشۈپ ئاقما هاسىل قىلغان تاشلاردۇر.

بىز ۋاندۇ چوققىسى ئېتىكىگە يېقىن بولغان بىر جايغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ جاي بېدۇئان دەپ ئاتىلاتتى. يول باشلىغۇچى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئاخىرلاشتى، يولغا چىقىدىغان ۋاقىت بېكىتىلدى، قانداق يېمەكلىكلەرنى ئېلىۋېلىش توغرىسىدىمۇ مەسلىهەتلىشىپ، لاۋازىماتلار هازىرلىنىپ بولدى. ياتاق بولىدىغان بولدى، بىز ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلدۇق. چۈنكى، ئەتە يەنە بىر ئۇيقۇسىز كېچىنى تاغ ئۈستىدە ئۆتكۈزەتتۇق. مەن ئەزەلدىن بۇ جايدا ئۇخلاپ باقمىغانىدىم. چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەبنىڭ باشلىنىشى مۇشۇ يەردە دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئوقۇرمەنلىرىمگە بىر جۈملە نەسىهەتنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئەگەر سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرەركىم ۋاندۇ چوققىسىغا چىقىشنى خىيال قىلسا، شۇ جايدىكى ئۈسۈملۈكلەرنى پەرقلەندۈرەلىشى، هەم هەرگىزمۇ مەلۇم بىر يەكشەنبە ئاخشىمى بېدۇئانغا كېلىپ كېچىنى ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، سىلەر شاۋقۇن ـ سۈرەندىن، يۇقىرى ئاۋازلىق تۈگىمەس سۆهبەتلەردىن، توختىماستىن داۋاملىشىپ تۇرىدىغان بىليارتخانىدىكى تاشلارنىڭ سوقۇلۇشىدەك ئاۋازلاردىن ساقلىنالايسىلەر. تەلەي ئۆچىدىن كەلسە يەنە تېخى قەدەهلەرنىڭ ئۆزئارا سوقۇلغاندىكى جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرىنى، شارابتىن كېيىنكى خەلق ئاهاڭلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى، ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلارنىڭ مۇهەببەت

كۆيلىرىگە غىڭشىشلىرىنى، يان تەرەپ زالدىكى پۇۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇدىن چىققان گۈر ـ گۈر ئاۋازلارنى ئاڭلاشتىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن مەنمۇ بىر كىچە كۆز يۇماي چىقتىم. ئۆزىمىزگە يېمەكلىك تەييارلايدىغان داتلاشماس كاۋاپ زىخىمۇ توپتوغرا بىر كېچە مەن ئۇخلىغان ئۆينىڭ ئاستىدا توختىماستىن نالە قىلىپ چىقتى. پەقەت مەن بىلەن ئاشۇ شورى قۇرۇغۇر ئۇسكۇنە ئوتتۇرىسىدىلا ئىزچىل چارچاش ـ چارچىماسلىق پەرقى بولدى.

شۇنداق قىلىپ، هاۋانىڭ ئەپتى ئاقىرىشقا باشلىدى. بىر ئىشەك دېرىزە ئالدىدا قاتتىق هاڭرىدى. ۋاقىت توشتى. كۆپچىلىك ئورنىدىن تۇرۇشتى. كىرەكلىك بۇيۇملار تولدۇرۇلغان يۈك ـ تاق خالتىسى ئات ـ ئۇلاغلارغا ئارتىلدى؛ يول باشلىغۇچىنىڭ «چۇھ ـ چۇھ»، «پوش ـ پوش» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن يولغا چىقتۇق. بۇ سەھەر سائەت تۆت بولغان ۋاقىت ئىدى. تېرې بۇراي قېچىر ۋە ئىشەكلەرنى يېتىلەپ ساياھەت ئەترىتىنىڭ بېشىدا ماڭدى، ئۇ ۋاندۇ چوققىسىغا يول باشلىغۇچىلارنىڭ ياشتا ئەڭ چوڭى ئىدى. مېنىڭ ئۈسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىرقانچە خىزمەتداشلىرىم سۇبھى مەزگىلىدىكى قۇياش نۇرىدا كۆزلىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا تىككىنىچە يولنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى ئوت ـ چۆپ، يېپىنچا ئۈسۈملۈكلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كېتىپ باراتتى؛ باشقىلار ماڭغاچ پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. مەن مۈرەمدە بارومېتىر، قولۇمدا خاتىرە دەپتەر ۋە قېرىنداش، ئەترەتنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋاتاتتىم.

كىم بىلسۇن، ئۇزاق ئۆتمەي مەندىكى هەر خىل ئۈسۈملۈكلەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان بارومېتىر كۆپچىلىكنىڭ رومى هارىقى ئىچىشىنىڭ باهانىسىگە ئايلىنىپ قالدى. مەلۇم بىر خىل ئۆزگىچە بولغان ئۈسۈملۈك بايقىلىشى بىلەن تەڭ، بىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«دەرھال بارومېتىرغا قارايلى» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىناتتى. ۋارقىرىغان ئاۋازغا ئەگىشىپ، كۆپچىلىك دەرھاللا رومىي ھاراق چەينىكىنى ئالاتتى.

مەن ئىسسىۋالغان ئاتموسفېرا فىزىكىسى ئەسۋابىغا ھاراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قارايتتى. ئەتىگەندە ھاۋا سوغۇق، تاغقا چىقىشتىكى يول ئۇزۇن بولغاچقا، كۆپچىلىك بۇنداق بارومېتىر كۆرۈشنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. نەتىجىدە قاننى جانلاندۇرىدىغان سۇيۇقلۇقنىڭ ئازىيىش تېزلىكى سىماب تۈۋرۈكىنىڭ تۆۋەنلەش تېزلىكىگە قارىغاندىمۇ تېز بولدى. توررىچېلى① ئەينەك نەيچىسىنى كۆزىتىش سانىنى ئازايتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

تېمپېراتۇرا بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، سوغۇق بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى، دەرەخ تۈرلىرى تەدرىجىي غايىب بولۇشقا باشلىدى. ئەڭ ئاۋۋال يوقىلىپ كەتكىنى زەيتۇن دەرىخى بىلەن دۇب دەرىخى بولدى، ئاندىن ئۈزۈم دەرىخى بىلەن بادام دەرىخى يەنىمۇ يۇقىرىلىغانسېرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈجمە دەرىخى، شاپتۇل دەرىخى ۋە ئاق دۇب دەرىخىنىڭ سايىسىمۇ قالمىدى. كىچىك يوپۇرماقلىق بوكسۇس دەرىخى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۆسۈملۈك تۈرى كۆپ رايوندىن ئۆسۈملۈك تۈرى ئاز، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بۆلەككە كىرىشكە باشلىدۇق، بۇ رايوندا ئاساسەن دېگۈدەك تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدىغان بىرلا خىل رەڭلىك كىلوپودىيوم ئۆتىلا بار ئىدى. شۇ جايدىكى يەرلىك كىشىلەر بۇ خىل ئۆسۈملۈكنى «پېيبولاداز» دەپ ئاتىشاتتى، مەنىسى «ئېشەك قارىمۇچى» دېگەنلىك بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى ئىسسىنتول مېيى بىلەن ھۆللەنسە بىر خىل ئاچچىق پۇراق ھاسىل بولاتتى. بەزى ئېرىمچىكلەرنىڭ ئۈستىگىمۇ پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولغان بۇنداق

① توررىچېلى ــ گالىلېينىڭ ئوقۇغۇچىسى، بارومېتىرنىڭ كەشپىياتچىسى.

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تالقىنى سىپىلەتتى، بىزنىڭ ئىلتىۋالغان يىمەكلىكلىرىمىز ئارىسىدىمۇ بۇنداق ئىرىمچىكلەر بار ئىدى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان تېرە خالتىلارغا كۆزنى تاشلىمىغان بىر ئادەممۇ قالمىدى. تاڭ سەھەردىكى جاپالىق مەشىقتىن كېيىن ئىشتىھا ئېچىلدى. ئىشتىھادىنىمۇ جىددىي بولغىنى يىمەكلىكلەرنى چوڭ - چوڭ يالماپ يۇتۇشنى خىيال قىلىدىغان ئېچىرقاش تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى بولغاندى، خىلاس بۇ خىل تۇيغۇنى latrantem stomachum[①] دەپ ئاتىغان ئىدى.

مەن ھەمراھلىرىمغا بىر خىل چارىنى، يەنى كېيىنكى قېتىملىق ئارام ئېلىشتىن ئىلگىرى قورساقنى ۋاقىتلىق غەملەپ تۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويدۇم. مەن ئۇلارغا شېغىللىق يەردە ئۆسكەن، يوپۇرمىقى يا ئوقى شەكىلدىكى پاكارغىنە چۈچۈمەل ئۆسۈملۈكنى كۆرسەتتىم، ئۇنىڭ ئىلمىي نامى «قالقان ئاتقۇلاق» ئىدى. ئارقىدىنلا مەن ئۇلگە كۆرسىتىپ بىر باغلام قالقان ئاتقۇلاقنى ئۈزۈۋېلىپ ئېغىزىمغا تولدۇرۇپ كەپلەپ تىقتىم. دەسلەپ مېنىڭ تەكلىپىمنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك كۈلكىلىك ھېس قىلغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە پىسەنت قىلمىدىم. بىردەمدىن كېيىن، مەن ئۇلارنىڭ تاغ ئاتقۇلىقىنى تالىشىپ بەس - بەس بىلەن ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

چۈچۈمەل تەملىك يوپۇرماقنى چاينىغاچ، بوك دەرىخى رايونىغا كەلگەنلىكىمىزنى تۇيمايلا قالدۇق. بىر - بىرىدىن يىراق ئارىلىق قالدۇرۇپ باراقسان ئۆسكەن بوك دەرەخلىرى كۆرۈندى، ئېچىلىپ قالغان دەرەخ يىلتىزلىرى كەڭ يېيىلغان، شاخلىرى يەر يۈزىگىچە ساڭگىلىغانىدى. بىرئازدىن كېيىن، بىر - بىرى بىلەن ياندىشىپ قىستىلىشىپ ئۆسكەن پاكار چاتقاللار پەيدا

---

① latrantem stomachum — لاتىن يېزىقى، قورساقنىڭ چاقىرىشى، دېگەن مەنىدە.

بولۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىز، غولى ناھايىتى چوڭ بۇك دەرەخلىرى كۆرۈندى، ئۇلار بۇك ـ باراقسان، قاراڭغۇ ئورمان ھاسىل قىلغانىدى. يىلتىزلىرى ئاستىدا قەۋەت ـ قەۋەت ھاك تاشلار تۇراتتى. قىش كۈنلىرى يېغىلىپ قالغان قارلارنىڭ بېسىمى ھەم يىل بويى ئۇچرايدىغان كۈچلۈك مىستىلا شامىلى① نىڭ تەسىرىدە نۇرغۇنلىغان بۇك دەرەخلىرىنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، پەقەت ئەگرى ـ بۈگرى كۆرۈمسىز ھالىتىلا قالغانىدى، ھەتتا بەزىلىرى يەرگە يېتىپ كەتكەنىدى. ۋاندۇ چوققىسىنىڭ خېلى يىراقتىچە سوزۇلغان قارا رەڭلىك ئورمان بەلبېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى. ئالدىمىزغا يەنە شالاڭ ئۆسكەن بۇك دەرەخلىرى ئۇچرىدى. بىز بۇك دەرىخى رايونىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا يامىشىپ چىقىپ، ئاخىر ئەركىن نەپەس ئالدۇق. گەرچە ئېگىزلىمىزدا چۈچۈمەل تەملىك يوپۇرماق بولسىمۇ، يەنىلا ئارام ئالىدىغان ئورۇن ئىزدەپ، چۈشلۈك تاماققا تەييارلاندۇق.

بىز ئارام ئالغان بۇ جاي گىراۋ بولۇقى دەپ ئاتىلاتتى، تاغدىكى چارۋىچىلار دائىم دېگۈدەك چارۋىلىرىنى بۇ جايغا ئېلىپ كېلىپ سۇغىراتتى. بۇلاق سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەتتە گىرادۇس ئىدى، بىزگە ئوخشاش تونۇردەك ئىسسىق تۈزلەڭلىكتىن ئەمدىلا چىققان كىشىلەر مۇنداق سوغۇق سۇنىڭ بارلىقىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. يەر يۈزى خۇددى ئالپىس تېغى ئۈستۈنلۈكلىرىدىن توقۇلغان گىلەمگە ئوخشايتتى، گىلەم گۈللىرىدىكى ناھايىتى روشەن بولغىنى يوپۇرماقلىرى ياۋروپا چۆل رەيھىنىغا ئوخشاش ئۆسكەن تىرناق ئوتلار بولۇپ، كەڭرى ھەم نېپىز يوپۇرماقلىرى دانە ـ دانە كۈمۈش ياپراقچىلىرىغا ئوخشايتتى. داستىخىنىمىز مانا مۇشۇ گۈزەل گىلەم ئۈستىگە

---

① مىستىلا شامىلى ـــ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇقلۇقلاردىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە بولغان رايونلاردا چىقىدىغان غەربىي شىمال شامىلى بىلەن شىمال شامىلىنى كۆرسىتىدۇ.

بېيىلدى. يېمەكلىكلەر تېرە خالتىلاردىن، ئىچىملىك
بوتۇلكىلىرى چۆپلۈكلەردىكى كامارلاردىن ئېلىندى. بىر تەرەپكە
داستىخاننى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن قوي پاچىقى ۋە بولكا
دېگەندەك ئېغىرراق نەرسىلەر تىزىلدى؛ يەنە بىر تەرەپكە ئىككى
دانە تۇزسىز توخۇ گۆشى تىزىلدى، بۇنىڭ قورساقنىڭ ئاچلىقى
بېسىلىپ بولغاندىمۇ ئېغىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇشقا پايدىسى
بولاتتى؛ ئۇنىڭ يېنىدىكى تۆر ھېسابلىنىدىغان ئورۇنغا تاغلىق
جايلاردا ئۆسىدىغان قوشۇمچە كۆكتات ماتېرىياللىرى قوشۇلغان
ۋاندۇ تاغلىق رايوننىڭ پىشلىقى، يەنى ھېلىقى پېيىبۇلىداز
ئېرىمچىكى تىزىلدى، ئېرىمچىك بىلەن بىللە ئۇيۇل ھالەتتىكى
ئارگون كولباساسى، ئۇششاق كۇب شەكلىدە توغرالغان گۆش ۋە
قارىمۇچ قېتىلغان قىزىل گۆش قىيمىسى تىزىلدى؛ ئازراق بوش
يەر چىقىرىلىپ، ئۇنچىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان تۇزلانغان زەيتۇن
بىلەن ياغقا چىلانغان قارا زەيتۇن قويۇلدى؛ يەنە ئازراق يەر
ھازىرلىنىپ، كاۋايوڭ قوغۇنى تىزىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق
ئەتلىك ۋە سېرىق ئەتلىكلىرى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئوخشىمىغان
تەمگە ئامراق بولۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسەت
قىلىنغانىدى؛ يەنە بىر ئورۇنغا ھاراق بىلەن ماغدۇر
تولۇقلايدىغانلار ئۈچۈن سېلىد بېلىقى تىزىلدى؛ ئەڭ
ئاخىردىكىسى باياتىنقى ئىچىملىك بوتۇلكىلىرى بولۇپ، ئۇلار
نۆۋەت بىلەن ياغاچ ئوقۇرلارغا سېلىنىپ سوغۇق سۇدا
مۇزلىتىلغانىدى. ھەممىنى تولۇق تەييارلىدۇقمۇ؟ ھە، ياق، بىز
غىزادىن كېيىن تاماقنى ھەزىم قىلدۇرىدىغان «مېۋە»لەرنىڭ
بىرىنچىسى باش پىيازنى ئۇنتۇپ قالغاندۇق، ئۇ نەرسىنى تۇزغا
چىلاپ بىۋاستىلا ئىستېمال قىلسا بولىۋېرەتتى. ئارىمىزدا
ئىككى پارىژلىق بولۇپ، مېنىڭ كەسپىدىشىم ئىدى. دەسلەپتە
ئۇلار بۇ بىر ۋاق غىزانى بەك ھەشەمەتلىك بولۇپ كەتتى، دەپ
ھېس قىلىپ، ھەيران قالغىنىدىن ئاغزىنى ئىچىپ ھاڭۋېقىپلا
قالغانىدى؛ ئارقىدىن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتىشتى. ھەممە تەييار بولدى، ياخشى غىزالىنايلى!

بىر قېتىملىق ھومېر داستانلىرىدىكىدەك غىزالىنىش باشلىنىپ كەتتى؛ مۇشۇنداق غىزالىنىشتىن قانچىسى ھاياتلىق مۇساپىسى جەريانىدا دەۋر بۆلگۈچ مەنىگە ئىگە بولالىغان؟ دەسلەپتە كۆپچىلىك سەۋدايىلاردەك يېيىشتى. قوينىڭ سان گۆشىدىن بىر پارچە ئاجرىتىپ ئالاتتى، بولكىدىن بىر پارچە ئۈشتۈپ ئالاتتى، بىر پارچىنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىر پارچىنى قولى - قولىغا تەگمەي ئاغزىغا سېلىپ، خۇددى ھازىرلا گېلىدا تۇرۇپ قېلىپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ئادەمنى ئەنسىزلىككە قوياتتى. ھېچكىم پاراڭ قىلىشمايتتى، ھەممەيلەن تېخى تۈگىمىگەن يېمەكلىكلەرگە قايغۇلۇق نەزىرى بىلەن تىكىلگەن، كۆڭۈللىرىدە مۇشۇنداق يەپ - ئىچسەك بوگۈن ئاخشام ۋە ئەتىگە قانداق يېتەر، دەپ پىچىرلىشاتتى، ھېلىمۇ ياخشى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە قوترىغان ئېچىرقاش تۇيغۇسى پەسەيدى، كۆپچىلىك يېمەكلىك قالدۇقلىرىنى ئىزدىگەچ چاندۇرماي كېكىرىشكە باشلىدى. كۆپچىلىك ئەمدى ئەتىگە بولغان ئەندىشە كەيپىياتىنى بېسىش ئۈچۈن پاراڭلاشقاچ يەپ - ئىچىشكە باشلىدى. كۆپچىلىك گەپنى مۇشۇنداق دالا تاماقلىرى تېزىملىكىنى تۈزۈپ چىققان ئادەمنىڭ جايىدا ئىش قىلغانلىقى توغرىسىغا يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئاچ قېلىپ دەھشەت يەۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئالدىنئالا تولۇق تەييارلىق قىلغانلىقىنى ماختىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك يېمەكلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرىدىغان ئۇستىلارغا ئوخشاش نازۇنېمەتلەرنى باھالاشقا باشلىدى. ھەمراھلىرىمىزدىن بىرى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن زەيتۇننى ئاچقاچ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى؛ يەنە بىرەيلەن قولىدا سارغۇچ دارچىن رەڭگىدىكى بېلىجان قىستۇرۇلغان بولكىنى تۇتقىنىچە سېلىد بېلىقىنى تەرىپلەيتتى؛ يەنە بىرەيلەنگە قارىساق كولباسا توغرىسىدا ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى؛ ئاخىرىدا ھەممە بىر

ئېغىزدىن تەرىپلىگىنى يەنىلا پېيبۇلىداز ئېرىمچىكى بولدى. پاراڭ ئارىسىدا كۆپچىلىك ئىللىق قۇياش نۇرىغا قاقلانغىنىچە چۆپلۆكتە ئۇخلىسىغا يېتىپ، غاڭزا، سىگارتلاردىن قويۇق ئىس چىقىرىشقا باشلىدى. ئارام ئالغانغىمۇ بىر سائەت بولدى، تۇرايلى ! ۋاقىت جىددىي، يەنە ئالدىغا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك ـ دە. يول باشلىغۇچى ئالدى بىلەن سەپەر خالتىسىنى كۆتۈرۈپ، ئورمان چېتىنى بويلاپ غەربكە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇياقتا ئات ـ ئۇلاغلارمۇ ماڭالايدىغان بىر چىغىر يول بار ئىدى. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ بەش يۈز ئەللىك مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورۇندا بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، بۇ جاي يەنىلا بۆك دەرىخى ئۆسۈش رايونىنىڭ يۇقىرى چېگراسى بولۇپ، ئۇ يەرلەردە «قوي قوتىنى» دەپ ئاتىلىدىغان جاي بار ئىدى، بەزىلەر ئۇنى بىۋاسىتىلا «ئىمارەت» دەپ ئاتاشتى. قوي قوتىنى دېيىلگەنلەر تاشلاردىن قوپۇرۇلغان چوڭ ئۆيلەر بولۇپ، ھەممىمىز ئاشۇ يەردە دالدىلىنىپ كېچىنى ئۆتكۈزەتتۇق. يول باشلىغۇچى يولغا چىققاندىن كېيىن، بىز ئۇدۇل يۇقىرىغا قاراپ يامىشىپ، تاغ چوققىسى ئومۇرتقىسىغا يېتىپ باردۇق، مۇشۇ ھالەتتە چوققىغا ياماشساق كۆچ ئازراق كېتەتتى. كۈن تاغ كەينىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىز چوققىنىڭ ئۈچىدىن قوي قوتىنىغا چۈشەتتۇق، يول باشلىغۇچى ئۇ جايدا بىزنى ساقلايتتى. بۇ كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويۇپ بىرلىككە كەلگەن لايىھە ئىدى.

بىز تاغ چوققىسىغا يېتىپ چىققاندا، جەنۇبقا قارىدۇق، يانتۇلۇقنىڭ باش ـ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى، بىز باياتىن مانا مۇشۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يانتۇلۇقنى بويلاپ مېڭىپ چىققاندۇق. باشنى تۆۋەن قىلىپ شىمالغا نەزەر سالغاندا، بەزىدە ساڭگىلىغان قىيالار، بەزىدە تىك پەلەمپەيلەردىن شەكىللەنگەن ئېگىزلىكى بىر يېرىم كىلومېتىرغا يېتىدىغان ئېگىز ۋە تىك يار كۆرۈنۈپ، كىشىنى ۋەھىمىگە سالاتتى. بىر پارچە تاش تاشلانسىلا، ئۇ ھېچقانداق جايدا توختىماستىن دومىلىغىنىچە جىلغا ئاستىغىچە

قاڭقىپ چۈشەتتى. جىلغا ئاستى كۆزگە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بەلباغقا ئوخشايدىغان تۇلۇرانكى دەرياسى ئىدى. ھەمراھلىرىم يوغان بىر پارچە تاشنى مىدىرلىتىپ بوشاتقاندىن كېيىن كۈچەپ پەسكە ئىتتىرىشتى، ئارقىدىن ئۈنىڭ ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ئاۋاز چىقىرىپ تېگى يوق ھاڭغا دومىلاپ چۈشكىنىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشتى. بۇ ۋاقىتتا مەن چوڭ بىر پارچە تاشنىڭ ئاستىدىن ھاشاراتشۇناسلارنىڭ بىر تۈركۈم كونا تونۇشىنى بايقاپ قالدىم، ئۇلار تىك قاناتلىق ئىنچىكە بەللىك ھەرىلەر ئىدى. ئىلگىرى مەن تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ چەتلىرىدىكى دۆڭلەردە بۇنداق ئىنچىكە بەللىك ھەرىلەرنى ئۇچراتقانىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ جايلاردا يەككە - يەككە ھالدا ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى. ئەمما، بۇ جايدا — ۋاندۇ چوققىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە بۇ خىل ھاشاراتلارنىڭ نەچچە يۈزى بىرلىكتە توپلىشىپ، قىستىلىشىپ تۇراتتى.

بۇنداق توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىپ باقاي، دەپ تۇرسام، جەنۇب شاملى چىقىشقا باشلىدى. ئەتىگەندە ئازراق جەنۇب شاملى چىققان، ھەممىمىز ناھايىتى ئەندىشە قىلغاندۇق. ئەمدىكى جەنۇب شاملى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قارا يامغۇر پەيدا قىلىدىغان توپ - توپ بۇلۇتلارنى سۈرۈپ كەلدى. قارا بۇلۇتلار كېلىشتىن ئىلگىرى قاتمۇقات قويۇق تۇمان بىزنى ئورىۋالدى. ھەتتا ئىككى قەدەم يىراقلىقنىمۇ ئاران كۆرەتتۇق. ھاۋا بىز بىلەن قېرىشقاندەك شۇنداق تېز ئۆزگەردى، ئارىمىزدىكى بىرەيلەن، يەنى ئىنتايىن تىرىشچان دوستۇم دىلاگور مۇشۇنداق ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بىر خىل كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈك — تاغ سۇتلۇكئوتىنى ئىزدەپ كەتكەنىدى. بىز قولىمىزنى كاناي قىلىپ نەپەسىمىز قىسىلغۇچە ۋارقىرىدۇق، ھېچقانداق ئۈچۈر بولمىدى. ۋارقىراشلىرىمىز قارا بۇلۇتلار، قويۇق تۇمانلار ئارىسىدا غايىب بولدى. بىز ئادىشىپ قالغان ھەمراھىمىزنى ئىزدىمەكچى

بولـدۇق. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ چاقىرغىنىمىزنى پەقەتلا ئاڭلىمىغانىدى. قاتمۇقات بۇلۇتلار قاپلىۋالغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىككى - ئۈچ قەدەم يىراقلىقتىكى ئادەمنىمۇ كۆرەلمەيتتۇق، ئەمما يەتتە ئادەم ئىچىدە پەقەت ماڭىلا بۇ جاينىڭ يەر شەكلى پىششىق تونۇش ئىدى. بىر ئادەمدىنمۇ ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، كۆپچىلىك قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ ھەرىكەتلەندۇق، مەن بۇ ئادەم زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدىم. مۇشۇنداق قىلىپ بىز خۇددى مۆكىمۆكىلەك ئويۇنىغا ئوخشاش بىرقانچە مىنۇت چۆرگىلەپ يۈردۇق، لېكىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق. دىلاگۇر ۋاندۇ چوققىسىغا دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بەلكىم قارا بۇلۇتلارنىڭ بېسىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا ئۆزى يالغۇز تۆۋەندىكى قوي قوتىنىغا قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «تېزدىن قوي قوتىنىغا قاراپ ماڭايلى». كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يېرىدىن سۇ تامچىلايتتى. قىيپاش يوللۇق ئىشتان ئالدىقاچان پۇتقا چاپلىشىپ بەدەندىكى ئىككىنچى قەۋەت تېرىگە ئايلانغانىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئېغىر بىر قىيىنچىلىق كۆرۈلدى: مەن دىلاگۇرنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا ئايلىنىپ يۈرگەچكە خۇددى بىركىم كۆزۈمنى تۇسىۋالغاندەك بولۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جايىمىزدا نەچچە رەت چۆرگىلەپ چىققان بولغاچقا، يۆنىلىشتىن پۈتۈنلەي ئاداشقانىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، جەنۇبىي يان باغرىنىڭ ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم. مەن بۇنىڭدىن سوراپ باقتىم، ئۇنىڭدىن سوراپ باقتىم، ماڭا بېرىلگەن جاۋابلار بىردەك ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىم مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئارىمىزدا جەنۇب - شىمالنى پەرق قىلالايدىغان ئادەمدىن بىرىمۇ يوق ئىدى. مەن ھېچقاچان، راستلا ھېچقاچان مۇشۇ دەقىقىلەردىكىدەك شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالدىن ئىبارەت تۆت يۆنىلىشنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتمىگەنىدىم. ئەتراپىمىز پەرق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېتىمىش تەس بولغان كۆل رەڭ بولۇتلار، ئاياغلىرىمىز سەزگۈمىزگە ئاساسەن بىردەم ئۇياقتا تۇتاشقان تاغ باغرىغا، بىردەم بۇيانغا تۇتاشقان تاغ باغرىغا سۈرەيتتى. قايسى تاغ باغرىنى بويلاپ ماڭساق ياخشىراق؟ ياخشىسى چوقۇم ئالدى بىلەن يولنى تاللاپ، ئاندىن تەۋرەنمەس قەدەملەر بىلەن تاغدىن چۈشۈشىمىز كېرەك. ئەگەر خاتالىشىپ شىمالىي يان باغرىغا قاراپ مېڭىپ قالساق، چوقۇم بايامقى ئادەم قارىسىمۇ باشلىرى قايىدىغان تىك ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتەتتۇق. بىرەر ئادەممۇ ھايات قايتىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ يۈرىكىم سېلىپ، ئەس ـ ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا بىر قانچە مىنۇت قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

كۆپ سانلىق كىشىلەر يامغۇر توختىغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار، ئەسلىي ئورنىمىزدا ساقلاپ تۇرايلى، دېيىشتى. باشقىلار بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، بۇ چارە ياخشى ئەمەس، دەپ ھېسابلاشتى. مەن كېيىنكى پىكىرنى قوللايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. بۇ جايدا ساقلاپ تۇرۇش ھەقىقەتەن ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى: يامغۇر خېلى ئۇزاق داۋاملىشىشى مۇمكىن، مۇشۇنداق يامغۇردا بىر كېچە تۇرساق، توڭلاپ قېتىپ قالاتتۇق. قەدىناس دوستۇم بېئىرنا ۋېرلو ماڭا ھەمراھ بولۇپ ۋاندۇ چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن پارىژ ئۈسۈملۈكلەر باغچىسىدىن ئالايتەن كەلگەنىدى، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە مېنىڭ كۆپچىلىكنى بۇ خاتا قەدەمدىن توسۇيالايدىغانلىقىمغا قەتئىي ئىشىنەتتى. باشقىلاردا تېخىمۇ بەكرەك ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى تۇغدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن ئۇنى يانغا تارتىپ چىقاردىم، ئۇنىڭغا ئۆزۈم غەم قىلىۋاتقان ئەڭ قورقۇنچلۇق مەسىلىنى دېدىم. ئىككىمىز مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ئۇ: «قارا بولۇت جەنۇب تەرەپتىن كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەنۇب تەرەپتىن كەلگەن» دېدىم. «شۇ ۋاقىتتا

شامالنى ناھايىتى ئاجىز دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، يامغۇرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا سەل قىيپاش چۈشۈشى مۇمكىنمۇ؟» «دەل شۇنداق، مەن شۇ ۋاقىتتا يۆنىلىشنى ئېنىق بىلىپ، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغان. بىز مۇشۇ ئارقىلىق يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرۈپ چىقساق بولامدۇ؟ تۇغرا، يامغۇر ئۇچۇپ كەلگەن يۆنىلىشكە قاراپ تاغدىن چۈشەيلى.» «مەن باياتىن مۇشۇنداق ئويلىغاندىم، بىراق، ھازىر ئانچە ئىشەنچلىك بولماسلىقى مۇمكىن. ھازىر شامال كۈچى ناھايىتى ئاجىز، يامغۇرنىڭ ئۇرنىغا قاراپ يۆنىلىشنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامالسىزمىز. ھازىر چىقىۋاتقىنى ئايلانما شامال بولۇشى مۇمكىن، قارا بۇلۇتلار تاغ چوققىسىنى ئورىۋالغان ۋاقىتتا شامال چۆرگۈلەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى شامال يۆنىلىشنى ئۆزگەرمىدى، دەيدىغانغا ئاساس يوق، ھازىرقى شامال شىمالدىن سوققان شامال ئەمەس.» «مەن سىزنىڭ ئەنسىرىشىڭىزگە قوشۇلىمەن. ئۇنداقتا قانداق قىلساق ياخشى بولىدۇ؟» «قانداق قىلسا ياخشى بولىدۇ، ھە، بۇنىڭغا ھازىر بىر نەرسە دېيىش تەس. ماڭا مۇنداق بىر خىيال كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر شامال يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش بولمىسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ سول تەرىپىمىز بەكرەك ھۆل بولۇپ كېتىشى كېرەك. چۈنكى، يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرۈشكە بولىدىغان ئاشۇ ۋاقىتتا، بىزنىڭ سول تەرىپىمىز بىۋاستە يامغۇر يۆنىلىشىگە بېقىپ تۇرغان. ئەگەردە شامال يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۈستىبېشىمىز تەكشى ھۆل بولىدۇ. يەنە ئويلىنىدىغان نەرى قالدى، بىر قارارغا كېلەيلى، بولامدۇ؟» «بولىدۇ.» «مەن خاتالاشمىغاندىمەن ــ ھە؟» «سىزنىڭ دېگىنىڭىز خاتا بولمايدۇ.»

پەقەت بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەن كەسىپداشلار بىر بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشتى. ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىبېشىنى سىلاشقا باشلىدى، ئەلۋەتتە تاشقى كىيىملىرىنىلا سىلاشقا بولمايتتى، تاشقى كىيىملەر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولمايتتى. ئەكسىچە ئەڭ ئىچىدىكى

چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى سىلاشقا توغرا كېلەتتى. نەتىجىدە مەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل خاتىرجەملىكنى ھېس قىلدىم، ھەممە بىر ئېغىزدىن سول تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىغاندا بەكرەك ھۆل بولغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. شامال يۆنىلىشى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئەمدى ياخشى بولدى، بىز يامغۇرغا قاراپ ماڭساق بولاتتى. ئادەم زەنجىرى يەنە ھاسىل قىلىندى، مەن باشلاپ ماڭدىم، ۋېرلو ئارقىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى. تاغدىن چۈشۈشكە قەدەم بېسىش ئالدىدا، مەن يېقىن دوستۇمغا: «شۇنداق قىلىپ بىز خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدىغان بولدۇق - دە.» دېدىم. «تەۋەككۇل قىلايلى، مەن سىزگە ئەگىشىپ ماڭىمەن.» بىز نېمە بولۇشى بىلەن كارىمىز بولماي، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ناتونۇش شارائىتتا باشچىلاپ كىرىپ كەتتۇق.

قىيپاش يول تېيىلغاق، پۇتنى باشقۇرىمەن دەپمۇ باشقۇرغىلى بولمايتتى. ئەمما، مۇشۇنداق يىگىرمە قەدەم ماڭمايلا، ئەڭ ئەندىشە قىلغان تۇمان تارقىلىپ كەتتى. پۇتىمىز ئاستىدا دەسسىگىنىمىز ئېسىلىپ تۇرغان تېگى يوق يار ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىنتىزار بولغان زېمىن، شېغىل تاشلار ئارىلىشىپ كەتكەن تۇپراق ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولدى. بىزنىڭ دەسسىشىمىزگە ئەگىشىپ، ئارقىمىزدىن سىيرىلىپ چۈشكەن شېغىللارمۇ دومىلاپ بىر شېغىل ئېقىنىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شېغىل تاشلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇلىنىپ كېتىشى يەر يۈزىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى، كۆپچىلىك خۇددى بىر سىرلىق مۇزىكىنى ئاڭلىغاندەك ھېس قىلىشتى. پەقەت بىرقانچە مىنۇتتىلا بىز بۇ دەرىخى رايونىنىڭ ئۈستى چېگراسىغا چۈشۈۋالدۇق. بۇ جاي تاغ چوققىسىغا سېلىشتۇرغاندا قاراڭغۇ ئىدى، مۇنداق قاراڭغۇدا قويۇق ئورمانىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان قوي قوتىنىنى قانداق تاپقىلى بولار؟ بۇ ۋاقىتتا مەن ئىككى خىل ئۈسۈملۈكنى

بايقىدىم، بىر خىلى لىويلا، يەنە بىر خىلى بولسا ئاتلىق ـ ئانلىقى باشقا ـ باشقا تۆپتە بولىدىغان چاققاق ئوت ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئادەم قەدىمى ئاز تېگىدىغان جايلاردا قەيسەرلىك بىلەن ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئۇلار مېنى يەپ ئۆچى بىلەن تەمىنلەپ بەردى. مەن ماڭغاچ، قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ سىلاشتۇردۇم. ۋاي، سانجىلىپ كەتتى، بۇ چاققاق ئوت ئىدى. ھەي، مانا بۇ يول بەلگىسى ئىدى. ئارقا مۇداپىئەچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان ۋېرلومۇ قىلچە بىخەستەلىك قىلماي ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتاتتى، ھەر قېتىم بىر نەرسە قولغا سانجىلىپ لوقولداپ ئاغرىپ كەتكەندە، ئۇ دەرھال بېشىنى بۇراپ چاققاقئوت ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. ۋېرلو ئۆسۈملۈكلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ سەزگۈرلۈكىگە ئىشىنىدۇ، شۇڭا مەن تەرەپتە تۇرۇپ سۆز قىلىپ، مۇشۇنداق يول چارلاشنى قەتئىي قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خاتىرجەم بولالمايۋاتقان ئاشۇ بىرقانچە ھەمراھلىرىغا تەسەللى بەردى. ئۇ ئۇلارغا قولى بىلەن ياۋا ئوتلارنى سىلاشتۇرۇپ توغرا يولنى تېپىپ چىقىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى، ئەتراپ قانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ قونالغۇغا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆپچىلىك بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى ئاڭلاپ زوۋان چىقارمىدى. ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، بىزنىڭ تاغقا چىققۇچىلار ئەترىتىمىز چاققاقئوتلارنى بويلاپ مېڭىپ ئاخىر قوي قوتىنىنى ئىزدەپ تېپىۋالدى.

دىلاگۇر راستلا شۇ جايدا بولۇپ، يۇك ـ تاقلارنى ساقلاۋاتقان يول باشلىغۇچىمۇ بىللە ئىدى. ئۇلار بۇ تاش قوتاندا يامغۇردىن پاناھلانغانىدى. يالقۇنلىرى ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر دۆۋە گۈلخان يېنىپ تۇراتتى. قۇرۇق كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئالماشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كەيپىيات ناھايىتى تېزلا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. تاغ جىراسىدىن قار ئېلىپ چىقىلىپ، خالتىلارغا قاچىلىنىپ، ئوتنىڭ يېنىغا ئېسىپ قويۇلدى. بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دانە بوتۇلكا قار قاچىلانغان خالتا ئاستىغا سانجىپ قويۇلۇپ، ئېرىگەن قار سۈيى يىغىۋېلىنىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مانا بۇ بىزنىڭ سۆزۈك سۇ بۇلىقىمىز بولدى. بىز بۇ كېچىنى بىر قەۋەت بۇك دەرىخى يوپۇرمىقى سېلىنچىسى ئۈستىدە ئۆتكۈزدۇق، ئىلگىرىكىلەر ئىشلەتكەن بولغاچقا قېلىن يوپۇرماقلار يانجىلىپ ناھايىتى راھەت بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ نىسبەتەن كۆپلۈكىنى دېمەيلا قوياي، بۇ تۆشەكنىڭ ئۆرۈپ يىغىلانمىغانلىقىغا نەچچە يىل بولغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. ھالبۇكى، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەممىسى چىرىگەن ئۆسۈملۈك قاتلىمىغا ئايلانغانىدى! ئارىمىزدىكى ئۈيقۇسى كەلمىگەنلەر پۈتۈن كېچە گۈلخاندىن خەۋەر ئالىدىغان قاراۋۇللۇق ئورنىنى چىڭ ساقلاپ چىقىشتى. ئوتنى كوچىلاپ قول تەگكۈزمىگەن ھېچكىم قالمىدى. سەھەر سائەت ئىككىدىن باشلاپ، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىشتى، كونۇسسىمان چوققا ئۈستىگە قايتىدىن يامىشىپ چىقىپ، شۇ جايدا قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ياردەم بەرمەكچى بولۇشتى. يامغۇر بالدۇرلا توختىغان، سۈپسۈزۈك ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەن، يىقىملىق باھار ھاۋاسىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. بۇ تاغ يولىدا ئۇلار تولىمۇ بىئارام بولاتتى، سەۋەبى ئۇلار چارچاپ كەتكەن، ھاۋا شالاڭ ئىدى. بارومېتىر بىر يۈز قىرىق مىللىمېتىرغا چۈشۈپ قالدى. بىز نەپەسلىنىدىغان ھاۋانىڭ قويۇقلۇقىنىڭمۇ بەشتىن بىرى ئازايدى، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، ئوكسىگېن مىقدارىنىڭ نورمال شارائىت ئاستىدىكىدىن بەشتىن بىرىنىڭ ئازلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشى ۋاقىتلاردا بۇنچىلىك كىچىككىنە ئاتموسفېرا ئۆزگىرىشىنى ھېس قىلغىلى بولمايتتى؛ ئەمما ھازىر ئوخشىمايتتى، كىشىلەر بىر كۈن ئازاب تارتقان ھەم بىر كېچە ئۇخلىمىغان بولغاچقا، ھاۋا بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشى تەبىئىيلا كۆرۈنەرلىك ھالدا كىشىلەردە بىئاراملىق

پەيدا قىلاتتى. كۆپچىلىك ئاستا ـ ئاستا يامىشاتتى، ھەر قەدەمدە گاللىرىدىن غاز ـ غوز قىلغان ئاۋازلار چىقىپ، نەپەسلىرىمۇ بىر ئۆزۈلۈپ، بىر ئۇلىشاتتى. ھەممەيلەن ئون قەدەمدە بىر چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، يىگىرمە قەدەمدە بىر تۇرۇۋالاتتى. ئەڭ ئاخىرى ھەر ھالدا تاغ چوققىسىغا چىقتۇق. كۆپچىلىك بىرقانچە قېتىم قېنىپ نەپەس ئالغاندىن كېيىن، ھاراق قاپقىنى كۆتۈرۈپ سەھەرنىڭ سوغۇقىغا تاقابىل تۇرۇشتى. رومى ھارىقىنىڭ گورىزونتال تەكشىلىكى قاپاق بىلىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ۋاندۇ چوققىسىنىڭ سايىلەنگەن بۇلۇڭى تاكى يەر يۈزىگىچە يېيىپ باردى. تاغ كۆلەڭگىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپى كۈن نۇرىنىڭ دىفراكسىيە رولى سەۋەبىدىن يىراق فوكۇس نۇقتىسىغىچە شۇڭغۇپ بېرىپ بىنەپشە رەڭگە كىردى. تاغنىڭ جەنۇبى بىلەن غەربى ئۆزۈنغا سوزۇلغان تۇمان بىلەن قاپلانغان تۇزلەڭلىك ئىدى، پەقەت كۈن يەنە ئازراق كۆتۈرۈلگەندىلا، بىز ئاندىن بەئەينى كۈمۈش رەڭ سىزىقتەك لونى دەرياسىنى ئېنىق كۆرەلەيتتۇق. تاغنىڭ شىمال ۋە شەرقى قېلىن بۇلۇت قاتلاملىرىنىڭ ئاستىدا بولۇپ، خۇددى ئاپپاق پاختىلاردىن ھاسىل بولغان دېڭىزغا ئوخشايتتى، دېڭىز يۈزىدە پاكار تاغ چوققىلىرىدىن ھاسىل بولغان قارا رەڭلىك ئاراللار چوقچىيىپ چىققاندى.

«ھوشۇڭنى يىغىۋال !» ئۆسۈملۈكلەر بىزنى چاقىرىپ، ئۇلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىزنى ئېيتىۋاتاتتى. بوپتۇ، بىز يىراقلاردىكى ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشنى ۋاقتىنچە تاشلاپ تۇرايلى. بۇ قېتىمقى تاغقا چىققان ۋاقتىمىز 8 ـ ئاي بولغاچقا سەل كېچىكىپ قالغاندۇق، نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەك پەسلى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەندى. سىز كۆپ مىقداردىكى ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسىنى يىغىشنى ئويلامسىز؟ ئۇنداقتا 7 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بولۇپمۇ چارۋا توپى پەيدا بولۇشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى بۇ جايغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭ. بىلىشىڭىز كېرەككى، قويلار ئوتلاپ بولغان يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونىنىڭ سىزگە قالدۇرىدىغان تەرسىلىرى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. 7 ـ ئايدا ۋاندۇ چوققىسى رايونى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قويلار بىلەن ئۇچراشمايدۇ، ئۇ جاي بورۇنقىدەكلا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈلزارلىق بولۇپ، شېغىل قاتلىمى ئۈستىگە رەڭگارەڭ گۈللەر زىننەت بېرىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئىلگىرى كۆرگەن گۈزەل مەنزىرە نامايان بولدى: سەھەر، توپ ـ توپ مامۇقتەك نورۇز گۈللىرى ئۈستىدە مەرۋايىتتەك شەبنەم تامچىلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئاق ھەم يۇمران گۈل ـ غۇنچىلار ئوتقاشتەك قىزىل كۆزلىرى بىلەن بېقىپ تۇرۇشاتتى؛ سىنىس رۇخسار گۈلىنىڭ يوغان ـ يوغان كۆك رەڭلىك گۈل تاجىلىرى ئاپپاق ھاك تاشلىق يەر يۈزىنى قاپلىغانىدى؛ چارئوت ئۆزىنىڭ گۈل تىزىقلىرىدىن لەززەتلىك خۇش پۇراقلار، يىلتىز قىسمىدىن سېسىق ھىد ـ پۇراقلارنى چىقىرىپ، ھاۋادا تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل غەلىتە پۇراقنى ھاسىل قىلغانىدى. گىلوبۇلارىيە گۈللىرىدىن توقۇلغان يېشىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىنى تىزىق ـ تىزىق كۆك رەڭلىك باشسىمان گۈللەر زىننەتلىگەنىدى؛ پارچە ـ پارچە ئالىپ بوتا كۆزلىرىنىڭ كىچىك ـ كىچىك گۈللىرى نىل بويىقىدەك چاقناپ تۇراتتى. ئىبېرىس گۈلى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق ئاق گۈللەردىن تۈزۈلگەن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىنچىكە غوللىرى شېغىل قاتلىمى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى؛ قارىمۇقارشى يوپۇرماقلىق تاشيارغان ۋە مۇخسىمان تاشيارغان بۆككىدە ئۆسۈپ كەتكەن گويا توتۇق رەڭلىك مەخمەل كۆرپىگە ئوخشايتتى، بۇنىڭ ئارىسىدىكى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭدىكى گۈل تاجى بارى قارىمۇ قارشى يوپۇرماقلىق تاشيارغان، ئاپپاق گۈل تاجى كۆرۈنۈپ تۇرغانلىرى مۇخسىمان تاشيارغان ئىدى. قۇياش نۇرى يەنە بەكرەك قىزىتقان ۋاقىتلاردا بىز ناھايىتى چىرايلىق بىر خىل

چوڭ كېپىنەكنى ئۇچراتتۇق، ئۇ بىر توپ گۈل ئۈستىدىن باشقا بىر توپ گۈل ئۈستىگە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئۇچۇپ باراتتى، قاپقارا جىيەكلىك، سۈتتەك ئاق چوڭ قاناتلىرىغا چاقناپ تۇرىدىغان تۆت دانە قىپقىزىل چېكىت ئورنىتىلغانىدى. كىشىلەر ئۇنى «باناس ئاپوللو كېپىنىكى» دەپ ئاتىشاتتى، بۇ كېپىنەك يىل بويى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئالىپ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېسىلزادە مېھمىنى ئىدى. ئاشۇ قېلىن، تاشيارغان سېلىنچىلىرى ئۇنىڭ لىچىنكا سېلىپ، تىرىكچىلىك قىلىدىغان ماكانى ئىدى. تەبىئەتشۇناسلار ۋاندۇ چوققىسى ئەتراپىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بۇ قىزىقارلىق مەنزىرىنى جىمجىت كۆزىتىپ، ئومۇمىي كۆرۈنۈشنى بىلسىلا بولىدۇ. ماڭايلى، تۇنۇگۈن بىزنى بۇلۇت توپلىرى قورشىۋالغان ۋاقىتتا بايقىغان ھېلىقى تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇ يەرگە توپلىشىۋالغان بىر توپ تىك قاناتلىق، ئىنچىكە بەللىك ھەرىلەرنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

# قاقاس تاشلىق باغچە

hoc erat in votis[1] مەن تۇرۇپ قېلىشنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان جاي. ئازراقلا بىر پارچە يەر! ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن. خىلۋەت جايدىكى بۇ بىر پارچە تاقىر يەر ئاپتاپتا شۇنداق قىزىپ كېتىدۇ، لېكىن تىكەنلىك مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ ياخشى تۇرالغۇسى. ئۇ يەردە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئاۋارىچىلىكى يوق. مەن تاغ سېرىق ھەرىسى، يەرلىك سېرىق ھەرىلىرىگە سوئال قويۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولغان ئىلىم - پەن ئىزدىنىشى بىلەن شۇغۇللىنالايمەن. بۇ ئىزدىنىشتىكى سوئال سوراش ۋە جاۋاب بېرىش بىر خىل «ئۆزگىچە سۆز» ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ سۆز دەل «تەجرىبە» دۇر. بۇنىڭدا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ يىراقلارغا سەپەرگە بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇي - پىكرىنى چېچىپ، ئادەمنى چارچىتىدىغان مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىمنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاپقانلارنى بىمالال ھالدا مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئاندىن ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆزىتىمەن. hoc erat in votis، شۇنداق، ئۇ يەرگە

---

① hoc erat in votis — لاتىنچە سۆز، ئاشىق بولغان ئەتىۋارلىق زېمىن، دېگەن مەنىدە.

مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم، ئۈمىد - تىلەكلىرىم مۇجەسسەملەنگەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئارزۇسى قەلبىمدە ھەر ۋاقىت ئوقچۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ھەممىشە بىلىپ - بىلمەيلا «كېيىن بىر گەپ بولار» دېگەن تۇمانلار ئارىسىدا غايىب بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەڭ دالادا تەجرىبە ئۆيى قۇرۇشمۇ ناھايىتى بىئەپ، ھەر كۈنى قورساقنىڭ غېمىنى قىلمىسىڭىزمۇ بولمايدۇ. مەن قىرىق يىلنى بىر كۈندەك بىلىپ، ئۆزۈم قىلچىلىك پەرۋا قىلمايدىغان جاپا - مۇشەققەتلىك يوقسۇل كۈنلەرنى قەيسەرانە ئىرادەمگە تايىنىپ ئۆتكۈزدۈم؛ ئاخىر كۈتكەن بۇ كۈنۈم يېتىپ كەلدى، مېنىڭ تەجرىبىخانام بار بولدى. ئادەمدە قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بولسىلا، پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىش ھېچنېمە ئەمەس. بۇ جايدا كۆپ گەپ قىلماقچى ئەمەسمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن تەجرىبىخانا قولۇمغا كەلدى. ئۇنىڭ شارائىتى بىرقەدەر ناچار بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇ بولغاچقا، ھاياتىم ئېھتىمال شۇلار بىلەن ئۆتۈشى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزۈمنى پۇتلىرى زەنجىرلىنىپ جاپالىق ئىش قىلىدىغان جىنايەتچىگە ئوخشاپ قالدىم دېسەممۇ بولاتتى. بۇ قېتىم قانداقلا بولمىسۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشتى، لېكىن كېيىنرەك ئەمەلگە ئېشىپ قالدى. ۋاي - ۋۇي، سۆيۈملۈك ھاشاراتلىرىم! شاپتۇللارنى ئۈزىدىغان ۋاقىتقا كەلگەندە، يەيدىغان چىشلىرىمنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ھەقىقەتەن بەك كېچىكىپ كەتتى: بۇرۇنقىدەك قەددىمنى تىك تۇتۇپ بىپايان كەڭلىكنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم. بېلىم مۈكچەيدى، كۆزۈم تورلاشتى، كۆرۈش دائىرەممۇ تارايدى. مەھرۇم بولغان نەرسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆتمۈشۈمدىن ھېچقانداق ئەپسۇسلانمايمەن، ئۆزۈمنى ئازابلىشىمنىڭ، يىگىرمە يىللىق تۇرمۇشۇمدىن ئۆكۈنۈشۈمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق؛ مەن ھېچنېمىنى ئۈمىدمۇ قىلمايمەن. «پۇلى بارغا خۇش چىراي، پۇلى يوققا مۇز چىراي» دېگەندەك، خىلمۇخىل مۇئامىلىلەرنى ئۆز

بېشىدىن كەچۈرۈپ، يۈرىكى ئاللىقاچان چېقىلغان ئەينەكتەك پارە - پارە بولغان ئادەم ئىختىيارسىز ئۆزىدىن سورىماي تۇرالمايدۇ: پەقەت جان بېقىش ئۈچۈن جاپا چېكىشكە ئەرزىمدۇ - ئەرزىمەمدۇ؟ مېنىڭ هازىرقى هېسسىياتىم دەل مانا مۇشۇنداق.

ئەتراپىمنىڭ هەممە يېرىدە خارابىلىك كۆزگە چېلىقىپ تۇردى، پەقەت بىر تاملا ئۇ جايدا ئاۋۋالقىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلى شېغىللىق لايدا ياسالغانىدى. بۇ خارابىلىك دەل مەن ئىلمىي هەقىقەتكە ئىشتىياق باغلىغان كارتىنا ئىدى. ۋاي - ۋۇي، مېنىڭ هۇنەرۋەن پەردە قاناتلىق هاشاراتلىرىم، ئەمدى مەن سىلەرنىڭ تارىخىڭلارغا ئەمەلىيەتتە قانداق بولسا شۇنداق ئىبارىلەردىن بىرقانچە بەت قوشۇشقا كىرىشسەم بولامدۇ - بولمامدۇ؟ كۈچلۈك ئىرادىگە جىسمانىي كۈچ ئورا قىلالمايدىغاندۇ؟ مەن بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن، يەنە نېمىشقا سىلەر ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنى قويۇپ قويىمەن؟ بۇ جەهەتتە بەزى دوستلىرىم مېنى ئەيىبلەشتى. هەي! سىلەر ئۇلارغا ئېيتىڭلار، ئاشۇ سىلەرنىڭمۇ، مېنىڭمۇ دوستۇم بولغانلارغا ئېيتىڭلار، بۇلارنىڭ مېنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىمدىن، هورۇنلۇقۇمدىن بولمىغانلىقىنى، مېنىڭ سىلەردىن ئىزچىل ئەنسىرەپ تۇرغانلىقىمنى ئېيتىڭلار؛ بوغۇم قورساقلىق پاتقاق هەرىسىنىڭ ئۆتكۈرلىرىدىكى قىزىقارلىق سىرلار بىزنىڭ ئېچىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ئۆتكۈر پاتقاق هەرىسىنىڭ يېمەكلىك ئوۋلاش هەرىكىتىدە بىزنى قاتتىق هەيران قالدۇرىدىغان يېڭى تەپسىلاتلارنىڭ بارلىقىغا مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا قاتتىق ئىشىنىدىغانلىقىمنى ئېيتىڭلار. يەككە - يېگانىلىكىم، باشقىلارنىڭ كارى بولماسلىقى سەۋەبىدىن بۇ نامراتلىقتا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ۋاقتىم پەقەت يار بەرمىدى؛ ئەڭ يامىنى شۇكى، يوغان سۆزلەش ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن جان باقماق كېرەك ئىكەن. مانا بۇلارنى ئۇلارغا ئېيتساڭلار، ئۇلار چوقۇم مېنى ئەپۇ قىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە بەزىلەر مېنى گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان، ئەستايىدىل ئەمەس، قۇرۇق گەپ قىلىدۇ، ئىنستىتۇتتىكىدەكمۇ جۇشقۇنلۇق يوق، دەپ ئەيىبلەشتى. ئۇلارچە بىر پارچە ماقالىنى چۈشىنىش شۇنچە ئاسان بولسا، ھەقىقەتنى ئىپادىلەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالىدىكەنمىز. ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولغاندا، ئىككى كۆز پەقەت قاراڭغۇلۇقتىلا شەيئىلەرنى چوڭقۇرلاپ كۆزىتەلەيدۇ، دېگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. كېلىڭلار، نەشتەرلىرىنى كۆتۈرگەنلەر بولسۇن ياكى قالقان ـ قاناتلىرىنى يىپىنچاقلىۋالغانلار بولسۇن، ھەممىڭلار كېلىڭلار، مېنى ئاقلاڭلار، مەن ئۈچۈن گۇۋاھچى بولۇڭلار. سىلەر مەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن ئاشۇ مەزگىللەردىكى قويۇق ھېسسىياتنى، مەن سىلەرنى كۆزەتكەن ۋاقىتتىكى زور سەۋرچانلىقنى، ھەتتا مەن سىلەرنىڭ ھەربىكىتىڭلارنى خاتىرىلىگەن ۋاقىتتىكى ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىكنى دەس تۇرۇپ سۆزلەڭلار. مەن ئۈچۈن ھەممىڭلار بىر ئېغىزدىن مۇنداق دەپ گۇۋاھ بېرىڭلار: «توغرا، ئاشۇ يېرىم ـ يارتا مەنىسىز قائىدىلەر، چۈشەنگىلى بولمايدىغان سۈپەتسىز ماقالىلەر ئەمەلىي كۆزىتىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلارنىڭ توغرا خاتىرىسى، ھېچنىمە قېتىلمىغان ھەم ھېچنىمە تاشلىنىپ قالمىغان.» بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىم سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كېلىپ سوئال قويسا، ئۇلارغا مۇشۇنداق جاۋاب بېرىڭلار.

سۆيۈملۈك ھاشاراتلىرىم، ئەگەر سىلەر ئادەمنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدىغان، قايىل بولمايدىغان ئاشۇنداق تەلۋە ۋە قوپال ئادەملەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىساڭلار، ئۇنداقتا مەن چىقىپ سۆزلەپ، ئۇلارغا مۇنداق دەيمەن: «سىلەر ھاشاراتلارنىڭ قورسىقىنى يارغان بولساڭلار، مەن ئۇلارنى تىرىك تەتقىق قىلدىم؛ سىلەر ھاشاراتلار ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدۇ ياكى ئادەمنى يىرگەندۈرىدۇ، دەپ قارىغان بولساڭلار، مەن ئۇلارنى كۆپچىلىكتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆردۈم؛ سىلەر قايرىپ،

كېيىپ، توغرا كەلگەن سېخلاردا مەشغۇلات قىلغان بولساڭلار، مەن كۆك ئاسمان ئاستىدا، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشقان نەغمە - ناۋالىرىنى ئاڭلىغاچ كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللاندىم؛ سىلەر ھۈجەيرە ۋە پىروتوپلازمىلارنى خىمىيەلىك رېئاكسىيە دورىسىغا زورمۇزور تاشلاپ قويدۇڭلار، مەن بولسام ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۇغما ئىقتىدارلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن مەزگىلدە تەكشۈردۈم؛ سىلەرنىڭ چىن دىلىڭلاردىن دىققەت قىلىدىغىنىڭلار ئۆلۈم، مېنىڭ پۈتۈن زېھنىم بىلەن كۆزىتىدىغىنىم ھاياتلىق.» ئەلۋەتتە، مەن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئۆزۈمنىڭ پىكىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن: ئەسلىدە ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش — تەبىئەت تارىخى ئەمدى ھۈجەيرە ئايرىش تېخنىكىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى سەۋەبىدىن ئەكسىچە كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ، يىرگەندۈرىدىغان، كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدىغان خىزمەتكە ئايلىنىپ قالدى. قىلچىلىك يالغىنى يوقكى، مەن ئالىملار ئۈچۈن يازغان ماقالە يېقىن كەلگۈسىدە «تەبىئىي ئىقتىدار» دىن ئىبارەت بۇ قىيىن تېمىنى ھەل قىلىشتا تۆھپە قوشىدىغان پەيلاسوپلارغا يازغان ماقالىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر مەن يەنە بولىدىكەنمەن، خۇسۇسەن ياشلار ئۈچۈن ماقالە يازىمەن، مەن ئۇلارنى سىلەر كىشىلەرنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان قىلىپ قويغان تەبىئەت تارىخىنى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مانا بۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ ئاشۇ پەننىي ماقالىلىرىڭلارنى ئوقۇماسلىقىمدىكى سەۋەب. سىلەرنىڭ ماقالىلىرىڭلار ماڭا خۇددى ھۇرۇن مىللىتى①نىڭ يەرلىك شېۋىسىدە يېزىلغاندەك تۇيۇلىدۇ.»

ھالبۇكى، مۇشۇ پەيتلەردە مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىم بۇ ئىشلار ئەمەس. مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىم مۇشۇ بىر پارچە

① ھۇرۇن مىللىتى — شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ بىر تارمىقى.

زېمىننىم توغرىسىدا توختىلىشتۇر. ئۇ ئۇزاق مەزگىللەردىن بۇيان تۇرلۇك پىلانلار ئىچىدە مۇھەببىتىم ئەڭ چوڭقۇر باغلانغان بىر تۇر بولۇپ، مېنىڭ ئۇنى بىر جانلىق ھاشاراتشۇناسلىق تەجرىبىخانىسىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىم بار ئىدى. ئەڭ ئاخىرى بۇ كىچىككىنە زېمىننى چەت ياقىدىكى تىمتاس بىر كەنتتىن تاپتىم. بۇ شۇ جايدىكى يەرلىك كىشىلەر «ئارماس» دەپ ئاتايدىغان جاي ئىدى. بۇ پەقەت چۆل رەيھىنى تۇرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرلا ئۆسىدىغان، ئۆزلەشتۇرۇلمىگەن تاشلاندۇق يەرلەر ئىدى. بۇ خىل يەرلەر تولىمۇ ئۇنۇمسىز بولۇپ، ھەتتا ئۆزلەشتۇرۇشكە كەتكەن چىقىمنىمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. ئەگەر باھار كۈنلىرى تاسادىپىي يامغۇر يېغىپ قالسا، يەردىن يېشىل ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ قالاتتى، قويلارمۇ بۇ جايىنى ئاستاغىنا بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقاتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ بۇ بىر پارچە ئۆزلەشتۇرۇلمىگەن بوز يېرىمگە، شېغىل تاش قاتلاملىرىنىڭ ئارىسىغا بىرئاز قىزىل تۇپراقنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆتمۇشتە تېخى بىر نەرسىلەرمۇ تېرىلىپ باققانىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرگە ئۈزۈم تېرىلغانىكەن. ئەمدىلىكتە بىرقانچە تۇپ كۆچەت تىكىش ئۈچۈن يەرگە ئورەك كولىدۇق، دەرۋەقە ئۇ يەردىن ئاز ئۇچرايدىغان ئېگىز ۋە ئەگمەچ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى چىقتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن مەزگىللىك كىلىمات تەسىرىدە ئاللىقاچان يېرىم كوكسىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ تۇپراققا پەقەت ئۈچ چىشلىق ئارىنىلا سانجىپ كىرگۈزگىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈچ چىشلىق ئارىنى دەسسەپ يەرگە كىرگۈزدۇم، ھەر قېتىمدا ئىنتايىن ئەپسۇسلاندىم، ئەڭ دەسلەپ تىكىلگەن ئۈزۈملەرنىڭمۇ ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. بۇنداق تۇپراقتا چۆل رەيھىنى، ئۇستىقۇددۇس ۋە قىزىل خانقىز دۇب دەرىخى قاتارلىقلار ئۆسەلەيتتى. قىزىل خانقىز دۇب دەرىخى بىر خىل پاكار ئۆسىدىغان دەرەخ تۇرلىرىدىن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى

ئاتلاپ ئۆتۈپ مېڭىۋېرەتتى. بۇ ئۆسۈملۈكلەر، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئىككى خىل ئۆسۈملۈك ماڭا كېرەكلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنى ھەسەل يىغىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ بېرەتتى. مەن ئامالسىز ئۈچ چىشلىق ئارا بىلەن قېزىپ چىققان چۆل رەيھىنى ۋە ئۇستىقۇددۇسلارنى توپىسى بىلەن بىللە قوشۇپ ئەسلىي ئورنىغا قويۇپ قويدۇم.

مەن تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشىمدىم، بۇ جايدىكىسى زور مىقداردىكى ئاقما تۇپراق بولۇپ، بۇ تۇپراق دانىچىلىرى دەسلەپتە شامالغا ئەگىشىپ يېتىپ كېلىپ، كېيىنكى ئۇزاق يىللار جەريانىدا يىغىلىپ قالغانىدى. بىر قاراشتىلا ئېگىز ۋە ئەگمەچ تۇردىكى ئۆسۈملۈكنىڭ بىر خىلى بولغان قارا ئېجىرىقنىڭ بۇ جايدا ئەڭ كۆپ ئۆسكەنلىكى كۆزگە چېلىقاتتى، بۇ ئۆسۈملۈك ناھايىتى بىزەڭ بولۇپ، توپ - زەمبىرەك ئوقلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان ئۈچ يىللىق ئۇرۇشمۇ ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتەلمىگەنىدى. سان جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى بولسا قوڭغۇراقباش، ئۇلارنىڭ دومسايغانىدەك چىرايى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇلار بەدەنلىرىنى ئۆتكۈر تىكەنلەر بىلەن ئورىۋالغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ تېخى يۇلتۇزسىمان ئۆتكۈر تىغلىرىمۇ بار. بۇلار ئۆز ئىچىدىن يەنە قوشكېزەك قوڭغۇراقباش، تۆمۈر تىكەن قوڭغۇراقباش، ئېدىرلىق قوڭغۇراقبېشى ۋە توڭلۇق يەر قوڭغۇراقبېشى قاتارلىقلارغا بۆلۈنەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپى قوشكېزەك قوڭغۇراقباش ھېسابلىناتتى. ئايرىش قىيىن بولغان ھەر خىل تۇردىكى قوڭغۇراقباشلارنىڭ ئارىلاشما توپلىرى ئىچىدە، كىشىلەر «ئىسپانىيە بۆرە چىشى توقمىقى» دەپ ئاتايدىغان شاخلىرى شامدانغا ئوخشايدىغان، يالقۇندەك قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى چوڭ بەرگىلىك بىر خىل ئۆسۈملۈك بار. توم ۋە قاتتىق تىكەنلەر ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، سانجىلىش كۈچى تۆمۈر مىختىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بۆرە چىشى

توقمىقىدىنمۇ ئېگىزرەك بولغىنى ئىلىلىيە قوڭغۇراقبىشى بولۇپ، ئۇ يەككە ـ يېگانە هالەتتە يەر يۈزىگە سانجىلىپ تۇرىدۇ، ئېلىپتەك تۈز غولى بىر ـ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ، ناهايىتى چوڭ بىرقانچە قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك پۆپۈكلىرىنى شاخ ئۇچلىرى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسى بۆرە چىشى توقمىقىغا سېلىشتۇرغاندا قىلچىلىك ئاجىز هېسابلانمايدۇ. بىز يەنە خوخا تىكەن تۈرلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقدىشىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى. بىرىنچى خىلى هەممە يېرى تىكەنلىك، زەهەرلىك خوخا تۈرلىرى، ئەۋرىشكە يىغقۇچىلار قولىغا قانداق ئېلىشنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى يىڭنە يوپۇرماق خوخا، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى قويۇق ئۆسىدۇ، ئۈچىنچى خىلى بەزىدە رەڭلىك، بەزىدە قارا ئۆسىدىغان خوخا تۈرلىرىدۇر، بۇ خىل خوخا كاللەك هالەتتە يىغىلىپ تۇرىدۇ، خۇددى يىڭنىلەرنى سانجىپ تولدۇرۇۋەتكەن قىزىلگۈل تۈگۈچىگە ئوخشايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان هەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدىكى بوش يەرلەرگە مېۋىسىنىڭ رەڭگى كۆك، يېيىلىپ ئۆسكەن تىكەنلەر پىلەك تارتقان، ئۇزۇن تارتىلغان ئارغامچىدەك پىلەكلىرىنىڭ ئۈستىگە هەددى ـ هېسابسىز قىلتىرىقلار سەپلەنگەن. ئەگەر تۆۋەندىكى بىر توپ زەهەرلىك تىكەنلەر ئارىسىدا هەسەل يىغىۋاتقان هەرە تۈرلىرىنى كۆزەتمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇزۇن ئۆتۈك كىيىشىمىز لازىم، بولمىسا بۇ ئاغرىق ئازابىنى چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرقانچە قېتىملىق باهار يامغۇرىنىڭ قالدۇق سۇلىرى تۇپراقتا ساقلىنىپ قالغان ۋاقىتلاردا، بۇ جاپالىق مۇهىتتا ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر ئۆزگىچە جەلپكارلىققا ئىگە گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

قوشكېزەك قوڭغۇراقباشنىڭ سېرىق گۈللىرى بىلەن نەقىشلەنگەن چوڭ گىلەملەر ئۈستىدە بۆرە چىشى توقمىقىنىڭ پىرامىدالىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، تۆت تەرىپىدە بولسا

يىلىلىيا قوڭغۇراقبىشى تاشلىغان نەيزىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. بىراق، ياز كۈنلىرىنىڭ قۇرغاق پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن، كۆز ئالدىمىزدا قېلىپ قالىدىغىنى بىر پارچە قاقاسلىق بولۇپ، بىر تال سەرەڭگە بىلەنلا پۈتۈن باغقا يامرايدىغان چوڭ ئوتنى پەيدا قىلغىلى بولاتتى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا مەن بۇ بىر پارچە يەرنى ئىدارە قىلىش هوقۇقىغا ئېرىشكەن چاغدىكى هالەت ئىدى.

مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىر پارچە يەرنى ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان «ئېرەمباغ» دەپ بىلىپ ئۆتكۈزۈۋالغانىدىم، شۇنىڭدىن باشلاپ هاشاراتلارغا هەمراھ بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىغانىدىم. بۇ مەن قىرىق يىل جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ ئېرىشكەن باغ ئىدى.

ئەينى چاغدا ئۇنى «ئېرەمباغ» دەپ تەرىپلىگەنىدىم. هازىرقى كۈندىمۇ مەن ئەڭ ئېگىزلىك قىممەت يۈنىلىشى بويىچە مەسىلىگە قارىغىنىمدىمۇ، بۇ خىل ئاتىشىم ئۆزگەرمەيدۇ. كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرمەيدىغان بۇ باغچىغا ئەزەلدىن بىرەر ئادەم نەچچە تال تۇرۇپ ئورۇقىنى سېلىشىنىمۇ خالاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، پەردە قاناتلىق هاشاراتلارغا نىسبەتەن ئۇ يەر جەننەت هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇك - باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن تېۋىلغا، خوخىلار ۋە قوڭغۇراقباشلار ئەتراپتىكى هەرە تۇرلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. تاغ - داللارغا هاشارات ئەۋرىشكىسى تۇتۇشقا بارغان ۋاقتىمدىمۇ، ئەزەلدىن بىر نۇقتىغا مۇنچە كۆپ هەرىنىڭ توپلاشقانلىقىنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىم. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۇرلۇك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان هەرە تۇرلىرىنىڭ هەممىسى بۇ يەرگە ئۇچرىشىشقا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىرىك يېمەكلىكلەرنى ئوۋلايدىغان ئوۋچى، نەم تۇپراقتىن پايدىلىنىپ ئۆۋا ياساپ چىقىدىغان قۇرۇلۇش ئىشچىسى، ماموق توزغاقلارنى تارايدىغان موكىچى، يوپۇرماق پارچىلىرى ياكى گۈل بەرگىلىرىدىن ماتېرىياللارنى كېسىپ ئالىدىغان ماتېرىيال

تەييارلاش ئىشچىسى، پارچە قەغەزلەردىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال ياسايدىغان قۇرۇلۇش ئىشچىسى، سېغىز توپىلارنى ئارىلاشتۇرىدىغان سۇۋاقچى، ياغاچلاردىن تۆشۈك تېشىدىغان ياغاچچى، لەخمە كولايدىغان كانچى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، قوي ئۈچىيىنىڭ نېپىز پەردىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان تېخنىكمۇ بار ... ئاھ، يەنە بار، بىراق مەن بۇنىڭدىن كۆپىنى قانداقمۇ بىلەي؟

بۇ بىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ سېرىق داغ ھەرە. ئۇ قوشكېزەك قوڭغۇراقباشنىڭ سېتكا شەكىللىك يوپۇرماقلىرىنىڭ غوللىرىدا يۇقىرى - تۆۋەن سۇركىلىپ يۈرۈپ، كىچىككىنە بىر پۇپۇكىنى شىلىپ چىقاردى، ئارقىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا چىشلىدى. ئۇ بۇ يوپۇرماق غولى تىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، كىچىك بىر كىگىز خالتىنى تەييارلاپ، ئۆزىنىڭ شېرىن يېمەكلىكلىرى ۋە تۇخۇملىرىنى پېچەتلەپ ساقلايدۇ. ئۇلار نېمە قىلىدىغاندۇ، گۈل شىرنىسى يىغقۇچىمۇ يا؟ ئۇلار يوپۇرماق كەسكۈچى ھەرە. ئۇلار قورسىقىنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئاقارتقۇچلارنى ئېلىۋالىدۇ. چوتكىلارنىڭ رەڭگى بىرخىل ئەمەس، بەزىلىرى قارا رەڭدە، بەزىلىرى ئاق رەڭدە، چوغدەك قىزىل رەڭدىكىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار تېخى تېۋىلغا، خوخىلار توپىدىن ئايرىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى كىچىك چاتقاللىقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، كۆزىتىپ، شۇ جايدىن يوپۇرماقلارنى تاللاپ، تۇخۇمسىمان ئۇششاق پارچىلارنى كېسىۋالىدۇ. ئاخىرىدا بۇ پارچىلار گۈل چېچىكى ئۈنچىلىرىنى ساقلايدىغان پاك - پاكىز ئىدىش ئىچىگە توشۇپ ئاپىرىلىدۇ. ئاۋۇ قارا مامۇقتىن كىيىم كىيىۋالغىنىغا قارا ياكى، ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتاندۇ؟ ئۇلار ئىنچىكە بەللىك تاش ھەرىسى. مەخسۇس سېمونت ۋە شېغىللارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ لايچىلىق ئىشلىرىنى باغچىنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە ئاۋۇ تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ يۇقىرى - تۆۋەن موللاق ئېتىۋاتقان، ئەتراپتىكىلەر

بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقان، غوڭشۇلداپ غەزەپ بىلەن گۈركىرەۋاتقىنىنى قارايلى، ئۇ ئەمدى نېمە ئىش قىلىشىۋاتقاندۇ؟ ئېنىقكى، ئۇلار ئىلىنىڭكىنى ئۆزۈنىنى ئىشلىتىدىغان ئۇلار ئىلىنىڭكىنى يېقىن ئەتراپتىكى كونا تاملارنىڭ ئۈستىگە، ھەتتا كۆنگەيدىكى جىسىملارنىڭ يانتۇ يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئەمدى قارامتۇل ئىنچىكە بەللىك تام ھەرىسىگە قاراپ باقايلى. ئاۋۇ بىرى توغرىسىغا يېتىپ قالغان قۇرۇق قۇلۇلە قېپى ئىچىدە ئىشلەۋاتىدۇ، كىچىك بۆلمە ئۆيلەرنى قۇلۇلە قېپى ئىچىدىكى بۇرما شەكىللىك يوللار ئۈستىگە جايلاشتۇردى. باشقا بىرى تۈيۈقسىز تىرناقلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، لىچىنكىسىغا كونۇس شەكىللىك تۇرالغۇ تېپىش ئۈچۈن، ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن قۇلۇلە قېپى ئىچىدىكى يۇمشاق تەننى نىشانلىدى؛ ئارقىدىن بىر قەۋەتتىن قاتار ـ قاتار كىچىك بۆلمىلەرنى ياساشقا باشلىدى. يەنە بىرى، ئۇشتۇلۇپ كەتكەن قومۇش شېخىدىن شەكىللەنگەن تەبىئىي تونېلنى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىدىغان ئورنى قىلىشقا كىرىشتى. يەنە ئاۋۇ غەم ـ ئەندىشىسىز جانىۋارغا قاراي، ئۇ مەلۇم بىر ئارختېكتور ھەرىنىڭ ئۆزۈن بالكونىنى ھەقسىز ئىجارىگە ئالغاندى. يەنە قارىساق، ئاۋۇ يوغانباش ھەرە بىلەن كاللىزاۋۇر ھەرىسىنىڭ ئەركەكلىرىگە ئۆزۈن ـ ئۆزۈن موڭگۈزلەر ئۆسكەنىدى؛ بۇ بولسا يوڭ پۇتلۇق ھەرە بولۇپ، ئارقا پۇتلىرىدىكى ئاۋۇ بىر جۈپ يوغان يوڭ قىسقۇچى ئۇنىڭ گۈل چېڭى يىغىدىغان ئەزاسى؛ بۇ خىلى بولسا ئاندرېنا ھەرىسى، ئۇلارنىڭ تۈرى كۆپ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەل ـ قورساقلىرى ئىنچىكە بولغان تونېل ھەرىسىمۇ بار. ھازىرچە مۇشۇ بىرقانچە تۈرنى تونۇشتۇرۇپ تۇراي، ئەمەلىيەتتە ھەرە تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. داۋاملىق سانىسام، پۈتكۈل شىرنە ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇرۇقداش تۈرلەردىكى ھەرىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىمىز مۇمكىن. پىروفېسسور پېيلىس بوردودىكى ھاشاراتشۇناس، مەن يېڭى بىر

ھاشارات تۇرىنى بايقىسامىلا، ھەممىشە ئۇنىڭدىن قانداق نام بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورايمەن. ئۇ ئىلگىرى مەندىن مەخسۇس ھاشارات تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ، ئاز ئۇچرايدىغان ھاشارات تۇرلىرىنى، ھەتتا يېڭىدىن بايقالغان ھاشارات تۇرلىرىنى تۇتۇشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىغان، كېيىن ئۇنىڭغا ئەۋرىشكىلەرنى ئەۋەتىپ بەردىم. مېنىڭ ھاشارات تۇتۇش تېخنىكام ناھايىتى ناچار، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزغىنلىقىممۇ ناھايىتى تۆۋەن، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئەۋرىشكىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىشتىكى مەقسىتىم، ئۇنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يىغىنىمىخ بىلەن ئۆتكۈزۈپ كوروپكا ئاستىغا مىخلىشى ئۇچۇن ئەمەس. مېنىڭ ھېچقانداق ھاشارات تۇتىدىغان مەخپىيەتلىكىم يوق، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەك، مەن مۇشۇنداق بۇك ـ باراقسان خوخا تىكەنلەر ۋە قوڭغۇراقباشلارنىڭ ئىگىسى.

تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، ئەزالىرى ناھايىتى نۇرغۇن بولغان شىرنە يىغقۇچى ئۇرۇقداشلىق كوللېكتىپىغا يەنە ئۇۋۇچى ئۇرۇقدىشىنىڭ ئەزالىرىمۇ قېتىلدى. تامچىلار مېنىڭ باغچامغا نۇرغۇن كېرەكسىز ماتېرىياللارنى تاشلاپ قويغانىدى، باغچىنىڭ ھەممە يېرىدە قورۇق تام ياساش ئۇچۇن تەييارلانغان، بۇ يەردە بىر دۆۋە، ئۇ يەردە بىر دۆۋە قۇم ۋە تاش پارچىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، ئارقىغا سۆرىلىپ، ئاقىۋەتتە بىرىنچى يىلىدىن باشلاپلا بۇ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى باشقىلار ئىگىلىۋالدى. ئىنچىكە بەللىك تاش ھەرىسى تاش دۆۋىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىنى تاللاپ قونالغۇ ياسىشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىستىلىشىپ ئۇخلىشاتتى. قاۋۇل كەلگەن چېپار ھەرە دەخلىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، مەيلى سىزنىڭ ئادەم ياكى ئىت بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئېغىزىنى كەرگىنىچە ئېتىلىپ كېلىدۇ؛ بۇ يوغانباش ھەرە تۇرلىرىنىڭ تاش ماتېرىياللىرى دۆۋىسىدىكى تاللىغان ئورنى ناھايىتى ئىچكىرىدە بولۇپ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ ھۆججۇمىدىن ساقلىناتتى. خۇددى دومىنىكا قىرىنداشلار جەمئىيىتى ئەزاسىنىڭ قارا قاناتلىق ئاق مۇراسىم كىيىمىنى كىيىۋالغىنىغا ئىنتايىن ئوخشايدىغان ئومۇرتقىلىق پەسىل قۇشى ئەڭ ئىگىز ئورۇندىكى تاشنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، قىسقا كۈي ـ ئاھاڭلارغا سايرايدۇ. ياندىكى تاش دۆۋىسىنىڭ مەلۇم بىر پىنھان جايىدا ئۇنىڭ ئۇۋىسى بار، ئىچىگە كۆكۈچ رەڭلىك تۇخۇملىرى يوشۇرۇنغان. دومىنىكا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ كىچىك ئەزالىرى تاش دالدىلىرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ھازىر پەسىل قۇشى ئاللىقاچان كەتتى، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلاندىم، بۇ قوشنىمىز ئىنتايىن گۈزەل قۇش تۇرلىرىدىن ئىدى. ئۇزۇن قۇلاق چىپار ھەرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىشىم بىھاجەت.

قۇم دۆۋىسىدە يەنە بىر خىل تۇردىكى ھاشاراتلارنىڭ تەركىيدۇنىيالىقتا كۈن كەچۈرىدىغان ئورنى پەيدا بولدى. قورساقلىق پاتقاق ھەرىسى ئۆڭكۈر قېزىپ، يول ـ يول توپلىق پارابولالارنى تېپىپ چىقارغانىدى. لانگېدوك پاتقاق ھەرىسى قاناتسىز تاقتاق چېكەتكىنى مۈڭگۈزلىرىدىن چىشلەپ تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇ يەردە كۈچەپ سۆرەپ يۈرەتتى؛ بىر چوڭ كالپۇكلۇق پاتقاق ھەرىسى زاپاس يېمەكلىكى بولغان يوپۇرماق تومۇزغىسىنى ئورىسىغا يوشۇرۇۋاتاتتى. مېنى ھەقىقي ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئاشۇ تامچىلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئولجا مەنبەسى بولغان مۇشۇ ھاشاراتلار قەبىلىسىنى قوغلىۋېتىشى ئىدى. ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىشنى ئويلىسام، ئۇنداقتا يەنە بىرقانچە دۆۋە قۇم دۆۋىسىنى تەييارلىشىمغا توغرا كېلەتتى: ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. مۇقىم ماكانلاشمىغان ھەر خىل سكولىيە ھەرىسىمۇ كېتىپ قالمايدۇ، ئەتىياز پەسلىدە بىر تۈرىنى كۆرگەنىدىم، كۈز پەسلىدە باشقا بىرقانچە تۈرىنى كۆردۈم. ئۇلار باغچە ئىچىدىكى چىغىر يوللاردا ۋە كىچىك چىمەنلىكلەردە توختاۋسىز ئايلىنىپ يۈرۈپ، قانداقتۇر تۈكلۈك

قورتلارنى ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ. ھەر خىل ئۆمۈچۈك ھەرىسىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا باغچە ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئۇلار بوشلۇقتا ھوشيارلىق ۋە چەبدەسلىك بىلەن پەرۋاز قىلىشىپ، مۈگگۈزلىرى بىلەن بۈلۈك - پۈچقاقلارنى چارلاپ، ھەر ۋاقىت ئېتىلىپ بېرىپ ئۆمۈچۈك تۇتۇشقا تەييار تۇرىدۇ. قامىتى ھەممىدىن چوڭ ئۆمۈچۈك ھەرىسى مەخسۇس ناربانا[1] ئۆمۈچۈكىگە تىكىلىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئۆمۈچۈكنىڭ باغچە ئىچىدىكى كامارلىرىنىمۇ ئاز دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ كامىرى تىك قۇدۇقسىمان بولۇپ، ئېغىزىغا ئۆمۈچۈك تورىغا خىلمۇخىل ياۋا ئوت - چۆپلەر چاپلاشتۇرۇلۇپ يۇمىلاق رىشاتكا ھاسىل قىلىنغان. كامارنىڭ ئىچىگە قارىساق، ئۆمۈچۈكنىڭ كۆزلىرى يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ تۇرىدۇ. ئەمدى تېز قارايلى، تومۇز كۈنلىرىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى پىژغىرىم ئىسسىقتا چۈمۈلە كارۋىنى ھەرىكەتكە كەلدى، ئۇلار گازارمىدىن يولغا چىقىپ، يىلاندەك ئۇزۇن سەپ تۈزۈشۈپ، ئۇزاق سەپەرگە يول ئېلىپ، بىر قېتىملىق شىكارغا تەييارلاندى. ئالدىراشچىلىقتىن ۋاقىت چىقىرىپ، چۈمۈلە ئەترىتىگە ئەگىشىپ، قورشاپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى كۆرسەك زەرىرى بولماس. بۇ تەرەپتە — ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن بىر دۆۋە ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرى ئەتراپىدا بوي ئېگىزلىكى بىر يېرىم سۇڭ[2] كېلىدىغان بىر توپ سىكولىيە ھەرىسى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ، ئۇلاردىن بىرى چىرىگەن چۆپ دۆۋىسىگە بېشىچىلاپ كىرىپلا كەتتى، بۇ جايدا ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان مول ئولجا — مۈڭگۈزلۈك خانقىز، بوڭبوڭقوڭغۇز ۋە زەرگەر گۈل قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىلىرى بار ئىدى.

---

① ناربانا — يەر نامى، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان.

② سۇڭ — فىرانسىيە سوڭىنى كۆرسىتىدۇ، بىر فىرانسىيە سوڭى تەخمىنەن 27.07 مىللىمېتىرغا تەڭ.

تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئوبيېكتلار ناھايىتى كۆپ، بۇ جايدا تىلغا ئېلىنغانلىرىمۇ تولۇق بولۇشتىن خېلىلا يىراق ! باغچە ئىچىدىكى تۇرالغۇلار بىكار تاشلاپ قويۇلغان ۋاقىتلاردا، يەر يۈزى بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولماي قالىدۇ. ئادەم بولمىغاچقا ھايۋانلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، ئۇلار باغچە ئىچىگە كىرىپ ھەممە جايدا ماكان ئىگىلىشىدۇ. سېرىق سوپسوپىياڭ سېرىن دەرىخى ئۈستىدە ئورۇن تاللاپ ئۇۋا ياسايدۇ؛ كۆكتارغاق ئارچا دەرىخىنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا ماكانلىشىدۇ؛ قۇشقاچ ھەربىر خانىلاردىكى كاھىشلار ئاستىغا پارچە لاتا، پارچە ـ پۇرات شال پاخىلى قاتارلىقلارنى سىغداپ كىرگۈزىدۇ؛ جۇڭگو چىنارىنىڭ ئۇچلىرىغا جەنۇبتىن كەلگەن كانارىيە سېرىق قۇشقىچى ئورۇنلىشىپ، كۆرۈنۈشى يېرىم ئۆرۈككە ئوخشايدىغان ئەۋرىشىم كىچىك چاڭگىلىرىدا ۋىچىرلىشىپ ناخشىغا چۈشىدۇ؛ قۇرغۇيلار باغچە مۇھىتىغا ماسلىشىپ، ھەر كۈنى كېلىپ ئۆزلىرى ئىشلىگەن مەنىسىز نوتىلارنى سىنىشىپ، ناخشىچىغا خاس كېكىردەكلىرى بىلەن بەخىرامان ھالدا گۇدۇك ئاۋازىنى ياڭرىتىشىدۇ؛ كىشىلەر تەرىپىدىن ئافېنا قۇشى دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇكياپىلاقمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئاھ ئۇرۇپ ئۇزۇن كانايلىرىنى چالىدۇ. ئۆينىڭ ئالدىدا بىر كۆلچەك بار، پۈتۈن كەنتكە بۇلاق سۈيى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان نو ئارقىلىق سۈزۈك سۇلار توختىماستىن قويۇلۇپ تۇرىدۇ. كۆلچەك ئەتراپىدىن بىر كىلومېتىر دائىرىدىكى تېررىتورىيە قوش ماكانلىق ھايۋان تۈرلىرىنىڭ كۆيلەش پەسلىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك ماكانى ھېسابلىنىدۇ. پانۇس پىلەك ئوت چار پاقىسىنىڭ بەزىلىرىنىڭ جۇغى تەخسىدەك چوڭ بولۇپ، ئۇلار يول ـ يول سېرىق لېنتىلارنى يېپىنچاقلىشىپ، ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك كۆلچەككە كېلىپ چۈمۈلىشىدۇ؛ كەچكى شەپەقتە كىشىلەر ئەركەك ئاكۇشېر چار پاقىسىنىڭ كۆلچەك ياقىلىرىدا ئارقا ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قارىمۇچ

دانچىلىرىدەك تۇخۇملىرىنى يېغىۋېلىپ، يۇقىرى - تۆۋەن سەكرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشىدۇ؛ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، مۇلايىم بۇ ئائىلە باشلىقى قىممەتلىك بوغچىسىنى ئېلىپ يىراقتىن كەلگەن، ئۇ بوغچىدىكى قىممەتلىك گۆھەرلىرىنى سۇ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن كۆلچەكتىن ئايرىلىپ، بىرەر پارچە تاشنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ ۋە شۇ جايدىن مىس قوڭغۇراقتىن چىققاندەك كورۇلدىغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ تۇرىدۇ. توپ - توپ دەرەخ پاقىسى ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار مۇنداق چاغدا كوركىراشنى ئانچە خالىمايدۇ، شۇڭا سۇغا سەكرەشنى مەشىق قىلىپ ئوينىشىدۇ. 5 - ئاي ئىچىدە تۇن پەردىسى ئەمدىلا يېپىلىشى بىلەن، كۆلچەك مۇزىكانتلار سورۇنىغا ئايلىنىدۇ، سىزنىڭ تاماق ئۈستىلىدە مۇڭدىشىشىڭىزنىڭمۇ، كارىۋاتتا ئۇخلاشنى خىيال قىلىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى بولمايدۇ. قورۇ ئىچىنىڭ نورمال تەرتىپىنى ساقلىماقچى بولسىڭىز، قاتتىق ۋاسىتىلەرنى قوللانمىسىڭىز بولمايدۇ. بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇخلىماقچى بولسىمۇ ئۇخلاشقا ئامالسىز قالغان ئادەمنىڭ باغرى تەبىئىي ھالدىلا قاتتىقلىشىپ كېتىدۇ.

بىراق، پەردە قاناتلىق ھاشاراتلار ئاخىر جاھاننى بېشىغا كىيىشىپ، تۇرالغۇلارنى ئىگىلىشىدۇ. مېنىڭ بوسۇغامدا ھاكلىرى چۇشۇپ كەتكەن كەڭ بىر يېرىق بار، ئاق بەلباغ باغلىۋالغان سىكولىيە ھەرىسى شۇ يەرنى كولاپ ئۇۋا ياسىۋالغان. مەن ئۆيگە كىرىپ چىققاندا، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ قويارمەنمىكىن، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقان كان ئىشچىسىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ سالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، ھەسسىلەپ ئېھتىيات قىلىمەن. توپتوغرا يىگىرمە بەش يىل ئۆتتى، مەن سېرىق چېكەتكىنى تۇتۇپ يەيدىغان بۇنداق ئۇۋچىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئۇنى تۇنجى قېتىم نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بېرىپ ئۇچراتقىنىم ئېسىمدە. كېيىن

ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگىلى بارغىنىمدا، 8 ـ ئاينىڭ چىدىغۇسىز ئىسسىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، يىراققا سەپەر قىلىمەن. ئەمما، بۇگۈن ئىشىكىم ئالدىدىلا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم، بىز ناھايىتى يېقىن قوشنىلاردىن بولۇپ كەتتۇق. دېرىزە قاناتلىرىنى ئاچماي، پېلوپونىېزىئان ھەرىسىگە ھارارىتى مۇۋاپىق بولغان ئۆي تەمىنلەپ بەردىم. لايدىن ياسالغان ھەرە ئۇۋىسى ئۆلچەملىك تاش ماتېرىياللاردىن تاملارنىڭ ئىچىگە ياسالغان، بۇ ئۆمۈچۈك تۇتۇپ يەيدىغان ئۇۋچى قايتىپ كەلگەندە دېرىزە كېشىكىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان بىر كىچىك تۆشۈكتىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئۆي ئىچىگە كىرىدۇ. قېلىن دېرىزە رامكىسىدا بىرقانچە ئىنچىكە بەللىك تاش ھەرىسى ئۆزلىرىنىڭ خانىلىرىنى ياسىغانىدى. قىيا ئېچىلغان دېرىزە رامكىسىنىڭ يان تەرىپىگە بىر بوغماق ھەرە قۇببىسىمان تورۇسلۇق كىچىك ئۆيدىن بىرنى ياسىغان بولۇپ، ئۆگزىسىگە كونۇسسىمان ئىنچىكە ئېغىزدىن بىرى چىقىرىلغانىدى. چوڭ سېرىق ھەرە بىلەن ئۇزۇن پۇتلۇق چوڭ سېرىق ھەرە مېنىڭ بىللە غىزالىنىدىغان دائىملىق مېھمانلىرىم ئىدى. ئۇلار تاماق شىرەسىگە كەلتۈرۈلگەن ئۈزۈمنى پىشتىمۇ ياكى پىشمىدىمۇ دەپ تېتىپ كۆرەتتى.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن ھاشارات تۈرلىرىمۇ تولۇق چۈشەندۈرۈلگەن ئەمەس. ئۇلار تاللاش ئارقىلىق تەشكىللەنگەن ئەزالىرى ناھايىتى كۆپ جەمئىيەت. ئامال تېپىپ ئۇلارنى ئېغىز ئېچىشقا قىزىقتۇرسام، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەنھالىقىمنى ئۇنتۇپ، كەيپىياتىم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. مېنىڭ ئۆتكەن كۈنلەردىكى سۆيۈملۈك ھاشاراتلىرىم، قەدىناس دوستلىرىم، يەنە يېقىندا دوستلاشقان يېڭى بۇرادەرلىرىم، ھەممىسى ئالدىمغا توپلىنىپ، بۇ كىچىككىنە زېمىندا قىستىلىشىپ يېمەكلىك ئوۋلايدۇ، شىرنە يىغىدۇ، ئۇۋا ياسايدۇ. كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەندىمۇ، نەچچە يۈز قەدەم يىراقلىقتا بىر تاغ بار،

ئىشلار يەنىلا ياخشى يۈرۈشۈۋېرىدۇ. تاغدا ياۋا بۆلجۈرگەن، قىيالىق ئازغان ۋە ئېرىكا دەرىخى، قورساقلىق پاتقاق ھەرىسى ياخشى كۆرىدىغان قۇم تەركىبى يۇقىرى تۇپراقلار، پەردە قاناتلىق ھاشاراتلار ئېچىپ پايدىلىنالايدىغان كۆل رەڭ لاتقىلىق يەرلەر بار. مەن ئىشتىن ئاۋۋال بۇ بايلىقلارنى تونۇپ يەتكەن، شەھەردىن غىپپىدە ئايرىلىپ، سەيلىنىئان دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جايغا كېلىپ، تۇرۇپلارنىڭ ئوتىنى ئوتاش، ئوسۇڭلارنى سۇغىرىشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىم.

كىشىلەر زور مىقداردا مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىدا كۆپلىگەن تەجرىبىخانىلارنى ياسىشىپ، بىزگە ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغان دېڭىز - ئوكيان ئۇششاق جانىۋارلىرىنى ئاناتومىيە قىلىشقا ئىشلىتىۋاتىدۇ؛ تەننەرخ بىلەن ھېسابلاشماي يۇقىرى ھەسسىلىك مىكروسكوپ، نازۇك ئاناتومىيە ئۇسكۇنىلىرى، سۇزۇش ماشىنىسى ۋە كېمە - پاراخوتلارنى سېتىۋېلىپ، خادىم ياللاپ، سۇ جانلىقلىرى سارىيىنى قۇرۇپ، بوغۇم تەنلىك ھايۋانلارنىڭ تۇخۇمىنىڭ قانداق بۆلۈنىدىغانلىقىنى چۈشەنمەكچى بولماقتا. بۇ تۈرلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى تاكى بۈگۈنگىچە مەنمۇ ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن. كىشىلەر قۇرۇقلۇقتىكى كىچىك ھاشاراتلارغا نەزىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، ئۇلارنىڭ باشتىن - ئاخىر بىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. شۇڭا، بىز ھاشارات تەجرىبىخانىسى قۇرۇشقا موھتاج. «ئۈچ ئالتە» ئاق ھارىقى①غا چىلانغان ناھايىتى يوغان ئۆلۈك ھاشاراتلارنى تەتقىق قىلماي، ئەكسىچە تىرىك ھاشاراتلارنى تەتقىق قىلىدىغان تەجرىبىخانىغا جىددىي ئېھتىياجلىق، بۇ كىچىك جانلىقلار دۇنياسىنىڭ تەبىئىتى، ئادىتى، تۇرمۇش

① «ئۈچ ئالتە» ئاق ھارىقى — بىر خىل فىرانسىيە ئاق ھارىقى.

شەكلى، ئەمگەك ئۇسۇلى، كۈرىشى، كۆپىيىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆزىتىشنى مەقسەت قىلغان تەجرىبىخانا قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق. ئېھتىمال ئۈزۈم شاخلىرىدىكى پىلە قۇرتىدەك يەيدىغانلارنىڭ تارىخىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش چوڭ تۈردىكى يېتىلگەن ھايۋانلارنىڭ نېرۋا تورى ئۈچىنىڭ قانداق قىلىپ تېخىمۇ مۇھىم بولغانلىقىنى ئىگىلەشتىنمۇ مۇھىمدۇر. تەجرىبە ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدار بىلەن تۇغما ئىقتىدارنىڭ چېگراسىنى ئايرىش، پاكىتنى ئاساس قىلىپ، زوئولوگىيە پەن تۈرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ چېكىنمەيدىغان ئىقتىدار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بايقاش، بۇنىڭ تۇنجى قەدىمى كىچىككىنە قاسراقلىق ھايۋاننىڭ ئانتېنناسىنىڭ قانچە ھالقىسى بارلىقىنى ساناشتىن باشلىنىدۇ. ئېھتىمال بۇ مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كۈچلۈك بىر ئەمگەكچىلەر قوشۇنىنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر، ئەمما بىزنىڭ ھېچنېمىمىز يوق. بۈگۈنكى كۈندە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار بىلەن ئۆسۈملۈكسىمان ھايۋانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش مودا بولۇپ قالدى. چوڭقۇر دېڭىزلارمۇ ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈلدى. ئەمما ئايىغىمىز ئاستىدا دەسسىلىپ تۇرغان زېمىن بىلەن كارىمىز بولمىدى. مەن كىشىلەرنىڭ مودا ئېقىمىنى ئۆزگەرتىشىنى كۈتۈۋاتقان مەزگىلدە، تاشلىۋېتىلگەن تاش باغچە تەجرىبىخانىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، تىرىك ھاشارات ئىلمىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. بۇ تەجرىبىخانا باج تاپشۇرغۇچىلارنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ھەمىيىنىدىن بىر تىيىنىمۇ خەجلەتكۈزمەيدۇ.

# هايۋانلار تەپەككۇر قىلالامدۇ

هايۋانلار تەپەككۇر قىلالامدۇ؟ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ھەرىكىتىنى بەلگىلىيەلەمدۇ؟ خېيىم ـ خەتەر كۆرۈلگەندە ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟
بۇ مەسىلە توغرىسىدا قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىسپات ماتېرىياللار تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەردىكى پارچە ـ پۇرات ئىسپاتلاردىن قاتتىق تەكشۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلىگىنى يوق دېيەرلىك. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان بىر ماتېرىيالنىڭ «ھايۋاناتلار ژۇرنىلى» دا دارۋىن تەمىنلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ تىلغا ئالغىنى پەقەت ئەمدىلا بىر چىۋىننى قولغا چۈشۈرگەن ھەم ئۇنى ئۆلتۈرگەن چوڭ سېرىق ھەرىدىن ئىبارەت. شامال چىقىۋاتقان، ئولجا ناھايىتى چوڭ، ئۇۋچىنىڭ ئۇچۇشى بەك قىيىن. شۇڭا، ئۇ يەرگە قونۇپ ئولجىنىڭ قورساق ۋە باشلىرىنى قاناتلىرىنىڭ كېسىپ ئېلىۋەتتى. ئۇ پەقەت كۆكرەك قىسمىنىلا ئېلىپ ئۇچۇپ كەتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شامالنىڭ قارشىلىق كۈچىنى كىچىكلەتكىلى بولاتتى. ئەگەر مۇشۇنداق ماتېرىياللارغا ئاساسلانساق، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن مەلۇم خىل ئىدراكنىڭ گەۋدىلىنىدىغانلىقىغا پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. چوڭ سېرىق ھەرە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىگىلىگەندەك قىلاتتى. نەتىجە، ئۇچۇۋاتقاندا ئۇچرايدىغان قارشىلىق كۈچى؛ سەۋەب، ئولجا بىلەن ھاۋا ئۇچرىشىدىغان يۈز. يەكۈن ناھايىتى لوگىكىلىقتا ئىگە: چوقۇم يۈزنى كىچىكلىتىش كېرەك، شۇڭا قورساق ۋە باشنى،

بولۇپمۇ قاناتنى ئېلىۋېتىش، شۇ ئارقىلىق قارشىلىق كۈچىنى كىچىكلىتىش.

بۇنداق باغلانما تەسەۋۋۇر ناھايىتى ئاددىي، لېكىن ئۇ راستلا ھاشاراتلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى سەۋەبىدىن بارلىققا كېلەمدۇ؟ ئىشىنىمەنكى، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭغا مېنىڭدە كۈچلۈك ئىسپاتىم بار. مەن «ھاشارات ئىلمىي خاتىرىسى خەت ـ چەكلىرى»① نىڭ بىرىنچى تومىدا، دارۋىنىنىڭ چوڭ سېرىق ھەرىسىنىڭ پەقەت كۆنگەن ئادىتىدىكى ئاشۇ خىل بىلىشكە بويسۇنغانلىقىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن؛ بۇ خىل ئادەتلىنىشتىكى بىلىش خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىرى بولسا: تۇتۇۋالغان ئولجىلارنى پارچىلاپ، پەقەت ئوزۇقلۇق قىممىتى ئەڭ مول كۆكرەك قىسمىنىلا قالدۇرۇپ قويۇش. مەيلى مەيىن شامال، ئىللىق ئاپتاپ بولسۇن ياكى قاتتىق بوران گۈركىرىسۇن، مەيلى ساڭگىلاپ تۇرغان ئېغىر ھەرە كۆنىكى ياكى ئوچۇقچىلىقتىكى ئۇۋ بولسۇن، مەن ھەممىسىدە پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ ئوۋ گۆشلىرىنى تاللاپ، تاسقاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، پۇتى، قانىتى، بېشى ۋە قورساقلىرىنى تاشلىۋېتىپ، پەقەت كۆكرەك قىسمىنىلا قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇنداقتا، بۇنىڭغا ئوخشاش، شامالغا يولۇققانلىقتىن ئەقلىنى ئىشقا سالىدىغان كېسىۋېتىش پائالىيىتى زادى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ! چۈنكى، چوڭ سېرىق ھەرە مەيىن شامال، ئاپتاپلىق كۈنلەردىمۇ يەنىلا مۇشۇنداق ئولجىنى پارچىلايدۇ. دارۋىنىنىڭ يەكۈنى تولىمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىرىلغان. بۇ يەكۈنىنىڭ ئاساسلانغىنى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىيالدىن ئىبارەت، ھەرگىزمۇ شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىكى لوگىكىلىق ئەمەس. مۇبادا ئۇ ئىشتىن بۇرۇن چوڭ

---

① «ھاشارات ئىلمىي خاتىرىسى خەت ـ چەكلىرى» ــ فابىرىنىڭ «ھاشارات ئىلمىي خاتىرىسى خەت ـ چەكلىرى» دېگىنى دەل جۇڭگولۇقلار «ھاشارات خاتىرىسى» دەپ ئاتىغان كىتاب.

سېرىق ھەرنىنىڭ ئادىتىنى چۈشەنگەن بولسا، ھەرگىزمۇ ھايۋانلارنىڭ ئىدراكى توغرىسىدىكى بۇنداق چوڭ مەسىلىگە مۇناسىۋەتسىز ۋەقەلىكنى كەسكىنلىك بىلەن دەلىل - ئىسپات قىلىپ قويمايتتى.

مېنىڭ بۇ مىسالنى قايتا تىلغا ئېلىشىمدىكى مەقسەت، ئەگەر ئاساسلانغىنى تاسادىپىي بايقاپ قالغان پاكىت بولسا، كۆزىتىش قانچە ئىنچىكە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆزەتكۈچىنىڭ يەكۈن چىقىرىشى مۇشكۈل بولىدۇ، دېگەننى كۆپچىلىككە ئېيتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. تاسادىپىي ئۇچرىغان بىر قېتىملىق پاكىتنى يېتەرلىك دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئالدى بىلەن قايتا - قايتا كۆزىتىپ، ئاندىن كۆپ قېتىملىق كۆزىتىشنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق دەلىللەش كېرەك؛ چوقۇم ئالدىن ئىگىلىگەن پاكىتلارغا بولغان گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق مۇناسىۋەت بار، دەپ ھېس قىلغانلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، تېخىمۇ كۆپ پاكىتلار ئۈستىدە تەۋرەنمەستىن ئىزدىنىش كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئاندىن ئىمكانىيەت قالدۇرغان ھالدا بەزى ئىشەنچلىك كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. مەن ھەممە يەردىن ئىزدىدىم، لېكىن يۇقىرىقى تەلەپكە ئاساسەن توپلانغان ماتېرىياللارنى تاپالمىدىم. شۇڭا، باشقىلار تەمىنلىگەن دەلىل - ئىسپاتلاردىن پايدىلىنىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلساممۇ ئۇلارنىڭ نوقتىئىنەزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ دەلىللىگەن پاكىتلارغا تەتبىقلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

# ئۈچىنچى بۆلۈم



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# جىسمانىي ئوزۇقلۇق ۋە مەنىۋى ئوزۇقلۇق

چىرايلىق پەردە قاناتلىق بۇ ھاشارات توق بىنەپشە رەڭلىك قانات تاقىغان، قارا تىۋىتتىن تىكىلگەن يۇرۇشلۇك كىيىم كىيگەن، ئۇنىڭ قوپالغىنا تۇرالغۇسى چۆل رەيھىنى ئۆسكەن كۈنگەي شېغىل تاش ئۈستىگە ياسالغان، كومپاس ۋە تىك بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىپ ئويۇپ ياسىغاندەك تۇرىدۇ؛ تۇرالغۇ ئىچىدىكى ھەسەلمۇ بۇ ئۆيگە ئوخشاشلا مەلۇم دەرىجىدە ئىللىق كەيپىياتنى قوشقان. ئەسلىسەم، ئەينى ۋاقىتتا كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەسەل ھەرىسىنى كۆرگەندە ئوقۇغۇچىلار تونۇشتۇرغاندىمۇ كۆپرەك ئەھۋاللارنى① چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىپ، بىر قورايىنى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھەربىر بۆلمە ئۆيلەرنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. شۇ ۋاقىتتا بازىرىمىزدىكى كىتابخانىدا ھاشاراتلارغا مۇناسىۋەتلىك شۇنداق ياخشى بىر ئەسەر سېتىلىۋاتقان كىتابنىڭ نامى «بوغۇم تەنلىك ھايۋانلار تەبىئىي تارىخى»، ئاپتورى دې كاستىرنو، ئان بىروينشىر بىلەن لوكاسلار ئىدى. كىتابتا شۇنداق كۆپ ھاشاراتلارنىڭ قىستۇرما سۈرىتى بار ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، كىتابنىڭ باھاسى ئادەمنى چۆچۈتەتتى! نېمە دېگەن يۇقىرى باھا - ھە! باشقىچە ئويلىسا، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ

① يازغۇچى ئەينى ۋاقىتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا بۇ خىل ھەرىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا كۆزىتىپ بېقىش ھەۋىسى قوزغالغان.

ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى: مەندەك يىلىغا يەتتە يۈز فىرانك
ئالىدىغان يۇقىرى كىرىملىك ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بارلىق
ئېھتىياجلىرىمنى تولۇق ھەل قىلالمايمەن، جىسمانىي ئوزۇقلۇق
مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەنىۋى ئوزۇقلۇقمۇ مۇھىم. بىر
خىل ئوزۇقلۇققا كۆپرەك پۇل تۆلەش ئۈچۈن، يەنە بىر خىل
ئوزۇقلۇقنىڭ پۇلىدىن ئازراق تۇتۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى
كىم بولۇڭ، پەقەت سىز ئىلىم ـ پەننى كۈندىلىك
تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئېھتىياجى دەپ بىلىدىكەنسىز، ئۇنداقتا چوقۇم
بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق قانۇنىيىتىگە ئىتائەت قىلىشىڭىز كېرەك.
كىتاب قانداقلا بولسۇن سېتىۋېلىندى. لېكىن، شۇ كۈنى
ئۇنىۋېرسىتېت دەرىجىسىدىكى مائاشىم ئۆلچەمگە تامامەن
مۇۋاپىق ھالدا بىر يولىلا قاقتى ـ سوقتى قىلىندى: مەن بىر
پارچە كىتاب ئۈچۈن بىر ئايلىق مائاشىمنى تەقدىم قىلغانىدىم.
ئىنچىكە ھېساب قىلىش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاش مۆجىزىسى
ئېھتىمال كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر زور زىياننى تولۇقلىشى
مۇمكىن.

مەن بۇ كىتابنى «يەۋەتتىم»، دېمەكچى بولغىنىم كىتابنىڭ
مەزمۇنى. كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن مەن ئاشۇ خىل قارا ھەسەل
ھەرىسىنى بىلىۋالدىم، ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھاشاراتلار ئۆرپ ـ
ئادىتىنىڭ تەپسىلىي تەسۋىرىنى ئوقۇدۇم. مەن قۇرلارنىڭ
ئارىسىدا لېئومۇر، يۇبى، لېۋىن دۇفۇر جەمەتى[1]دىكىلەرنى
كۆردۇم. مەن ھۆرمەتلەيدىغان بۇ ئىسىملار كۆزنى قاماشتۇرۇپ
تۇرىدىغان نۇر ھالقىسى بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ. مەن
بۇ ئەسەرنى يۈزىنچى قېتىم ئوقۇپ چىققان ۋاقتىمدا، قەلبىمنىڭ
چوڭقۇر يەرلىرىدىن پىچىرلىغاندەك: «سەنمۇ قىلالايسەن، سەن
چوقۇم ھاشاراتلارنىڭ تارىخشۇناسىغا ئايلىنالايسەن» دېگەن
سۆزلەرنىڭ ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، شۇنىڭغا

① لېئومۇر، يۇبى، لېۋىن دۇفۇر جەمەتى — بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھاشارات-
شۇناسلار.

ئۇلىشىپلا قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە: «بۇنچە گۆدەكلەرچە خام خىيال قىلىپ، سەنمۇ بەك پوچىلىشىپ كېتىپسەن!» دېگەن باشقا بىر ئاۋازمۇ ئاڭلانغاندەك بولدى. ھەي، بۇ يەنىلا تاتلىق ۋە ئاچچىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئەسلىمىغۇ. دىققىتىمىزنى يەنىلا قارا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەرىكەت - پائالىيىتىگە مەركەزلەشتۈرەيلى.

# ئۈچ خىل قۇرۇلۇشچى ھەرە

كىشىلەر بۇ خىلدىكى ھەسەل ھەرىسىنى «لاي ـ شىغىللىق ئۆي» دېگەن مەنىدىكى گىرېكچە ئاتالغۇ بىلەن ئاتىشىدۇ. «لاي ـ شىغىللىق ئۆي» بولسا تاش، سېمونت ۋە سۇيۇق لايدىن ياسالغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. گىرېك تىلىنىڭ نەپىسلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن، بۇ خىل نام بېرىش دەرۋەقە تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بىراق، بۇ غەلىتە نامنى قوللانمىغاندا، ئۇنداق دەل جايىغا كەلگەن نامنى دەرھال ئىزدەپ تېپىش قىيىن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىسىم بىرقانچە خىل پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئىنسانلارغا ئوخشاش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇۋا بىنا قىلىدۇ. بۇ ھاشاراتلارنىڭ ئىشى دەل تامچىلارنىڭ ئىشى بىلەن ئوخشاش، ئەمما ھەرە تامچىلارنىڭ ئۇسۇلى نىسبەتەن قوپال، ئۇلارنىڭ بەكرەك ماھىر بولغىنى كېسىپ شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن تاش ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش بولماستىن، بەلكى قۇرۇلۇش ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز تۇپا ماتېرىياللىرىدۇر. لېئومۇرنىڭ كۆپلىگەن ئىلمىي دوكلاتلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىلمىي تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا بولغان چۈشىنىشى يېتەرسىز، ئادەم چۈشىنىش تەس قاراشلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن نام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سېغىز تۇپىدىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال ياسايدىغان بۇ قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى «قۇرۇلۇشچى ھەرە» دەپ ئاتىغان. پەقەت بىر سۈپەت سۆزى ئىشلىتىلگەن بۇ ئاتالغۇ ئارقىلىق بۇ تۈردىكى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ناھايىتى جايىدا ئىپادىلەنگەن.

بىزنىڭ ئۇ ئەتراپتا قورۇلۇشچى ھەرىنىڭ ئۈچ تۈرى بار، ئۇۋا ياسىغاندا تاللىغان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، مەن ئۇلارنى ئايرىم ــ ئايرىم شېغىل ــ تاش قورۇلۇشچى ھەرە، چاتقال قورۇلۇشچى ھەرە ۋە لاپاسلارنىڭ گىرۋىكىدىكى قورۇلۇشچى ھەرە، دەپ ئاتىدىم. لېئومۇرنىڭ كىتابىدا شېغىل تاش قورۇلۇشچى ھەرىسى تام قورۇلۇشچى ھەرىسى دەپ ئاتالغان. شېغىل تاشلار قورۇلۇشچى ھەرىسىنىڭ ئەركەك ــ چىشىسىنىڭ رەڭگى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئەگەر كۆزىتىش خىزمىتىنى يېڭى باشلىغانلار ئىككى جىنسنىڭ ئوخشاش بىر ئۇۋىدىن چىققىنىنى كۆرسە، شۇ ئانلا ئۇلارنى تامامەن ئىككى خىل ھەرە تۈرى، دەپ كېسىپ ئېيتىشى مۇمكىن. ئانا ھەرىنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىرايلىق قارا ماموق بىلەن ئورالغان بولۇپ، قاناتلىرى تۇتۇق بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئەركەك ھەرە قارا ماموق كىيمىگەن، ئەمما رەڭگى ئوچۇق تۆمۈر قىزىلىي يۇرۇشلۇك كىيىملەرنى كىيگەن. باشقا ئىككى خىل قورۇلۇشچى ھەرىنىڭ ئەركەك ــ چىشىلىرىنىڭ رەڭگى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، ھەممىسى قوڭۇر، قىزىل، كۈل رەڭدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئارىلاشما رەڭدە بولىدۇ.

لېئومۇر تونۇشتۇرغاندەك، تام قورۇلۇشچى ھەرىسى ئۇۋا ياسايدىغان ئورۇننى كۆپىنچە شىمال تەرەپتىن تاللايدۇ، ھەممىسى دېگۇدەك كۈنگەي تاملاردا بولىدۇ، تاملاردا سۇۋاقلار بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، سۇۋاق تاملارنىڭ يۈزى سويۇلۇپ چۈشىدىغان بولۇپ، ھەرە كۆنەكلىرىگە زىيان كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بۇ خىل قورۇلۇشچى ھەرە قورۇلۇش ماتېرىياللىرىنى مۇستەھكەم ئاساسىي قورۇلما ئۈستىگە ياكى قوپقورۇق تاش ئۈستىگە جايلاشتۇرىدۇ. مەن بۇ ھاشارات تۈرىنىڭ جەنۇب تەرەپتىن ئورۇن تاللىغاندىمۇ ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم، لېكىن نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم، ئەمما ئۇلار جەنۇب تەرەپنى ئۇۋا سالىدىغان ئورۇن، دەپ قاراپ كەتمەيتتى، ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىر خىل ئاساسىي قورۇلمىنى

ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار ئۇۋۇسىنى يۇمىلاق تاش ئۈستىگە سالغاندا، كۆپ ھاللاردا تاش مۇشتۇمدىن چوڭ بولمايتتى، بۇنداق تاشلار لونا دەرياسى① جىلغىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇ يەرلەر شۇرمەل تاشقىنى پەسلىدە كەلكۈننىڭ يالىشىغا ئۇچرىغان جايلار ئىدى. مانا بۇ تام قۇرۇلۇشچى ھەرىسىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى ياقتۇرىدىغان ئۇلى ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قۇرۇلۇش ئاساسىي نۇقتىلىرى ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ھەممىسى پەردە قاناتلىق ھاشاراتنىڭ تاللاپ پايدىلىنىشى ئۇچۇن تەييار ئىدى. مەسىلەن، پاكارراق تاش سۇپىلار ياكى چۆل رەيھىنى قاپلاپ كەتكەن قاتتىق تۇپراقلىق يەرلەر، ئۇ يەرلەر قىزىل تۇپراق ئارىلىشىپ كەتكەن شېغىل دۆۋىسى قاتلىمى ئىدى. دەريا جىلغىسىدا بۇ خىل قۇرۇلۇشچى ھەرە دائىم پايدىلىنىدىغان، شىددەتلىك ئېقىن يالاپ كەتكەن ئۇششاق تاشلار بار ئىدى. ئورانگې② ئەتراپىدىكى ئورانگې دەرياسىدا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان تىندۇرما قاتلاملار بولۇپ، ئۇ جايدا دەريا سۈيى ئېقىتىپ كېتەلمەيدىغان شېغىللىق ساھىل بار. ئەگەر شېغىللىق يەر بولمىسا، ئۇلار تاش، ئېتىز قىرلىرى ياكى قورۇ تاملىرىنىڭ ئۈستىدىن جاي ئىزدەپ، ئۇۋا سېلىپ ماكانلىشاتتى.

لەمپە گىرۋەكلىرى قۇرۇلۇشچى ھەرىلەرنىڭ ئۇۋا ئورنىنى تاللاش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئۆگزە لەمپىلىرىدىكى كاھىشلارنىڭ ئاستى. ئۇلار ئېتىز قىرلىرىنىڭ كىچىك پۇقرالىرى بولۇشنى خالىمايتتى، ئۇ يەردە ئۇۋىلىرىنى ئۆگزە لەمپىلىرىدىكىگە ئوخشاش يوشۇرالمايتتى. لەمپە ئاستىدا ھەر يىلى باھاردا مۇشۇ خىل

---

① لونا دەرياسى — فىرانسىيەدىكى ئىككىنچى چوڭ دەريا بولۇپ، شۋېيتسارىيەنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلاردىن باشلىنىپ، فىرانسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، سۈئېن دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ئوتتۇرا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

② ئورانگې — لونا دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر شەھەر، لونا دەرياسى تارماق ئېقىنىنىڭ بىرى بولغان ئورانگې دەرياسى مۇشۇ جايدىن ئۆتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھاشاراتلار ماكانلىشاتتى. ئۇلار ئاشۇنداق قورغان ياساشنى ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىتىپ، يىلمۇيىل كېڭەيتەتتى، ئاخىر چوڭ بىر كۆنەككە ئايلاندۇراتتى. مەن بىر ئۆي لەمپىسىنىڭ كاھىشلىرى ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەرە كۆنىكىنىڭ ئۇزۇكسىز تۇردە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، يىلمۇيىل كېڭىيىپ، بەش - ئالتە كىۋادرات مېتىر كۆلەمنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار شۇ جايلاردا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلاتتى، ئەمگەكچىلەرنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولاتتى، ۋىڭ - ۋىڭ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان چوڭ بىر توپ كۆزلىرىڭىزنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتەتتى. ئۇلار بالكون ئاستىغىمۇ قىزىقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا كېرەكسىز دېرىزە بوشلۇقلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەركىن كىرىپ - چىقىشىغا ئەپلىك كۆپ قاناتلىق دېرىزىلەر ئۇلارغا تولىمۇ باب كېلەتتى. يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى چوڭ تىپتىكى يىغىلىش سورۇنى. قۇرۇلۇشچى ھەرىلەر يۈزلەپ - مىڭلاپ يىغىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. بۇ خىل ھەرە تۇرلىرىنىڭمۇ يەككە ھالدا ئۇۋا ياسايدىغان ۋاقىتلىرى بولاتتى. بىر ھەرە مەلۇم بىر ئورۇندىكى قوغدىنىشقا بولىدىغان كىچىك بۆلۈكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، شۇ جاينى ئاساسى مۇستەھكەم، كۈن نۇرى يېتەرلىك، دەپ ھېس قىلسىلا، دەرھاللا ماكانلىشىشقا كىرىشىدۇ. ئاساسىي قۇرۇلما ماتېرىياللىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، لەمپە گىرۋەكلىرى ھەرىسىگە نىسبەتەن ئانچە مۇھىم ئەمەس. مەن يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قۇپقۇرۇق تاش ئۇستىگە ئۇۋا سالغىنىنى، بەزىلىرىنىڭ خىش پارچىلىرىنىڭ ئۇستىگە ئۇۋا سالغىنىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ دېرىزىلەرنىڭ كېشەكلىرىنىڭ ئۇستىگە ئۇۋا سالغىنىنىمۇ، ھەتتا يەنە بەزىلىرىنىڭ ئۆي لەمپىلىرىدىكى ئەينەكلەرنىڭ ئۇستىگىمۇ ئۆز تۇرالغۇسىنى قۇرۇپ چىققانلىقىنى كۆرگەن.

چاتقال قۇرۇلۇشچى ھەرىسى تۇرالغۇسىنى ساڭگىلاپ تۇرغان

ئورۇنلارغا ياساپ، بىر تال ئىنچىكە شاخنىڭ ئۇستىگە ئېسىپ قويىدۇ. چىتلاق قىلىشقا بولىدىغان تۇرلۇك چاتقاللار، ئەنگلىيە قىزىل دولانىسى، ئانار ياكى خوزۇر چاتقىلى بولسۇن، ھەممىسى چاتقال قۇرۇلۇشچى ھەرىسىنىڭ تايانچ نۇقتىلىرى بولالايدۇ، ئادەتتە ئورنى ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. مۇبادا مۇقەددەس دۇب دەرىخى، قارىياغاچ ۋە قارىغايلار بولسا، كۆنەك ئېگىزرەك ئورۇنغا ياسىلىدۇ. چاتقاللىق بولغانلىق سەۋەبىدىن، ئۇلار شال پاخلى تومۇلۇقىدىكى ئۇششاق شاخلارنى تاللاپ، شۇ چەكلىك ئۇل ئۇستىگە پاتقاق لايلارنى ئىشلىتىپ تۇرالغۇ ياسايدۇ. بۇ خىل كۆنەكلەرنىڭ شەكلى لاي توپقا ئوخشايدۇ، چاتقالنىڭ ئىنچىكە شېخى بىر يېنىدىن سانجىلىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. يالغۇز بىر ھەرە ئىش قىلغاندا، ھەرە كۆنىكىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى پەقەت ئۆرۈكچىلىك بولىدۇ، ئەگەردە بىرقانچە ھەرە بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقارسا، ئۇنداقتا مۇشتۇم چوڭلۇقىدىكى كۆنەكنى ياساپ چىقالايدۇ. بىراق، كېيىنكى ئەھۋال ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

بۇ ئۈچ خىل پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر تۈردىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بولۇپ، تەركىبىدە ھاك ماددىسى بار سېغىز توپا ئىچىگە ئاز مىقداردا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئۆزىنىڭ شۆلگەيلىرىنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. نەمخۇش ئورۇنلار ماتېرىيال ئېلىشقا قولايلىق بولىدۇ، يەنە لايغا ئىشلىتىدىغان شۆلگەيلىرىنىمۇ تېجەپ قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما قۇرۇلۇشچى ھەرىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئورۇنلارنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇلار تەييار يېپىشقاق لاينى ھەرگىز ئىشلەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلىنىڭ پىرىنسىپى ئىنسان قۇرۇلۇشچىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش، بىزمۇ يېرىق تاشلارنى، سۇ تولۇقلاپ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆچۈرۈلگەن ھاكلارنى ئىشلىتىشنى خالىمايمىز. قىسقىسى،

ھەرقانداق ئەھۋالدا سۇغا تويۇنغان ماتېرىياللار مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. قورۇلۇشچى ھەرگە ئېھتىياجلىق بولغىنى پاراشوك ھالىتىدىكى قۇرۇق ماتېرىياللار. بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ ھەربىر چىقارغان شۆلگەيلەرنى سىڭدۇرۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۆلگەي تەركىبىدىكى ئاقسىل بىلەن تولۇق بىرىكىپ، تېز سۇرئەتتە قېتىشىدىغان بىر خىل سېمونتنى ھاسىل قىلىدۇ. قۇرۇلۇشچى ھەربىرىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تورمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆچۈرۈلمىگەن ھاكقا توخۇم ئېقى ئارىلاشتۇرۇپ تەييار قىلىنغان ماتېرىياللار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ.

# شەكىل ئۆزگەرتىش نەزەرىيەسىنى بىر تۇرتۇپ قويۇش

ئۆمۈچۈكلەرنى تۆمۈر زىققا ئۆتكۈزۈپ كېپىنەك قۇرتىنىڭ يېيىشىگە بېرىش ئۇلارنى باقىدىغان چاكارغا نىسبەتەن قىلچە يىرگىنچىلىك ئىش ئەمەس، جامائەت مۈلكىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ گۆدەكلىك بولىدۇ. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەن خاتالىقىمغا پۇشايمان قىلغانلىقىمنى ئىپادىلىمەكچى. ئەكسىچە، بۇ ئۇسۇل باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئۇ فىرانسۇزچىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان سىرلىق كۆنۈكمىلەردىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، يېڭىچە تۇيغۇ ئىزدەشكە ئۇرۇنىدۇ. بىراق، بىلىش كېرەككى، ئەگەر مەن بۇ كىچىك ئاشپۇزۇلدا بارلىققا كەلگەن بۇ نەتىجىدىن پەلسەپىۋى مەنىنى ھېس قىلمىغان بولسام، بۇ تەتقىقات خىزمىتىمۇ قانات يايمىغان بولاتتى، بۇ تەتقىقاتلارنى پۈتۈن زېھنىم بىلەن مۇھاكىمە قىلمىغان بولاتتىم. مەن بۇ ئىش بىلەن شەكىل ئۆزگەرتىش نەزەرىيەسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى راستلا ھېس قىلىپ قالدىم.

كائىناتنى بىر فورمۇلاغا سالماقچى بولساق، رېئاللىقنى ئەقلىي ئۆلچەمگە بويسۇندۇرۇش كېرەك، بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە بىر خىل دادىل ھەرىكەت، ئادەملەرنىڭ چەكسىز ئارزۇ - تىلەكلىرىگە ئۇيغۇنلىشىدۇ. گېئومېترىيە ئالىمى باشلامچىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن غايە ئۇقۇمىنى كونۇس

قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈردى، ئارقىدىن ئۇنى تەكشىلىكتىكى شەكىللەرگە ئۆيغۇنلاشتۇردى. كونۇس كەسمە يۈزى ئالگېبرادەك بۇ تەڭلىمە ئىشلەپچىقىرىدىغان ماشىنىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى يۆنىلىشتىكى سىزىقلارنى ئالماشتۇردى، فورمۇلانىڭ ئىككى يېنىدا ئېللىپس، ھېپېربولا، پارابولا، ھەتتا ئۇلارنىڭ فوكۇس نۇقتىسى، دىيامېتىرى، ئۇرۇنمىسى، نورمال سىزىقى، كونيۇگاتلىق ئوقى، تەدرىجىي يېقىنلىشىش سىزىقى قاتارلىقلار تەۋەللۇت بولدى. كىشىلەرنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىشىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن بېسىلغان بۇ بىر قەدەمنى شانلىق ئۇلۇغۋارلىق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. سەن ئاران يىگىرمە ياش، ماتېماتىكىنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىگە، رەھىمسىزلىكىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ياشقا يېتىپ بارمىغانىدىڭ. بۇ تەڭداشسىز يۈكسەك خىزمەت ئىدى. بىز ئىجادىيلىق ئىچىدە ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز.

ۋاھالەنكى، ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئوخشاش بىر ئەقىدە بىلەن ھەر تۈرلۈك تۇغۇندى قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، خالاس. بۇ خىل قاراشلار فورمۇلاغا ئەگىشىپ ئۆزۈكسىز شەكىل ئۆزگەرتىپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىل ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىدا نامايان بولۇپ چىقىدۇ. ئالگېبرانىڭ كۆرسىتىپ بەرگەنلىرى ئاللىقاچان كونۇس ئېنىقلىمىسى تەركىبىدە ئىپادىلىنىپ بولغان، پەقەت ئېنىقلىما ئىچىدە يەنىلا بىخ ھالىتىدە تۇرۇپ، شەكلى يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان؛ ھېسابلىنىپ سېھىرلەنگەندىن كېيىن، ئاشكارا ھالەتكە ئۆزگىرىشكە باشلىغان. قەلبىمىزدە بىۋاستە ھۆكۈم قىلىنغان كونۇسنىڭ ئەسلىي قىممىتى تەڭلىمە ئارقىلىق بىر پۈتۈن تەقلىدىي سۈرەتنىڭ نۇرغۇنلىغان پارچە ـ پۇرات شەكلىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ھېسابلاش قىلچە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ، بارلىق تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان ئەقلىي كۈچنىڭ

چوقۇم ئېتىراپ قىلىنىدىغان، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئۇسۇلىغا ئايلانغان. ئالگېبرا مۇتلەق ھەقىقەتنى كۆرسىتىدىغان نوپۇزلۇق مېخانىزم، چۈنكى ئۇ ھېچنېمىنى ئاشكارىلاپ بەرمەيدۇ، پەقەت سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز «2 + 2» نى كىرگۈزۈپ پىروكاتلاپ باقساق، ئالگېبرا قوراللىرى ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى، پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقىلغان مەھسۇلات بولسا «4»، مانا مۇشۇنداق ئاددىي.

ناۋادا بۇ خىل ھېسابلاش بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدىلا چەكلەنسە، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ شۇنداق زور بولىدۇ. ئۇنداقتا، بىز ھازىر بۇ ئازغىنا رېئال جىسىمنى ئالگېبرا قورالىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. مەلۇم بىر جىسىم تەۋرەنگەن ۋاقىتتا چۈشكەن بىر دانچە توزاننى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردۇق، نەتىجىسى قانداق بولار؟ بۇ قورال ھەرىكەتلىنەلمەي قالدى، بارلىق رېئال مەۋجۇت نەرسىلەرنى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن ھەرىكەتلەندى. ئۇ پەقەت تەلەپكە ئۇيغۇن شەكلى بار بىر نۇقتىنى، تەلەپكە ئۇيغۇن بىر تۈز سىزىقنى، تەلەپكە ئۇيغۇن بىر گۇرۇپپا قىسقارتىش بەلگىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەۋرىنىش ئالدىدىكى ھەرىكەت پەقەت بىر فورمۇلاغا ئايلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، تەۋرەنمە جىسىم ھەجىمگە ئىگە ھەم سۈركىلىشچان مەۋجۇت جىسىم بولسا، تۆۋەنگە چۈشۈش سىزىقى ئېغىرلىققا ھەم ئېگىلىشچانلىققا ئىگە ھەقىقىي بىر ئارغامچا بولىدۇ. تايىنىش نۇقتىسى بولسا قارشىلىق كۈچى ھەم شەكىل ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتى بولغان ھەقىقىي تىرەش نۇقتىسى بولىدۇ. ئۇ ھالدا قانداقلىكى چارە - تەدبىرنى ئىشلەتسەكمۇ، ئانالىز قىلىشقا ئامالسىز قالىدىغان قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. بۇ باشقا خىل خاراكتېردىكى مەسىلىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانچىلىك تىلغا ئالغۇچىلىقى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالگېبرانىڭمۇ

ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تېگى ـ تېگىدىن ئەسلىي ۋە چىن نەرسىلەرنى فورمۇلا كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ.

دەرھەقىقەت، مۇبادا دۇنيا تەڭلىمە ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىلسا، مۇبادا تۇخۇم ئىچى بىلەن تولغان تۇخۇمسىمان ماددىلارنى دۇنيانىڭ مەنبەسى، دەپ ھېسابلىيالىساق، مۇبادا گېئومېتىرىيە ئالىملىرىدەك ھەر خىل ئەگرى سىزىقلارنىڭ ئۆزۈكسىز شەكىل ئۆزگەرتىش جەريانى ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنىمۇ كۆرەلىسەك، ئەلۋەتتە بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، بىزنىڭ توساتتىنلا يېرىم مېتىر ئۆسۈپ قالغىنىمىزدەك كاتتا ئىش. ناھايىتى ئەپسۇس، بىز تارىختىن بۇيان قانچە قېتىملاپ ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىدىن ۋاز كەچمىدۇق ـ ھە! ئەگەردە پەقەت بىر دانىچە تورزانىنى كۆزىتىش ئارقىلىقلا بولدى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھەقىقىي شەيئىلەرنى ئەسلا ئىگىلىيەلمەيمىز. قارىغاندا، يەنىلا تولۇپ تاشقان كۈچ بىلەن ھاياتلىق دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرسەك بولغۇدەك! بۇ مەسىلىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئالگېبرا ھەل قىلىشنى رەت قىلغان بايامقى قىيىن مەسىلە بىلەن ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان نامەلۇم سانلار بار. ھاياتنىڭ ئۇچرىغان ئاشۇنداق قارشىلىق كۈچى، شەكىل ئۆزگىرىش ۋە سۈركىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلارغا ئاساس تاپماق بەسىي مۇشكۈل. ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇنمۇ يا، بۇنىڭدا ئۆزىمىزنىڭ تەلىماتىنى تىكلىيەلەيمىز.

گەپنى دېمەك ئاسان، بۇنداق تەبىئەتنى چۆرۈۋەتكەن تەبىئەت تارىخى، پاكىت ئۆز خاھىشى بويىچە تاللانغان تەبىئەت تارىخىغا قارىتا ئىشەنچىم دەرھاللا تەۋرىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، مەن قانداقتۇر پۈرسەتلەرنى ئىزدەشكە ئازراقمۇ كۈچ سەرپ قىلمايمەن، بۇنداق ئىشنى مەن قىلالمايمەن، ئەكسىچە، پۈرسەت

كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالىمەن. شەكىل ئۆزگەرتىش نەزەرىيەسى مېنى قورشاپ ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە كۆردۈمكى، يىللار بىلەن تىركىشىپ كەلگەن بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئەگمىسى ئەسلىدە پەقەت كۆپۈكچە ئىكەن. كەچۈرۈڭلار، مەن يىغىنىمىخ بىلەن تېشىپ قويدۇم.

مەن يەنە تېشىپ قويماقچىمەن. خىلمۇخىل يېمەكلىككلەرگە ماسلىشىش ئىقتىدارى ھايۋانلار ئۇچۇن گۈللىنىشنى ساقلاشتىكى، ھەتتا رەھىمسىز ھاياتلىق كۈرىشىدە سورتىنى زورايتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئامىل. ئەڭ ئېچىنىشلىق جانلىق، باشقا ھەرقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان بىر خىل ئوزۇقلۇق بىلەن ھاياتىنى قامدايدىغان جانلىقدۇر. قارلىغاچ پەقەت پاشا بىلەن بىر خىل كىچىك چىۋىننىلا يەيدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا پەقەت مۇشۇنىڭغىلا قاراشلىق دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بۇ خىل كىچىك چىۋىن يوقىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پاشىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋاقتى ئانچە ئۇزاق ئەمەس، مېنىڭچە بۇ قۇش ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قارلىغاچنىڭ ھاياتى ياكى كىشىلەرنىڭ قارلىغاچ ئۇۋىسىغا بولغان قىزىقىشى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى يوقالمايدۇ، ھەممىسى ساقلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، قارلىغاچ كىچىك چىۋىننى يېيىش ياكى پاشىنى يېيىشكە پىسەنت قىلمايدۇ، ھەتتاكى تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان زور بىر تۈركۈم بوشلۇق ھاشاراتلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، ھەممىسى ئۇنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. سوپىتورغاينىڭ پوكىنى پەقەت يەرگە چېچىلغان ئۇرۇقلارنىلا ھەزىم قىلالايدۇ، كىچىككىنە ئۆزگىرىشنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھالى قانداق بولار؟ ئۇرۇق چېچىش ئاخىرلاشتى، بۇ پەسىل قانداقلا بولمىسۇن ناھايىتى قىسقا بولىدۇ، بۇ ئېتىز مېھمىنىغا ئۇ دۇنياغا كەتمەكتىن باشقا ئامال بولمايدۇ.

ئادەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەخلۇقلۇق ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى دەل ئاشقازان ـ ئۈچەيىنىڭ بولغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئۇ قوبۇل قىلالايدىغان ئوزۇقلۇق تۈرلىرى ئەڭ مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئادەم كىلىمات، پەسىل ۋە جۇغراپىيەلىك كەڭلىكلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، بوزەك بولمايدۇ. بىز يەنە ئىت توغرۇلۇق سۆزلەپ باقايلى. ئەرمەك ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە نېمە ئۈچۈن پەقەت ئىتلا ھەممە يەردە ئادەمگە ئەگىشىپ يۈرەلەيدۇ، ھەتتا ئەڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك يىراق سەپەرلەردىمۇ سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدۇ؟ ئۇمۇ بىر خىل مۇرەككەپ ئوزۇقلىنىدىغان ھايۋان، شۇڭا كوسموپولىتىزىم تەرەپدارى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

بىرىلات ـ ساۋارىن[1] «ئىنسانلارغا نىسبەتەن بىر تەخسە يېڭىچە قورۇمىنى بايقاش يېڭى بىر پلانېتانى بايقىغاندىنمۇ بەكرەك مۇھىم.» دەپ ئېيتقان. بۇ ئەقلىيە سۆزنى يۇمۇر دەپ بىلىۋالمايلى، ئېيتقىنى پۈتۈنلەي راست. تۇنجى بولۇپ بۇغداينى ئېزىپ، خېمىر قىلىپ، خېمىرنى ئىككى پارچە قىزىق تاشنىڭ ئارىسىغا قويۇپ پىشۇرغان ئادەمنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىككى يۈزنچى كىچىك سەييارىنى بايقىغان ئادەمگە قارىغاندا تۆھپىسى تېخىمۇ زور. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. نېپتوننى بايقاش قانچىلىك زور تۆھپە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇرچاقنى بايقاش بىلەن ئوخشاش. ئومۇمەن بىزنىڭ يېمەكلىك مەنبەيىمىزنى تولۇقلايدىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسى بىرىنچى دەرىجىلىك تۆھپىگە تەئەللۇق. تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئېرىشكەن چىنلىق ھايۋانلارنىڭ دۇنياسىدىمۇ يالغان بولۇپ چىقمايدۇ. دۇنيا ئاشۇ مەخسۇس يېمەكلىكنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئاشقازان ـ ئۈچەيگە تەئەللۇق.» بۇ ھەقىقەت كىچىككىنە كاللا قاتۇرسىلا ئايدىڭ بولىدۇ.

---

[1] بىرىلات ـ ساۋارىن — فىرانسىيە ئوزۇقلۇقشۇناسى، «تەم سەزگۈسى فىزىيو - لوگىيەسى» دېگەن ئەسىرى بار.

ئەمدى بىز يەنە ھاشاراتلىرىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلايلى. ئەگەر مەن تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەچىلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئىشەنسەم، ئۇنداقتا ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى تونىلاپ يىغىدىغان تۈرلۈك پەردە قاناتلىق ھاشاراتلار ناھايىتى ئاز بولغان بىرقانچە تىپتىن ئاستا - ئاستا ئۆزگەرگەن بولىدۇ. ئەمما، بۇ تىپلارنىڭ ئۆزىمۇ چەكسىز پەرقلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق، بەزى ئامىيوبا، يەككە ھاشارات، ھەتتا ئەسلىي شەكىل خۇسۇسىيىتىدىكى تاسادىپىي ئۇيۇشۇپ بىرىككەن نەرسىلەردىن ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ چىققان بولىدۇ. بىز ئۇنچە ئۇزاققا نەزەر سالمايلى، قۇرۇق خىيال ۋە خاتالىق ئۆزىنى ناھايىتى ئاسان دالدىغا ئالىدىغان قويۇق بۇلۇتلار ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەيلى. گەپنىڭ تېمىسىنى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە چەكلىشىمىز لازىم، بۇ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى بىردىنبىر ۋاستە.

ئىنچىكە بەللىك ھەرە ئوخشاش بىر تۈردىن ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ كەلگەن، بۇ تۈرنىڭ ئەسلىسى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتا شەكىللەنگەن. بۇ تۈرمۇ كېيىن يېتىشىپ چىققان تۈرلەرگە ئوخشاشلا ئوۋ ئولجىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ لىچىنكىسىنى باقىدۇ. تۈرلۈك خارتۇملۇق قوڭغۇزلار تاشقى قىياپەت، رەڭگى، بولۇپمۇ خۇسۇسىيەت جەھەتتە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار ئوخشاش مەنبەلىك ھاشارات بولسا كېرەك. ئەمدى يېتەرلىك بولغاندۇ، بىز گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇرايلى. ئۇنداقتا ئېيتىڭا، ئىنچىكە بەللىك ھەرىدەك بۇ ئۈلگە ھاشارات ئەينى ۋاقىتتا نېمىنى ئوۋلىغان؟ ئۇنىڭ تاماق شەجەرىسى ھەر خىللىققا ئىگىمۇ ياكى بىر خىللىققا؟ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئامال بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇنىڭغا قارىتا ئاززاق مۇھاكىمە ئېلىپ بارايلى.

تاماق شەجەرىسى ھەر خىللىققا ئىگە. ناھايىتى ياخشى، شۇڭا تۇنجى قېتىم دۇنياغا كەلگەن ئاشۇ ئىنچىكە بەللىك ھەرىنى ئاددىيغىنا تەبرىكلەيمەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا كېيىنكى ئەۋلادلارنى

ئاۋۇتۇشنىڭ ياخشى شارائىتىنى ھازىرلىغان. ئۇ چامى يېتىدىغان-لىكى ئۆلجىنى ئوۋلىيالىغاچقا، مەلۇم ۋاقىتتا مەلۇم ئورۇندىكى مەلۇم ئۆزگىچە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ئاچارچى-لىقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالالىغان. ئۇ ئائىلىسىنى خېلى كۆپ بايلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېچىنكىلار يەۋاتقىنىنىڭ نېمە ئىكەن-لىكىگە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ، پەقەت يېگى ھاشارات گۆشى بولسىلا بولىدۇ، بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ بوگۇنكى شىرەم ئورۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىشتىھاسى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئىنچىكە بەللىك ھەرە جەمەتىنىڭ بۇ پېشقەدەم ئاقساقىلى ئەۋزەل تەبىئىي تالانتى بىلەن ئورۇق ئەزالىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، رەھىم-سىز ھاياتلىق كۇرىشىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۇرىدۇ. بۇ خىل كۇرەش ئاجىزلارنى ۋە دۆتلەرنى يوقىتىپ، پەقەت كۈچلۈكلەر ۋە ئەقىللىكلەرنىلا ھايات قالدۇرىدۇ. ئىرسىيەت قانۇنىيىتى پېشقە-دەم ئورۇق ئاقساقىلىنىڭ بۇ خىل تەبىئىي تالانتىنى نەسىل قالدۇرماسلىقىغا يول قويمايدۇ. كەلگۈسى ئەۋلادلار بۇنداق ئېسىل مىراستىن تولىمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەسلىككە تېگىشلىك ئادەتنى ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغىچە بىرىدىن بىرى ئۆتكۇ-زۇۋالىدىغان نەسىل قالدۇرۇش جەريانىدا مۇستەھكەملىنىدۇ.

بۇ ئىلگىرى ھېچقانداق نەرسىدىن قۇسۇر ئىزدىمەيدىغان، ئوزۇقلۇق تاللىمايدىغان ئىرق. ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىسى بولغانلىكى تىرىك ئوزۇقلۇقلاردىن ماددىي بايلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەمما، بوگۇنكى كۇندە بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز قانداق ئەھۋال؟ ھەربىر ئىنچىكە بەللىك ھەرە بىر خىل ئۆزگەرمەس يېمەكلىك ئۈستىدە ھاماقەتلەرچە چەكلىنىپ قالىدۇ؛ لېچىنكىلار تاماق تاللىمىسىمۇ، بىراق ئۇ بىر خىل ئولجىنىلا تۇتىدۇ. بىر خىل ئىنچىكە بەللىك ھەرە بولۇپ، پەقەت قاناتسىز چېكەتكىنىلا تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە كېلىپ چىشىسى بولۇشى كېرەك؛ يەنە بىر خىل ئىنچىكە بەللىك ھەرە پەقەت قارا چېكەتكىنىلا تۇتىدۇ. بۇ بىر خىلى سېرىق چېكەتكىنىلا يىغىدۇ، ئاۋۇ بىر

خىلى پەقەت ياچۋەك بىلەن چوكا باش ياچىۋەكتىن خەۋەر ئالىدۇ. بۇ ئىنچىكە بەللىك ھەرىلەر كۆل رەڭ تۇكلۇك قۇرتنى تونۇيالايدۇ؛ ئاۋۇلار ئەكسىچە كېپىنەك قۇرتىنى تونۇيالايدۇ.

ھاشاراتلىرىم، سىلەر بەك ھاماقەت ئىكەنسىلەر! سىلەر زور خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتىسىلەر! سىلەر ئەجدادلىرىڭلار ئۆگەتكەن ئوزۇقلۇق تالىماسلىق ئادىتىنى تاشلىۋەتمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى. ئىلگىرىكى ئاشۇ يېمەكلىكلەر، قالدۇق سۆڭەكلەر ھازىرمۇ ساھىللاردىكى قاتتىق قۇمسىمان لاتقىلار ئىچىگە كۆمۈلگەن! شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ۋە ئائىلەڭلارغا قانچىلىك پايدىسى بارلىقىنى بىلەمسىلەر! يېمەكلىك مەنبەسى كۆپ بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا، بەزى ۋاقىتلاردىكى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەسلىكتەك مۇشەققەتلىك يېمەكلىك ئىزدەشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ۋاقىت، ئورۇن ۋە كىلىمات تەمىنلىگەن پۇرسەتكە تايىنىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ، شۇنداقلا يەنە يېمەكلىكلەرنى ئامبارغا لىقمۇلىق قاچىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەردە قاناتسىز چېكەتكە بولمىسا قارا چېكەتكىنى ئوزۇقلۇق قىلىشقا بولىدۇ؛ قارا چېكەتكە تېپىلمىسا يەنە باشقا چېكەتكىنى تۇتقىلى بولىدۇ. لېكىن، سىلەر قەستەن مۇنداق قىلمىدىڭلار، چىرايلىق ئىنچىكە بەللىك ھەرىلىرىم، سىلەر ئىلگىرى بۇنداق دۆت ئەمەس ئىدىڭلار. بۈگۈنكى كۈندە سىلەر ئوزۇقلۇقنى جەمەت بويىچە بېكىتتىڭلار. بۇنىڭ سەۋەبى، كۆل بويلىرىدىكى سىلانېتس بەلباغلىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىڭلار سىلەرگە ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرمىگەن.

ئېھتىمال ئۇ سىلەرگە بىر خىللا تاماق رىسالىسىنى قالدۇرغاندۇ؟ ياخشى، مۇشۇنداق بولدى دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، قەدىمكى دەۋردىكى ئىنچىكە بەللىك ھەرىلەرنى شاگىرت ئاشپەز دېيىشكىلا بولىدۇ، ئۇ پەقەت بىر خىللا ئولجىنى يېمەكلىك زاپىسى قىلىدۇ، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، قايسى خىل بولۇشى بەرىبىر. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى نۇرغۇنلىغان تۇركۈملەرگە

بولۇپ كەتتى، ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئاخىر ئۇلار كۆرۈنەرلىك پەرقى بولغان ئوخشاش بولمىغان ھەرە تۈرلىرىنى شەكىللەندۈردى. شۇنداق قىلىپ، ھەرقايسى تۈرلەردىكى ھەرىلەر ئەجدادلىرى بەھرىمەن بولغان يېمەكلىكلەردىن سىرت، يەنە ئۆز ئالدىغا كۆپ مىقداردىكى باشقا يېمەكلىكلەرنى ئويلاشتى. ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسى ئۈنۈمنى يوقاتتى، ئۇلار يېمەكلىك تاللىغاندا ئىشلىتىدىغان كومپاس ئەمدى يوق بولدى. شۇڭا، ئۇلار ھاشارات تۈرلىرىنىڭ گۆشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تېتىپ كۆرۈپ، نېمىگە يولۇقسا شۇنى تۇتتى. قانداق ئولجىنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا كەلسەك، پۈتۈنلەي لىچىنكا ھەرىنىڭ ئىشتىھاسىغا ئاساسەن بەلگىلەندى. لىچىنكا ھەرە يېتىلگەن ھەرىنىڭ ھەر قېتىم تەييارلىغان يېمەكلىكىدىن ناھايىتى رازى بولدى. بۈگۈنكى كۈندىكى پاكىت بۇنى ئىسپاتلىدى.

يېڭى بىر قورۇمنى تېتىپ كۆرۈش ئاشپەز ئۇستاملارغا نىسبەتەن مۇھىم ۋەقە. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئوزۇقلىنىش خۇسۇسىيىتى بىرلا خىل بولسا، ئۇنداقتا ئوۋ گۆشلىرى يوقالغان ياكى ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ كەتكەن ئەھۋالدا، يېرى شۇنچىلىك كەڭرى بولغان تەقدىردىمۇ، پۈتكۈل ئۇرۇق پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئەمما، ھەربىر خىل ئىنچىكە بەللىك ھەرە ئەمەلىيەتتە پەقەت بىر خىل ئوۋ گۆشىنىلا يېيىش بىلەن چەكلىنىدۇ، بۇنىڭدىن سىرت بولغان بارلىق يېمەكلىكلەر بىردەك ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ تاماق ئۇستىلىدە ئەمەس، بەلكى ئوۋ ئوۋلايدىغان جايدا پەقەت بىرلا خىل ئولجىنى تونۇيدۇ، دېگەنلىكتۇر ! ئەۋلادمۇئەۋلاد سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق سىلەر يېڭى بايقاشقا ئىگە بولدۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن يېمەكلىك تۈرلىرى موللاشتى. ئەمما ئاجىزلاپ پەقەت بىرلا خىل ئولجىنى يەيدىغان بولدۇڭلار. ئىلگىرى سىلەرنىڭ ئىگىلىگىنىڭلار يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى ئىدى، كېيىنچە چېكىنىپ،

ئەلالىرىدىن ۋاز كېچىپ، ناچارلىرىنى ئالىدىغان مۇشۇنداق ھالەت شەكىللەندى. ئىنچىكە بەلىلىك ھەرىلىرىم، ئەگەر شەكىل ئۆزگىرىش نەزەرىيەسى راستلا يوللۇق بولسا، ئۇنداقتا بۇ نەزەرىيە ئادەمگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە گالۋاڭلىقنى ئۆگىتىشى مۇمكىن.

سىلەرنىڭ ئاھانەت قىلماسلىقىڭلار، شۇنداقلا ئاللىقاچان ساۋاتقا تەئەللۇق بولغان نەرسىنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن، مەن مۇنداق بىرقانچە ئېغىز سۆز قىلماقچى. مەن سىلەرنىڭ پەقەت بىرلا خىل ئوۋ گۆشىگە قاراپ قالغىنىڭلارنى سىلەرنىڭ ئەزەلدىن يەنە باشقا ئوۋ گۆشلىرىنىمۇ يېگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىگىنىڭلاردىن بولغان دەپ قارايمەن. مەن سىلەرنىڭ ئورتاق ئەجدادىڭلارنى ئۇزۇقلىنىش خۇسۇسىيىتى ئاددىي ياكى مۇرەككەپ دەپ ئاتىۋېلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھەممىسىنى پەقەتلا بىر قۇرۇق پەرەز، دەپ ئويلايمەن. مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئەگەردە سىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىڭلار بولسا، ئۇ ھالدا تۇرلۇك - تۇمەن سىناپ كۆرۈشتىن كېيىن، ئاندىن ھازىرقىدەك ھەربىر ھەرە تۇرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قورۇملىرى بولغان بۇ مەنتىقىگە ئاساسلانغاندا، سىلەرنىڭ بارلىق تۇر - توپلىرىڭلار بۇگۈنكى كۈندە چوقۇم غىزا تاللىمايدىغان ئىستېمالچى، مۇرەككەپ ئۇزۇقلىنىدىغان ھاشارات تۇرى بولۇشى كېرەك. مەن يەنە شەكىل ئۆزگىرىش نەزەرىيەسى سىلەرنىڭ ئۇزۇقلىنىش خۇسۇسىيىتىڭلارنى تونۇشقا قادىر بولالمايدۇ، دەپ قارايمەن. يۇقىرىقىلار ساردىن بېلىقى كونسېرۋا قۇتىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىك ئاشپۇزۇلدا ئېرىشكەن يەكۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# جاپاكەش پارازىت قۇرتلار

تۈتلىق چىپار ھەرە تۇغما تەبىئىتىگە ئاساسەن چامى يېتىدىغان ئىشنى قىلىدۇ. دەرھەقىقەت، مەن ئۇنى ئەيىبلەپ باقمىغان، لېكىن بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، تۈتلىق چىپار ھەرە تىرىكتاپ، دەسلەپتە چېۋەر ۋاقتىدا ئىشلەتكەن قورالىرىنى كېرەكتىن چىقارغان. ئۇ ھېچ ئىش قىلماسلىقنى ئىستەيدۇ، مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان يول بىلەن ئەۋلادلىرىنى بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ جانىۋارلار ئەمگەك قىلىشنى قورقۇنچلۇق ئىش دەپ بىلىدىغان بولغان. ئەمگەك قوراللىرىنى ئىشلىتىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ، ئورگانلىرى ھېچنېمىگە يارىمايدىغاندەك رودىمېنتلىشىپ يوقالغان. شۇنىڭ بىلەن پۇتكۇل تۇرمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەن بىر خىل پارازىت قۇرتنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن، بۇ بايان ئاددىي ۋە ئېنىق، قىزىقارلىق بولۇپ، كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىنىشىمۇ زەرۈرى يوق. قېنى بىز بۇ نەزەرىيەنىڭ كونكرېتنى مەزمۇنىغا قاراپ باقايلى.

مەلۇم بىر «ئانا» بىرھازا ئىش قىلغاندىن كېيىن، تۇخۇملاشقا ئالدىراپ، توساتتىنلا يېنىدىكى ئۆز خىلىنىڭ تەييار ئۇۋىسىنى بايقاپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى دەرھاللا باشقىلارنىڭ ئائىلىسىگە ھاۋالە قىلىدۇ. سۆرەلمىلىك قىلغۇچى ئۆي سېلىش ۋە ھوسۇل يىغىشقا دەخلى يەتكۈزىدۇ، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش ئۇنىڭ ئادەتتىكىدەك بىر خىل ئېھتىياجىغا ئايلىنىدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ يەنىلا ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈندۇر. بۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ

يەنە ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ، جاپا تارتىشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت پۈتۈن زېھنى بىلەن تۇخۇملىسىلا بولىدۇ. «ئانا» نىڭ ھۇرۇنلۇقىغا بالىلىرى ۋارىسلىق قىلىدۇ. بالىلىرى يەنە ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆپىيىدۇ، بۇ خىل ھۇرۇنلۇقمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ. ھاياتلىق رىقابىتى بۇنداق ئاددىي ئۇسۇلغا ئېھتىياجلىق تۈرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك نەسىل قالدۇرۇشىغا ئەڭ ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەمگەك ئورگانىزملى-رىچۇ، پايدىلانمىغاندىن كېيىن بارا - بارا رولىنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، بەدەن ھالىتى، رەڭگىدىمۇ سەل - پەل ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ تۈر ئاخىر پارازىت تۈر بولۇپ تۇراقلىشىدۇ.

مەن مۇنداق ھۇرۇنلۇقنى كۆپتۈرۈشنى ئەسلا ياقتۇرمايمەن. بىز زوئولوگىيەدە مەيدانغا چىققان نۇرغۇنلىغان غەلىتە نەزەرىيەلەرنى ئاڭلاپ تويۇپ كەتتۇق، مەسىلەن، ئادەم شىمپەنزىدىن ئۆزگەرگەن، مەسئۇلىيەتچان ئادەم ھاماقەتتۇر؛ ۋىجدان ئاق كۆڭۈللەرنى يولدىن چىقىرىدىغان يەمچۈك؛ تالانت ئىگىسى ئەسەبىي مىجەز بولىدۇ؛ ۋەتەننى سۆيۈش بولسا شوۋىنىزم؛ روھ ھۇجەيرە ئېنېرگىيەسىنىڭ مەھسۇلى، تەڭرى چۆچەكلەردىكى پېرسوناژ. يەنە ئالايلى، ئادەم پەقەت جەڭ ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، قىلىچنى سۇغۇرۇپ، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چىكاگودىكى تۇزلانغان گۆش يايمىچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقى بىزنىڭ غايىمىزدۇر! يېتەرلىك بولدى، بۇنداق سەپسەتىلەر يېتەرلىك كۆپ بولۇپ كەتتى! شەكىل ئۆزگەرتىش نەزەرىيەسى ئەمگەكتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس قانۇنغا تىل تەگكۈزدى!

يەنە بىر قېتىم ئېيتسام، مەن ھۇرۇنلۇقنى كۆپتۈرىدىغان بۇنداق قوپال قىلمىشنى ئەسلا ياقتۇرمايمەن. ئۇ بىزنىڭ بىچارە ھاياتىمىزغا غۇرۇر ئاتا قىلىدىغان نەرسىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىدۇ. ھاياتىمىزنى كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ماددىي ماتەم سىگنالى ئاستىغا چۈشەپ قويىدۇ. ھەي ! مۇلاھىزە قىلىشمىنى توسماڭلار، مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشمۇ بىر خىل ئارزۇ. مەنمۇ ئىنسان تەبىئىتىنى، ۋىجدانىنى، مەسئۇلىيەتنى، ئەمگەكنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى مۇلاھىزە قىلىشىم كېرەك. ئەگەردە ھەممىسى ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ ئىرقى ئۈچۈن بولسا، نېمە ئۈچۈن ھايۋانلار ئەمگەكتىن ۋاز كېچىشنى ئويلايدۇ. ئېكسپلاتاتسىيەگە تايىنىشنى توغرا دەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولمىش ئىنسانلار، بۇنىڭغا قوشۇلۇشقا جۈرئەت قىلالمىسچۇ؟ «ئۇرۇقنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئانا ھۇرۇنلاشتى،» بۇ تېئورىيىما كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. پىقىرنىڭ ئىپتقانلىرى ئاللىقاچان يېتەرلىك بولدى، ئەمدى ھايۋانلارنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ بەك قايىل قىلارلىق.

پارازىتلىق ئادىتىنىڭ مەنبەسى راستلا ھۇرۇنلۇقنى ياخشى كۆرۈشمىدۇ؟ پارازىتلارنىڭ ھازىرقىدەك قىياپەتكە ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ بىكار تەلەپلىكنى ياخشى دەپ ھېس قىلىدىغانلىقىدىنمۇ؟ ئەجەبا دەم ئېلىش مۇشۇنداق مۇھىم بولغاچقا، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولغانمىدۇ؟ مەن كۆزىتىپ، پەردە قاناتلىقلار ئەترىتىنىڭ بەزى ئەزالىرىنىڭ باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى باقىدىغانلىقىنى بايقىدىم، ئەمما بۇ جەرياندا باشتىن ـ ئاخىر ئۇلارنىڭ ھۇرۇنلۇق خۇسۇسىيىتىنى بايقىمىدىم. ئەكسىچە پارازىتلار ئەمگەكچىلەردىن بەكرەك جاپادا ياشايدۇ. بىز ئۇلارغا ئەگىشىپ ئاپتاپ قىزىتىپ تۇرىدىغان بىر يانباغىرغا بارايلى. قاراڭ، ئۇ نېمىدېگەن ئالدىراش ! ئۇ ھەر يانغا چېپىپ قاتتىق جاپا چېكىدۇ، ئوتتەك قىزىق يەرگە دەسسەپ، ھېرىپ ـ چارچىغىنىنى بىلمەي ئىزدەيدۇ، ئەمما تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلار كۆپ ھاللاردا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ، داۋاملىق بىھۇدە يول ماڭىدۇ! مۇۋاپىق بىر ئۇۋىغا ئۇچراپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ

ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان كامارلارغا نەچچە يۈز قېتىملاپ كىرىدۇ، ئۇ كامارلاردا ئەۋلادلىرى يەيدىغان يېمەكلىكلەر بولمىغان بولىدۇ. ئۇ تەسلىكتە بىر ئورۇننى تاپتى، ئۇۋا غوجايىنى چىن كۆڭلىدىن خالىغان تەقدىردىمۇ، بۇ مېھماننى قىزغىن قارشى ئېلىشى ناتايىن. قونۇپ قالغۇچىغىمۇ ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىشى ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىدىغان ئىش ئەمەس. توغۇت ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەنسىلا، ۋاقىت ۋە كۈچ خورىتىدىغان ئىش باشلىنىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇۋا ياساپ ھەسەل يىغىشىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ پارازىت قۇرتنىڭ سەرپ قىلغان كۈچى كۆپ بولىدۇكى، ئاز بولمايدۇ. ئەمگەكچىنىڭ ئىشى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ھالقا بىر ھالقىدىن بولىدۇ، شۇڭا تۇخۇملىشى ئۇچۇن ھېچقانداق چاتاق چىقماسلىقى كاپالەتلىك قىلىنغان شارائىتنى ھازىرلايدۇ. پارازىتلار كۆپ ھاللاردا قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ تەلەي سىنايدۇ. بىر قاتار شارائىتلار ھازىرلانغاندىن كېيىنلا تۇخۇملىرىنى چىقىرالايدۇ. ئۇچلۇق قورساق ھەرە يوپۇرماق كەسكۈچى ھەرىنىڭ ئۇۋىسىنى تاپقاندا، ھەمىشە شۇ جايدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئايلىنىپ، ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي قالىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ كۆنىكىنى ئىگىلىۋېلىش ئۇچۇن يەنە قانچىلىك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى بىلگىلى بولمايدۇ - دە. ئۇچلۇق قورساق ھەرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرگەندە ھەممىنى چۈشىنىمىز.

كىنىدىك كۆز ھەرە بوغۇن تاغ ھەرىسىنىڭ پارازىتى. تاغ ھەرىسى ياخشى ئۇۋا ياسىسىلا پارازىتلار تويۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ كۆنىكىنىڭ پوستىنى كولاپ تاتىلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ مەن بىر تېنى ئاجىز جانىۋار، شۇڭا سېمونت قورغانغا تۇخۇملىشىم لازىم، دېگىنىدۇر. تاغ ھەرىسى كۆنىكى ناھايىتى پۇختا، پوستى ئاز دېگەندىمۇ بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى لاي بىلەن سۇۋالغان، ھەربىر ئايرىمخانىنىڭ قۇم لايدىن ياسالغان قېلىن تام پوستى بولىدۇ. كىنىدىك كۆز ھەرە ھەسەلگە

ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، تاغ جىنسىدەك قېلىن توسۇقنى تېشىشى كېرەك.

پارازىت باتۇرلارچە ئىشنى باشلايدۇ، ھۇرۇنلار شاھى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنى باشلايدۇ. ئۇ ھەرە كۆنىكى پوستىنى بىر بۆلەك، بىر قەۋەتتىن تېشىپ ئۆزى ئۆتەلىگۇدەك يول ئاچىدۇ. ھەرە كۆنىكىنىڭ يەككە خانىلىرىنىڭ توسۇقلىرىنى بۇرغىلىغاندا، بىر ئېغىز ـ بىر ئېغىزدىن غاجىلاپ يۇتۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىدۇ. قېزىشقا ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ۋاقىت كەتكەچكە، كىندىك كۆز ھەرە چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ. قۇم لايلىق تام پوستى پۇختىلىقتا سېمونتتەك بولغاچقا، مەن پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاران دېگەندە ئۇنى تېشەلىدىم. پارازىت كىچىككىنە قىسقۇچىنى ئىشلەتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانچىلىك سەۋرچان ۋە ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ!

مەن كىندىك كۆز ھەرىنىڭ تۆشۈك تېشىشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىنى ئېنىق ھېسابلىيالىدىم. چۈنكى، ئەزەلدىن بۇنداق پۇرسەت بولمىغان، باشقىچە ئېيتقاندا، مەندە ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئىشنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە كۆزىتىدىغان سەۋرچانلىق بولمىدى. لېكىن شۇنى بىلىمەنكى، بوغۇن تاغ ھەرىسىنىڭ قەيسەرلىكىنى ئۇنىڭ پارازىتىنىڭكىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەن كىندىك كۆز ھەرىنىڭ بىر كۇن ئاۋۋال قۇم لايدىن ياسالغان بىر ھەرە ئۇۋىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىغا قاراپ تۇردۇم، بىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىشنى تۈگىتەلمىدى. كۇندۇز ئاخىرلىشايلا دېگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ياردەم قولۇمنى سۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزدۇم. تاغ ھەرىسىنىڭ ھەسەل ساقلاش خانىسىنىڭ قۇم لايلىق تام پوستى مۇستەھكەملىكتە تاشتىن قېلىشمايدىغان بولۇپ، كىندىك كۆز ھەرە ئۆزى يالغۇز بۇ خانىنىڭ مۇستەھكەم تېمىنىلا ئەمەس، يەنە پۈتكۈل ھەرە

كۆنىكىنىڭ پوستىنىمۇ تېشىپ ئۆتىدۇ. ئۇ قانچىلىك ۋاقىتتا بۇ ئىشنى ئورۇنلاپ بولىدىغاندۇ - ھە. قورۇلۇش قىلغانلارغا نىسبەتەن، بۇ قورۇلۇش تولىمۇ ھەيۋەتلىك! پۇختا ئېتىلگەن ھەسەل ئاخىر قېزىپ چىقىلدى. كىندىك كۆز ھەرە كىرىپ كەتتى. تاغ ھەرىسى تۇخۇملاشنى نىشان قىلغان ئورۇنغا بەلگىلىك مىقداردا ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى چىقاردى. مەيلى سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ بالىسى ياكى ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق يېڭى ھاياتلىقلار يېمەكلىكتىن ئورتاق بەھرىلىنىدۇ.

# تۆتىنچى بۆلۈم



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مىگلىغان نەزەرىيەۋى قاراشلار بىر پاكىتقا يەتمەيدۇ

پېلوپونىېسوس ھەرىسىگە كۆزەتكۈچىلىك رولى بولمىدى، مەن بۇ نۇقتىنى تۇنجى قېتىم بايقىدىم. بۇ پاتقاق ھەرىسىنىڭ يورۇش ـ تۇرۇش، ئىش ھەرىكەتلىرى كۆز ئالدىمىزدا ئاشكارىلانغاندا، «كۆزەتكۈچى» تەسىس قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ. بۇ ھەرىلەر پات ـ پات تۇرالغۇمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆمۈچۈكنى زاپاس ساقلايدىغان لاي ئۇۋا ياسايدۇ، پىياز پوستىدەك سۇزۇك خالتا توقۇيدۇ، بۇ تەپسىلاتلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، نېمىلەرگىدۇر ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. ھاشارات تۇرلىرىنى يىغىش مۇتەخەسسىسلىرى خۇشال بولۇپ، بۇ ھاشارات تەمىنلەپ بەرگەن قولاي شارائىتنى ئالاھىدە قەدىرلەيدۇ، مەلۇم ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆلچەملىك خەرىتىنى بىر ۋاراق ـ بىر ۋاراقتىن سىستېمىلىق سىزىپ چىقىدۇ. قاناتلىرىدىكى قان تومۇرلىرىنىمۇ كەم قىلماي سىزىپ چىقىدۇ. ئەمما، كاللىسىدا چوڭ ئىشلار بولغاچقا، بۇ خىل ھەرە تۇرىنىڭ يېمەكلىكىگە باللارچە قىزىقىش بىلەن بىرلا قاراپ قويۇپ، پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ راستلا ئۇنىڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشىغا ئەرزىمدۇ؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئاشۇنداق ئەھمىيىتى كىچىك، ئىشلىتىلىش ئورنى تۆۋەن بولغان پاكىتلارنى توپلىغاندا ۋاقىت شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋاقىت دېگەن بۇ نەرسىنى مونتېنى① «ھاياتلىقنىڭ ماتېرىيالى»

① مونتېنى — فىرانسىيەنىڭ 16 ـ ئەسىردىكى ئاقارتىش مۇتەپەككۇرى.

دەپ ئاتىغان. بىر دانە ھاشاراتنىڭ شۇنچە كۆپ ئۇششاق - چۈششەك تەپسىلاتلىرىنى چۈشىنىش بالىلارچە قىلىق بولامدۇ قانداق؟ ئەھمىيىتى بۇنچىغا ئوخشمايدىغان نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئىشلار بىزنى تىنىغلىمۇ قويمايدۇ. بوش ۋاقىتلىرىمىزدا مۇشۇنداق خۇشاللىقلارنى ئىزدىشىمىزگە ئەسلا يول قويمايدۇ. باشلىرىمىزدىن ئۆتكەن جاپا - مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلەر بىزنى مۇنداق بىر تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ: ئەگەر تەتقىقات ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، كۆزلىرىمنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان چوڭ مەسىلىلەرنى غۇۋا كۆرسەم، ئۇنداقتا مەن ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر يەكۈنگە ئىگە بولىمەن.

ھاياتلىق دېگەن نېمە؟ بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ۋاقىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاياتلىق مەنبەسىگە قايتا بارالامدۇق؟ بىز بىر تامچە تۇخۇم ئېقىنغا ئاساسلىنىپ، ھاياتلىق تەشكىللىنىشىگە بېشارەت بولغان ئاشۇ ھەيۋەتلىك تەۋرىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرالامدۇق؟ ئىنسان ئەقلى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھايۋانلارنىڭ ئەقلي ئىقتىدارى بىلەن قانداق ئوخشىماسلىقى بار؟ تۇغما قابىلىيەت دېگەن نېمە؟ ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ پسىخىك مېخانىزمىدا ئاجىزلىقنىڭ يۈز بەرمەيدىغاندۇ؟ ئۇلارنى ئوخشاش بىر پەيدا بولۇش سەۋەبىگە يىغىنچاقلاشقا بولامدۇ - يوق؟ ھەرقايسى تۈرلەر شەكىل ئۆزگىرىش نەزەرىيەسىدىكى ئاشۇ خىل مۇناسىۋەت بويىچە باغلانغانمىدۇ؟ ئۇلار سۈركىلىشكە چىدامىلىق مېتال كىلاپاندەك روشەن ئىزلارنى بەلگە قىلىپ، بۇ بەلگىلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇشىنى ساقلامدۇ - قانداق؟ بۇ مەسىلىلەر تەربىيە كۆرگەن بارلىق ئەقىل ئىگىسىنى ئازابلايدۇ، ئۇزاق مۇددەتكىچە ئازابلايدۇ، بىز ئۇلارنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن تەقدىردىمۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇجمەللىك، چۈشەنگىلى بولماسلىق ھالىتىگە تاشلاپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاۋۋالقىدەكلا بىزنى ئازابلاۋېرىدۇ. دەرۋەقە، بۈگۈنكى كۈندە نەزەرىيەلەر ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي، تەكەببۇرلۇق بىلەن ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب بېرىدۇ، ئەمما مىڭ تۈرلۈك نەزەرىيە بىر پاكىتقا تەڭ كېلەلمىگەندەك، مۆلچەرلەش سىستېمىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن تەپەككۇر قىلىغۇچىلارنى قايىل قىلالمايدۇ. ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ياكى قىلالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ چوقۇم ئالدى بىلەن، تولۇق ئاساسقا ئىگە بولغان خاتاسىز سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش لازىم. ھاشارات ئىلمىگە تەۋە زېمىن ئانچە چوڭ ئەمەس، ئەمما ئۇ بىر يۈرۈش بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە سانلىق مەلۇماتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئىلىمنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭا، مەن كۆزىتىشىم كېرەك، بولۇپمۇ تەجرىبە ئىشلىشىم كېرەك.

كۆزىتىش ئەسلىدىنلا قالتىس بىر ئىش، لېكىن پەقەت كۆزىتىشلا يېتەرلىك بولمايدۇ، يەنە تەجرىبىمۇ بولۇشى كېرەك. تەجرىبە دېگىنىمىز، شەخسەن ئۆزى ئىشتىراك قىلىپ، بەلگىلىك سۈنئىي شارائىت يارىتىپ، ھايۋانلارنى نورمال ھالىتىدە بىزگە ئېيتىپ بەرمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت. ھايۋانلار مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خىلمۇخىل ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئىشقا سالىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئېنىق كۆرۈشىمىزگە قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ، بىز بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ لوگىكىسى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ لوگىكىلىق ھۆكۈمىمىزنى ماسلاشتۇرىمىز. بىز ھايۋانلار ئىقتىدارىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ھايۋانلار پائالىيىتىنىڭ

ھەربىكەتلەندۇرگۈچ كۈچىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەجرىبە ئېلىپ بارىمىز، لېكىن سوئاللىرىمىزنى قوبۇل قىلىدىغىنى ھەرگىزمۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى دەل ئۆزىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىدۇر، بىلىش كېرەككى، بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز ھەمىشە بىز ئىگە بولغان قاراشلارغا پايدىلىق جاۋاب چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن بۇ ئوي - پىكىرنى كۆپ قېتىم چۈشەندۇردۇم، پەقەت كۆزىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق كۆپ ھاللاردا قايمۇقۇپ قالىمىز. چۈنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئاساسەن تۈرلۈك كۆزىتىش نەتىجىلىرىنى شەرھلەيمىز. مۇبادا كۆزىتىش بىلەن ھەقىقىي نەرسىلەرنى كۆرستىپ بەرمەكچى بولساق، ئۇنداقتا چوقۇم تەجرىبىدىن مەدەت تىلىشىمىز كېرەك. پەقەت تەجرىبە ئارقىلىقلا ھاشاراتلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدەك مۇنداق قىيىن مەسىلىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايمىز. بەزىلەر ئىلگىرى زوئولوگىيەنىڭ بىر تۈرلۈك تەجرىبە خاراكتېرلىك پەن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. ئەگەر زوئولوگىيە پەقەت تەسۋىرلەش، تۈرگە ئايرىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان پەن بولسىدى، ئۇ ھالدا بۇ خىل ئەيىبلەشنى پۈت دەسسەپ تۇرالايدۇ، دېيىشكە بولاتتى، ئەمەلىيەتتە تەسۋىرلەش، تۈرگە ئايرىش زوئولوگىيەنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر تەرىپى، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان تېخىمۇ يۇقىرى نىشانى بار. زوئولوگىيە ھايۋانلاردىن ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك مەلۇم مەسىلىنى چۈشەنگەن ۋاقىتتا، ئوتتۇرىغا چىقىپ سوئال سورىغۇچى دەل تەجرىبىدۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كىچىك ماكانىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ باقاي، ئەگەر مەن تەجرىبىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن بولسام، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى كۈچلۈك قورالدىن مەھرۇم قالاتتىم. كۆزىتىش ئارقىلىق مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، تەجرىبە مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغان

مەسىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئارقىغا بىر قەدەم يېنىپ سۆزلىسەك، تەجرىبە بىزگە زور يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يورۇقلۇقنى قاتمۇقات قارا بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىن ئاشكارىلاپ نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

# ئۆزۈن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ
# تىرىكچىلىك يولى

قىش پەسلى كېلەيلا دېدى، ھاۋانىڭ ئەپتى تۇتۇق ئىدى. مەن ئىسسىنىشقا كېرەكلىك ئوتۇنلارنى غەملەش ئۈچۈن شاخ - شۇمبا يىغىشقا كىرىشتىم. بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش مۇشۇ بىر مەزگىلدىكى زېرىكىشلىك تۇرمۇشۇمغا بىر ئاز ھۇزۇر قوشقانىدى. مەن ياغاچ كەسكۈچكە مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى جىددىي زاكاز قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇرت چۈشۈپ كەتكەن قېرى دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ خېرىدارنىڭ بۇنداق قىزىقىشىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئەمما مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆيۈشچان ئەلا سۈپەتلىك ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېرەك قىلماي، ئەكسىچە قۇرت چۈشكەن ياغاچلارنى، يەنى ئۇنىڭ دېگىنىدەك «چىرىگەن ياغاچ»نى تاللىغانلىقىمنى چۈشىنەلمىدى. ئەلۋەتتە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنى بار. مېنىڭ قىسقىلا چۈشەندۇرۇشۇم ئارقىلىق، بۇ سەممىي ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ، دەرھاللا مېنىڭ تاپىلىغىنىمدەك ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ھازىر ھەر ئىككىمىز مەيداندا بار. بىز سۆيۈملۈك دۆب دەرىخى پارچىسىنى كۆزىتىشنى باشلىۋەتتۇق. ئۇ ياغاچنىڭ ھەممە يېرى مۇدۇر - چوقۇر بولۇپ، يول - يول جاراھەتلەر قورساق بوشلۇقىغىچە سوزۇلغانىدى، جاراھەت ئېغىزىدىن قوڭۇر رەڭ كۆز يېشى تامچىلاپ، خۇرۇم زاۋۇتىدىكىدەك پۇراقنى تارقىتىپ تۇراتتى. دەرەخ تۇگۇرچىكىدىن تاراقلىغان، دەرەخ ئاچىسىدىن غاجىلىغاندەك، دەرەخ غولىدىن يېرىلغاندەك ئاۋاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقاتتى. ياغاچنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغىنى قانداق نېمىدۇ؟ ۋوي، يوشۇرۇنۇۋالغىنى مېنىڭ تەتقىقات بايلىقىم ئىدى. قىشلايدىغان ھاشاراتلار ياغاچنىڭ قۇرغاق كاۋاك جايلىرىدا گۈرۈپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قىشلىق ماكانلىرىنى تاپقانىدى. يوپۇرماقلارنى چايناپ خېمىر قىلىدىغان تاغ ھەرىلىرى ئالتۇن قوڭغۇز ياسىغان لەخمىنى كىچىك بۆلمە ئۆيلەر بىلەن توشتۇرۇۋەتكەنىدى. يوپۇرماق كەسكۈچى ھەرىلەر باشقىلار ئىشلەتمىگەن قۇرۇق ئۆي ۋە كارىدورلار ئىچىگە يوپۇرماق خالتىلىرىنى دۆۋىلەپ قويغانىدى. بىراق، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىلىرى دەرەخ شىرنىسى مول يېڭى ياغاچ ئىچىگە ئورۇنلاشقانىدى. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز دەل دۇب دەرىخىنى ھالاك قىلىدىغان ئاساسلىق جىنايەتچى ئىدى.

ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانىزم تۈزۈلۈشىدىكى ھاشارات، ئۇلارنىڭ لىچىنكىلىرى تولىمۇ غەلىتە، ئۆمىلەپ ماڭىدىغان قىسقا-قىسقا ئۈچەينىڭ ئۆزى! كۆز مەزگىلى، مەن ياغاچنىڭ ئىچىدە ئوخشىمىغان ياشتىكى ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىلىرىنى كۆردۈم. يېشى چوڭراقى بارماق توملۇقىدا، كىچىكرەكى قېرىنداشتەك ئىنچىكە ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە رەڭگىنىڭ قېنىقلىقى ئوخشاش بولمىغان قورچاقلارنى، ھەتتا قورسىقىنى تومپايتىۋالغان يېتىلگەن ھاشاراتلارنىمۇ كۆردۈم. يېتىلگەن ھاشاراتلار كېلەر يىلدىكى ھاۋا تەدرىجىي ئىسسىغان مەزگىللەردە دەرەخ غولىدىن تېشىپ چىقاتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز دەرەخ ئىچىدە توپتوغرا ئۈچ يىل (ئۈچ ياش مەزگىلى) ياشايتتى. بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان نەزەربەندتىكى تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزىدىغاندۇ؟ ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئۇلار قېلىن دۇب دەرىخى ئىچىدە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن لاغايلاپ يۈرۈشۈپ، ئاخىرى چىقمايدىغان يوللارنى ياساپ، ھەر ۋاقىت ھەر جايدا ئۆزلىرى پەيدا قىلغان كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن

ئاچلىقىنى باسىدۇ، جوب①نىڭ ئارغىمىقى، سۆزگە ماھىرلىقىغا تايىنىپ يەر - زېمىن ئىگىلەيدۇ؛ ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ لىچىنكىلىرى ئېغىزى ئارقىلىق تىرىكچىلىك يولىدا ماڭىدۇ. ئۇنىڭ قىسقا ھەم مۇستەھكەم ئېڭىكى بار، بۇ ئېغىز چىشسىز بولۇپ، خۇددى قىرى ئۆتكۈر چۆمۈچكە ياغاچچىنىڭ ئىسكىنىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ بۇ ئىسكىنىنى ئىشلىتىپ، قانال ئىچىدىكى تەكشىلىكنى كولايدۇ. كولاپ چىقارغان قالدۇق ئۇۋاقلارنى يەۋېتىدۇ. ياغاچ ئۇۋىقى ئاشقازان - ئۈچەيدىن ئۆتۈش جەريانىدا ناھايىتى چەكلىك بولغان ياغاچ شىرنىسىنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرت كېپىكىگە ئايلىنىپ، ئارقىغا تاشلىۋېتىلىدۇ. ئىش مەيدانىدىكى تاشلاندۇقلار ئىشچىنىڭ بەدىنىدىن ئۆتۈپ تازىلىنىپ بىر تەرەپكە قويۇلىدۇ، ئىش ئورنىدا ھېچقانداق توسالغۇ قالدۇرۇلمايدۇ. بۇ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ھەم يول يۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان قۇرۇلۇش. يولغا قانچە ئىچكىرىلىگەنسېرى، چېكىنىش يولىمۇ شۇنچە توسۇلۇپ ماڭىدۇ. يالغۇز ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزلا مۇشۇنداق بولۇپ قالماي، بارلىق ياغاچ كاۋىكىدىن ئوزۇقلۇق ئىزدەيدىغان، ياغاچ تېشىدىغان ھاشارات تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق مەشغۇلات قىلىدۇ.

---

① جوب — «ئىنجىل» دىكى شەخس. نامراتلىق تەقدىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلماستىن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ نامراتلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاخىرىدا كاتتا بايغا ئايلانغان. بۇ جەريانىدا ئۇنىڭ ئېتى ئالاھىدە ئەقىللىكلىكى بىلەن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا كۆپ قېتىم ياردەم بەرگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇخشىمىغان ماھارەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

مەن تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ئويلاپ قالدىم. باش قاتۇرۇپ ئويلايمەنكى، مەلۇم بىر ئالاھىدە ھاشارات تۈرلىرى قانداق ماھارەتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟ بۇ زادى نېمە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؟ پاتقاق يوپۇرماق ھەرىسى لاي بىلەن چاپاپ چىقارغان يوپۇرماق لېپىنى ئىشلىتىپ كۆنەك ياسايدۇ؛ تاغ پاتقاق ھەرىسى سېمونتتىن تۇرالغۇ ياسايدۇ؛ پېلوپونىسوس ھەرىسى سېغىز لايلىق لوڭقا ياسايدۇ؛ يوپۇرماق كەسكۈچى ھەرە دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ يۇمىلاق پارچىلىرىدىن كىچىك چۆگۈنلەرنى قۇراشتۇرۇپ پۈتكۈزىدۇ؛ سېرىق ئالىچىپار ھەرە قىرىپ ئالغان تىۋىت تۇزغاقلاردىن كىچىك خالتا ياسايدۇ؛ دەرەخ يېلىمى ھەرىسى ئۇششاق تاش دانچىلىرى بىلەن دەرەخ يېلىمىنى ئارىلاشتۇرۇپ سېمونت تەييارلايدۇ؛ ياغاچ ھەرىسى ياغاچ ئۈستىگە تۆشۈك تېشىدۇ؛ گۈل يىغقۇچى ھەرە يانتۇ يۈزلۈك يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ لەخمە كولايدۇ. ئۇلاردا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق خىلمۇ خىل كەسپىي ئىقتىدارلار بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىقتىدارلارنىڭ بەزىلىرى بىر خىل ھاشاراتتا، بەزىلىرى يەنە باشقا بىر خىل ھاشاراتتا بولىدۇ؟ ئەكسىچە، باشقىچە تەقسىمات ئۇسۇلى بارمۇ؟

مەن بۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىدىم: ماھارەتنىڭ سەپلىنىشى جانلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، بەزى ھاشاراتلارنىڭ قورالى يىغىشقا، قىرىشقا ماس كەلگىنى بىلەن،

يوپۇرماق كېسىشكە، لاي ئارىلاشتۇرۇشقا ۋە دەرەخ يىلىمىنى قوچۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قورالى ئالىلىقاچان قانداق كەسپىي ئىقتىدارنى ھازىرلاش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن.

دەرھەقىقەت، بۇ قائىدە ناھايىتى ئاددىي، مەنمۇ ئىنكار قىلمايمەن. بۇ كۆزقاراشلارنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىپ بولدى. قائىدە سۆزلىنىپ مۇشۇ باسقۇچقا يەتتى، مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە قارىتا قىزىقىشى ۋە ۋاقتى بولمىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئالىلىقاچان يېتەرلىك بولدى. بەزى يېڭىچە كۆزقاراشلار تارقىلىپ يۈرمەكتە، لېكىن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۇنچە بەك تارتىپ كەتمەيدۇ. يەنىلا قىزىقىشىمىزنى قاندۇرىدىغان ئاددىي قاراشلار بەكرەك كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. بۇنداق قاراشلار بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ؛ بۇنداق كۆز قاراش بولغاچقا، كىشىلەر «ئومۇمىي پەن» دېگەن بۇ نامنى تېخىمۇ بەكرەك ئوچۇق، ئاشكارا ئېيتالايدۇ. ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا دۇنيانىڭ سىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەممە ئادەمنى خەۋەردار قىلىپ، ھەممە كىشى بىلىشتەك ئۇنۇمگە يېتەلەيدىغان ھېچقانداق چارە يوق. پىكىر قىلىدىغان ئادەم ئالدىراپ شادلىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇ بىر خىل شەيئىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە بىلىشى كېرەك بولغان دائىرىنى ئاز ـ ئازدىن بەلگىلىۋالىدۇ؛ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ساھەسىنىڭ دائىرىسىنى چەكلەپ، ھوسۇل ئاز بولغان تەقدىردىمۇ، سۈپىتى ساز نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. قورال ئىقتىدارنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن قاراشنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئاۋۋال كۆرۈشى كېرەك، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى كېرەك. ئۇ كۆزەتكەن نەرسە ئىنچام ۋە مەزمۇنلۇق ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئىسپاتلاشتىن خېلىلا يىراقتا بولۇشى مۇمكىن. بىزمۇ ئۇ شۈبھىلەنگەن ئىشلارغا نەزەر سېلىپ، يېقىن بېرىپ قارىساقلا بىلەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فىرانكلىن مۇشۇ يەرگە ئىشلىتىشكە ناھايىتى ماس كېلىدىغان مۇنداق بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغان، «بىر ماھىر ئىشچى ھەرە بىلەن رەندىلەشنى، رەندە بىلەن ھەرىدەشنى بىلىشى لازىم» دەپ ئېيتقان. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ھاشاراتلار ماھىر بولغاندىمۇ ناھايىتى ماھىر ئىشچىدۇر، ئۇلار بۇ بوستون دانىشمىنىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانمىسىمۇ بولمايدۇ. ھاشاراتلار ئىنتايىن ماھارەتلىك. ئۇلار ھەرىنىڭ ئورنىدا رەندىنى، رەندىنىڭ ئورنىدا ھەرىنى ئىشلىتەلەيدۇ، چېۋەرلىكى بىلەن قوراللارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىيالايدۇ. باياتىن كۆرمىدۇقمۇ، ئاشۇ قوراللىرى ئوخشىمايدىغان ھۈنەرۋەنلەر دەرەخ يېلىمىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، چۆمۈچ تۇتقىنى چۆمۈچىنى، تىرنا تۇتقىنى تىرنىسىنى، قىسقۇچ تۇتقىنى قىسقۇچىنى ئىشلەتتى. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار تىۋىت ـ توزغاقلاردىن ۋاز كېچىپ يوپۇرماققا ئېرىشەلەيدۇ، يوپۇرماقتىن ۋاز كېچىپ دەرەخ يېلىمىغا ئېرىشەلەيدۇ، ياكى دەرەخ يېلىمىدىن ۋاز كېچىپ سۇۋاققا ئېرىشەلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ خاتىرىلىۋېلىش لازىم. بۇنداق بىرقانچە قۇر يازما ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەر دەپ قارىلىپ، ئەيىبلىنىشى مۇمكىن. باشقىلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، قارشى تۇرغۇچىلارغا تۆۋەندىكى تەكلىپنى تەۋسىيە قىلىمىز: كۆپچىلىك ئابرۇيلۇق ھاشاراتشۇناستىن، مەسىلەن، لاترېيلى①غا ئوخشاش ھاشاراتشۇناستىن بىرنى تېپىپ كۆرۈپ باقسۇن. لاترېيلى تەپسىلات تۈزۈلۈشلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان، لېكىن ئادەت مەسىلىسىدە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش ئۆلۈك ھاشاراتلارنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن تىرىك ھاشاراتنى سۈرۈشتۈرۈپ باقمىغان. ئۇ پەقەت تۈرگە ئايرىش مۇتەخەسسىسى. بىز ئۇنى

---

① لاترېيلى (1762 — 1833) — فىرانسىيەلىك تەبىئەتشۇناس، ھاشاراتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىلىرىنىڭ بىرى.

تۇنجى بولۇپ ئۇچۇپ كەلگەن بۇ ھەرىنى كۆزىتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلايلى، ھەم ئۇنىڭ قانداق ماھارىتىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ باقايلى. ۋىجدان بىلەن سۆزلىگەندە، ئۇ بۇ توغرىسىدا گەپ ئاچالارمۇ؟ كىم ئۇنى بۇ سىناقنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بىزنىڭ بىۋاسىتە تەجرىبىلىرىمىز ئاللىقاچان كىشىلەرنى چوڭقۇر ئىشەندۈرۈپ بولدى، پەقەت كۆزىتىشكە تايىنىپلا ھاشاراتلارنىڭ قانداق ماھارىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا ئامال يوق ـ دە؟ ئارقا پەنجىسىدىكى چاڭ سېۋىتى، قورساق يان چوتكىسى، بۇلار بىزگە بۇ خىل ھاشارات تۈرىنىڭ گۈل شىرنىسى، گۈل چېڭى يىغىدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كەسپىي ماھارىتى نېمە، ھەقىقەتەن بۇرۇنقىدەكلا مەخپىي، لوپا ئەينەك بىلەن كۆزەتسەكمۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر بىز ئىنسانلارنىڭ ماھارىتىگە ھۆكۈم قىلساق، ئۇنداقتا رەندە كۆتۈرۈۋالغىنى ئىنچىكە ئىشلارنى قىلىدىغان ياغاچچى، ئەندۇۋا كۆتۈرۈۋالغىنى تامچى، قايچا كۆتۈرۈۋالغىنى كېسىمچى، يىڭنە كۆتۈرۈۋالغىنى تىككۈچى بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ماھارىتىگىمۇ مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلساق بولامدۇ؟ ئۇنداقتا ياخشى، سىز بۇلارنى بىزگە ئېيتىپ بېرىڭ، ئەندۇۋا چوقۇم لايچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھاشاراتلارنىڭ بەلگىسى، يومىلاق ئىسكىنە بولسا ياغاچچىلىق قىلىدىغان ھاشاراتنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، كىچىك قايچا تىككۈچىلىك ئىشىنى قىلىدىغان ھاشاراتنىڭ ئىسپاتى. سىز يەنە بىزگە مۇنداق كۆرسەتمە بېرىسىز: «بۇ بىرى دەرەخ يوپۇرمىقى كېسىدۇ، ئاۋۇ بىرى ياغاچ تېشىدۇ، ئۈچىنچىسى سېمونت ئارىلاشتۇرىدۇ.» بۇلاردىن باشقا يەنە بار، سىز داۋاملىق قورالىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى بېكىتىۋېرىڭ.

سىز مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيسىز، ھېچكىممۇ مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيدۇ. بىۋاسىتە كۆزىتەلمەيدىكەن، ئەمگەكچىنىڭ كەسپىي ماھارىتى بىلگىلى بولمايدىغان بىر سىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاشاراتلارنىڭ ماھارىتى خىلمۇخىل، بۇنىڭ سەۋەبى قانداقتۇر قورالغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئەمەسمۇ؟ گۇمانلىنىش ھاجەتسىز، بۇ تېخنىكلارنىڭ چوقۇم مەخسۇس قورالى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار قوراللىرىنى قانداق ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ، خۇددى فىرانكلىن داڭلىغان ئىشچىلاردەك. تىۋىت - توزغاق يىغىدىغان چىشلىق چوڭ ئېگەك بىلەن يەنە دەرەخ يوپۇرمىقى كېسىشكە، دەرەخ يېلىمى ئارىلاشتۇرۇشقا، لاي ئېتىشقا، ياغاچ ئېكەكلەشكە، ھاك لاي ئېتىشكە بولىدۇ؛ تىۋىت - توزغاقلار بىلەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى كىچىك چەمبەر شەكلىدە يالپاقلاپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان پۇت بوغۇملىرى ئوخشاشلا لايدىن كىچىك بۆلمە ئۆيلەرنى ياساشنى، سېغىز توپىدىن كىچىك مۇنارلارنى ياساشنى ۋە قۇم شېغىلدىن موزايكا ياساشنى ئوبدان بىلىدۇ.

ھاشاراتلارنىڭ ماھارىتى تۇرلۇك - تۇمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى زادى قەيەردە؟ مەن ئەمەلىيەت جەريانىدا ئېنىق چۈشىنىۋالدىم، سەۋەبى پەقەت بىرلا، يەنى ئاڭنىڭ ماددىنى كونترول قىلىشى. بىر خىل مەنبەلىك ئىلھام، بىر خىل شەكىلدىن ئۇستۇن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەقىل - پاراسەت، ئۇلار قوراللارنى كونترول قىلىدۇ، قانداقتۇر قوراللارغا بېقىنىپ قالمايدۇ. قوراللار ماھارەتنىڭ تۇرلىرىنى بەلگىلىمەيدۇ، قوراللارنىڭ قانداق بولۇشى ئىشچىلارنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلىمەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىر مەقسەت، بىر مۇددىئا بولغان، ھاشارات بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاڭسىز ھەرىكەتتىن پايدىلانغان. بىزنىڭ نەرسىلەرنى كۆرەلىشىمىز نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان كۆزگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىدىنمۇ ياكى كۆزىمىز بولغاچقا نەرسىلەرنى كۆرەلىدۇقمۇ؟ ئىقتىدار ئەزالارنى ياراتقانمۇ ياكى ئەزالار ئىقتىدارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۇرگەنمۇ؟ ئىككى جاۋابتىن بىرىنى ھاشاراتلار تاللىسۇن، ئۇ راستچىللىق بىلەن ئالدىنقىسىنى تاللايدۇ. ئۇ بىزگە: «مېنىڭ ماھارىتىمنى مەن

ئىگە بولغان قوراللار ئۆگەتمىگەن؛ مەن قوراللىرىم ۋە ماھارىتىم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئارقىلىق قوراللاردىن پايدىلىنىمەن». ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن بىزگە ئېيتىدۇ: «ئىقتىدار ئەزالارنى بەلگىلەيدۇ، كۆرۈش سەزگۈسى كۆزنىڭ كۆز بولۇشىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان». ئۇ بىزگە ۋېرگىلنىڭ تۆۋەندىكى ئىدىيەسىنى قايتا بايان قىلىپ بېرىدۇ: «ئەقىل - پاراسەت ھەرىكەتچان بولىدۇ».

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى بۆلۈم



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاپخورلار

ئاپرېلدا دېھقانلارنىڭ گۈرجەكلىرى ئاستىدا ئۆلگەن قارىغۇ چاشقانلار ئېتىزلىقنىڭ بېشىدىكى يوللارنىڭ يېنىغا دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. باغرى قاتتىق بالىلار قوللىرىغا تاش ئېلىپ، چېتلاق يېنىدىكى يېشىل كەمزۇللىرىنى ئەمدىلا كىيگەن كەسلەنچۈكلەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. پىيادە يۇرۇۋاتقانلار ئۆزى بىلەن ئۆزى ماختىنىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان سۇ يىلانلىرىنى غەزەپ بىلەن دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تېخى ئۇچۇرما بولمىغان قۇش باللىرى شىددەتلىك بوراندا ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھاياتىدىن ئېچىنىشلىق ئايرىلغان جانلىقلارنىڭ تاپى قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئەمما، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇنداق كۆرۈنۈش ۋە پۇراقلار ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. چۈنكى، دالادا تازىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تولىمۇ كۆپ.

ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان، ئەمما ئوغرىلىق قىلىشقا ھېرىسمەن چۈمۈلىلەر بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كېلىپ، تاپلارنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا باشلايدۇ. ئارقىدىنلا تاپنىڭ خۇش ھىدى قوش قاناتلىقلار ئەترىتىنى — كۆپىيىشى يىرگىنچلىك بولغان چىۋىن لىچىنكىسىنى جەلپ قىلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە قەيەردىندۇر يەنە باشقا خىلدىكى قۇرت - قوڭغۇزلار — ياپىلاق تاپخور قۇرت، يالتىراق نۇر چاقنىتىپ، ئۇششاق قەدەم باسىدىغان شەيتانقوڭغۇز، قورساق ئاستى قاردەك ئاپپاق كۈيە قۇرتى، ئۇزۇن ھەم ئورۇق يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇز قاتارلىقلار خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا توپ - توپ بولۇپ يېتىپ كېلىدۇ.

بۇ قۇرت ـ قوڭغۇزلار سېسىق ھىدنى زور ئىجتىھات بىلەن تەكشۈرىدۇ، ئىزدەيدۇ ۋە سۈمۈرىدۇ.

بىر ئۆلۈك قارىغۇ چاشقاننىڭ تېنى ئاستىدىكى نېمىدىگەن قايىنام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە ـ ھە بۇ! بۇ بىر قورقۇنچلۇق تەجرىبىخانا، ئەمما پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئەكسىچە بىر خىل گۈزەل نەرسە. ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى كۆڭۈل ئاينىش ئۈستىدىن غالىب كېلەيلى، ئاندىن بۇ سېسىغان تاپنى پۈتمىز بىلەن تۈرتۈپ باقايلى. باركاللا، ئاستىدا شۇنچە كۆپ كىچىك ھاشاراتلار قىستىلىشىپ كەتكەنىدى. ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئەمگەكچىلەر ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى! پەقەت تاپخور ھاشاراتلارلا قالقان قاناتلىق ماتەم كىيىمىنى كىيىپ، جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ، يەر ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ مۆكۈۋالدى؛ شەيتانقوڭغۇزنىڭ تېنى خۇددى رەندىلەپ، پارقىرىتىلغان قارا ئەبنۇس ياغىچىدەك بولۇپ، ئۇلارمۇ ئاستا قەدەملىرى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىش ئورنىدىن قاچتى؛ بىر كۆيە قۇرتى ئاچ سېرىق قارا چېكىتلىك يېپىنچا ئارتىپ ئۇچۇشقا ئىنتىلىۋىدى، لېكىن شورىغان قاندىن مەست بولۇپ، باشچىلاپ موللاق ئېتىپ، قورسىقىدىكى ئاق داغلار كۆرۈنۈپ قالدى.

بۇ بىر توپ ئەسەبىيلەرچە ئىش قىلىدىغان قۇرت ـ قوڭغۇزلار بايا ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدى؟ ھە، ئۇلار تاپلارنىڭ گۆرىنى كولاپ، يىغىدىن ھاياتلىق بەخش ئەتتى. بۇ قالتىس كىمياگەرلەر قورقۇنچلۇق چىرىتمىلاردىن پايدىلىنىپ، زەھەرسىز، زىيانسىز بىيولوگىيەلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى. ئۇلار بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان تاپلارنى كولاپ، ئۇلارنى پۈچەك ئۈستىخانغا، ئەخلەت دۆۋىسىدىكى پېژغىرىم ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كېرەكسىز شۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇلار ئەڭ تېز سۈرئەتتە زىيانسىز ماددىلارنى ئايرىپ چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھايال ئۆتمەي، يەنە باشقا كىمىياگەرلەر يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلارغا جۇغى كىچىكرەك بولىسىمۇ، ئىنتايىن سەۋرچان، بۇ تاپلارنى تا ھاياتلىق خەزىنىسىگە قايتۇرغانغا قەدەر، مۇسكۇل، سۆڭەكلىرىدىن تارتىپ تۈكلىرىگىچە چالا قويماي تۈگىتىدۇ. بىز بۇ تازىلىغۇچىلارغا ئېھتىرام بىلدۇرەيلى. ئۇلۇك قارىغۇ چاشقاننى ئەسلىي ئورنىغا قويۇپ، بۇ جايدىن ئايرىلايلى.

ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق مەزگىلىدە، ئېتىزلاردا قارىغۇ چاشقاندىن باشقا يەنە بەزى قۇربانلارمۇ، ئالايلۇق، تولۇمچاشقان، يەر چاشقىنى، چار پاقا، سۇ يىلىنى، كەسلەنچۈك قاتارلىقلار بار. قارىغۇ چاشقاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تاپلار ھايۋانلار بىزگە يۇقىرى ئۇنۇملۇك ئوغۇت ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئوغۇتنى ياسىغۇچى دەل تاپخور ھاشاراتلاردۇر. تاپخور ھاشاراتىنىڭ بوي ـ تۇرقى، كىيىم ـ كېچىكى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ئامەتسىز خارلارغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا بىر خىل يۇقىرى ئىقتىدار بار، ئۆزگىچە پۇراق چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە قىزىل رەڭلىك تۈگمىگۈل كەشتىلەنگەن، كۆكسى گويا ئاچ سېرىق فىلانېل، قالقان قانىتى گويا قىزىل ياقىلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كىيىمى تولىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ، تاپخورلار ئارىسىدىكى باشقا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ كىيىمىدىن نەچچە ھەسسە ئالىي. خار قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ كىيىمى قارىلىق كىيىمگە ئوخشاش بولۇپ، دەپنە مۇراسىمىدا كىيىشكە مۇۋاپىق.

تاپخور ھاشارات ئوپېراتسىيە يارده‌مچىسى ئەمەس، ئۇ تەجرىبە ئوبيېكتىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا مەسئۇل ئەمەس، چوڭ ئېڭەك ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن گۆشلەرنى كېسىدۇ. ئۇنى گۆركار، مېيىت ئۇزاتقۇچى دېسەك تولىمۇ ماس كېلىدۇ. دەپنىچى ھاشارات، كۆيە قۇرتىنىڭ كۆزى قالقان قاناتلىقلارغا ئوخشاش ئالدى بىلەن ئېچىلغان تاپلارغا چۈشىدۇ، ئاندىن تويغۇچە غىزالىنىدۇ. ئۇلارمۇ ئائىلىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، تاپخور ھاشارات ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئاز مىقداردا

غىزالانسىلا بەدەن قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان ھاشارات، يېڭى بايقىغان تاپقا ئېغىز تەگسىلا كۇپايە. ئۇ تاپنى يەرگە كۆمگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پىشىپ لىچىنكىلارنىڭ يېمىگە ئايلىنىشىنى كۈتىدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىكنى كۆمۈپ قويۇشىدىكى مەقسىتى شۇ يەرگە ماكانلىشىشتىن ئىبارەت. بۇ تاپ يىغقۇچىنىڭ يول مېڭىشى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ياشىنىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، كۈتۈلمىگەندە ئىگىسىز مال ـ مۈلۈكنى ئۇچرىتىپ قالسا، تولىمۇ چاققان بولۇپ كېتىدۇ. قارىغۇ چاشقانغا ئوخشاش چوڭ ئۆلجىنى پەقەت بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا يەرگە تولۇق كۆمۈپ بولىدۇ. باشقا قۇرت ـ قوڭغۇزلار بولسا، سۆڭىكىنى ئوچۇق قالدۇرۇپ كۆمگەچكە، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. ئەمما تاپخور ھاشارات يېپىق مەشغۇلات ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، جايىدا ساقلىنىپ قالىدۇ. پەقەت بىلىنەر ـ بىلىنمەس دۆڭلۈك ئىزىلا قالىدۇ.

تاپخور ھاشاراتنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى ئاددىي بولغىنى بىلەن، ئېتىزلارنى ساپلاشتۇرۇشتا باشقا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، روھىي ھالەت جەھەتتىمۇ شۆھرەتلىك ھاشاراتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ تاپ يىغقۇچىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئەقلىي بىلىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولۇپ، پەردە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى تۇغما قابىلىيىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان گۈل شىرىنىسى ۋە ئوۋ گۆشلىرىنى يىغقۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىكەن. تۆۋەندىكى ئىككى قىزىقارلىق ئىش تاپخور ھاشاراتلار ئۈچۈن تېخىمۇ شەرەپ. بۇ ئىككى قىزىقارلىق ئىش لاكائۇر دايىرىنىڭ «ھاشاراتشۇناسلىق نەزەرىيەسى» دىن ئېلىنغان، ئۇ مەندىكى بىردىنبىر ئومۇمىي نەزەرىيە تۇرىدىكى پايدىلىنىش كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى مۇنداق يازىدۇ: «كلارۋىلنىڭ دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، ئۇ بىر تاپخور ھاشاراتنىڭ بىر ئۆلۈك چاشقاننى كۆمۈشكە

تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. چاشقاننىڭ ئاستىدىكى يەر بەك قاتتىق بولغاچقا، ئۇ مەلۇم يىراقلىقتىكى توپىسى بوش جايغا بىر ئورەك كولىغان. مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ چاشقاننى ئورەككە ئېلىپ بېرىپ كۆممەكچى بولغان، ئەمما يۆتكىيەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇپ كەتكەن. بىردەمدىن كېيىن تۆت سەپدىشىنى باشلاپ كېلىپ، ھېلىقى چاشقاننى يۆتكەپ ئاپىرىپ كۆمگەن. كىشىلەر ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ بۇ ھەرىكەتكە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز».

يازغۇچى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «گىللايدىسنىڭ تۆۋەندىكى بايانىدىنمۇ ئەقلىنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گىللايدىسنىڭ دوستى بىر چار پاقىنى شامالداتماقچى بولىدۇ. تاپخورنىڭ بۇ ھايۋاننى ئەكېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەرگە ياغاچ تۈۋرۈك بېكىتىپ، پاقىنى تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىغا ئېلىپ قويىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ تەدبىرى كارغا كەلمەيدۇ. تاپخور ھاشارات تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىغا يېقىنلىشالمىغان بىلەن، ئېگىنى كولايدۇ، تۈۋرۈك ئۆرۈلىدۇ، شۇنداق قىلىپ، تاپخور ھاشارات چار پاقىنى ئورەككە كۆمىدۇ».

بۇ ھاشاراتلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن مەقسەت ـ ۋاسىتە مۇناسىۋىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. مانا بۇ جىددىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇسۇلدۇر. لېكىن، قارىشىمچە، مېنىڭ زامانىمىدىكى پەلسەپىۋى قوپال ئۇسۇلغا بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككى ھېكايە زادى راستمىدۇ؟ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانمۇ يا؟ بۇ ھېكايىنى يۇقىرى سۈپەتلىك گۇۋاھلىق سۆزى دەپ قارىغان كىشى ئۇنچىۋالا ساددا ئەمەستۇ؟

گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ھاشاراتشۇناسلىق ساھەسىدە

ساددىراق بولمىسا بولمايدۇ. ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ساددىلىقنى مەلۇم دەرىجىدىكى نىرۋا كېسەلى، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر ساددىلىق بولمىسا، كىممۇ ئەرزىمەس ھاشارات ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىسۇن؟ دۇرۇس، بىز ساددا بولۇشىمىز لازىم، بىراق زىيادە ساددا بولۇپ كەتسەكمۇ بولمايدۇ. ھاشاراتلاردا ئەقلىي تەپەككۇر بولۇشىنى ئىستەشتىن بۇرۇن، ياخشىسى ئۆزىمىزدە ئازراق ئەقلىي تەپەككۇر يېتىلدۇرەيلى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبە نەتىجىسىگە بەكرەك مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خالىغانچە بىر ئەمەلىي مىسالغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى تەنقىدسىز مۇھاكىمە قىلمايلا قانۇنىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالساق، بۇنداق قانۇنىيەت پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ھەي جەسۇر گۆركارلار، مەن سىلەرنىڭ ساۋابلىق ئىشىڭلارغا داغ تەگكۈزمەكچى ئەمەسمەن، بۇنداق نىيەت مەندە قەتئىي بولۇپ باققان ئەمەس، ئەكسىچە خاتىرەمدە سىلەرگە تېخىمۇ زور شەرەپ ئاتا قىلىدىغان نەرسىلەر ساقلاقلىق. ئۇنى ھەرگىزمۇ چار پاقىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈۋرۈك بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ؛ مەن يىغىۋالغان ئاشۇ ئەمەلىي نەتىجىلەرنى سىلەرنىڭ شان - شەرەپ دەپتىرىڭلارغا خاتىرىلەپ قويدۇم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ نەتىجىلەر چوقۇم سىلەرنىڭ نامىڭلارغا يېڭى شان - شەرەپ قوشىدۇ.

ياق، مېنىڭ مەقسىتىم سىلەرنى نام - ئاتاققا ھېرىسمەن قىلىپ كۆرسىتىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل تارىخمۇ بەلگىلىنىپ بولغان نۇقتىئىنەزەرنى قوللىمايدۇ. تارىخ پاكىت ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن يۈزلىنىش بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىم پەقەت كىشىلەر سىلەرگە مەنسۇپ قىلىپ بېكىتكەن ئاشۇ تەپەككۇر لوگىكىسى ھەققىدە سىلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوئال سوراش. سىلەردە ئەقلىي يورۇقلۇق نۇقتىسى، يەنى ئىنسانلاردا بار بولغان ئەقىلنىڭ ئاجىز بىخى بارمۇ - يوق؟ مېنىڭ سورايدىغىنىم مانا مۇشۇ مەسىلە.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىشقا ئۈمىد باغلاشقا، قايسى جايدا قانداق ئەھۋالغا يولۇقۇشنى ئارزۇ قىلىشقا بولمايدۇ. يەنىلا قەپەس ئىشلەتكىنىمىز تۈزۈك. قەپەس بولسا، داۋاملىق كۆزىتىشكە ۋە تەكشۈرۈشكە ھەمدە كۆپ خىل ۋاستە قوللىنىشقا بولىدۇ. بىراق، قەپەسكە ئاھالىلەرنى قانداقمۇ ماكانلاشتۇرغىلى بولسۇن؟ بۇنداق زەيتۇن دەرىخى يۇرتىدا تاپخور ھاشارات كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بىلىشىمچە، ئۇ جايدا نەق مەيدان تاپخور ھاشارىتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىللا ھاشارات بار، شىمالدىكى گۆركارلار بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان بۇ ھاشاراتنىڭ سانى خېلىلا ئاز. بۇرۇنقى يىللاردا بىر ئەتىيازدا ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۈچ - تۆتنى تۇتالايتتۇق. بۇ يىلمۇ ئەگەر قاپقان قۇرۇشقا تايانمىساق، تۇتالايدىغىنىمىز يەنىلا ئۈچ - تۆتتىن ئاشمايدۇ. لېكىن، مەندە ئۇن ئىككىسى بولمىسا بولمايدۇ.

قاپقان قۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددىي. تاپنى يەرلىكىدە قويىدىغان ئىشچىلار ئەسلىدىنلا ئىنتايىن ئاز، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارساق بىكار ئاۋارە بولىمىز، يەنە كېلىپ، 4 - ئايلا ئەڭ مۇۋاپىق چاغ، بىراق قەپەستىكى ئاھالىلەر كۆڭۈلدىكىدەك سانغا يەتمەي تۇرۇپلا، 4 - ئايمۇ چىقىپ كېتىدۇ. قىسقىسى، ھاشاراتنىڭ كەينىدە يۈگۈرۈپ يۈرسەك، ئىشلىرىمىز ئانچە ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ. بىز بىۋاستە زور مىقداردا ئۆلۈك قارىغۇ چاشقاننى يىغىپ كېلىپ ھويلىغا قويۇپ قويساقلا، تاپخور ھاشاراتنى چاقىرىپ كېلەلەيمىز. بىزدە تاپ دۆۋىلەيدىغان مەيدان بولغاندىلا، تاپخورلار تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇلار مەخسۇس مۇشۇ خىل

ئېشەكمەدىكى① نى پۇراپ تاپىدۇ.

يېقىن ئەتراپتا كۆكتات تېرىيدىغان بىر دېھقان بولۇپ، نەچچە ئون ئار تاشلىق ئۇنۇمسىز يەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە، ھەر ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۆيۈمگە كېلىپ، تۇپرىقى ياخشى يەرلەردىكى كۆكتاتلىرىدىن ئالغاچ كېلەتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىغۇ چاشقاندىن قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك جىددىي لازىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇردۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاغزاكى كېلىشىم تۈزىدىم. بۇ ئادەم ھەر كۈنى قاپقان ۋە گۈرجەك بىلەن زىرائەتلىرىنى مالىماتاڭ قىلىۋېتىدىغان ئىپلاسلار بىلەن كۈرەش قىلغاچقا، مەن ئۇچۇن ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىدى، مەن ئەڭ ئېھتىياجلىق مەرۋايىتگۈل ۋە كاپۇستادىنمۇ قىممەت بولغان نەرسە بىلەن تەمىنلەيتتى.

دەسلىپىدە بۇ سەمىمىي ئادەم مېنىڭ تەلىپىمدىن ھەيران قېلىپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ كۆرىدىغان «دالئان»② نى مۇھىم بىلگەنلىكىمدىن ھاڭ - تاڭ قالدى. ئاخىر مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلدى، ئەمما ئۇ ئىچىدە يەنىلا تىۋىتى يۇمشاق قارىغۇ چاشقان تېرىسىدىن فىلانېل ئىچ كىيىمى تىكىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ نەرسە رېماتىزمىنىڭ ياخشى دورىسى، دەپ چوت سوقۇۋاتاتتى. ئىشنى مۇشۇنداق پۇتتۇشتۇق. مۇھىمى مېنىڭ مەقسىتىم «دالئان» غا ئېرىشىش ئىدى.

قارىغۇ چاشقان كۆكتات يوپۇرمىقىغا ئورىلىپ، سېۋەتكە سېلىنىپ ھەر كۈنى ئىككىدىن، ئۈچتىن ياكى تۆتتىن ۋاقتىدا ئەكېلىندى. ياخشى نىيەتلىك بۇ كىشى مېنىڭ غەلىتە تەلىكىمگە نىسبەتەن سېخىي ۋە گۈزەل ئىلتىپاتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى، ئەمما ئۇ سېلىشتۇرما پىسخولوگىيەنىڭ

---

① ئېشەكمەدىكى — بىر خىل تۇگۈنەك يىلتىزسىمان زەمبۇرۇغ بولۇپ، قىممەت-لىك يېمەكلىككە مەنسۇپ. ئېشەكمەدىكىنى فىرانسىيەلىكلەر چوشقا ۋە ئىتنىڭ پۇراق سېزىمىگە تايىنىپ تاپىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە تاپ گۆشگە تەمسىل قىلغان.

② دالئان — شۇ يەردىكى ئادەملەر قارىغۇ چاشقاننى شۇنداق ئاتايدۇ.

ئۆزگە قانچىلىك قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمايتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا مەندە ئوتتۇز نەچچە ئۆلۈك قارىغۇ چاشقان بار بولدى. مەن ئۇلارنى ھويلىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق تاقىر يېرىگە تارقاقلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئەتراپنى روزىمارىيە، ياۋا بۆلجۈرگەن ۋە ئۇستىقۇددۇس قاپلاپ تۇراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم كۈتۈپ تۇرسام، ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم چىقىپ كىچىك تاپنىڭ ئاستىدىكى ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرسام بولاتتى. بىراق، بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان ئىش، تومۇرىدا مۇقەددەس ئىشتىياق بولمىغان ئادەم كۆرگەن ھامان قاچىدۇ. ئائىلىمىزدە پەقەت كىچىك پائۇللا ماڭا ياردەملىشىپ، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە قېچىۋاتقان ھاشاراتلارنى تۇتۇشۇپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭغا ھاشاراتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنىڭ چوقۇم ساددا بولۇشى كېرەكلىكىنى دېگەنىدىم. مەن تاپخور ھاشاراتلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللىناتتىم، بىر بالام بىلەن بىر ساۋاتسىز ئادەملا ماڭا يانتاياق بولاتتى.

كىچىك پائۇل ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ كۆزەتكەچكە، مېنىڭ نەق مەيداندا ساقلاپ تۇرىدىغان ۋاقتىم ئانچە ئۇزاق بولمايتتى. شامال تاپ مەيداندىكى گۆش ھىدىنى ئەتراپقا تاراتسا، تاپ يىغقۇچى ئىشچىلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىدۇ. تەجرىبە باشلانغان چاغدا تۆت تاپخور ھاشارات كەلگەنىدى، كېيىن ئون تۆتكە يەتتى. بۇرۇن تۇتقان تاپخور ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندىمۇ، سانى بۇنچىلىك كۆپ ئەمەس ئىدى. ئويلاپ باقسام، ھاشارات تۇتۇش ئۇچۇن دەسلەپتە يا ئالدىن پىلان تۈزمەپتىكەنمەن، يا يەمچۈك ئىشلەتمەپتىكەنمەن. ھازىرقىدەك قاپقان قۇرۇش چارەم دەرۋەقە زور ئۈنۈم بەردى.

قەپەسكە سولاقلىق ھاشاراتلارنى نامايان قىلىشتىن بۇرۇن، ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، گېپىمىزنى تاپخور ھاشاراتنىڭ نورمال ئەھۋالدا قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا بۇراپ باقايلى.

بۇ تۇردىكى ھاشاراتلار ئۆزىگە لازىملىق ئوۋ گۆشلىرىنى تاللاش ئارقىلىق بېكىتمەيدۇ، تۇتۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارغا ئوخشاش ھالىغا بېقىپ ئىش قىلمايدۇ، بەلكى نېمە ئۇچرىسا شۇنى يەيدۇ. ئۇلار كىچىك بولغاندا يەر چاشقىنى، ئوتتۇرا ھال بولغاندا ئېيىز چاشقىنى، چوڭ بولغاندا قارىغۇ چاشقان، سۇ چاشقىنى، سۇ يىلىنى قاتارلىقلارغا ئېرىشىدۇ. كېيىنكى جانىۋارلارنى بىر ئىشچى ئۆزى يالغۇز يۆتكىيەلمەيدۇ. بۇ تۇردىكى ھاشاراتلارنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت دۈمبىسى ئارقىلىق كۆچەپ، ئازراق يۆتكىلىش ھاسىل قىلىشتىنلا ئىبارەت.

مەيلى سېرىق ھەرە، كۆنەكچى ھەرە بولسۇن، مەيلى قارا ھەرە، قىزغۇچ ھەرە بولسۇن، ھەممىسى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان يەرگە ئورەك كولايدۇ، ئاندىن ئولجىنى شۇ يەرگە ئۇچۇپ ئېلىپ بارىدۇ، ئېغىر ئولجا بولسا، پىيادە ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما، تاپخور ھاشاراتنىڭ ئەمگىكى بۇنداق يېنىك ئەمەس. ئۇ مەيلى قانداق جايدا چوڭ ئولجىغا ئۇچراپ قالسۇن، توشۇشقا قۇربى يەتمىسە، جايىغىلا ئورەك كولايدۇ.

تاللاشقا ئامالسىز بولىدىغان بۇ دەپنە ئورنى تۇپرىقى بوش ئورۇندا بولۇشىمۇ مۇمكىن، تاشلىق ئورۇندا بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئوچۇقچىلىقتا بولۇشىمۇ مۇمكىن، چىملىقتا بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھەتتا قارا ئىجرىق قاتارلىق ئىنچىكە ئۆسۈملۈك بار چىڭ تۇپراقتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسا، ئولجا يەر يۈزىدىن بىرنەچچە دىيۇم ئېگىزلىكتە تىكەنلەرگە ئېسىلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قايسىبىر باغۋەن بىر قارىغۇ چاشقاننى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ بولۇپ، گۈرجەك بىلەن ئاللىقانداق جايلارغا چۆرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن. مەيلى ئۇ نەگە چۈشۈشتىن قەتئىينەزەر، ئازدۇر - كۆپتۇر پۇتلىكاشاڭ تۇغدۇرىدۇ، ئەمما بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدىغانلا بولسا، دەپنە ئىشچىلىرى بۇ جايدىن پايدىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپنە قىلىش جەريانىدا تۇرلۇك قىيىنچىلىقلار كۆرۈلىدۇ، ئەمما شۇنى مۆلچەرلىشىمىز كېرەككى، پۇتكۇل خىزمەت جەريانىدا، ھاشاراتلار ئۆزگەرمەس بىرلا خىل چارىنى قوللىنىۋەرمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسمىتىنى ئالدىن بىلگىلى بولمايدىغان تەقدىرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئىمكانقەدەر ئۆزىنىڭ ئاجىز ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، كونكرېت تەدبىرىنى پائال تەڭشىيەلەيدۇ. گۆركارلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ھەرىدەش، سۈندۈرۈش، تارتىش، كۆتۈرۈش، لىڭشىتىش، يۆتكەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. ناۋادا بۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلانماي، بىر خىل ئۇسۇلغىلا تايىنىۋالسا، ئەسلىدىنلا ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان بۇ كەسىپ ئۇستىدىن غەلىبە قىلالماسلىقى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەقلىي باغلىنىشى بارەك بىلىنىدىغان ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇددىئا بويىچە ئىشتىراك قىلىنغاندەك بىلىنىدىغان يەككە پاكىتقا ئاساسەن يەكۈن چىقىرىلسا، بۇ ئەستايىدىللىق بولمايدۇ. ھاشاراتلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتىدە شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋەجى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ھاشاراتلار ئىشتىن ئاۋۋال ئۆز ھەرىكىتىنىڭ دەل پەيتى ئىكەنلىكىگە ئالدىن ھۆكۈم قىلامدۇ ـ يوق؟ بىز ئىشنى خىزمەتنىڭ پۇتكۇل جەريانىنى ئەستايىدىل بىلىشتىن باشلايلى، ھەربىر ئىسپاتنى باشقا بىر ئىسپات ئارقىلىق دەلىللەيلى، مۇشۇنداق قىلساق، مەسىلىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

ئاۋۋال يېمەكلىككە قاراپ باقايلى. مۇھىتنى ساپلاشتۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاپخور ھاشارات ھەرقانداق تاپىنىڭ بەتبۇيىنى رەت قىلمايدۇ. بارلىق ئوۋ گۆشلىرى، مەيلى ئۇ پەيلىك بولسۇن ياكى تىۋتىلىق بولسۇن، ھەجمى ۋە ئېغىرلىقى ئۆزىنىڭ كۈچ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتمىسىلا، ئۇنىڭغا پايدىلىق. قوش ماكانلىق ھايۋانلار ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ

كۆڭۈلدىكىدەك ئۆلچىسى. ئۇ پەقەت كۆرۈپ باقمىغان بەزى ئۆلچەملەرنىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم خىل قىزىل بېلىق — جۇڭگونىڭ ئالتۇن بېلىقىنى ئالايلى. ئالتۇن بېلىقنى قەپەسكە سولىشىم ھامان ئىنتايىن ئالقىشلاندى، ئۇلار ئادىتى بويىچە ئۇنى يەرگە كۆمدى. چوشقا گۆشىمۇ ئېتىبارسىز قالمىدى. تەمى ئۆزگىرەي دەپ قالغان قوي قوۋۇرغىسى ۋە كالا قوۋۇرغىسىغىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى چىن ئېتىبار بىلەن يەرگە كۆمدى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تاپخورنىڭ خاس يېمى بولمايدۇ، ھەرقانداق چىرىگەن گۆشنى يەرگە كۆمۈۋېرىدۇ.

تاپخور ھاشاراتنىڭ ئىگىلىكىنى ساقلاپ قېلىش بىزگە ھېچقانداق قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدۇ. بىر خىل ئوۋ گۆشى بولمىسا، يەنە بىر خىلى بولىدۇ، ھەتتا ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ بېقىشى بولسىمۇ، يەنىلا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىۋېرىدۇ. زاۋۇت ئۆيى مەسىلىسىمۇ مۇرەككەپ ئەمەس، كەڭتاشاراق بىر قوڭغۇراقسىمان قەپەس بولسىلا كۇپايە. قەپەسنى لىق قۇمساك توپا قاچىلانغان ئىدىشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويساقلا بولدى، قۇم ئىدىشنىڭ ئېغىزىغا كەلگۈچە چىڭدىلىشى لازىم. ئوۋ گۆشى مۇشۇكنى جەلپ قىلىشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەپەسنى يېپىق ئەينەك قاپنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويساق بولىدۇ. ئەينەك قاپنى قىشتا ئۈسسۇملۇك ساقلايدىغان پارنىك ئورنىدا ئىشلەتسەك، يازدا ھاشارات تەجرىبىخانىسى قىلىپ ئىشلەتسەك بولىۋېرىدۇ.

ئەمدى مەشغۇلاتقا قاراپ باقايلى. ئۆلۈك قارىغۇ چاشقاننى قەپەسنىڭ ئىچىدىكى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويايلى، ئاندىن تۇپراقنى تەكشى بوشىتىپ، تاپخور ھاشاراتنىڭ ئوڭۇشلۇق خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرەيلى. بىر تاپ بىلەن تۆت تاپخور ھاشارات بىر جايغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئۈچى ئەركەك، بىرسى چىشى. ئۇلار تاپنىڭ ئاستىغا

تۇگۇلۇۋالسا، كىشىلەر كۆرەلمەيدۇ. ھېلىقى قارىغۇ چاشقان ھەربىكەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بىرنەچچە ئەمگەكچى دۇمبىسى ئارقىلىق ئۇنى تىرتۇۋاتاتتى. نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقمىغان كىشى ئۇلۇكنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالىدۇ. خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بىر ئەركەك گۆركار تاپ تېگىدىن ئۆملەپ چىقىپ، تاپنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، قارىغۇ چاشقاننىڭ تۆۋىنىنى مىدىرلىتىپ، بەدەن ئەھۋالىنى چارلىدى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۆملەپ چىقىپ ئەھۋالنى قايتىدىن كۆزەتتى. ئارقىدىنلا يەنە تاپنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

تاپ تېخىمۇ قاتتىق سىلكىنىشكە باشلىدى، ئورەكتىن چىققان توپا تاپنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەندى. تاپنىڭ ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان گۆركارلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قارىغۇ چاشقان ئاستا ـ ئاستا يېڭى قېزىلغان گۆرگە چۆكۈشكە باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سىماسى كۆرۈنمىگەن كولاش ئىشچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، قارىغۇ چاشقاننىڭ ئەتراپىدىكى قۇمساڭ توپا مىدىرلاپ ئورەككە چۈشتى، ئىچىدىكى تاپ كۆمۈلدى. بۇ بىر خىل يوشۇرۇن دەپنە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاپ خۇددى قاينام يۇتۇپ كەتكەندەكلا يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى مەزگىلگىچە، تاكى تاپخور ھاشاراتنىڭ تەلپۈگە ئۇيغۇن كەلگۈچە، تاپ داۋاملىق چۆكۈۋېرىدۇ.

قىسقىسى، خىزمەت ئىنتايىن ئاددىي: گۆركارلارنىڭ گۆر كولىشى، تاپنىڭ سىلكىنىشى، تارتىلىشى، قۇمساڭ توپىنىڭ مىدىرلىشى ۋە گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈشى، ئاندىن گۆرنىڭ تىندۇرۇلۇشى. ئۆتكۈر پەنجە ئىقتىدارى ياخشى ئوتىغۇچنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، كۈچلۈك دۈمبە تاپنى ئاستا ـ ئاستا مىدىرلىتىدۇ، مانا مۇشۇلا يېتەرلىك، بۇ كەسىپكە كۆپ نەرسە

كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ھالقىلىق مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ، تاپنى تەكرار مىدىرلىتىش تېخنىكىسى. بۇ تېخنىكا ئارقىلىق تاپنىڭ ھەجمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كىچىكلەتكىلى بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئورەكنىڭ ئېغىزى كىچىك بولسىمۇ، تاپنى پاتقۇزۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. سەل تۇرۇپ، تاپخور ھاشاراتنىڭ ئىگىلىكىدە بۇ تېخنىكىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم رولى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قارىغۇ چاشقان كۆمۈلگەن بولسىمۇ، ئالدىن بەلگىلەنگەن چۈشقۇرلۇققا يېتىپ بارالمايدۇ. بۇ ئىشنى تاپ يىغقۇچىلار قىلىۋەرسۇن. ئۇلار يەر ئاستىدا داۋاملىق يەر يۈزىدىكىدەك خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، ھېچقانداق يېڭى مەزمۇن يوق، يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن قاراپ باقايلى.

خوش، بىز كۈتۈۋاتقان پەيت يېتىپ كەلدى، بىز ئەمدى يەر ئاستىدىكى ئەھۋالنى، شام گۆرنى كۆزىتىپ باقايلى. گۆرنى تەكشۈرۈشكە ھېچكىمنى تەكلىپ قىلمايمەن، ھەمراھلىرىمنىڭ ئىچىدە كىچىك پائۇللا ماڭا يانتاياق بولالايدۇ.

قارىغۇ چاشقان ھازىر قارىغۇ چاشقان ئەمەس، بەلكى قارامتۇل يېشىل رەڭلىك قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلىنىپ، بەتبۇي چىقىرىۋاتاتتى، تۈۋتى پۇتۇنلەي چۈشۈپ، يۇمىلاق قوتۇرماچقا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ قوتۇرماچ ئانچە قېلىن ئەمەس بولۇپ، ئايال ئاشپەزنىڭ كۆكۈل قويۇپ ئادالاپ پىشۇرغان گۆش توخۇسىغا ئوخشايتتى. بولۇپمۇ تېرىسىنىڭ پۇتۇنلەي سويۇلۇپ كېتىشى ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ ئىش قوشۇلغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. كېرەكسىز تۈكلەرنىڭ لىچىنكىلارنىڭ غىزالىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئالاھىدە ئاشپەزلىك ھۇنىرى قوللىنىلغانمىدۇ؟ ياكى چىرىشنىڭ تەسىرىدىن تۈكى چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ؟ بۇ نۇقتىنى مەن تا ھازىرغىچە چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن. گۆرنى تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرىنچى گۆردىن ئاخىرقى گۆرگىچە

ئوخشاشلا ئەھۋال، تىۋىتلىق ئوۋ گۆشلىرىنىڭ تىۋىتى قالمىغان، پەيلىك ئوۋ گۆشلىرىنىڭ پېيى قالمىغان، ھەتتا قانات ۋە قۇيرۇق قىسمىدىكى توم پەيلەرمۇ قالمىغان، پەقەت ئۆملىگۈچى ھايۋانلار بىلەن بېلىق تۇرىدىكىلەرنىڭلا قاسىرىقى ساقلىنىپ قالغان.

بىز يەنە قارىغۇ چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما شەكلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان گۆشكە قاراپ باقايلى. گۆش ئازادە يەر ئاستى تاپ ساقلاش ئۆيىگە قويۇلغان بولۇپ، ئەتراپى تامتاختا بىلەن پېچەتلەنگەن. بۇ جاينى تولۇقچى قوڭغۇزنىڭ بولكا ئۆيىدىن قېلىشمايدىغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى دېيىشكە بولىدۇ. تېرىسى پۈتۈنلەي سويۇۋېتىلگەن يۇمشاق گۆش ئەسلىي پېتىچە ساقلىنىدۇ، گۆركارلارمۇ بولاقنى ئاچمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىگە قالدۇرۇلغان مۇلۇك. ئۆزىنىڭ بەدەن كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار سىرغىپ چىققان يېرىڭدىن ئازراق شورىۋالىدۇ، خالاس.

پەقەت ئىككى تاپخور ھاشارات، يەنى بىر جۈپ ئەر ـ ئاياللا بىر چەتتە گۆشنى ساقلىغاچ ئۇنى پىششىقلاۋاتاتتى. ئورەك كولىغان چاغدا تۆت ئىدى، ئۇنداقتا قالغان ئىككى ئەركەك تاپخور ھاشاراتقا نېمە بولغاندۇ؟ كېيىن ئۇقساق، ئۇلار گۆش بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ، يەر يۈزىگە يېقىن توپىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

بۇنداق ئەھۋال بۇ قېتىملا بولغان ئەمەس. ھەر قېتىم تاپنى كۆمگەندە، ئەركەكلەرنىڭ ئاساسلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرىمىز، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ھايال ئۆتمەيلا دەپنە خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. لېكىن، تاپ ساقلاش ئۆيىدە پەقەت بىر چىشى، بىر ئەركەك تاپخور ھاشاراتلا قالغانىدى. باشقا ئەركەكلەر ياردەمدىن كېيىن تۇيدۇرماستىن نەق مەيداندىن ئايرىلدى.

ئەمەلىيەتتە، گۆركارلار قالتىس ئاتىلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ئۇلار بىلەن بىللە بولغاندا، ھاشارات دۇنياسىدىكى ئەركەكلەر ئائىلە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىقتەك ئومۇمىي قائىدىگە بولغان بىزارلىقىمىز يوق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ قائىدە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانا ئاۋۋال ئەخمەق قىلىنىدۇ، ئاندىن تاشلىۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېرىپ پەرزەنتلىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ھاشارات جەمئىيىتىدىكى باشقا ئۇرۇقداشلار ئىچىدە ئەركەكلەر بىكار تەلەپ؛ تاپخور ھاشاراتلار ئىچىدە بولسا، ئۇلار جان تىكىپ خىزمەت قىلىدىغان، جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان ئەزىمەتلەردۇر. ئۇلار بەزىدە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا، بەزىدە باشقىلارنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ھېچنېمە بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. بىر جۈپ ئەر - ئايال قىيىن مەسىلىگە دۈچ كەلگەندە، ئوۋ گۆشىنىڭ خۇش پۇرىقى سىرتقا ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ، ھايال ئۆتمەيلا بىر نەچچە ياردەمچى يېتىپ كېلىپ، خانىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. كەلگەنلەر تاپنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ، دۈمبىسى ۋە پەنجىسىنى ئىشقا سېلىپ، تاپنى توپىغا كۆمىدۇ، ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا قايتىپ كېتىدۇ، قېلىپ قالغان ئەر - ئايال ساھىبخانا ئۇ جايدا بەختتىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىدۇ.

ئەر - ئايال بىر جۈپلەر يەنە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، تاپنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، مۇۋاپىق شەكىلگە كەلتۈرۈپ باغلاپ، ئۇنى لىچىنكىلارنىڭ ئېغىزىغا تېتىغۇدەك چۈچۈمەل تەييار تائامغا ئايلاندۇردى. ھەممە تەييارلىق پۈتتى، ئەر - خوتۇن يەردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار ئۆز ئارزۇ - تىلىكى بويىچە يەنە باشقا جايغا بېرىپ، تاپ كۆمۈش خىزمىتىنى قايتىدىن باشلايدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئۇلار ھەق ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان ياردەمچىگە ئايلىنىدۇ.

ئاتىسى پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ،

ئەمگىكى ئارقىلىق ئەۋلاد ئۈچۈن بايلىق قالدۇرىدۇ، بۇنداق ئەمەلىي مىسالدىن ھازىرغىچە ئىككى خىلغا يولۇقۇپتىمەن: بىر خىلى، گەندە بىلەن ھەپىلىشىدىغان بەزى ھاشاراتلار، يەنە بىر خىلى، تاپ بىلەن ھەپىلىشىدىغان تاپخور ھاشاراتلار. بۇ گەندىخورلار بىلەن تاپخورلارنىڭ ئادىتىنى ھەقىقەتەن ئۆلگىلىك ئادەت دېيىشكە بولىدۇ. سىپىلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئاتالمىش گۈزەل ئەخلاق ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغۇسى!

ئەمدى لىچىنكىنىڭ تۇرمۇشى ۋە شەكىل ئۆزگەرتىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. بۇ ئەھۋاللار ئانچە مۇھىم ئەمەس. چۈنكى، بۇنى ھەممەيلەن تولۇق بىلىدۇ. مەن بۇ يەردە پەقەت ئىخچام سۆز ئارقىلىق، كىشىنى ئانچە جەلپ قىلمايدىغان تېما ئۈستىدە توختالماقچى.

مايىنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالاي دېگەن چاغدا، مەن گۆركارلار ئىككى ھەپتە بۇرۇن كۆمۈپ قويغان بىر ئۆي چاشقىنىنى قېزىپ چىقتىم. تاپقا يېپىشقاق يىپ تارتىلغان، قارا مېۋە مۇراباسىدەك قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ، ئەمما ئۇ ماڭا ئون بەش لىچىنكا بېقىپ بېرىپتۇ، كۆپ ساندىكىلىرى ئۆلچەملىك بويىغا يېتىپتۇ. يېتىلگەن ھاشاراتنىڭمۇ چىرىندا ئىچىدە مىدىرلاپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. ئۇلار چوقۇم بۇ لىچىنكىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى. تۇخۇم تۇغۇش مەزگىلى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى، ئەمما يېمەكلىك ئىنتايىن مول ئىدى. ھازىرچە قىلىدىغانغا ئىشى يوق ئېھىمكىئانىسى، ئېھىمكىئاتىسى بوۋاقلىرىغا ياندىشىپ، ئۇستەلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرماقتا ئىدى.

تاپ يىغقۇچىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى باقىدىغان ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولىدۇ. ئۆي چاشقىنىنى كۆمگەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون بەش كۈن بولىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا تۇرغىنى بىر توپ ساغلام ۋە كۈچلۈك ئاھالە بولۇپ، ئۇلار ھازىر شەكىل ئۆزگەرتىش باسقۇچىغا قەدەم بېسىپ بولغانىدى. بۇنداق بالدۇر يېتىلىدىغان ھادىسە مېنى راستىلا ھەيران قالدۇردى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باشقا ھايۋانلار يېسە جانغا زامىن بولىدىغان بۇ چىرىندىلەر تاپخورلارغا نىسبەتەن يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك مەززىلىك تاماق بولۇپ، ئورگانىزملارنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، لىچىنكىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىنىپ بولىدۇ.

لىچىنكىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ، ئۇستىبېشى ئانىدىن تۇغما ھالەتتە، كۆزى كۆرمەيدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر قاراڭغۇ مۇھىتتا ياشىغانلىقتىن پەيدا بولغان. لىچىنكىنىڭ تاشقى شەكلى كىچىك ئۇچلۇق ئەگمىگە ئوخشايدۇ، بوغبوغقوغۇزغىمۇ سەل - پەل ئوخشاپ كېتىدۇ. قارا رەڭلىك چوڭ ئېڭىكى تاپنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ئۆتكۈر قايچا. قىسقا پەنجىسى ئۇششاق قەدەم ئېلىشتا خېلى چاققان. قورساق ئايلانمىسىدا ئىنچىكە قوڭۇر قىزىل رەڭلىك قاسراق بار، ئۇنىڭغا تۆت دانە تىكەن ئورنىتىلغان. روشەنكى، تىكەن تىرەش رولىنى ئۆتەيدۇ. لىچىنكا تۇغۇلغان ئۆيدىن ئايرىلىپ، توپا ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ شەكىل ئۆزگەرتكەندە، بۇ كىچىك تېرەكلەر ئەسقاتىدۇ. كۆكرەك ئايلانمىسىدىكى قاسراق سەل كەڭ، ئەمما تىكىنى يوق.

يېتىلگەن ھاشارات ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، سېسىپ، چىرىپ كەتكەن تاپ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، ئۇستىبېشى مەينەتلىشىپ پىتلاپ كېتىدۇ. ئاپرېلدا تاپخور ھاشاراتلار ئۆلۈك قارىغۇ چاشقاننىڭ ئاستىدا خىزمەت قىلغاندا، پۈرۈر كىينگەچكە باشقىلارنى ئۆزگە جەلپ قىلىدۇ. ئىيۇن يېتىپ كېلەي دېگەندە، ئۇلار مۇشۇنداق كۆرگۈسىز دەرىجىدە يىرگىنچلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تېنىنى بىر قەۋەت پارازىت قۇرتلار ئورىۋالىدۇ، ھەتتا بوغۇملىرىنىڭ يوچۇقلىرىنىمۇ خۇددى تاشقى بىرلەشتۇرۇپ تىكىپ قويغاندەك ئورىۋالىدۇ. پىتتىن پەلتو كىيگەن تاپخورلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. مەن چوتكا بىلەن

بۇ پىتلارنى تازىلىۋېتەي دېسەم، خېلى تەسكە توختىدى. بۇ بىر توپ ئالىقاپلارنى قورساق قىسمىدىن ھەيدىسەم، بىر چۈرگۈلەپ كېلىپ قوتۇر بېسىپ كەتكەن دۈمبىسىگە چاپلىشىۋالدى.

مەن بۇ پارازىت قۇرتلارنىڭ قالغان قاناتلىقلار ئەتراپىدىكى كانا ئىككەنلىكىنى تونۇپ قالدىم. ئۇ دائىم تاپخور ھاشاراتنىڭ قورساق قىسمىدىكى سۆسۈن خىرۇستالنى بۇلغايدىغان سالجا. ھەي دەردىما، ياخشى تەقدىر ياخشى ئىش قىلغانلارغا مەنسۇپ بولمايدىكەن. تاپخور ھاشارات بىلەن گەندىخور ھاشارات سالامەتلىككە پايدىلىق بولغان خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان بولۇپ، بۇ ئىككى كەسپتىكى كىچىك جانلىقلار تازىلىق خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغانلىقى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئېسىل ئائىلە ئادىتى بولغانلىقى بىلەن تولىمۇ شەرەپلىك. بىراق، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇلار يەنىلا ئەسكىلىكى بىلەن نامى چىققان پارازىت قۇرتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەپسۇس ! تەقدىر قىلىپ تۇرۇپمۇ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدىغان نامۇۋاپىق ھادىسىلەر تاپ يىغقۇچىلار بىلەن گەندە كولىغۇچىلاردىن باشقا سىرتقى دۇنيادىمۇ ھەسىلەپ مەۋجۇت.

ئۆلگىلىك ئائىلە ئادىتى دەپ ئاتاش ئازراقمۇ يالغان ئەمەس، بۇ ئادەتنى تاپخور ھاشاراتلار ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرمايدۇ، خالاس. ئېيۇننىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە بۇ ھاشاراتلار باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ، كولاش ـ كۆمۈش خىزمىتى توختايدۇ. گەرچە مەن ھەربىر قەپەسكە ئۇزۇلدۇرمەي يېڭى ئۆلۈك قارىغۇ چاشقان ۋە ئۆلۈك قۇشقاچ سالساممۇ، ئەمما قەپەسنىڭ ئىچىدە روھسىزلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر گۆركار توپا ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغاچ، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن قەپەستىكى مەيداندا ئۆمىلەيتتى.

غەلىتە بىر ئەھۋال مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. توپا ئاستىدىن چىققان تاپخورلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇت ـ قوللىرى ساق ئەمەس ئىدى. بىر پالەچنىڭ بىر قولىنىڭلا ساق

قالغانلىقىنى كۆرگەنمەن. ئۇ ئاشۇ يالغۇز بىلىكى ۋە باشقا بېلەكلىرىنىڭ قالدۇق قىسمى بىلەن توپىدا پالاقشىپ يۈرەتتى، كېيىملىرى جۇل - جۇل، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولۇپ، پۈتۈن تېنىنى پىتلىق قاسراق بېسىپ كەتكەنىدى. تۇساتتىن، قەدەملىرى ئۇنىڭدىن سەل تېزرەك بىر كەسسىپدىشى يېتىپ كېلىپ، بۇ پالەچ ئۇرۇقدىشىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى ھەمدە ئۇنىڭ قورسىقىنى كاۋاك قىلىپ قويدى. مەندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون ئۈچ تاپخور مانا مۇشۇنداق يوقالدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تېنى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەنىدى، بەزىلىرىنىڭ بىرنەچچە پۇتى ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. دەسلەپتىكى ئىناق بىللە ئۆتۈش ئەمدى ئاخىرلاشتى، ئۇلار بىر - بىرىگە يەم بولۇپ تۈگەشتى.

تارىخ بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، بەزى ئىنسان توپلىرى، ئالايلۇق، ماسساگېتلار① ھەمدە باشقا مىللەت كىشىلىرى ياشانغانلارنى قېرىلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپادارلىقى بولۇپ ھېسابلانغان. تاپخور ھاشاراتلاردا قەدىمكى زامان كىشىلىرىدىكى قالاقلىق ئالامەتلىرى بار بولۇپ، بىر كۈنىمىز ئۆتسىلا بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمىز، دەپ ئويلاپ، ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشىپ تۈگىشىدۇ. قېرىپ مەجرۇھ، ھاماقەت بولۇپ قالغانىكەن، جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە جان تالاشقاننىڭ نېمە ھاجىتى؟

ماسساگېتلار رەھىمسىز ئادىتىنى ئۇزۇق - تۈلۈك يېتىشمىگەنلىك ۋەجىدىن، دەپ ئاقلىسا بولىدۇ. توغرا، ئاچارچىلىق ئادەمنى مۇشۇنداق ئەخمىقانە يولغا باشلايدۇ. بىراق، تاپخور ھاشاراتلار بۇنداق مۇتتەھەملىك قىلسا بولمايتتى. چۈنكى، كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇلارنىڭ يەر ئاستى، يەر

---

① ماسساگېتلار — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئولتۇراقلىشىپ قالغان سىتىيە قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى.

ئۇستىدىكى يېمەكلىكى يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشى ئاچارچىلىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. بۇ ھادىسە ئۇلارنىڭ ھالسىزلانغان چېغىدىكى بىنورمال ئىپادىسى، ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتىسىدىكى غالجىرلىقى. ئۇلار مۇنداق بىر ئومۇمىي قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغان بولۇشى مۇمكىن: ئەمگەك گۆركارلارغا ئىناق ئادەت ئاتا قىلغان، بىكارچىلىق ئۇلاردا بىنورمال خۇمار پەيدا قىلغان. قىلىدىغانغا ئىش بولمىغاندىن كېيىن، تاپخور ھاشارات قېرىندىشىنىڭ پۇت - قوللىرىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنى يەۋېتىدۇ. ئەگەر ئۆزىمۇ قېرىندىشى تەرىپىدىن پۇت - قوللىرى سۇندۇرۇۋېتىلىپ يەۋېتىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بەربىر. شۇنداق قىلغاندىلا، پىت بېسىپ كەتكەن قېرىلىق تۇرمۇشتىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلالايدۇ.

# گەندىخورلار ۋە مۇھت تازىلىقى

يېتىلگەن ھاشارات يەنە بىر يىلنى كۈتۈۋالغاندا، ئائىلە ئەزا سانىنىڭ بىر - ئىككى ھەسسە قاتلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ھاشارات دۇنياسىدا بۇنداق ئالاھىدە ئىمتىياز ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. ھەسەل ھەرىسىدىن ئىبارەت بۇ تۇغما ئىقتىدار ئېيىلزادىسى كۆنىكى ھەسەلگە تولغان كۇنى ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ؛ كىيىم - كېچەك ئېيىلزادىسى دەپ نام ئالغان كېپىنەكمۇ يەر شارائىتى گۆھەردەك جايغا تۇخۇمىنى توپ - توپ كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ؛ قىلىن كۆكرەكلىك كىيىۋالغان ماڭدامچى قوڭغۇز ئۇرۇقىنى شېغىللىققا چاچىدۇ، ئىش تاماملانغاندىن كېيىنلا قايتا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

باشقا ھاشاراتلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق. پەقەت توپ بولۇپ ياشايدىغان ھاشاراتلارنىڭ ئەھۋالى نىسبەتەن ئالاھىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ياكى بەختكە يارىشا ساق قالىدۇ، ياكى نوكەرلىرىنىڭ كۈتۈشى بىلەن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئومۇمىي مەۋجۇت قانۇنىيەت مۇنداق: ھاشاراتلار يارالغان كۈندىن باشلاپ، ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالىدۇ. بىراق، بىز بۇ يەردە ئومۇمىي قانۇنىيەتكە زىت بولغان يەنە بىر خىل كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى كۆرىمىز: گەندە توپنى دوملىتىدىغان پەسلەر ئېيىلزادىلەرنى قىرغىن قىلىدىغان شەپقەتسىز قانۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋالىدۇ. گەندىخورلار كۈننىڭ سىرىقىنى يېتەرلىك كۆرەلەيدۇ، ئاخىرىدا ئۇرۇق ئاقساقلىغا ئايلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تۆھپىسى كۆپ، بۇ مەرتىۋىگە لايىق.

شۇنداق بىر خىل مۇھىت تازىلىقى خىزمىتى باركى، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بارلىق چىرىندىلەرنى پاك - پاكىز تازىلاشقا توغرا كېلىدۇ. پارىژدا ئەخلەت مەسىلىسى تا ھازىرغىچە كىشىنى قايىل قىلىغۇدەك دەرىجىدە ھەل بولۇپ كەتمىدى. بۇ ئەھۋال ھامان بىر كۈنى بۇ چوڭ شەھەرنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. كىشىلەردە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇپراقتىكى چىرىندىلەر تويۇنۇش دەرىجىسىگە يېتىپ، سېسىق پۇراق تارىلىپ، نۇرلۇق مەركەزنى ئۆچۈرۈپ قويارمۇ، دېگەن تەشۋىش پەيدا بولدى. مالىيە ۋە ئەقلىي كۈچ خەزىنىسىگە ئىگە نەچچە مىليون نوپۇسى بار چوڭ شەھەر قىلالمىغان ئىشنى يېزا - قىشلاقلار ھېچقانداق زېھىن سەرپ قىلماي ئاسانلا ھەل قىلالىدى. تەبىئەت دۇنياسى يېزىلارنىڭ تازىلىقىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما شەھەرلەرنىڭ پاراۋانلىقىغا نەزەر سېلىپمۇ قويمىغان، شەھەرلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىمايدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ تېخى.

تەبىئەت دۇنياسى ئېتىز - دالالارغا ئىككى تۈرلۈك ساپلاشتۇرغۇچى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلار مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ھېرىپ - چارچىمايدۇ، كاردىن چىقمايدۇ. بىرىنچى تۈرلۈك ساپلاشتۇرغۇچى چىۋىن، تولۇقچىقوڭغۇز، دەپىنخور، كۆيە قۇرتى ۋە تاپخور ھاشاراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا بەلگىلەنگەن. ئۇلار جەسەتنى پارچىلاپ، ئىنچىكە قىيمىدەك ھەزىم قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ھاياتلىققا قايتۇرىدۇ.

بىر قارىغۇ چاشقاننى تىرىقچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى تىلغۇتسە، ئىچ ئەزالىرى سېسىپ، ئېتىزلىق يېنىدىكى كىچىك يوللارنى بۇلغىۋېتىدۇ؛ يولۇچى چىملىقتىكى سۇ يېلىنىنى يولۇچى تەرىپىدىن دەسسىۋەتسە، بۇ ئادەم تېخى چوڭ ياخشى ئىش قىلدىم، دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئۇچۇرما بولمىغان قۇش بالىسى دەرەختىكى ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كەتسە، ئېچىنىشلىق ھالدا

گۆشنانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سان - ساناقسىز ئەھۋاللار ئېتىز - دالالارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ۋاقتىدا تازىلىۋەتمىسە، مۇھىتنى بۇلغايدۇ. بىراق، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ تاپلار پەيدا بولۇشى ھامان كىچىك تاپ يىغقۇچىلار توپ - توپ بولۇپ كېلىپ بولىدۇ. ئۇلار تاپنى بىر تەرەپ قىلغاندا، گۆشلىرىنى قۇرۇقداپ، سۆڭەكلىرىنىلا ئاشۇرۇپ قويىدۇ، ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنى قۇرۇتۇلغان مۇمىياغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بىر سوتكىغا بارمايلا قارىغۇ چاشقان، سۇ يىلىنى، ئۇچۇرما بولمىغان قۇش بالىسى يوقاپ كېتىدۇ، تازىلىق ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەمنۇن قىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرلۈك ساپلاشتۇرغۇچىنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى. يېزا - قىشلاقلاردا ئاممىياك گازى بۇرۇننى غىدىقلايدىغان ھاجەتخانىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدۇ. شەھەردىمۇ شۇنداق بولسا، تىلىمىز قىسىلمىغان بولاتتى. دېھقان يالغۇزلۇقنى خالاپ قالسا، خالىغان بىر قاشا تام، مەيلى ئۇ چىتلاق بولسۇن ياكى تىكەنلىك بولسۇن، ئۇنىڭغا دالىدا بولالايدۇ. بۇ ئازادە جايدا چوقۇم بىرەر نەرسە كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. قەدىمي تاش دۆۋىلىرىدىكى مۇخ بېزەكلىرى، مۇخ تەگلىكلىرى ۋە سېمپېرۋىرۇم ئوتى ھەمدە باشقا كۆركەم بېزەكلەر، ئۈزۈم تالىلىرىنىڭ توپىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سېلىنغان بېزەك تام سىزنى جەلپ قىلىدۇ. پاھ ! مۇشۇنداق نەپىس بېزەلگەن پاناھ جايدا بىر دۆۋە قورقۇنچلۇق نەرسە تۇراتتى ! بېرىپ قارايدىغان بولسىڭىز، مۇخ بېزەكلىرى، مۇخ تەگلىكلىرى ۋە سېمپېرۋىرۇم ئوتى دېگەنلەر ئەمدى سىزنى جەلپ قىلالمايدۇ. بىراق، سىز ئەتە قايتا كېلىڭ. بۇ يەرگە قايتا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدا، پاك - پاكىز تازىلاقلىق بولۇپ، ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئەسلىدە، گەندىخور ھاشاراتلار بۇ جايغا كەلگەندى.

ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىدىغان گەندىخور ھاشاراتلارغا نىسبەتەن، تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش پەقەت ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئۇلار تېخىمۇ يۇكسەك بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان. ئىلىم - پەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان ئاپەتكە مىكرو ئورگانىزملاردىكى ئۆزىنى كۆمۈش سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ تۇردىكى مىكرو ئورگانىزملار زەمبۇرۇغقا يېقىن بولۇپ، ئۆسۈملۈك چەمبىرىكىدە ئەڭ چەتتە تۇرىدىغان جانلىقلارغا مەنسۇپ. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالغان مەزگىللەردە كېسەللىك باكتېرىيەسى ھايۋانلارنىڭ چىقىرىندىلىرىدا تېز سۈرئەتتە كۆپىيىدۇ، ئۇلار ھاۋانى ۋە سۇنى بۇلغايدۇ، مانا بۇنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقتىكى بىرىنچى ئوزۇق بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ مەينەت كىيىم - كېچەكلىرى ۋە يېمەكلىكلەرگە يېپىشىپ تارقىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، كۆيدۈرۈش، دېزىنفېكسىيە قىلىش ئارقىلىق، كېسەللىك باكتېرىيەسى يۇقۇملانغان نەرسىنى يەر ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش لازىم.

ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئەخلەتلەرنىمۇ يەر يۈزىگە دۆۋىلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەخلەت زىيانلىقمۇ، زىيانسىزمۇ؟ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى يوقىتىۋېتىش لازىم. قەدىمكىلەرنىڭ كاللىسىغىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئورناپ بولغان. ئۇلار تۇرۇۋاتقان دەۋر باكتېرىيەنىڭ بىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن دەۋرىدىن خېلى بالدۇر. بۇ جەھەتتە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تەھدىتىگە بىزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان ئۇچرايدىغان شەرقلىكلەر شۇبھىلىنىشكە بولمايدىغان بەزى قانۇنىيەتلەرنى ئالىلىبۇرۇن تونۇپ يەتكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇبھىسىزكى قەدىمكى مىسىردا مۇشۇ جەھەتتىكى ئىلىمنى تاراتقان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئەرەب

قۇملۇقىغا كۆچۈش ھارپىسىدا، قانۇن شەكلى ئارقىلىق بۇ خىل بۇلغانمىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەن. «ھاجىتىڭ قىستىغاندا بىلىندۈرمەي تۇرالغۇدىن چىق، قولۇڭغا ئۇچلۇق ياغاچ ئېلىپ، بىرەر خالىي جايغا بېرىپ، ئورەك كولاپ شۇ يەرگە ھاجەت قىل، ئاندىن ئۇنى كۆمۈۋەت» دەيدۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام[1].

بۇنى تولىمۇ ئاددىي تەدبىر ئارقىلىق زور مەسىلىنى ھەل قىلغانلىق، دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، ئەگەر كەبىنى ھەج قىلىش مەزگىلىدە، ئىسلام دىنىمۇ مۇشۇ خىل ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەدبىرنى قوللانغان بولسا، مەككىدە ھەر يىلى خولېرا پەيدا بولمىغان بولاتتى، ياۋروپانىڭمۇ قىزىل دېڭىزنى بويلاپ توساق قۇرۇپ، ئۇ جايدىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان ۋابانى توسۇشى ھاجەتسىز ئىدى.

فىرانسىيەنىڭ باشقا ئۆلكىسىدىكى دېھقانلارمۇ، ئەجدادلىرىدەك، نىجاسەتنىڭ ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. گەندىخورلار ئۇ يەردە ئۇنۇملۇك ۋە نەتىجىلىك خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتىنىڭ سادىق ئىتائەتمەنلىرى، پاسكىنىچىلىقنى تازىلاپ، باكتېرىيەلىك ماددىلارنى كۆمىدۇ. بىرەر ئەھۋال بايقالسىلا، كولاش جابدۇقلىرىنى ئېلىپ شۇ جايغا ئۇنۇپ بولىدۇ. ئىسرائىلىيەلىكلەر ھاجىتى قىستىغاندا تۇرالغۇدىن چىقىپ، بېلىگە بىر ئۇچلۇق كالتەك قىستۇرۇۋالاتتى. گەندىخورىنىڭ جابدۇقى ئاشۇ ئۇچلۇق كالتەكتىنمۇ ئالىي ئىدى. ئادەم ئايرىلىشى بىلەن، ئۇ جايغا قۇدۇق كولىنىپ بولغاچقا، سېسىق بۇلغانمىلار بىراقلا كىرىپ كېتەتتى ـ دە، يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

---

① «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەش دەستۇرى» دىن ئېلىنغان.

بۇ كۆمۈش ئىشچىلىرىنىڭ خىزمىتى دالا تازىلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىزچىل داۋاملىشىدىغان ساپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق مەنپەئەتلەنگۈچىسى دەل بىز. بىراق، بىز ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىدىغان بۇ ئەمگەكچىلەرنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارغا كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى بىلەن قارايمىز، تېخى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلارغا كەلسە ـ كەلمەس لەقەم قويىمىز. بۇ مۇنداق بىر قائىدىگە ئۆزگىرىپ قالغانمىش: «ياخشى ئىش قىلغانلار ئەكسىچە كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ، بېشىغا يەپ، ئاخىرىدا ۋەيران بولىدۇ». چار پاقا، شەپەرەڭ، كىرپە، مۈشۈكياپىلاق ۋە يەنە باشقا بەزى ھايۋانلار گەرچە ئىنسانلارغا ياردەملىشىپ خىزمەت قىلسىمۇ، بىراق ھەممىسى ئوخشاشلا ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ئۇلار بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، بىزدىن كۈتىدىغىنى ئازراق رەھىمدىللىك، خالاس.

ئەخلەتلەر ئىزا تارتماي دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. خىلمۇخىل مۇھاپىزەتچىلەر بىزنى ئۇنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالىدۇ. رايونىمىزدىكى گەندىخور دەپ ئاتىلىدىغان ھاشاراتلار ئۇلارنىڭ سەركىسى ھېسابلىنىدۇ. گەندىخورلار باشقا ھاشارات مۇھاپىزەتچىلەرگە ئوخشاشلا ئىشچان بولۇپ، تۇغۇلۇشىدىنلا تەن ساپاسى ياخشى بولغاچقا، ئېغىر ئەمگەكنىمۇ قىلالايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇلار بەدەن كۈچىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ، كۆرسەك كۆڭلىمىز ئاينىيدىغان نەرسىنى مەززە قىلىپ يەۋېتىدۇ.

ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا تۆت خىل گەندىخور بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خىلى ئاز ئۇچرايدىغان ھاشاراتلار بولۇپ، ئۇلار ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ؛ يەنە ئىككى خىلى كۆپ ئۇچرايدىغان ھاشاراتلار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى گەندىدىن تۇغۇلغان مايقوڭغۇزى، يەنە بىرى ساختا مايقوڭغۇزى. بۇ ئىككى خىل گەندىخورنىڭ دۈمبىسىدە كاھىش كۆكى قاسراق، كۆكرىكىدە پۇزۇر كىيىم بار. كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ گەندىخورلارنىڭ تېنىگە مۇشۇنداق بىباھا ئۈنچە ـ مەرۋايىت، زىبۇ ـ زىننەت قۇتىسى يوشۇرۇنغان. گەندىدىن تۇغۇلغان مايقوڭغۇزنىڭ كۆكرىكى خۇددى سۈسۈن خىرۇستالدەك كۆزنى چاقنىتىدۇ؛ ساختا مايقوڭغۇزنىڭ كۆكرىكى خۇددى مىس رودىسىدەك نۇر چاقنىتىپ تۇرىدۇ. قەپەسىمدە دەل مۇشۇ ئىككى خىل مېھمان تۇرىدۇ.

ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كۆمۈش قابىلىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئىككى خىل گەندىخورنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەربىر قەپەسكە ئون ئىككىدىن سولاپ باقتىم. ئادەتتىكى كۈنلەردە ئالدىدىن ئاشقۇدەك يەم بېرەتتىم. لېكىن بۈگۈن ئېشىپ قالغان يەمنى پاكىز تازىلىدىم، مەقسىتىم بىر گەندىخورنىڭ بىر قېتىمدا قانچىلىك نەرسىنى كۆمەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. كۈن پاتقاندا بىر قېچىر ئىشىك ئالدىغا تېزەكلىدى، مەن لىق بىر سېۋەت تېزەكنى قەپەستىكى ئون ئىككى مەھبۇسقا تۆكۈپ بەردىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسام، تېزەك پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىپتۇ، يەردە پەقەت ئازراق قالدۇقلىرىلا قاپتۇ. ھەربىر گەندىخورنىڭ خىزمەت مىقدارىنى ئوخشاش دەپ پەرەز قىلساق، ئون ئىككى گەندىخورنىڭ ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كۇب دېتسىمېتىر مالنى يەر ئاستى ئامبارغا يۆتكەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدىم. بۇ ھاشارات كېلەڭسىز بولسىمۇ، ھەم ئامبار ياسايدۇ، ھەم يىغقان يەمنى ئامبارغا يۆتكەيدۇ. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئون ئىككى گەندىخورنىڭ تىتان ئىلاھلىرى① دەك قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتتىم، ھەمدە ئىشنى بىر كېچىدىلا قىلالايدىغانلىقىدىن زوقلىنىپ كەتتىم!

---

① تىتان ئىلاھلىرى — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئون ئىككى پالۋان ئىلاھنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇلار ئاسمان ئىلاھى بىلەن يەر ئىلاھىدىن تۇغۇلغان ئالتە ئوغۇل، ئالتە قىزدىن ئىبارەت، ئۇلار دائىم ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە ئەۋەتىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوزۇق مۇشۇنداق مول تۇرسا، ئۇلار يەر ئاستىدا بايلىق ساقلاپ يېتىشى كېرەكمىدى؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق! ھازىر ئاپتاپ چىقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇلار يەر ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ. گۈگۈم چۈشكەندە، ئەتراپنى جىمجىتلىق ۋە خۇش پۇراق قاپلايدۇ. بۇ چاغ دەل ئۇلار سەكرىشىپ، شادلىنىپ ناخشا ئېيتىدىغان پەيت، يىراقلارغا، يادا ئۆتكەن يولغا بېرىپ ئوزۇق ئىزدەيدىغان پەيت. مۇشۇ پەيتتە، قەپەسىمدىكى مەھبۇسلارمۇ ئايرىلىپ، بىر ـ بىرلەپ ئۈستىگە ئۆملەپ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ چىرىلدىغان ناۋۇشلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار قەپەسنىڭ تورىغا يامىشىپ، تەنتەكلىك بىلەن تورغا سوقۇلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ گۈگۈم ۋاقتىدا بۇنداق جانلىنىپ كېتىشى پەرىزىمدىكى ئىش ئىدى. مەن ئالدىنقى كۈندىكىدەك ئوزۇقنى تەييارلاپ قويغانىدىم. ھازىر ئوزۇقنىڭ ھەممىنى تۆكۈپ بەردىم. يېرىم كېچىدە قارىسام، ئوزۇق يەنە قالماپتۇ، ئەتىسى قارىسام قەپەسنىڭ ئىچىنى پاك ـ پاكىز قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. ناماز شامدا ھاۋا رايى ياخشى بولسىلا، تېزەك تېپىپ كېلىپ، بۇ ئاچ كۆزلەرگە بېرەتتىم. بۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ مەنزىرىنىڭ ئايىغى چىقماي تەكرار نامايان بولىۋېرەتتى.

گەندىخورنىڭ ئوزۇق زاپىسى شۇنداق مول بولسىمۇ، كۈن پاتقاندىن كېيىن يېمەكلىك ئامبىرىدىن چىقىپ كۈندۈزنىڭ قالدۇق نۇرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا جايدىن ئوزۇقلۇق ئىزدەيتتى. بۇنىڭدىن گەندىخورغا نىسبەتەن ئېرىشكىنىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئېرىشمەكچى بولغىنىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ گۈگۈمدا يېغىدىن ئامبار سېلىشى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ كۆزىتىشىمگە ئاساسلانغاندا، گەندىدىن تۆرەلگەن بۇ ھاشارات بىر كېچىدە بۇنچىۋالا ئوزۇقنى ئىستېمال قىلىپ بولالمايدۇ. ئۇ پەقەت يىغىشنىلا بىلىپ، ئامبارنى ئوزۇق بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ؛ بايلىقى ھەرقانچە مول بولسىمۇ، يەنىلا ئىشلىتىشكە يەتمەيدۇ.

بىراق، «تاۋارلار» نى بېسىپ قويۇش يولى بىلەن هايانكەشلىك قىلىدىغان بۇ هاشاراتلار ئامبارنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكى بىلەن قانائەت هاسىل قىلمايدۇ، هەر كۈنى كەچتە توختىماي كۆمۈپ، ئامبار زاپىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت قىلىدۇ.

يېمەكلىك ئامبىرى هەرقايسى جايلارغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، گەندىخور تاسادىپىي قايسى جايغا يولۇقۇپ قالسا، شۇ جايىنى ئازراق تولدۇرۇپ قويىدۇ، تەييار ئوزۇقنى يەپ بولۇپ، ئۆزگە لازىم بولمايدىغانلىرىدىن بىردەك ۋاز كېچىدۇ. زاپاس ئوزۇقنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدىغان ماللارنى بىكاردىن - بىكار تاشلىۋېتىدۇ. قەپەسنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، گەندىخورنىڭ كۆمۈش ئىشتىياقى ئىشتىھاسىدىنمۇ تاقەتسىز كېلىدىكەن. قەپەستىكى توپا قەۋىتى تېزلىكتە ئېگىزلىدى، مەن چوقۇم تۆپىدىكى ئارتۇق توپىلارنى ئېلىۋېتىپ، مۇۋاپىق هالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك. توپىنى ئېلىۋېتىپ قارىسام، ئاستىدا تېزەكلەر شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئەڭ دەسلەپكى تۇپراق هازىر توپا بىلەن گەندىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بىرىكمە هالەتكە ئۆزگىرىپتۇ. كېيىنكى كۆزىتىشلىرىمنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، توپىلارنى تاسقىشىمغا توغرا كېلىدۇ.

گەندىنى نازۇك ئەسۋاب ئارقىلىق ئۆلچەش قىيىنغا توختايدۇ. بىرنەچچە بۆلەككە بۆلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بۆلەك كۆپ، بۇ بۆلەك ئاز بولۇپ قېلىپ، خاتالىقتىن ساقلىنىش تەس. بىراق، بۇ خىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر خۇلاسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ: گەندىخور — ئەسەبىي كۆمۈپ ساقلىغۇچى، ئۇنىڭ يەر ئاستىغا يۆتكىگەن نەرسىسى ئېستېمال ئېهتىياجىدىن كۆپ ئارتۇق. گەندىخور شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ خىزمەتنى هەمكارلىق دەرىجىسى، هەرىكەت كۆلىمى بىردەك بولمىغان ئەمگەكچىلەر بىرلىكتە ئېلىپ بارىدۇ. ناهايىتى روشەنكى، بۇ هەرىكەت

ناھايىتى چوڭ دائىرىدە تۇپراقنى ياخشىلايدۇ، بۇنىڭدەك ھەمكارلىشىپ ئۆرۈش قىلىدىغان قىسمىنىڭ كۆپ كۆچ چىقىرىشى مۇھىت تازىلىقىغا نىسبەتەن خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۆسۈملۈك ھەمدە ئۆسۈملۈكتىن زەنجىرسىمان رېئاكسىيە پەيدا قىلىدىغان زور تۈركۈمدىكى ھاياتلىق بۇ گەندىخورلاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ. گەندىخورنىڭ بىرىنچى كۈنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ، ئىككىنچى كۈنىلا ۋاز كېچىدىغان نەرسىسى ھەرگىزمۇ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ ھەمدە مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئومۇمىي راسخوت تالونىدا ھەرقانداق نەرسە خوراپ كەتمەيدۇ، ھېسابات تالونىدىكى ئومۇمىي مىقدار تۇراقلىق بولىدۇ. ھاشاراتلارنىڭ گەندىنى كۆمۈشى بىلەن باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر پارقىراق، توق يېشىل ئۆسىدۇ. قويلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسا، يېشىل ئوت يەيدۇ. نەتىجىدە قوينىڭ كەينى پۈتىغا گۆش قونىدۇ، بۇنداق بولۇشنى ھەرقانداق ئادەم ئارزۇلىماي قالمايدۇ. گەندىخور ھاشاراتلارنىڭ ئىگىلىكى ئاخىرىدا بىزنىڭ تاماق ئۈستىلىمىزدىكى مەززىلىك گۆشكە ئايلىنىدۇ.

# تومۇزغا ۋە چۈمۈلە ھەققىدە مەسەل

نام ـ شۆھرەت ئالدى بىلەن رىۋايەتتىن كېلىدۇ. ھايۋانلار بىلەن ئادەملەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەش، ئۇلارنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشتىن ئەۋزەل. ھاشاراتلارنىڭ ئەڭ چىن بولمىغان خەلق رىۋايىتىدە ھاشاراتلارنىڭ بىر كىشىلىك ئورنى بولغاچقا، باشتىن ـ ئاخىر بىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

تومۇزغىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھاشاراتشۇناسلىق ساھەسىدە نەدىمۇ تومۇزغىغا ئوخشاش داڭ چىقارغان ھاشارات بولسۇن؟ ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئىستىقبالى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان قىلىقى كىشىلەر ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇشقا باشلىغان دەۋردىلا ئاساسلىق تېمىغا ئايلانغان. ئاسانلا يادقا ئالالايدىغان قوشاقلاردىن بىلىۋالالايمىزكى، قەھرىتان قىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا، تومۇزغىنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغاچقا، قوشنىسى چۈمۈلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوزۇق تىلەپ يەيدۇ. بىراق، بۇ تىلەمچى قارشى ئېلىنمايدۇ، قارشى تەرەپنىڭ جانغا تېگىدىغان قاڭسىق گەپلىرىگىلا ئېرىشىدۇ. دەل مۇشۇ گەپ ئارقىلىق تومۇزغىنىڭ نامى چىققان. بۇ بىمەنە قوپال چاقچاق مۇنداق ئىدى:

— ئۇ قېتىم سەن توختىماي ناخشا ئېيتتىڭ! مەن ياقتۇرۇپ ئاڭلىدىم.

— بۇ قېتىم ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىن.

بۇ گەپنىڭ تومۇزغىغا ئېلىپ كەلگەن شۆھرىتى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئېرىشكەن شۆھرىتىدىنمۇ چوڭ ئىدى. بۇ نام ـ ئاتاق باللارنىڭ قەلبىگە پەقەت ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنىدى.

تومۇزغا زەيتۇن دەرەخزارلىقىدا تەنھا ياشىغاچقا، كۆپ سانىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقمىغان، لېكىن ئۇنىڭ چۇمۇلىنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ غەمكىن قىياپىتى ھەممىگە ئايان. نام ـ ئاتاق مانا مۇشۇنداق كەلگەن! دۇنيادا تەبىئەت تارىخى ۋە ئەخلاقنى دەپسەندە قىلىدىغان قاتتىق ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ھېكايىلەرمۇ، ھەممە ئارتۇقچىلىقى يادلاش ۋە ئېيتىش ئاسان بولۇش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ھېكايىلەرمۇ بار. مۇشۇنداق قۇرۇق گەپلەر نام ـ ئاتاق چىقىرىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق پەيدا بولغان نام ـ ئاتاقلار ھەرقايسى دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىكى ھېچ نەرسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئۆز بېشىمچىلىقنى «چىمچىلاق» تىكى ئۆتۈك ۋە «كىچىك قىزىل قالپاق» تىكى قوتۇرماچ پىشۇرۇش① تەسۋىرىدىن ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

باللار — ئۇنۇمى ئىنتايىن ئېسىل بولغان ساقلاش سىستېمىسى. ئادەت ۋە ئەنئەنە ئۇلارنىڭ ئەستە ساقلاش ئارخىپىغا كىردىمۇ، ھەرگىز ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. تومۇزغىنىڭ مۇشۇنداق نام ـ ئاتاق چىقىرالىشىدا باللارنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور. باللار بىرنەرسىنى يادقا ئېلىشقا كىرىشكەندە، تومۇزغىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى كېكەچلەپ يادقا ئالغان. باللار بولغاچقىلا مەسەلنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان ئاشۇ يۈزەكى، ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ كەلگەن: تومۇزغا قەھرىتان سوغۇقتا ئاچ قالىدۇ (گەرچە قىشتا تومۇزغا مەۋجۇت بولمىسىمۇ)، تومۇزغا بىرنەچچە تال بۇغداي دېنى ئۈچۈن سەدىقە تىلەيدۇ (ئەمەلىيەتتە

① «چىمچىلاق» ۋە «كىچىك قىزىل قالپاق» لار فىرانسىيەدە ئۇزاققىچە تارقالغان مەشھۇر باللار چۆچىكى.

ئۇنىڭ كانىيى بۇغداي دېنى يېيىشكە ماس كەلمىسىمۇ)، تومۇزغا مەڭگۇ بىر تىلەمچى (گەرچە تىلىگىنى ئۆزى ئەزەلدىن يېمەيدىغان چىۋىن ۋە كىچىك سازاڭ قۇرتى بولسىمۇ).

بۇ يالغان سەپسەتىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا مەسئۇلىيەت زادى كىمدە؟ لا. فونتائىن① نىڭ كۆپ قىسىم مەسەللىرى پاكىت ئىنچىكە كۆزىتىلگەچكە كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. بىراق، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسەلدە تەپەككۇر كەم بولۇپ قالغان. لا. فونتائىننىڭ دەسلەپكى مەسەللىرىدىكى باش ئوبرازلاردا، ئالايلۇق، تۈلكە، بۆرە، مۈشۈك، ئۆچكە، قاغا، چاشقان، ئاغمىخان ھەممە نۇغۇنلىغان باشقا ھايۋانلارنى لا. فونتائىن بەش قولدەك بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى توغرا، ئىنچىكە ۋە ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. مەسەلدىكى بۇ پېرسوناژلار شۇ جايدا ياشايدۇ، شۇ ئەتراپتا گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولىدۇ، ھەتتا ئاپتور بىلەن ناھايىتى يېقىنلىشىپ كەتكەن، بۇ ھايۋانلارنىڭ ئامىمىۋى ۋە شەخسىي تۇرمۇشى ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىراق، «توشقان يانوف» سەكرەپ ئوينايدىغان جايدا تومۇزغىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، تومۇزغىنىڭ ئاۋازىنى ئۇ ئاڭلاپمۇ باقمىغان، تومۇزغىنىڭ قىياپىتىنى ئۇ كۆرۈپمۇ باقمىغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ داڭلىق ناخشىچى تاقتاق چېكەتكىدەك بىر نەرسە ئىدى.

گلانۋىل قىستۇرما رەسىم سىزىپ، مەككارلىقتا ئۇچىغا چىققان قەلىمى ئارقىلىق ئەسلىي ئەسەر بىلەن ئوقۇرمەن تالاشقان، لېكىن ئۇمۇ ھاماقەتلىك قىلغان. ئۇنىڭ قىستۇرما رەسىمىدە چۈمۈلە ئەمگەكچان ئايال ئۆي غوجايىنىنىڭ رولىنى ئالغان. ئۇ بوسۇغىدا تۇرغان بولۇپ، يېنىغا بۇغداي تاغىرى بېسىپ قويۇلغانىدى، ئارقىغا بۇرىلىپ قارىسا، تىلەمچى تومۇزغا تۇراتتى. تومۇزغا قولىنى سۇنۇپ تۇرۇپ، «كەچۈرۈڭلار» دەۋاتقان قىياپەتتە ئىدى. بېشىغا 18 - ئەسىرنىڭ كەڭ ئايالچە

① لا. فونتائىن — فىرانسىيەنىڭ 17 - ئەسىردىكى مەشھۇر مەسەلچىسى ۋە شائىرى.

شلەپىسىنى كىيگەن، قولتۇقىغا گىتار قىستۇرۇۋالغان، يوپكىسى سوغۇق شامالنىڭ تەسىرىدە يوتىسىغا چاپلاشقان، مانا بۇ ھېلىقى تومۇزغىنىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، تاقتاق چېكەتكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. گىلانۋىل لا. فونتائىنىدەك دانا بولمىغاچقا، تومۇزغىنىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى توغرا قىياس قىلالماي، پۈتۈنلەي خاتالىق سادىر قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، مەزمۇنى يۇزەكى بۇ كىچىك مەسىلىدە، لا. فونتائىن پەقەت باشقا بىر مەسەلچىنىڭ ئەكس سادasىنىلا ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. تومۇزغىنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىق رىۋايىتى نەپسانىيەتچىلىك بىلەن بىللە ئاتام زاماندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. قەدىمكى ئافېنادىكى باللار بۇ مەسەلنى ئالىلىبۇرۇن يادلاشقا تېگىشلىك تېكىستكە كىرگۈزگەن. ئۇلار لىق زەيتۇن ۋە ئەنجۈر قاچىلانغان سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە باراتتى، يولدا ماڭغاچ بۇ تېكىستنى ياد ئالاتتى: قىشتا چۈمۈلىلەر نەملىشىپ كەتكەن زاپاس ئاشلىقنى ئاپتاپتا قۇرۇتىدۇ. توساتتىن تىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغان بىر ئاچ تومۇزغا يېتىپ كېلىپ، بىرنەچچە تال بۇغداي تىلەيدۇ. «سەن يازدا ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتىڭ، قىشتا ئۇسسۇل ئوينىغىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ پىخسىق چۈمۈلە. گەرچە بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئانچە ئەمەلىي قىممىتى بولمىسىمۇ، لېكىن لا. فونتائىنىنىڭ باش تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ باش تېما كىشىلەرنىڭ نورمال ئۇقۇمىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

گىرېتسىيە دەل زەيتۇن دەرىخى ۋە تومۇزغا بىلەن داڭ چىقارغان دۆلەت بولغاچقا، بۇ مەسەلنىڭ گىرېتسىيەدىن چىققانلىقىدا گەپ يوق. شۇڭا، مەندە ئىزوپ[1] كىشىلەرنىڭ تارىختىن بۇيانقى تەسەۋۋۇرىدىكى يازغۇچىمىدۇ، دېگەن گۇمان بار. بىراق، گۇمان دېگەن بەربىر گۇمان، ئەجەبلىنىش ھاجەتسىز، چۈنكى ھېكايە سۆزلىگۈچى قانداقلا بولمىسۇن

---

① ئىزوپ ــ قەدىمكى گىرېتسىيەنىڭ مەشھۇر مەسەلچىسى.

گرېتسىيەلىك، تومۇزغىنىڭ قېرىندىشى، ئۇلار تومۇزغىنى
تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، مەن ھازىرغىچە
مەھەللىمىزدە قىشتا تومۇزغىنىڭ بولۇشى ئۇچىغا چىققان
بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان دېھقانلارنى ئۇچرىتىپ
باقمىدىم. قىش يېتىپ كېلەي دېگەندە، زەيتۇن دەرەخلىرىنىڭ
تۈۋىگە توپا يۆلىنىدۇ، بۇ چاغدا يەر ئاغدۇرغان ئادەم تومۇزغىنىڭ
دەسلەپكى ھالىتىنى كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاغدۇرغان توپىدا
تومۇزغىنىڭ لىچىنكىسى بار. يازغا كەلگەندە، ئۇ يول بويىدا
تومۇزغىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرۈپ، لىچىنكىنىڭ قانداق قىلىپ
ئۆزى ياسىغان يۇملاق قۇدۇقتىن يەر يۇزىگە چىققانلىقىنى
بىلىدۇ؛ ئۇ يەنە توپىدىن چىققان لىچىنكىنىڭ قانداق قىلىپ
دەرەخ شاخلىرىغا يامىشىپ چىقىدىغانلىقىنى، ئاندىن
دۇمبىسىنىڭ تېرىسى يېرىلىپ، كەينىدىنلا قاتۇرۇلغان سېرىق
قەغەزدىنمۇ قۇرغاق تېرىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ
بىلىدۇ. ئۇ تېرە تاشلىغان تومۇزغا تېنىنىڭ مايسا رەڭدىن
تېزدىنلا جىگەر رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

قەدىمكى ئافېنادىكى دېھقان ئەخمەق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ
ئەينى ۋاقىتتا كۆرگىنى ئەمەلىيەتتە بۇگۇنكى ئادەملەر ئىچىدىكى
كۆزىتىش ئىقتىدارى ئەڭ تۆۋەن ئادەملەرمۇ كۆرەلەيدىغان
ئەھۋال. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىلگىنى قوشنىلىرىم ناھايىتى
ئېنىق بىلىدىغان ئىش. بۇ مەسىلىنى ئىجاد قىلغان يازغۇچىمۇ
قانداقلا بولمىسۇن يۇقىرىقى ئەھۋالنى بىلىشكە ئەڭ شەرتى
توشىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئاشۇ ھېكايىسىدىكى بىمەنىلىكنىڭ
نەدىن كەلگەنلىكىنى راستلا بىلمەيمەن.

قەدىمكى گرېتسىيەدىكى مەسەلچىنى لا. فونتائىنىدىنمۇ
بەكرەك ئەپۇ قىلماسلىق كېرەك. ئۇ پەقەت كىتابتا يېزىلغان
تومۇزغىنى بايان قىلىشنىلا بىلگەن، ئەمما يېنىدا يۇرگەن
ھەقىقىي تومۇزغىنى تەكشۈرۈپ باقمىغان، ئۇ رېئاللىققا قىلچە
قىزىقماستىن رىۋايەتنى دورىغان. ئۇ ئەڭ قەدىمكى دەۋردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەلۇم بايان قىلغۇچىنىڭ ئەكس ساداسىغىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، نۇرغۇن مەدەنىيەتنىڭ ھۆرمەتلىك ئانىسى بولغان ھىندىستاننىڭ رىۋايىتىنى قايتا بايان قىلغان. ھىندىستانلىقلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئالدىن بىلگىلى بولمايدىغان قىسمەتنىڭ قانداق كۆلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئىدى. لېكىن، قەدىمكى گىرېتسىيەلىك مەسەلچى ھىندىستانلىقلارنىڭ قەلىمىدە بۇنداق بىر باش تېمىنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرالماي، ھېكايىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن ئوخشاش دەپ قارىغان. تومۇزغا بىلەن چۈمۈلە ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردە مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلە ئەمەس. ھىندىستان ھاشاراتلارنىڭ ئۇلۇغۋار دوستى، شۇڭا ئۇنىڭدا بۇ خىل خاتالىقنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈرلۈك ئەھۋاللار ئەسلىي ئىشنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ئەڭ دەسلەپتە ھىندىستانلىقلارنىڭ ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمان بىز دەۋاتقان تومۇزغا بولماستىن، بەلكى باشقا بىر خىل ھايۋان بولۇشى مۇمكىن، ھەم ئۇنى بىر خىل ھاشارات دەپ ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ خىل ھايۋاننىڭ ئادىتى قەدىمكى گىرېتسىيەلىكلەر بۇ ھېكايىنى يېزىشتا ئېھتىياجلىق بولغان ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. مۇنداق بىر قەدىمىي ھېكايە بار، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ھىندى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئەۋلىيالارنى ئۇزۇكسىز پىكىر قىلدۇرغان، باللاردا ئۇزۇكسىز قىزىقىش ھاسىل قىلغان بۇ ھېكايە ئىنتايىن قەدىمىي بولۇپ، تارىختىكى مەلۇم ئۇرۇق ئاقساقىلى تۇنجى قېتىم بايىلىقنى تېجەش قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان دەۋر بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈش جەريانىدا، بەزىلەر ئۇنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى، بەزىلەر ئۇنى بېيىتىپ تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن. گىرېتسىيەگە تارقالغاندا، كونا ھېكايىدىكى نۇرغۇن تەپسىلاتلار بارلىق

رىۋايەتلەرگە ئوخشاشلا باشقا بىر تۇسكە كىرىپ قالغان گەپ. ئۇ ۋەقەلىكلەر زاماندىن ـ زامانغا تارقىلىش جەريانىدا كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان رايوننىڭ رېئال مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ھىندىستانلىقلار بايان قىلغان ئۇ ھاشاراتلارنى گىرېتسىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدا كۆرەلمەيدۇ. گرېتسىيەلىكلەر قانداق تومۇزغىنى ھەممە جايدا بازارغا سالسا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوچۇق ئېيتىپ بېرەلمىگەن. نەتىجىدە خۇددى «زامانىۋى ئافىنا» نىڭ پارىژدا پەيدا بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، تومۇزغا تاقتاق چېكەتكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىمەنىلىك كېلىپ چىققان، بالىلارنىڭ خاتىرىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىپ، يوقاتقىلى بولمايدىغان تەسىرگە ئايلىنىپ قالغان، سەۋەنلىك رېئاللىقنى بېسىپ چۈشۈپ، چىن ئوبراز ئەكسىچە كۆزگە سەت كۆرۈنۈپ قالغان.

بىز مەسىلىدە ھاقارەتلەنگەن ناخشىچىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويايلى. توغرا، تومۇزغا ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، بۇنى مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېتىراپ قىلىمەن. ھەر يىلى يازدا، تومۇزغىلار ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماكانلىشىدۇ، ئۇلارنى بۇك ـ باراقسان ئىككى تۈپ ئېگىز فىرانسىيە چىنارى جەلپ قىلغان. تومۇزغىلار كۈن چىققاندىن پاتقانغا قەدەر بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىدە سايرىشىپ، خۇددى غاپىللارنى غەپلەتتىن ئويغاتماقچى بولغاندەك خور ئورۇنلاپ، توختىماي ئۇرۇلغان بولقىدەك مېڭەمنىڭ يېغىنى يەيتتى. كانىيى يىرتىلغۇچە ئېيتىلغان خور ئاۋازىدا سېنىڭ بىرەر مەسىلىنى تەپەككۇر قىلالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. بېشىڭ ئايلىنىپ، ھېچقانداق قارار چىقىرالمايسەن. ئەگەر مەن سەھەردىكى بىر نەچچە سائەت ۋاقىتتىن پايدىلانمىسام، پۈتۈن كۈنلۈك ۋاقتىم بىكارغا كېتىدۇ. ئاھ، مېنى تاسادىپىي مەپتۇن قىلىۋالغان ھاشاراتلار، سەن ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى بىئارام قىلىسەن، سەن

مېنىڭ تۇرالغۇمدىكى چوڭ ئاپەت، مەن تىنچ مۇھىتتا ياشاشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە! باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئافېنالىقلار سېنى قەپەسكە سولاپ بېقىپ، سايراشلىرىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىكەن. تاماقتىن كېيىن كىشىلەر مۇگدەپ تاماق سىڭدۈرۈۋاتقاندا، تومۇزغا سايراشتىن توختىمىدى، كىم بىلسۇن، ھايال ئۆتمەيلا خور يەنە باشلاندى. ئازراق بىر نەرسىنى دىققەتنى يىغىپ مۇلاھىزە قىلىشىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايتتى. خۇددى رەھىمسىز جازا ئۆتەۋاتقاندەك، قۇلاق چىدىغۇسىز دەرىجىدە غوڭۇلدايتتى! ساڭا يەنە باھانە تېپىلدى، بۇ جاينى سەن ئاۋۋال ئىگىلىۋالغاچقا، ئالدىن تاللاش ھوقۇقۇم بار دەپ ھېسابلايتتىڭ. سېنىڭچە بولغاندا، مەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇنلا بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ پۈتۈنلەي ساڭا مەنسۇپ ئىدى. ھەرقانچە كوتۇلدىغىنىم بىلەنمۇ، مەن دەرەخ سايىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن تاجاۋۇزچىغا ئايلىنىپ قالدىم. بولدى، بولدى، سېنىڭ گېپىڭ يوللۇق. بىراق، نەسىھەتىمگە قۇلاق سال، كانىيىڭغا ئاۋاز پەسەيتكۈچ ئورنىتىپ، ئاۋازىڭنى باسمەن، شۇ چاغدىلا سېنىڭ سايراشلىرىڭ بېسىقىشقا چۈشىدۇ.

مەسەلچىلەرنىڭ بىزگە ئېيتىپ بەرگەنلىرى پاكىت تەرىپىدىن «خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان» دەپ قارىلىپ، ئىنكار قىلىنىدى. بەزى چاغلاردا تومۇزغا بىلەن چۈمۈلە ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بولىدۇ، ئەمما مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇناسىۋەت بولمايدۇ. پەقەت بىر نۇقتىنىلا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەل كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن قارىمۇقارشى. تومۇزغا تەشەببۇسكار ھالدا چۈمۈلە بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمايدۇ، بۇ دۇنيادا ئۇ ھېچقانداق ياردەمگە موھتاج ئەمەس. بۇ مۇناسىۋەتنى چۈمۈلە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پەيدا قىلغان. ئۇ ئاچ كۆز ئېكسپلاتاتسىيەچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا يېيىشكە بولىدىغانلىكى نەرسىنىڭ

ھەممىسىنى توپلايدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا، تومۇزغا چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئوزۇقى يېتىشمەي ئېسىنى يوقىتىپ قويىدىغان چۈمۈلە ناخشىچىغا يېلىنىپ يالۋۇرىدۇ. دىققەت، مەن ئۇنى يېلىنىپ يالۋۇرىدۇ، دەۋاتىمەن. قەرز ئېلىش، قەرز قايتۇرۇش ئىشى قاراقچىلارنىڭ ئادىتىدە مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇ تومۇزغىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ، تومۇزغىنى نومۇسسىزلارچە بۇلاپ، قاق سەنەم قىلىپ قويىدۇ. ئەمدى بىز چۈمۈلىنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى، بۇ تېخى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان تارىخىي قىيىن مەسىلە.

ئىيۇلنىڭ چۈشتىن كېيىنلىرى ئىسسىقنىڭ دەردىدە ئادەم تونجۇقۇپ قالىدۇ. چاڭقاپ كەتكەن ھاشاراتلار ئىنتايىن روھسىز بولۇپ، سولاشقان ھالەتتە ئۇسسۇلۇق تېپىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. لېكىن، تومۇزغا كۆز ئالدىدىكى سۇ قەھەتچىلىكىگە ئېرەنمۇ قىلمايتتى. بۇ چاغدا ئۇ نەشتىرى — مىكرو كالىبىرلىق بۇرغىسى بىلەن پۈتمەس - تۈگىمەس ھاراق ئىسكىلاتىدىن بۇرغىلايدىغان جاي تاپتى. ئۇ توختىماي ناخشا ئېيتىپ، كىچىك چاتقالنىڭ ئىنچىكە شېخىدا بىمالال تۇرۇپ، سىلىق ھەم قاتتىق دەرەخ پوستىنى بۇرغىلاشقا باشلىدى. دەرەخ شىرنىسى كۈن نۇرىدا پىشىپ، دەرەخ پوستىنى تومپايتىۋەتكەنىدى. بىر دەمدىن كېيىن، ئۇ سۇمۇرۇش نەيچىسىنى بۇرغىلاپ تېشىلگەن تۆشۈككە كىرگۈزۈپ، دەرەخ پوستىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەززە قىلىپ قانغۇدەك ئىچتى. بۇ چاغدا تومۇزغا پۈتۈن زېھنى بىلەن شەربەت ۋە ناخشىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەنىدى.

بىز بۇ يەردە ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرايلى. كۈتۈلمىگەن بىرەر پاجىئەلىك ۋەقەنى كۆرۈپ قالساق ئەجەب ئەمەس. دەرۋەقە، زور بىر تۈركۈم چاڭقاپ، ئېغىزلىرى قۇرۇپ كەتكەن جانىۋارلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۇ قۇدۇقنى بايقاپ قالدى، سىرغىپ ئېقىۋاتقان شەربەت ئۇنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. ئۇلار قۇدۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېغىزىغا سىلجىدى. ئۇلار باشتا خېلى ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئېقىپ چۈشكەن شەربەتنى يالاش بىلەنلا كۇپايىلەندى. تاتلىق تۆشۈكنىڭ ئەتراپىغا سېرىق ھەرە، چىۋىن، پىلە قۇرتى، پاتقاق ھەرىسى، قىزغۇچ ھەرە، زەرگەر گۈل قوڭغۇزى ۋە چۈمۈلىلەر توپلاشقان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئالدىراش ئىدى.

سۇ مەنبەسىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن، بويى پاكارلار تومۇزغىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالاتتى. مىجەزى كۆڭۈلچەك تومۇزغا تېنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇرسەتپەرەسلەرگە يول بېرەتتى. بويى ئېگىزلەر ئالدىرىغىنىدىن تېپچەكلىشىپ، قىستىلىپ كىرىپ بىر شورىۋېلىپلا قايتىپ چىقىپ، يېنىدىكى يوپۇرماققا قونۇپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە بېرىپ شورايتتى، ئەمما بۇ قېتىم ئۇ ئانچە تەپ تارتىپ كەتمىدى، ئاچ كۆزلۈكى تېخىمۇ غالجىرلاشتى. باياتىن بېرى سالاپەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ جانىۋارلار ئەمدىلىكتە ۋارقىراپ - جارقىرىشىپ، ئۆكتەملىك قىلىپ، قۇدۇق قازغۇچىنى قوغلىۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى.

بۇ بىر توپ قاراقچىلارنىڭ ئىچىدە چۈمۈلە ھەرگىزمۇ تەن بەرمەيتتى. قارىسام بەزى چۈمۈلىلەر تومۇزغىنىڭ پاقالچاقلىرىنى چاقماقتا ئىدى؛ بەزى چۈمۈلىلەر تومۇزغىنىڭ قانىتى، دۇمبىسىگە چىقىپ ئانتېنناسىنى تاتىلىماقتا ئىدى. بىر چۈمۈلە يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ، كۆز ئالدىمدىلا تومۇزغىنىڭ سۇمۇرۇش نەيچىسىنى كۈچەپ تارتماقتا ئىدى.

بۇ بىر توپ پاپلارنىڭ كاشىلىسىغا چىداپ بولالمىغان تومۇزغا قۇدۇقنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. بىراق، مېڭىش ئالدىدا قاراقچىلارنىڭ تېنىگە سىيىپ قويدى. كەمسىتىشكە ئۇچرىغان بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىپادىسى چۈمۈلىگە ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى! چۈمۈلىنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ سۇ مەنبەسىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. بىراق كۆتۈلمىگەندە، سۇ مەنبەسى تېزدىنلا قۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، سۇنى تارتىۋاتقان سۇ پومپىسى ھەرىكەتتىن توختىغانىدى. لەززەتلىك نەرسە ئاز ۋە ساز بولغىنى

ياخشى. بىر قېتىم شورىۋالسا، شۇ يېتەرلىك ئىدىغۇ، سەۋرچانلىق بىلەن يەنە بىر نۆۋەتلىك پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرسا بولاتتىغۇ. پۇرسەت كەلسىلا كونا ئۇسۇل بويىچە ئېسىل شارابنى يەنە بۇلىسا بولاتتىغۇ.

كۆپچىلىك ئەمدى بىلگەنسىلەر، پاكىت مەسىلىدە تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلار مۇناسىۋىتىنى تەلتۆكۈس ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، قىلچە خىجىل بولماستىن تىلەمچىلىك قىلىدىغىنى چۈمۈلە؛ زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپلىك، جاپا تارتقانلار بىلەن تەڭ بەھرىلىنىشنى خالايدىغان ھۈنەرۋەن ــ تومۇزغا. قەھرىمانلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنلىكىنى مۇنداق بىر ئەھۋال تېخىمۇ ياخشى ئېچىپ بېرىدۇ. ناخشىچى بەش ـ ئالتە ھەپتە پۇخادىن چىققۇچە ئويىنىۋالدى. بۇ ئۇزاق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ دەرەختىن غۇلاپ چۈشتى. تۇرمۇش ئۇنىڭ ھاياتىنى خوراتتى. تاپى كۈن نۇرىدا قۇرۇپ، يولدىن ئۆتكەنلەر تەرىپىدىن دەسسەلدى. ھەرقانداق پەيتتە زاڭ ماللارنى ئىزدەپ يۈرىدىغان قاراقچى چۈمۈلە يېرىم يولدا تومۇزغىنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. ئۇ بۇ مول ئوزۇقنى پارچىلاپ، ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنى تولدۇردى. سەكراتقا چۈشكەن تومۇزغىنىڭ قاناتلىرى توپىدا پالاقشىغاندا، بىر توپ چۈمۈلىنىڭ ئۇنىڭ قاناتلىرىنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش دائىملىق ئىش. بۇ چاغدا ئۇ قاتتىق ئازابقا بەرداشلىق بېرىدۇ. بۇ ھاشاراتلارنىڭ قىلمىشى، ئىككى خىل ھاشارات ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي مۇناسىۋەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەدىمكى زامان كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە تومۇزغىغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىلگەن. «گىرېتسىيە بېرانگېرى»[①] ئاناكرېئون

① بېرانگېر (1780 ــ 1857) ــ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن تەسىرى زور فىرانسىيە شائىرى، يېزىقچىلىق، ناخشا ئېيتىش، تەڭكەش قىلىپ چېلىش قاتارلىق سەنئەتلەرنى تەڭ مۇجەسسەملىگەن.

تومۇزغا ھەققىدە مەخسۇس بىر پارچە قەسىدە يازغان بولۇپ، تومۇزغىغا بولغان مەدھىيەسى چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان شېئىر ھېسابلىنىدۇ. شائىر تومۇزغىنى تەسۋىرلەپ «سەن گويا ئىلاھسەن» دەيدۇ. شائىرنىڭ تومۇزغىغا بۇنداق ئالاھىدە شەرەپنى بېرىشىدىكى سەۋەب ئاساسلىق ئورۇندا تۇرالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ تومۇزغىدىكى مۇنداق ئۈچ خۇسۇسىيەتنى مۇھىم دەپ قارىغان: بىرىنچىدىن، تۇپراقتىن تۆرەلگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئاغرىقنى بىلمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، گۆشى بار، قېنى يوق. ھەي، شائىرنى ئەيىبلەشنىڭ ھاجىتى يوق. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ خىل خاتالىقنىڭ پەيدا بولۇشى شۇ چاغدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ خاتالىق تەپسىلىي كۆزىتىپ ئېنىقلانغانغا قەدەر بەك ئۇزاق داۋاملاشقان.

ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ، تومۇزغا بىلەن ھەمىشە بىللە بولىدىغان پروۋېنسلىق شائىرلارمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاناكرېئونغا ئوخشاش سەل قارىغان. ئۇلار تومۇزغىنى ئۆز رايونىنىڭ بىر خىل سىمۋول بەلگىسى قىلىۋالغان. ئۇلار تومۇزغىنى مەدھىيەلىگەن بىلەن، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىشنى ئويلاپ يېتەلمىگەن. مېنىڭ بىر دوستۇم بار بولۇپ، ئۇ بۇنداق تەنقىدكە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئۇ بىر كۆزىتىش مەستانىسى، قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدىغان ئەمەلىيەتچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى تۈپلەنمىگەن خاتىرىسى ئىچىدىن پروۋېنس تىلىدا يېزىلغان بىر پارچە ئەسىرىنى سوغۇرۇۋېلىپ، بۇ ئەسىرىم بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىشىمغا قوشۇلدى. ئەسەردە ئۇ تومۇزغا بىلەن چۈمۈلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. مېنىڭچە، ئەسەردىكى شېئىرىي ئوبراز ۋە ئەخلاقىي پۇراقنىڭ قانداق بولۇشىغا ئۇ ئۆزى مەسئۇل بولسۇن. بۇنداق نازۇك ھەم كېلىشكەن گۈزەل گۈل غۇنچىسىنى مۇزېيىمدا ئۆستۈرەلمەيمەن. بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ ئىنتايىن چىن بايان قىلغان بولۇپ، ھەر يىلى

يازدا بېغىمدىكى سىرىنگۇلنىڭ ئۇستىدىكى ئەھۋال بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. مەن ئۇنىڭ پرووۋېنىس تىلىدىكى بۇ ئەسىرىنىڭ فىرانسۇزچە تەرجىمىسىنى ئارقىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بەردىم. تەرجىمە ئەسەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا پەقەت ئەسلىي ئەسەرنىڭ تەخمىنەن مەنىسىلا ئىپادىلەندى. چۈنكى، فىرانسۇز تىلىدا پرووۋېنىس تىلىغا ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى تاپماق تەس. تۆۋەندە ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسىرى بېرىلدى.

## تومۇزغا ۋە چۈمۈلە

### 1

خۇدا گۇۋاھ، تومۇز كەلدى، تومۇزغىنىڭ بەختى كەلدى !
خۇشاللىقتىن كۆڭلى يايراپ، خوپ زوقلاندى ئىسسىقتىن.
دولقۇنلايدۇ ئېتىزلاردا ئالتۇن رەڭلىك زىرائەت،
مول ھوسۇلنى يىغىدىغان پەسىلدۇر بۇ ئېتىزدىن.
ئېگىپ بەلنى، ئېچىپ باغرىن، ھارماي ئىشلەپ، ئېيتمايدۇ -
قۇرۇق ناخشا، بولمىسىمۇ ئۆتكۈدەك سۇ كانىيىدىن.

ئىشقا سال ماھارەتنى، بۇنداق ھاۋا سېنىڭ بەختىڭ،
چال سازىڭنى، ئېيت ناخشا، ئاچ كۆڭۈلنى كۈي ياڭرىتىپ.
پەيدا بولدى ئورمىچىلار، پولاتلىتىپ ئورغاقنى،
تولغىنىپ ئوينا ئۇسسۇل، ئەينىكىڭدىن نۇر چاقنىتىپ.
توختىماستىن ياتقۇزماقتا باشاقلارنى ئۇچلۇق ئورغاق،
يالتىرايدۇ ھىلال كەبى ئورغاق بىسى دولقۇن يېرىپ.

ھىم ئېتىپ سۇ قۇيۇلغان تۆمۈر قۇتا پورۇپكا،
قىستۇرۇلغان سۆڭگەكچە ئۇ، ئوڭغا - سولغا ئىرغاڭلىتىپ.
كىردى بىلەي غىلاپقا، تومۇز ئىسسىقتىن قېچىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەم يەنە چىقتى غىلاپتىن سۇغا تويۇناقچى بولۇپ.
ھودۇقۇپ كەتمەيتتى ئۇ، گەرچە كەتسىمۇ ئاغزى قۇرۇپ،
يىلىكى قايناپ گويا ئۇماچ قازىنىدەك پورۇقشىپ.

ئەمما سەن قاندۇرسەن ئۇسسۇزلۇقۇڭنى ھەر باب بىلەن،
سانجىپ تۇرۇپ قوۋزاقۇ، نەشتەر كەبى بۇرغاڭ بىلەن،
قىزىللاتتى شەربەت قۇدۇق سۇلىرى سىرغىپ چۈشۈپ.
يۈرەكىڭ قاناتتى، ئىچىپ تاتلىق شېكەر - شىرنىنى،
قانغۇچە ئىچ، تەگكۈزۈپ ئاغزىڭنى شەربەت بۇلاققا،
باسىدۇ ئۇسسۇزلۇقۇڭنى، ئىچ يوغان ئىچىپ ئاغزىڭنى.

ئەمما، ئۆتمۇەرمەس كۇنلەر تېپتىنچ، ئىشلار خەيرلىك!
ئۇچرايسەن ئوغرى - قاراقچى ۋە لۈكچەكنىڭ ھۇجۇمىغا.
تىك تۇرۇپ يېنىڭدا، كۆتىدۇ شەربەت قاچان چىقار دەپ،
دەيدۇ شېكەر - شەربەت سۇلىرى، لىق قۇيۇلسۇن رومكامغا.
قەلەندەرلەر پەسكەشتۇر، پەخەس بول، سۆيۈملىك تومۇزغا،
بىردەمدىلا بۇلاپ - تالايدۇ، چىچىپ توپا ئىشىڭغا.

سەندىن ئاشقان - تاشقىنى، ئارانلا يېتەر ئۇلارنىڭ -
ئېغىزىنى نەمدەشكە، قاندۇرالماس نەپسىنى بىراق.
شۇ ئان بۇلاش كويىدا ئۇلار شەربەت قۇدۇقنى،
قاشلايدۇ قاناتىڭنى، ئىشلىتىپ ئۆتكۈر - زەھەر تىرناق.
ئاچ كۆز قاراقچى كەڭ كەتكەن دومبەڭدە ئايلىنىپ يۈرۈپ،
ئاغزىڭغا، قوش مۈڭگۈزۈڭگە، پۇت - قولۇڭغا سالار قارماق.

ئۇ يېرىڭ، بۇ يېرىڭدىن تارتىۋەردى پەسكەش قەلەندەر،
سىيىۋەتتىڭ تېنىڭگە دەرغەزەپتىن، قالتىس بۇ ئىشىڭ!
سىيىپ قويۇپ تەنلىرىگە، كىرىپ كەتتىڭ ماكانىڭغا،
يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتىڭ تاشلاپ جايىن مۇناپىققا.

قۇدۇقۇڭنى بۇلاپ ـ تالاپ، خۇشاللىققا تولۇپ تاشتى،
تولۇپ شېكەرۇ شەربەتكە ئېغىز ـ بۇرنى بۇ پەسكەشنىڭ.

ئەمگەك قىلماي راھەت كۆردى، زالىملىقنى شەرەپ بىلىپ،
ئۇچىغا چىقتى بېشەملىكتە ھەممىدىن بەك چۇمۇلە.
چىۋىن، قارا ھەرە، سېرىق ھەرە، پولىنىللا تاشپاقىسى،
دېيىلسىمۇ ئالدامچىنى ئالدايدىغان مىكىر ـ ھىيلە،
لېكىن مەقسەت ئۇلارغا ئاپتاپسىنىش، قۇدۇق بويىدا،
سەۋەبچىدۇر يۇرىكى توم چۇمۇلە سېنى ھەيدەشكە.

دەسسەپ پۇتۇڭغا، تاتىلاپ يۇزۇڭنى، چىمدىپ بۇرنۇڭنى،
مۆكۈپ ئاستىڭغا سايىدايدۇ، ئۇنىڭدا ھۇنەر تولا.
قىلالايدۇ ئەسكى ئىشنى، نىيىتى يامان چۇمۇلە،
ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەي بۇ پەسكەش بىر پۇتۇڭغا،
ۋە ئۇنى شوتا قىلىپ، يامىشىپ چىقىدۇ قاناتىڭغا،
مۇتتەھەم دەسسەپ دۇمبەڭگە، بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ ساڭا.

2

ئىشەنمەيمەن بىر سۆزگە، چۇنكى ئۇ توقۇپ چىقىرىلغان،
ئاتام زاماندىن قالغان قۇرۇق گەپ، شۇنداق تارقالغان:
بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا، قەھرىتان قىشتا سەن ئاچ قالغان،
تارتىپ ئىزا، ساڭگىلىتىپ بېشىڭنى، يۇزۇڭ قىزارغان،
ھېسداشلىق مەقسىتىدە، چۇمۇلىنىڭ ئامبىرىغا بارغان.

توشۇلىغان ئىدى تېخى نۇرغۇن ئاشلىق ئامبارغا،
يېيىپ قۇرۇتۇلماقتا ئىدى تېخى كۇن نۇرىدا،
كىرگەن ئىدى بۆسۇپ شەبنەم، چۇمۇلىنىڭ ئامبىرىغا،
قۇرۇغاننى ئۇدۇللۇق قاچىلىماقتا ئىدى تاغارغا،
شۇ چاغدا توساتتىن كەلدىڭسەن، كۆزۇڭ ياش ھالدا.

سەن دېدىڭ ئۇنىڭغا: بۇ يىل قىش ھاۋا قەھرىتان،
قاتراپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم يېگۇدەك دان،
قارىسام يىغقان ئاشلىقىڭ يەتكۇدەك بىر ئۆمۈر تولۇق،
بەرگىن بىر خۇرجۇن، قايتماي قول قۇرۇق،
يازدا قوغۇن بېرىمەن، بۇ گېپىم ھەرگىز ئەمەس يالغان.

بۇرادەر، مەن سەندىن ئۆتنە - يېرىم قىلاي ئازراق بۇغداي.
قايتىپ كەت، گېپىمنى ئاڭلايدۇ دەپ، ئاۋارە بولماي،
بەرمەيمەن بىر سىقىممۇ، بولسىمۇ ھەرقانچە كۆپ بۇغداي،
دەرھال يوقال، يالا قۇرۇق ھاراق تۇڭىنى، قاراپ تۇرماي،
نە ئىلاج ساڭا يازدا ناخشا ئېيتىپ، قىشتا ئاچ قالماي.

مانا بۇ ھېكايىدىكى ـــ قەدىم زاماندىكى مەسەل،
بېخىللىقتا ئۇندەيدۇ، مېھرىبانلىقتا قىلمايدۇ ئەمەل،
ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماي، ھاكاۋۇرلىشىپ، ئەزەل،
ئاچلىق ئازابىدىن بولدى ئاشقازان بىئارام بىرمەھەل،
ئەيلەۋەرسۇن ئەخمەقلەر خام خىيال، يەنىلا پاكىت ئەۋزەل!

غەزەپلەندىم ئىختىيارسىز مەسەلچىنىڭ سۆزىدىن،
دېگىنىدىن: قارا قىشتا، ئىزدەيدۇ ئوزۇق ھەممە جايدىن،
مەقسەت ئەمەس يېيىش ساڭا چۈشىن، قۇرت ياكى داندىن،
يا سەن يېمىسەڭ بۇغداي دېنى، كەلدى بۇ گەپ نەدىن!
ئوزۇق ئالىسەن قۇدۇق قېزىپ، شىرنە يالاشتىن.

ھېچقىسى يوق قارا قىشتا قالساڭ ئاچ، ھەي تومۇزغا!
چۈنكى سىنىڭ ئەۋلادلىرىڭ يەر ئاستىدا ئۇخلىماقتا.
سەنمۇ شۇنداق ئۇخلاۋەر، ئەبەدىلئەبەد ئويغانما،
تاپىڭ چېچىلسۇن كۆل بولۇپ، بۇ بىپايان يەر ـ زېمىنغا،
كۆرەر بىر كۈن كۆللىرىڭنى چۈمۈلە، ئىزدەپ ھەر يان.

تۇرماقتا قۇرۇپ قالغان قاقشال تاپلىڭ يول بويىدا،
ئۈچرىغاندەك پەسكەش كەبى چۈمۈلىگە ئۇلجا گويا،
ياۋۇز ئوغرى كۆكسۈڭنى كولاپ، سۆڭىكىڭنى ئۈزۈلماقتا،
گۆشلىرىڭنى يەر ئاستى ئامبىرىدا ساقلىماقتا،
قار ياغقاندا مەززە قىلىپ يېيىشى ئۈچۈن بولدۇڭ قۇربان.

3

ھەقىقىي جەريان، ھەقىقىي ئەھۋال مانا مۇشۇنداق،
پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس مەسەلدىكى تەسۋىر بىلەن.
قانداق تەسىرات ئالغانسىلەر، ئەي ۋىجدانسىزلار!
پايدا ئېلىپ كۆنۈپ قالغان يۈزى قېلىن شەرمەندىسەن.
قارماق تاشلاپ، ئالىسەن نەپ، چوقۇنىسەن پۇلغىلا،
ئەقىدەڭ شۇ: يوقىتىسەن ئالۋاستىنى پۇل بىلەن.

تارقاتتىڭ سەن پىتنە - پاسات، ئۆسەك سۆز، بۇزۇق ئىپلاس،
ھەتتا دېدىڭ سەنئەتچىنى: ئەمگەككە ئۈچ بىكار تەلەپ،
ناخشىچىنى ئۆلسۇن دېدىڭ قەھرىتاندا ئاش - نان تىلەپ،
تەپ تارتماستىن چوڭ گەپ قىلما، يۇم ئاغزىڭنى، بولدى بەس.
ھايات چېغىڭدىمۇ بۇلىدىڭ، ئۆلگەندىمۇ بۇلىدىڭ،
كولىغانغۇ تومۇزغا شەربەت چىققان قۇدۇقنى.

دوستۇم ئىپادىلەش كۆچىگە ئىنتايىن باي بولغان پرووېنىس تىلى بىلەن بۇ مەنانى روياپقا چىقىرىپ، مەسەلچىلەر تەرىپىدىن تۆھمەت قىلىنغان تومۇزغىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تومۇزغا تۇخۇمىنىڭ سەرگۈزەشتىسى

ھەر قېتىم چىشى تومۇزغا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئانىلارغا خاس ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇخۇم تۇغۇپ ۋە ئۇنى مۇقىم ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە، ئىنتايىن ئېتىبارسىز قارىلىدىغان بىر خىل چىۋىن تومۇزغا تۇخۇمىنى يوقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ خىل چىۋىندىمۇ بىر دانە بۇرغىلاپ چارلاش ماشىنىسى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە لېئومۇر بۇ خىل چىۋىننى بۇرۇنلا كۆرگەنىدى. ئۇ كۆزەتكەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل چىۋىننىڭ پارازىت قۇرتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان لىچىنكىسىنى كۆرگەن. ئەمما، دەسلەپتە ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان. شۇڭا، ئۇ بۇ قاپ يۈرەك بۇزغۇنچى ئۇنسۇرنىڭ دېلو سادىر قىلىش ھەرىكىتىنى كۆرەلمىگەن ۋە كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كىچىك پارازىت ھەرە ئائىلىسىدىكى بىر خىل ھاشارات بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بەش – ئالتە مىللىمېتىر كېلەتتى، ئەپتى قاپقارا بولۇپ، ئالدى تەرەپتە يوغان بىر جۈپ ئانتېنناسى بار ئىدى. ئۇ بۇرغىلاپ چارلاش ماشىنىسىنى قېپىدىن چىقارغاندىن كېيىن، قورساق ئاستىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا مۇقىملاشتۇرۇپ، بەدەن ئوق سىزىقى بىلەن تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ، ئورنى جىيەكسىمان قاناتلىق كىچىك پارازىت ھەرىنىڭ تۇخۇملىغۇچىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. جىيەكسىمان قاناتلىق كىچىك پارازىت ھەرە ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن بىر ئاپەت. تومۇزغىنى يوقاتقان بۇ پاكار ئېھتىمال ھاشاراتلار تۈركۈمى لۇغىتىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئېتىبارسىز قارىلىپ تەتقىقات ئوبيېكتى

قىلىنمىغاچقا، لۇغەت تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا زادى قانداق نام بەرگەنلىكىنى تا ھازىرغىچە ئۇقالمىدىم.

بىراق، مەن ئۇنىڭ ئون چىقارماي ياۋۇزلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلەتتىم. پۈتىنى كۆتۈرۈپلا دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ ھايۋانلارنىڭ ئالدىدا، ئۇ قىلچە نومۇس قىلماستىن قارشى تەرەپنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن پايدىلىنىپ، تەپ تارتماي ياۋۇزلۇق قىلىدۇ. بىر قېتىم مەن ئۈچ چىۋىننىڭ بىرلىشىپ تۇخۇم تۇغۇۋاتقان بىر ئانا تومۇزغىنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

ئانا تومۇزغا ئەمدىلا بىر ئۇۋا تۇخۇمنى جايلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە سەل يۆتكىلىپ، يەنە بىر ئۇۋا كولاۋاتقان پەيتتە، ئانا تومۇزغا ئايرىلغان جايغا بىر قاراقچى ئالدىراپ – تېنەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ گەرچە بۇ چوڭ ھاشاراتنىڭ پاقالچىقىغا سوۋۇشۇپ يۈرسىمۇ، قىلچىمۇ قورقماستىن، خۇددى خىزمەت كۆرسىتىۋاتقاندەك بۇرغىلاپ، چارلاش ماشىنىسىنى قېپىدىن چىقىرىپ، تومۇزغا تۇخۇمى بار تىك ئۇۋىغا كىرگۈزدى. ئۇ بۇرغىلاپ چارلاش ماشىنىسىنى چاۋارلار بىلەن يېپىپ قويغان جايدىن ئەمەس، ئۇۋىنىڭ ئەتراپىدىكى يوچۇقتىن كىرگۈزدى. بۇ ئەسۋابلارنى ئىشلىتىشكە خېلى ۋاقىت كېتەتتى. چۈنكى، خىزمەت ئورنىدىكى ياغاچلار ھېچقانداق پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن بولۇپ، تومۇزغا بىمالال ھالدا ئۈستۈنكى قەۋەتكە يەنە بىر ئۇۋا ئەۋلادنى جايلاشتۇراتتى.

تومۇزغا ئەمدى يەنە بىر ئۇۋا تۇخۇمنى تۇغۇپ بولۇشىغا، يەنە بىر چىۋىن، يەنى نەپ ئالالمىغان بايىقى چىۋىن دەرھال تومۇزغىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، تومۇزغىغا يوقىتىش خاراكتېرلىك ۋاكسىنا ئەملىدى. تومۇزغا ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغان چاغدا، كۆپ ساندىكى تۇخۇم ئۇۋىسىغا مۇشۇنداق يات تۇخۇم ئۇرۇقلىرى كىرىۋالغانىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا تومۇزغا ئۇۋىسىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بىر

ئىچكى پارازىت قۇرت ئالدىن تۇخۇمدىن چىقىپ، تومۇزغا ئائىلىسىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. بىر ئېغىز ئۆينى يالغۇز ئىگىلەپ، ئون ئىككى دانە سېرىق تۇخۇمدىن[1] يالغۇز ھۇزۇرلىنىدۇ.

① تومۇزغا ھەر قېتىمدا ئون ئىككى دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئاپتور بىر ئۇۋىدىكى ئون ئىككى دانە تۇخۇمنى «ئون ئىككى دانە سېرىق تۇخۇم» غا تەمسىل قىلغان.

# ياچۇەكنىڭ شىكارى

بۇ يەردە بىز يەنە جەنۇبتىكى بىر خىل ھاشارات ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ خىل ھاشاراتمۇ تومۇزغىغا ئوخشاشلا قىزىقارلىق، ئۇن - تىنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئانچە نامى چىقمىغان. ناۋادا تەڭرى ئۇنىڭغا بىر ساز ئاتا قىلىپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان مۇھىم شەرتكە مۇيەسسەر قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ غەلىتە شەكلى ۋە ئادىتى قوشۇلۇپ، داڭلىق ناخشىچىنىڭ ئابرۇيىنى چوقۇم چۈشۈرۈۋەتكەن بولاتتى. بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەر ئۇنى «تەڭرىگە دۇئا قىلىدىغان» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي نامى «راھىبەنىڭ پەرىجىسى»①.

بۇ يەردىكى ئىلمىي نام بىلەن دېھقانلارنىڭ زاغرا تىلى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ: بىرى، بۇ غەلىتە يارالمىشنى مەخپىي ئېتىقادقا بېرىلىپ كەتكەن زاھىت، دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىرى، ئۇنى ۋەھىي يەتكۈزگۈچى بوۋى، دەپ قارىغان. كىشىلەر بۇنى ناھايىتى بۇرۇنلا سېلىشتۇرۇشقا باشلىغان. قەدىمكى گىرېتسىيەلىكلەر بۇ خىل ھاشاراتنى «راھىبە» ياكى «ئەۋلىيا» دەپ ئاتىغان. دېھقان سېلىشتۇرۇشنى بەك بىلىدۇ، ئۇ زور مىقداردىكى تاشقى كۆرۈنۈش ماتېرىياللىغا ئېرىشكەندىن كېيىن،

---

① راھىبەنىڭ پەرىجىسى ــ ياچۇەكنىڭ كونا ئاتىلىشى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇزۇن پەردە قانىتى خۇددى راھىبە كىيىدىغان ئۇزۇن پەرىجىگە ئوخشايدۇ. بۇ نام شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. فىرانسىيەلىكلەر ھازىرغىچە مۇشۇ نامنى قوللىنىپ كەلمەكتە، فىرانسىيە ھاشاراتشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ مۇشۇ نامنى مەزكۇر ھاشاراتنىڭ ئىلمىي نامى قىلىپ بېكىتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مول تەسەۋۋۇرلۇق تولۇقلاش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ قاغجىرىغان يايلاقتا قەددى ــ قامىتى كېلىشكەن بىر ھاشاراتنىڭ تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھاشاراتنىڭ كەڭ يېشىل نېپىز قانىتى خۇددى كاناپ رەختتىن تىكىلگەن يەكتەكنى يەر يۈزىگە يېپىپ قويغانغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ بىلەك دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ئالدى پۇتىنىڭ ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلۈشى ئىلتىجا قىلىۋاتقان قىياپەتكە بەكمۇ ئوخشايتتى. مانا مۇشۇلا كۇپايە، قالغىنىنى ئاممىسى خەلق ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ تاماملىسۇن. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا، چاتاللىقتا ئولتۇراقلاشقان ۋەھىي يەتكۈزىدىغان بۇۋى ۋە تەڭرىگە تىلاۋەت قىلىدىغان راھىبە پەيدا بولغان.

ئاھ، قەلبى باللارچە گۆدەكلىككە تولغان سۆيۈملۈك كىشىلەر، سىلەر قانداق خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتىسىلەر ــ ھە! سۇكۇتتە تۇرۇپ تىلاۋەت قىلىشتەك بۇنداق كۆرۈنۈش رەھىمسىز ئادەتنى پەردىلەپ قويۇۋاتاتتى؛ ئىلتىجا قىلىپ كۆتۈرگەن بۇ بىر جۈپ قول ئەمەلىيەتتە باشقىلارنى بۇلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورقۇنچلۇق ئەسۋاب بولۇپ، تەسۋى سىيرىماي تۇرۇپلا يېنىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ جېنىنى ئالاتتى. بۇ ھاشاراتنىڭ تۈز قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ئوتخور ھاشارات قاتارىدىكى باشقىچە بىر خىل ھاشارات ئىكەنلىكىنى كىشىلەر بەلكىم ئويلاپ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ ئۇزۇقنى تىرىك تۇتۇپ يېيىش بىلەن جان باقىدۇ. ئۇ ھاشارات ساھەسىدىكى تىنچ ئاھالىلەرگە تەھدىت سالىدىغان ياۋۇز، ۋەھشىي جادۇگەر بولۇپ، مۆكۈپ تۇرۇپ، مەززىلىك گۆشىنىڭ ئالدىغا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇنى تۇتۇپلا يەۋېتىدۇ. ئۇ بەك كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئۇۋچىلىق سايمىنى بولغاچقا، پۈتۈن يېزا ــ قىشلاقتا تەھدىت سالالايدۇ. بۇ ئەڭ ئەشەددىي جاللات، «تەڭرىگە دۇئا قىلىدىغان» ھاشارات دەپ ئاتىلىپ قالغان.

جانغا زامىن بولىدىغان ئاشۇ ئوۋلاش سايمىنىنى ھېسابقا

ئالمىغاندا، ياچىۋەكنىڭ ھېچقانداق قورقۇدەك يېرى يوق، ھەتتا چىرايلىق تەرەپلىرى ئاز ئەمەس. قارىغا، ئۇنىڭ ئاشۇ تال چىۋىقتەك بەللىرىگە، چىرايلىق كالتە چاپىنىغا، سۇس يېشىل رەڭلىك ئەپتىگە، يەنە ئۇزۇن تورسىمان قاناتلىرىغا. ئۇنىڭدا قايچىغا ئوخشاش ئېچىلىپ تۇرىدىغان ياۋۇز ئېغىز يوق، ئەكسىچە ھەم كىچىك ھەم ئۇچلۇق ئوماق ئېغىز بار، قارىماققا چوقۇپ دان يەيدىغانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. گەجگىسى مەيدىسىنىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تولغىنىپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بېشىنى ئوڭ - سول ۋە ئالدى - كەينىگە بىمالال ئېگەلەيدۇ. ھاشاراتلار ئىچىدە پەقەت ياچىۋەكلا كۆرۈش سىزىقىنى يۆتكىيەلەيدىغان بولۇپ، سەپسالالايدۇ ۋە مۆلچەرلىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

بىراق، سالماق قىياپىتىگە «بۇلاڭچى پەنجە» دەپ نام ئالغان ئالدى پۇتىدىكى قاتىللىق قورالى سەپلەنگەچكە، كۈچلۈك سىلىشتۇرما پەيدا بولغان. ياچىۋەكنىڭ يانپېشى① ئالاھىدە ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك بولۇپ، بۆرە قىسقۇچلۇق رولىنى ئوينايدۇ. بۇ بۆرە قىسقۇچ ئىبلىسنىڭ كېلىپ دەسسىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوزۇلۇپ بېرىپ تۇتىدۇ. ئوۋچىلىق سايمىنى ئاززاقلا زىننەتلەنگەندىن كېيىن، ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. يانپاش تۈۋىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە چىرايلىق بىر قارا چېكىت بار، چېكىتنىڭ مەركىزى ئاق رەڭلىك داغ بىلەن، ئەتراپى زەررىچە مەرۋايىت بىلەن بېزەكلىك.

ياچىۋەكنىڭ يوتىسى② بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ياپىلاق موكىسىمان كېلىدۇ، ئالدىنقى يېرىمىدا ئىككى قاتار ئۆتكۈر

① ئاپتور بۇ يەردە دەۋاتقان يانپاش ياچىۋەكنىڭ كۆكرەك بۆلىكى بىلەن بەل بۆلىكىنىڭ تۇتاشقان قىسمىدا ئۆسكەن بىر جۈپ «ئورغاق» نىڭ دەستىسىنى كۆرسىتىدۇ. ياچىۋەكنىڭ بەل بۆلىكىنىڭ ئارقا قىسمىدا ئىككى جۈپ پۇت - قولى بار بولۇپ، ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدە ھەم كەڭ، ھەم ئۇزۇن قورساق قىسمى بار.

② يوتا — يانپېشى (ئورغاق دەستىسى) نىڭ ئالدىدا بولۇپ، «ئورغاق» نىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ بىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىشلىق نەشتىرى بار. ئىچكى تەرەپكە يېقىن بىر قاتاردا بىر ئۇزۇن بىر قىسقا تىزىلغان ئون ئىككى دانە نەشتەر بار، ئۇزۇن نەشتىرى قارا رەڭلىك، قىسقا نەشتىرى يېشىل رەڭلىك. بىر ئۇزۇن بىر قىسقا تىزىلغان شەكىل يونۇش نۇقتىسىنى كۆپەيتىپ، قورال كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. تاشقى تەرەپكە يېقىن بىر قاتاردا ئاران تۆت نەشتىرى بار بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئاددىي. ئىككى قاتار نەشتەرنىڭ كەينى تەرىپىنى يەنە ئۈچ ئۇزۇن نەشتەر تىرەپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، يوتىسى ئىككى قاتار پاراللېل نەشتەرلىك ھەرە بولۇپ، ئىككى قاتار نەشتەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئېرىقچە شەكىللەندۈرگەن.

ياچۇەكنىڭ پاقالچىقى يوتىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان بوغۇمغا جايلاشقان بولۇپ، ئىنتايىن ھەرىكەتچان. پاقالچىقىدىمۇ ئىككى قاتار نەشتەرلىك ھەرە بار، ھەرە چىشى يوتىسىنىڭكىدىن كىچىك، ئەمما كۆپ بولۇپ، زىچ تىزىلغان. پاقالچىقىنىڭ ئۇچى مەزمۇت بىر قارماق بولۇپ، ئۆتكۈرلۈكىنى پولات يىڭنىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. قارماقنىڭ ئاستى تەرىپىدە بىر ئىنچىكە ئېرىقچە، ئىنچىكە ئېرىقچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئۆتكۈر تىغ بار، خۇددى بىر جۈپ ئەگمەچ قىلىچقا ھەم بىر جۈپ شاخ توغراش قىغىرىقىغا ئوخشايدۇ.

بۇ قارماق ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى بولغان كېسىش، سانجىش، ئوراش قورالى بولۇپ، ئۇنى كاللامغا كەلتۈرسەملا ماڭا سانجىلىپ ئاغرىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ياچۇەكنى تۇتقان ۋاقتىمدا قولۇمنى نەچچە قېتىم تاتىلىۋەتكەن. قولۇمنى بوشىتالمىغان چاغدا، ئامالسىز باشقىلاردىن ياردەم سوراپ، پۇزىتسىيەسى قاتتىق بۇ تۇتقۇننىڭ چاڭگىلىدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلدۇم! كىم تېرىگە سانجىلغان قارماقنى سۇغۇرۇۋەتمەي تۇرۇپ بوشىنىمەن دەيدىكەن، ئەتىرگۈلنىڭ تىكىنى كىرىپ كەتكەندەك قولىنىڭ ھەممە يېرىنى جاراھەت ئىزى قاپلايدۇ. ياچۇەكتىنمۇ كۆندۈرۈش تەس ھاشارات بولمىسا كېرەك. ئۇ

جانئۋار شاخ توغراش قىڭرىقى بىلەن كېسىلىدۇ، تىلىدۇ، يىڭنە ئۇچى بىلەن سانجىيدۇ، ۋەھشىي ئامبۇرى بىلەن قىسىدۇ. مۇداپىئەلىنىشكە زادى ئامال بولمايدۇ، چۈنكى بىز ئۇنى تىرىك تۇتۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، شۇڭا چىڭراق تۇتۇشقا پېتىنالمايمىز، كۆچىگەن هامان ئۇ ئالىقىنىمىزدا مىجىلىپ ئۆلىدۇ.

ياچىۋەك ئارام ئالغاندا ئوۋ قورالىنى ئارقىغا يىغىپ، هېچكىمگە زىيانكەشلىك قىلمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا بىز ئاتالمىش «تەڭرىگە دۇئا قىلىدىغان»نى كۆرىمىز. بىرەر ئولجا ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسا، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇنىڭ دۇئا قىلىدىغان قىياپىتى يوقاپ كېتىدۇ. ئۇچ خىل سايماندىن تەركىب تاپقان ئوۋ قورالىنى تۇيۇقسىز سوزۇپ، يىراقتا قارماق تاشلايدۇ. ئولجا شۇ هامان ئىككى ھەرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىدۇ. ئارقىدىنلا چوڭ ـ كىچىك بىلىكنى قاتلىغاندەك بىر ھەرىكەت بىلەن ۋەھشىي ئامبۇرى كۆچەيدۇ ـ دە، ئىش تامام بولىدۇ. مەيلى سېرىق چېكەتكە بولسۇن ياكى تاقتاق چېكەتكە بولسۇن ۋەياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك هاشارات بولسۇن، ئاشۇ تۆت قاتار چىشنىڭ ئارىلىقىغا قىسىلىپ قالغان هامان ئامالسىزلىقتىن قولغا چۈشىدۇ. مەيلى ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا غال ـ غال تىترىسۇن ياكى جان تىكىپ تېپچەكلىسۇن، بۇ قورقۇنچلۇق ھەربىي قورالدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

هاشاراتلار چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان كەڭ دالادا ئۇنىڭ ئادىتىگە قارىتا ئۇزۇكسىز تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ، شۇڭا ئۆيدە بېقىش چارىسىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىش پەقەت تەس ئەمەس. ياچىۋەك ئۆزىنىڭ قەپەسكە نەزەربەند قىلىنغانلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ، ئوبدان بېقىلسىلا كۇپايە. ئۇنى ھەر كۈنى ئوخشىمايدىغان مەززىلىك ئوزۇق بىلەن باقساق، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن چاتقاللىققا بولغان مۇھەببىتى پەيدىنپەي سۇسلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەھبۇسلىرىمغا تاماق ئۈستىلىگە قويۇپ قويىدىغان چىۋىندىن مۇداپىئەلىنىش تور ياپقۇچى چوڭلۇقىدا ئون دانە ئازادە قەپەس تەييارلىدىم. قەپەسنى لىق قومساق توپا قاچىلانغان ئىدىشنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇردۇم. قەپەسنىڭ ئىچىگە بىر دەستە چۆل رەيھىنى ۋە بىر ياپىلاق تاش سېلىپ قويدۇم. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە سەپلەنگەن بارلىق ئۆي جابدۇقى. ياپىلاق تاش كەلگۈسىدە تۇخۇم تۇغۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. بۇ كىچىك داچىلار ھاشارات تەجرىبىخانىسىدىكى چوڭ شىرەگە رەتلىك قويۇلغان بولۇپ، كۈندۈزنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا قۇياش بۇ جايغا قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. مەھبۇسلارنىڭ بەزىلىرى قەپەسكە يالغۇز قامالغان، بەزىلىرى گۇرۇپپىلاپ قامالغان.

ئاۋغۇستنىڭ كېيىنكى يېرىم ئېيىدا يول ياقىسىدىكى چىملىق ۋە چاتقاللىقلاردا ياچىۋەكىنىڭ لىچىنكىلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدىم. سىرتتا قورسىقى يوغىناپ قالغان چىشى ياچىۋەكلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەم ئورۇق، ھەم كىچىك يات جىنس ھەمراھلىرى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ، بەزىدە قەپەستىكى چىشى ياچىۋەككە ئەركەك ياچىۋەك سەپلەشتە بېشىم قاتىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، قەپەستە دائىم پاكار ئەركەك ياچىۋەكلەرنى يەۋېتىدىغان پاجىئەلەر يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش ئۈستىدە سەل تۇرۇپ سۆزلىشەيلى، ھازىر يەنىلا چىشى ياچىۋەك ئۈستىدە توختىلىمىز.

چىشى ياچىۋەك ناھايىتى كۆپ يەيدۇ، پەرۋىش مەزگىلىمۇ بىرنەچچە ئايغا بارىدۇ، شۇڭا ئۇنى بېقىش ئاسان ئەمەس. مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى يېمەكلىك سېلىپ بېرىمەن، ئەمما كۆپ قىسمىنى مەنسىتمەستىن بىرنەچچە ئېغىز تېتىپ قويىدۇ، قالغانلىرى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ياچىۋەك خېلى تېجەشلىك. چۈنكى، ئۇ تۇرۇۋاتقان يەردە ئوۋ گۆشلىرى ئانچە يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا تۇتقان

يىمەكلىكتىن ئەڭ چوڭ چەكتە پايدىلىنىدۇ. ئەمما، قەپەستە مۇشۇنداق خالىغانچە بۇزۇپ ـ چاچىدۇ. بىر ئوبدان غىزانى ئازراق يەپلا تاشلىۋېتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ياچىۋەك ئىسراپخورلۇقى بىلەن تۇرمە ئازابىنى يېنىكلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ھەشەمەتلىك ئىستېمالچىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، چوقۇم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشىمغا توغرا كېلىدۇ. يېقىن ئەتراپتىن ئىشى يوق باللاردىن ئىككى ـ ئۈچنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئازراق بولكا بىلەن بىرنەچچە تىلىم قوغۇن بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەتىگەن، كەچتە ئەتراپتىكى چىملىققا بېرىپ قومۇشتىن توقۇلغان كىچىك سېۋەتنى لىق تولدۇرۇپ كېلىدۇ. ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە سېۋەت ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تاقتاق چېكەتكە ۋە سېرىق چېكەتكە بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. مەن بولسام قۇرت تۇتۇش تورىنى ئېلىپ، ھەر كۈنى ھويلىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، پۈتۈن زېھنىم بىلەن تۇتقۇنلارغا ئالىي دەرىجىلىك ئوۋ گۆشى تەييارلايمەن.

بۇ ئالىي دەرىجىلىك ئوۋ گۆشىنىڭ رولى شۇكى، ياچىۋەكنىڭ كۈچ ۋە غەيرىتىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ تىرىك گۆش كۆل رەڭ چېكەتكە، ئاقباش تاقتاق چېكەتكە، سېرىق چېكەتكە ۋە قاناتسىز تاقتاق چېكەتكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆل رەڭ چېكەتكىنىڭ تېنى ئۆزىنى يەيدىغان ياچىۋەكتىنمۇ چوڭ؛ ئاقباش تاقتاق چېكەتكىنىڭ قوراللانغان كۈچلۈك چوڭ ئېڭىكى بار بولۇپ، قولىمىزدىن ئېھتىيات قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؛ سېرىق چېكەتكىنىڭ تۇرقى غەلىتە، چاچلىرى پىرامىدا شەكلىدە، خۇددى ئېپىسكوپنىڭ تاجىسىغا ئوخشايدۇ؛ ئۈزۈمزاردىكى قاناتسىز تاقتاق چېكەتكىنىڭ چىرىلدىغان ئاۋاز چىقىرىۋاتقان يوغان قورسىقىنىڭ ئارقىسىدا تېخى يوغان بىر پىچاق ئېسىقلىق تۇراتتى. تەستە ئېغىز تەگكۈزگىلى بولىدىغان بۇ ئوۋ گۆشلىرىدىن باشقا يەنە ئىككى خىل ئوۋ گۆشى بار، بىرى

پارقىراق ئۆمۈچۈك، ئۇنىڭ بېزەك تەخسىدەك يوغان قورسىقى يىگىرمە پېسولۇق تەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ؛ يەنە بىرى تاجىلىق ئۆمۈچۈك، ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ، يۈز - كۆزى مەينەتلىشىپ كەتكەن، باداڭ قورساق قىياپىتىدىن ئادەمنىڭ تېنى جۇغۇلدايدۇ.

ئەركىن ھالەتتىكى ياچۋەك ئەنە شۇنداق دۈشمەنلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ قەپەستە تۇرۇپمۇ يېنىدا بىرەر نەرسە پەيدا بولۇشى ھامانلا، ئۇرۇشقا ئاتلىنىدىغانلىقىنى كۆردۈم. مېتال قەپەستە ئۇ مېنىڭ سېخىيلىق بىلەن ياردەم قىلغان بايلىقىمدىن پايدىلىنىۋاتاتتى. چاتقاللىقتا بولغان بولسا، تاسادىپىي پۇرسەتتىن پايدىلانغان بولاتتى. تۇرلۇك خەتەرلەرگە تولغان چوڭ كۆلەملىك تۇتۇش ھەرىكىتى قەپەستە تەكرارلىنالمايدۇ، پەقەت ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەت سۈپىتىدىلا ئىپادىلىنىدۇ. قىسقىسى، قەپەستە ئوبيېكتىپ شارائىت بولمىغاچقا، ئۇنداق ئوۋ ئوۋلاش مەنزىرىسىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، بۇنىڭدىن ياچۋەك تولىمۇ ئەپسۇسلىنىشى مۇمكىن.

ياچۋەكنىڭ تۇتقۇن قىلىش بارمىقىدا ھەر خىل چېكەتكىدىن باشقا يەنە كېپىنەك، يىڭناغۇچ، چوڭ چىۋىن، ھەسەل ھەرىسى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا بويلۇق باشقا ئوۋلارمۇ بولىدۇ. قەپىسىمدىكى ئوۋچىلار ھەرقانداق تىرىك يېمەكلىكنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن قورققان قىياپەتتە تۇرغان ئەمەس. مەيلى كۆل رەڭ چېكەتكە ۋە ئاقباش تاقتاق چېكەتكە بولسۇن، مەيلى پارقىراق ئۆمۈچۈك ۋە تاجىلىق ئۆمۈچۈك بولسۇن، بىربىر ئۇلارنى قامالاپ، ئىككى ھەرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىڭ قىسىپ، مەززە قىلىپ يەۋېتىدۇ. بۇ ھالەتنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

قەپەستىكى چوڭ سېرىق چېكەتكە ئەس - ھوشىنى يىغالمىغان ھالدا ياچۋەككە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، ياچۋەك بىر سەكرەپلا ھەش - پەش دېگۈچە ياۋۇز قىياپەتكە كىردى.

ئۇنىڭ چاپسانلىقىنى ئېلېكتىر ئېقىمىنىڭ تەۋرىنىشىگە ئوخشىتىشقا بولاتتى، چىراي - تۇرقىنىڭ تېز ھەم قورقۇنچلۇق ئۆزگىرىشىدىن تەجرىبىسىز كۆزەتكۈچىلەر خۇددى كۇتۇلمىگەن خەتەر يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك، ئىككىلىنىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ. بۇنداق ئىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن مەندەك ماھىرمۇ سەللا بىخەستەلىك قىلسا، قاتتىق چۆچۈشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. خۇددى كىچىك قۇتىدىن تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىققان ئالۋاستىدەك، ئالدىڭدا تاق سەكرەپلا بىر غەيرىي مەخلۇق پەيدا بولىدۇ.

ئارقىدىنلا، پەردە قانىتى ئىككى تەرەپكە يانتۇ يېيىلىدۇ، پەردە قانىتىنىڭ ئاستىدىكى نېپىز قانىتى دۈمبىسىدە يانداش قوش يەلكەن ھاسىل قىلىدۇ؛ قورسىقىنى تۈگۈپ، قانىتىنى ئاۋۋال ئۇستىگە دىگگايتىدۇ، ئاندىن پەسكە ساڭگىلىتىدۇ ھەمدە بىر سىلكىنىپلا ئاستا - ئاستا بوشىتىدۇ. بۇ چاغدا خۇددى ئەركەك كۈركە توخۇ ئۆزىنى دالدىغا ئالغاندا چىقىرىدىغان ئاۋازدەك بىر خىل پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. كىشىلەر خۇددى تۇيۇقسىز سۇ يىلىنىغا يولۇقۇپ قالغاندەك ئېغىر تىنىدۇ.

تۆت پۇتىغا تايىنىپ تۇرۇۋاتقان تەكەببۇرنىڭ چاپىنى ئېلىپتەك تۈز ئىدى. بىر جۈپ تۇتقۇن قىلىش بارمىقى دەسلىپىدە مەيدىسىگە تۈگۈكلۈك ئىدى، ھازىر ئىككى تەرەپكە كېرەلىشىپ ئېچىلدى. بۇ چاغدا قولتۇقى ئېچىلىۋىدى، ئۇ يېرىدە قاتار - قاتار نەقىشلەنگەن مەرۋايىت ۋە ئوتتۇرىسىدا ئاق داغ بار قارا رەڭلىك چېكىت كۆرۈندى. ئۇڭ ۋە سول تەرەپتىكى ئىككى داغ بىر جۈپ غالىب ئەگۈشتەر بولۇپ، ئادەتتە ئاشكارىلىمايدۇ، پەقەت ئۇرۇشقا ئاتلانغاندىلا ئاندىن قۇتىنى ئېچىپ، بۇ بىر جۈپ ئەگۈشتەرنى كۆز - كۆز قىلىپ، ھەيۋە كۆرستىپ، مەنمەنلىك قىلىدۇ.

ياچىۋەك غەلىتە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كۆزىنى چوڭ سېرىق چېكەتكىدىن پەقەت ئۈزمەيدۇ، بېشىنى قارشى تەرەپنىڭ

يۈتكىلىشى بويىچە ئازراق بۇراپ قويىدۇ. بۇنداق قىياپەتكە كىرىۋېلىشتىكى مەقسىتى ئىنتايىن ئېنىق، كۈچلۈك ئۇلجىنى قورقۇتۇپ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. بولمىسا رەقىبىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولۇپ قالسا، چوڭ خەتەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بۇنى قىلالامدۇ؟ ياچۋەك ئاقباش تاقتاق چېكەتكىنىڭ تاقىر بېشىنىڭ ئاستىغا مۈكۈۋالىدۇ، ياكى سېرىق چېكەتكىنىڭ ئۇزۇن يۈزىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. ئۇلار بۇنى ھەرگىز سېزەلمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ پەرۋاسىز قىياپىتىدىن ھېچقانداق قورقۇشنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىراق ھازىر سېرىق چېكەتكە خەتەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئالدىدا بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ بىر جۈپ چوڭ قارمىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، ھەرىكەتلەنسە قۇتۇلۇشقا ئۈلگۈرەلەيدىغان بولسىمۇ، ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭ پاقالچىقى تۇم بولۇپ، ئۇنى يىراقتا سەكرەش ماھىرى دېيىشكە بولىدۇ، تاقلاپ سەكرەش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئىقتىدارى، ئۆتكۈر قارماقتىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئاسان ئىش ئىدى. جىددىي پەيتتە، ئۇ يەنىلا ئەخمەقلەرچە جايىدا تۇرىۋەردى، ھەتتا ئاستا - ئاستا ئالدىغا سىلجىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىچىك قۇش يىلاننىڭ چوڭ ئېغىزىدىن قورقۇپ، بۇ ئۆمىلىگۈچى ھايۋاننىڭ كۆز ئالدىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزىنى چىشلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، پەقەت قاچالمايدىكەن. سېرىق چېكەتكىنىڭ ئىپادىسىنىڭ كىچىك قۇشنىڭكى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم كۆردۈم. ياق، ھېلىقى سېرىق چېكەتكە ئاللىبۇرۇن ياچۋەكنىڭ ئۇنۇملۇك

تەھدىت دائىرىسىگە كىرىپ بولغانىدى. ياچىۋەك ئىككى تۆمۈر قارمىقىنى پولاتتىلىتىپ ئۇنى ئىلىدۇ، ئاندىن قوش چىشلىق ھەرىسىنى قاتلاپ چىڭ قىسىدۇ. شور پېشانە بىھۇدە تىركىشىدۇ، چوڭ ئېڭىكىنى چىشلەپ تۇرۇپ تېپچەكلەيدۇ. بىراق، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيدۇ. بۇ چاغدا ياچىۋەك قانىتىنى يىغىپ، جەڭ بايرىقىنى يىغىشتۇرۇپ، نورمال قىياپەتكە قايتىپ، غىزالىنىشقا باشلايدۇ.

سېرىق چېكەتكە ۋە قاناتسىز تاقتاق چېكەتكىنى كۆل رەڭ چېكەتكە ۋە ئاقباش چېكەتكىگە قارىغاندا ئاسان بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خەۋپ - خەتەر كوئېففىتسېنتى تۆۋەن ھايۋانغا ھۇجۇم قىلىشتا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ھاجەتسىز ھەم ئانچە كۆپ ۋاقىتمۇ كەتمەيدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا قوش قارمىقىنى تاشلىسىلا كۇپايە. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۆمۈچۈككە تاقابىل تۇرۇشتىمۇ ۋاقىت يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ، قاق بەلدىن ئېلىپ بىر قىسىدۇ، قارماق سېلىش بىھاجەت. قەپەسكە سېلىپ بېرىلگەن كىچىك سېرىق چېكەتكە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسىي جەھەتتىن قوپال ۋاستە قوللانمايدۇ. ئۇ چوقۇم ھاڭۋاقتىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى لازىم، ئاندىن ھودۇقماي - تەمتىرىمەي تۇتىدۇ.

ناۋادا تۇتماقچى بولغان ئولجىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولسا، ئۇنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. بۇ چاغدا ياچىۋەك قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش قىياپىتىگە كىرىپ، قوش قارمىقىنى چىقىرىپ ئۆلمىگۈچە قويۇپ بەرمەسلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئارقىدىنلا ۋەھشىي ئامبۇرنى ئىشقا سېلىپ، داڭ قېتىپ تۇرغان ئولجىنى قىسىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش پۇرسىتىمۇ بەرمەيدۇ. ئوۋچى ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇشۇش قىياپىتىنى ۋاستە قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىدۇ.

غەلىتە قىياپەتكە كىرىشتە قانىتىمۇ چوڭ رول ئوينايدۇ. ياچىۋەكىنىڭ قانىتى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، گىرۋىكى يېشىل رەڭدە، قالغان جايلىرى رەڭسىز بولىدۇ. ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان نۇرغۇن قانات تومۇرلىرى يەلپۈگۈچسىمان نۇر چاچىدۇ. يەنە نۇرغۇن توغرىسىغا سوزۇلغان ئىنچىكە قانات تومۇرلىرى ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان قانات تومۇرلىرى بىلەن تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ، تورسىمان قۇرۇلمىنى شەكىللەندۇرگەن. ياچىۋەكىنىڭ ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەن چاغدىكى قىياپىتى پەرۋانىنىڭ ئارام ئالغان چېغىدىكى ھالىتىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوش قانىتىنىڭ ئارىسىدىكى تومپىيىپ چىققان قورسىقى بىر قاتار ئۇرۇلما ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. قورسىقى قانات تومۇرى بىلەن سۈركىلىپ، نەپەس چىقارغاندەك بىر خىل پۇشۇلدىغان ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئالدىدا بۇ ئاۋازنى مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرغان سۇ يىلىنىنىڭ شەپىسىگە ئوخشاتقانىدۇق. تەكشى يېيىلغان قانىتىنىڭ تۈز يۈزىگە بارمىقىمىزنى قويۇپ، تېز سۈرئەتتە يۆتكىسەكلا، ئاشۇ غەيرىي ئاۋازنى تەقلىد قىلىپ چىقالايمىز.

بىرنەچچە كۈن غىزاسىز قېلىپ، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياچىۋەك ئۆزى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتىكى، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ چوڭ كۆل رەڭ چېكەتكىنىڭ قاتتىق قانىتىدىن باشقا يەرلىرىنى پۈتۈن يۇتۇۋېتەلەيدۇ. كىشىنى چۆچۈتكۈدەك چوڭ ئولجىنىمۇ ئىككى سائەت ئىچىدە يەپ تۈگىتىدۇ. بۇنداق ھەددىدىن تاشقىرى تويۇنۇش ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنداق غىزالانغانلىقىنى بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈپ، ئىچىمدە شۇنداق كوتۇلداپ كەتتىم: بۇ ئاچ كۆز بۇنچىۋالا كۆپ غىزانى نەدىنمۇ ئىزدەپ تاپالار ئىدى؟ «سىغىم چوقۇم سىغدۇرىدىغان جىسمىدىن كىچىك بولۇشى كېرەك» دېگەن ھەقىقەت قانداق بولۇپ يالغۇز

ياچۇۋەكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى؟ ئاشقازان - ئۈچەيلىرىنىڭ سۈمۈرۈش ۋە ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ شۇ دەرىجىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكىدىن ئىختىيارسىز زوقلاندىم.

سېرىق چېكەتكە قەپەستىكى ياچۇۋەكنىڭ دائىملىق غىزاسى. بۇ ئۆلجىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، تۈرىمۇ كۆپ. ياچۇۋەكنىڭ تۇتقۇن قىلىش بارمىقىدىن ئىبارەت ئاشۇ بىر جۈپ ئامبۇرى بىلەن كىچىك سېرىق چېكەتكىنى قىسىپ يەۋېتىشىنى كۆرۈشمۇ بىر خىل قىزىقارلىق ئىش. ئۈچلۈق ئېغىزى قارىماققا گۆش يېيەلەيدىغاندەك تۇرمىسىمۇ، لېكىن قانتىدىن باشقا يېرىنى پۈتۈن يۇتۇۋېتىدۇ. ئەلۋەتتە، گۆشلۈك گەۋدە قىسمىلا ھەزىم بولۇپ سۈمۈرۈلىدۇ، پۇت - قولى ۋە چاينىغىلى بولمايدىغان قاتتىق تېرىسى ئۈچەيدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئادەتتە ياچۇۋەكنىڭ سېرىق چېكەتكىنىڭ يوتىسىنى ئاستىنقى قىسمىدىكى بوغۇمدىن قامالاپ ئېغىزىغا ئېلىپ چايناۋاتقانلىقىنى، مەززە قىلىۋاتقانلىقىنى، چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامەتلىرىنىڭ جىلۋىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سېرىق چېكەتكىنىڭ سېمىز يوتىسى ياچۇۋەككە نىسبەتەن ئەڭ ئېسىل گۆش بولۇپ، تەخمىنەن بىر يېگەن بىر پارچە قوي گۆشىگە توغرا كېلىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۆلجىنىڭ بويۇن قىسمى ئوپېراتسىيە قىلىنىدۇ. بىر قولى قارماققا ئىلىنغان تىرىك ئۆلجىنىڭ بېلىدىن قامالاپ تۇتىدۇ، يەنە بىر قولى باش قىسمىنى بېسىپ تۇرۇپ بويىنىدىن بىر يوچۇق ئاچىدۇ. ياچۇۋەك مانا مۇشۇ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىنىڭ ھىمايىسى بولمىغان جايىدىن نەشتىرىنى سانجىپ، قىزغىن كەيپىيات بىلەن ئاز - ئازدىن غاجاپ يەيدۇ.

جاراھەت قاراپ تۇرسام، بويۇن قىسمىدىن شۇنچە چوڭ بىر جاراھەت ئېغىزى ئېچىلدى. باش قىسمىدىكى لىمفا تۈگۈنى ئاللىبۇرۇن كاردىن چىققاندى، تېپچەكلەپ جان تالىشىشمۇ ئۆزلۈكىدىن بېسىقىغا چۈشۈپ، جانسىز گۆشكە ئايلىنىپ قالدى. شۇندىلا گۆشخور ياچىۋەك ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپ، پۇخادىن چىققۇچە ھۇزۇرلىنىپ، قەيەرنى يېگۈسى كەلسە شۇ يەرنى يەيدۇ.

# ھاشاراتلارنىڭ ئۇيقۇ ھالىتى ھەققىدە بەس - مۇنازىرە

توقماق باش ياچۇۋەكنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، يەنە بىر ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. مېتال تور قەپەستە توقماق باش ياچۇۋەك لىچىنكىسىنى بىر جايغا مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، قىياپىتى باشتىن - ئاخىر بىردەك بولىدۇ، ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ ئارقا پەنجىسىدىكى تۆت دانە پاقالچىقى بىلەن تورنى قاماقلاپ، دۈمبىسىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ، قىمىرلىماستىن قەپەسنىڭ ئۆگزىسىگە ئېسىلىپ تۇرىدۇ، ئېسىلغان تۆت نۇقتا پۈتۈن بەدەننى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كىچىك جانىۋار يۆتكەلمەكچى بولسا، ئاشۇ بىر جۈپ قولىنىڭ ئالدى ئۇچىدىكى قارماقنى① ئېچىپ ھەمدە سوزۇپ، تور تۆشۈكىنى قاماللاپ تۇرۇپ ئالدىغا يۆتكىلىدۇ. ئىنتايىن قىسقا ئارىلىقتا مېڭىشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ، قولىنى قايتىدىن مەيدىسىگە يىغىۋالىدۇ.

تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلاش ھالىتى مۇشۇنداق جاپالىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇخلاش ۋاقتى خېلى ئۇزاق. قەپىسىمدىكى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ خىل ھالەت ئون ئاي ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ. دەرۋەقە، چىۋىننىڭ تورۇسقا چاپلىشىپ تۇرغاندىكى قىياپىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق، چىۋىن ھەمىشە ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ، نورمال قىياپىتى بىلەن مېڭىپ يۈرىدۇ، قورسىقىنى

---

① ياچۇۋەكنىڭ ئەڭ ئالدى تەرەپتىكى بىر جۈپ ئورغاقسىمان پەنجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەرگە چاپلاپ، پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ ئاپتاپتا قاقلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سېرىك مەشقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەسلى ئىنتايىن قىسقا.

توقماق باش ياچىۋەك بىراقلا ئون ئاي بەرداشلىق بېرىپ، باشقىچە ئۇسلۇبتا ئىگە تەكپۇك ھەرىكەتنى ئورۇنلايدۇ. ئۇ مېتال تور ئۈستىگە مۇشۇنداق ئوگدىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپلا قالماي، يەنە تا ئۆلگەنگە قەدەر مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلايدۇ، غىزالىنىدۇ، ھەزىم قىلىدۇ، خورەك تارتىدۇ، تېرە تاشلايدۇ، شەكىل ئۆزگەرتىدۇ ۋە جۈپلىشىدۇ. يامغۇر چىققان چاغدا ئۇ تېخى ياش ئىدى، ئەمما، يىقىلىپ چۈشكەن چاغدا بولسا ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ جەسەتكە ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ.

ئەركىن ھالەتتە تۇرغان چاغدا، ئىش پۈتۈنلەي ئۇنداق بولمايدۇ. توقماق باش ياچىۋەك چاتقاللىقتا ئۇخلىغان چاغدا، دۈم يېتىپ ئۇخلاپ، كونا تەرتىپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھالەتتە تەكپۇكلۇقنى ساقلايدۇ، خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىر قېتىم تەتۈر ئېسىلىش ھالىتىگە كىرىدۇ. ئۇزاق مۇددەت تەتۈر ئېسىلىپ تۇرۇش توقماق باش ياچىۋەكنىڭ ئادىتى بولماستىن، بەلكى مېنىڭ مەھبۇسلىرىمدىكى بىنورمال ھادىسە.

قەپەستىكى مەنزىرە ئادەمگە شەپەرەڭنى ئەسلىتىدۇ، ئۇلار كەينى پۇتى بىلەن تاش تامغا چاپلىشىپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ غارنىڭ تورۇسىغا ئېسىلىپ تۇرىدۇ. قۇشلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنىڭ تۇزۇلۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، بىر قولىدا بەدىنىنى تىرەپ ئۇخلاۋېرىدۇ، ئۇ قولى لىڭشىپ تۇرغان دەرەخ شاخلىرىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرىدۇ. توقماق باش ياچىۋەكنىڭ قولى قۇش قولىنىڭ مېخانىك قۇرۇلمىسىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. بۇ ھاشاراتنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان پەنجە ئۇچى بار، تاشقى كۆرۈنۈشى غەلىتە ئەمەس، ھەربىر پۇتنىڭ ئۇچىدا بىر جۈپتىن پەنجە ئۇچى، ھەربىر پەنجە ئۇچىدا بىردىن قارماق بار، مانا مۇشۇنداق ئاددىي.

مەن ئاناتومىيە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ پۇت بوغۇمىنى ۋە ئىنچىكە پۇتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى، يەنە ئاشۇ پەنجە ئۇچىنى، مەيلى ئۇيقۇ ھالەتتە ياكى ئويغاق ھالەتتە بولسۇن، ئۇن ئايغىچە ئۆز ھالىتى بىلەن تۇرۇۋاتقان بولجۇق گۆشلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ناۋادا راستلا مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى قاندۇرىدىغان ئوپېراتسىيە پىچىقى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن توقماق باش ياچىۋەك، شەپەرەڭ ۋە قۇشتىنمۇ غەلىتە بولغان قىيىن مەسىلىنى، يەنى ئاشۇ پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ كىچىدىكى ئارام ئېلىش قىياپىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمغا ياردەم بېرىشىنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلاتتىم.

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا ھويلامدىكى چاتقاللىقتا ئارقا پۇتى قىپقىزىل بىر پاتقاق ھەرىسى ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئۇستىقۇددۇسقا تەكرار ئۆزىنى سۈركەپ، قونالغۇ جاي تاللايدۇ. ناماز شامدا، بولۇپمۇ كۈندۈزى دىمىق بولۇپ، گۆگۈمدا قاتتىق يامغۇر ياغىدىغان چاغدا، جەزملەشتۇرەلەيمەنكى، ئۇستىقۇددۇستا پاتقاق ھەرىسى ئۆزگىچە كىرىشلو ھاسىل قىلاتتى. پاھ! بۇ ھاشاراتنى كېچىدىكى ئۇيقۇ قىياپىتىدە يېڭىلىق ياراتتى دېيىشكە بولاتتى! ئۇ ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ ئۇستىقۇددۇسنىڭ شېخىنى چىشلەيتتى. بۇ قىياپەتتىن تىك بولۇڭلۇق قۇرۇلما ھاسىل بولاتتى. بۇ خىل تىرەش ئۇلى ياي شەكىلگە قارىغاندا مۇستەھكەم بولاتتى. پاتقاق ھەرىسىنىڭ بەدىنى توغرىسىغا چىقىپ تۇراتتى ۋە بوشلۇقتا ئېلىپتەك تۈز تۇراتتى، پۇت ـ قوللىرى قورسىقىنىڭ ئاستىغا يىغىقلىق ئىدى. بەدىنى ئۆزىنى تىرەپ تۇرغان جىسىمنىڭ ئوتتۇرا ئوقى بىلەن تىك بولۇڭ ھاسىل قىلغانىدى، شەكلى خۇددى پىشاڭغا ئوخشايدىغان بولۇپ، بارلىق ئېغىرلىقى بىۋاستە چوڭ ئېڭىكىدىن ئىبارەت تىرەش نۇقتىسىغا تەسىر قىلاتتى.

پاتقاق ھەرىسى ئېغىز ئاپپاراتىغا تايىنىپ، بەدىنىنى

بوشلۇقتا توغرىسىغا تىرەپ تۇرۇپ ئۇخلايتتى. پەقەت ھاشاراتلارلا بۇ خىل چارىنى ئويلاپ تاپالىغان بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئارام ئېلىشقا بولغان نۇقتىئىنەزىرىنى گۇماندا قويغان. مەيلى گۇلدۇرماما - چاقماق ياكى قارا بوران ئۇستقۇددۇس شاخلىرىنى لىڭشىتىپ تۇرسۇن، تەۋرىنىپ تۇرغان ئاسما كارىۋات پاتقاق ھەرىسىنى نائۇمىد قويمايتتى، ئۇلار خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىدۇ، پەقەت بىردەملىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، ئارقا پۇتى بىلەن تەۋرىنىپ تۇرغان شاخنى ئاندا - ساندا تىرەپ قويسىلا بولاتتى، بەدىنى تەڭپۇڭ ھالەتكە قايتسىلا، پىشاك دەرھال ئەڭ ياخشى ئورۇنغا قايتىپ كېلىدۇ. قۇشنىڭ پۇتى بىلەن ئورتاق جايلىرى بولسا كېرەك، پاتقاق ھەرىسىنىڭ چوڭ ئېڭىكىمۇ بىر خىل ئىقتىدارغا ئىگە: بوران ۋە سىلكىنىش قانچە كۈچلۈك بولسا، قاماللاش كۈچى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

بۇ خىل ئۆزگىچە قىياپەتتە ئۇخلايدىغانلاردىن يالغۇز پاتقاق ھەرىسىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە سېرىق داغ ھەرە، رىنخىئۇم ھەرىسى، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ھەرە قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ قىياپەتتە ئۇخلايدۇ. بىراق، بۇ يەردە دەۋاتقىنىمىز ئاساسلىقى ئەركەك جىنسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ئېڭىكى بىلەن بىر تال شاخنى قاماللاپ، بەدىنىنى توغرىسىغا تىرەپ، پۇت - قوللىرىنى يىغىپ ئۇخلايدۇ. بەزى ھاشاراتلار سېمىز بولغاچقا، قورسىقىنىڭ ئاياغ قىسمىنى شاخقا تىرەپ ئۇخلايدۇ، بۇنىڭدىن بىر خىل ياي شەكلىدىكى ئۇخلاش قىياپىتى شەكىللىنىدۇ.

بىز بىرنەچچە خىل پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ قونالغۇسىنى كۆزەتكەن بولساقمۇ، يەنىلا توقماق باش ياچىۋەكنىڭ ھېلىقى مەسىلىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدۇق. ئۇمۇ ھەل قىلىش تەس بولغان مەسىلە ئىكەن. توقماق باش ياچىۋەك بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىنسانلارنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ھەقىقەتەن تۆۋەن، ئۇلار ھاشاراتلارنىڭ

ئورگانىزمىدىكى چىش سىستېمىسىدا قايسىسىنىڭ خىزمەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قايسىسىنىڭ ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرەلمەيدۇ. پاتقاق ھەرسى چوڭ ئېگەك ھەرىكەتسىز قارشىلىق نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىدۇ، توقماق باش ياچۇەك بولسا ئون ئاي ئېسىلسىمۇ بوشىمايدىغان ئەلمەكتىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى بىيولوگلارنى زادى قانداق ھالەتنىڭ ھەقىقىي ئۇيقۇ ھالىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتە گاڭگىرتىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە، مەن ھاياتنىڭ خورىشىنى ئارام ئېلىش دېگەندىن باشقا، ھەرقانداق ھالەتنى ئارامسىز ھالەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى، كۆرەش توختاپ قالغىنى يوق، بەزى مۇسكۇللار ھەر ۋاقىت جىددىي ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن، بەزى بۇلجۇڭ گۆشلىرىنىڭ پېيى تارتىشىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇيقۇنى مەۋھۇم تىنچ ھالەتكە قايتقانلىق، دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇيقۇلۇق ھالەت بىلەن ئويغاق ھالەت ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى كۈچ ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدا بەزىلىرىنىڭ پۇتى كۈچ ئىشلىتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ دىڭگايغان قۇيرۇقى كۈچ ئىشلىتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ پاقالچىقى كۈچ ئىشلىتىدۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئېگىكى كۈچ ئىشلىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆلۈش

ياچىۋەك لىچىنكىسى تۇغۇلۇشى ھامان چۇمۇلە، كەسلەنچۈك ۋە باشقا تۇتقۇن قىلغۇچىلارنىڭ ئوۋلاش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ جانىۋارلار سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىپ، مەززىلىك غىزا كىچىك ياچىۋەكنىڭ تۇخۇم بېسىش ئۆيىدىن چىقىشىنى كۈتىدۇ. ياچىۋەك تۇخۇمىمۇ قاراقچىلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. نەشتەرلىك بىر خىل كىچىك ھاشارات قاتۇرۇلغان كۆپۈك تامنى تېشىپ، تۇخۇمنى ياچىۋەكنىڭ ئۇۋىسىغا يۆتكەپ بېسىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى ياچىۋەكنىڭ تۇخۇمىدىن بۇرۇن يېتىلىپ، باللىرى دۇنياغا ئالدىن كۆز ئاچقاندىن كېيىن، ياچىۋەكنىڭ تۆرەلمىسىنى ۋەيران قىلىدۇ. ياچىۋەك ناھايىتى كۆپ تۇخۇم تۇغىدۇ، بىراق ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز ! بىر ئانا ياچىۋەك ئۈچ ئۇۋا ياسىيالايدۇ، ئەمما بىر جۈپ ياچىۋەكلا ھالاكەتلىك ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، پەقەت بىرسىلا ئەۋلاد قالدۇرالايدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمىغان بولسا، ياچىۋەكنىڭ سانى ھەر يىلى ئوخشاش سەۋىيەدە تۇرۇپ قالمايتتى.

مانا بۇ بىر كەسكىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ياچىۋەكنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى پەيدىنپەي ئۆسەمدۇ، قانداق؟ چۈنكى ۋە باشقا ھاشاراتلار ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇنداقتا، ياچىۋەكنىڭ تۇخۇمىدىنى تېخىمۇ كۆپ تۆرەلمە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق زور مىقداردىكى بۇزغۇنچىلىقنى

خالاس قىلالامدۇ؟ ئۇنىڭ هازىرقىدەك غايەت زور تۇخۇم تۇغۇش ئىقتىدارى بۇرۇنقى تۆۋەن كۆپىيىش ئىقتىدارىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانمۇ؟ بەزىلەر شۇنداق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇلار قايىل قىلىش كۈچى يېتەرلىك بولمىغان ئىسپاتلارنى سۆرەپ چىقتى، بىراق ئۇلار هايۋانلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى مۇهىت كەلتۈرۈپ چىقارغان، دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى.

دېرىزەمنىڭ ئالدىدىكى كۆلچەكنىڭ يېنىدا يوغان بىر تۈپ گىلاس دەرىخى بار ئىدى، كۆپ مېۋە بېرىدىغان بۇ ياۋا دەرەخ بۇ يەرگە تاسادىپىي ئۈنۈپ قالغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بىلەن باغلىنىشسىز ئىدى. ئۇ هازىر كىشىلەر هۆرمەتلەيدىغان چوڭ دەرەخكە ئايلىنىپ قالدى. هۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغىنى ئۇنىڭ ئادەتتىكى مېۋىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ غايەت زور تاجى ئىدى. هەر يىلى ئاپرېل يېتىپ كېلىشى بىلەن گىلاسنىڭ تاجى گويا ئاق تاۋاردىن ياسالغان تەڭداشسىز سايىۋەندەك، شاخلىرى خۇددى بىر قەۋەت قېلىن قار بىلەن پۈركەنگەندەك، يەرگە چۈشكەن چېچەكلىرى گويا بىر پارچە گىلەمدەك هالەتتە شەكىللىنەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي گىلاس قىزىرىپ پىشتى. ئېھ، سۆيۈملۈك دەرەخ، سەن نېمىدېگەن مەرد! شۇنچە كۆپ سېۋەتلىرىمىز مېۋىلىرىڭ بىلەن لىق تولدى!

دەرەخمۇ بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى! گىلاسنىڭ پىشقانلىقىنى قۇشقاچ بىرىنچى بولۇپ ئۇقۇپ، ئەتىگىنى، ئاخشاملىرى توپ - توپ ئۇچۇپ كېلىپ ۋىچىرلىشىپ يېيىشىدۇ. قۇشقاچ خەۋەرنى ئەتراپتىكى دوستلىرىغا يەتكۈزدى. كۆكتارغاق، تورغايلار خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ، بىرنەچچە هەپتە قانغۇچە هۇزۇرلاندى. لەززەت كەيپىياتىغا چۆمگەن كېپىنەكلەر بۇ يەردىن بىر يالاپ، ئۇ يەردىن بىر شوراپ، ئۇچۇپ يۈرۈپ گىلاستىن لەززەت ئالدى. زەرگەر گۈل قوڭغۇزى يۇملاق مېۋىگە چاپلىشىپ

تۇرۇپ شۇمۇرۇپ ئىچتى، تويغاندىن كېيىنلا ئۇخلاپ قالدى. سېرىق ھەرە ۋە چوڭ سېرىق ھەرە تېخى ئەمدى شىرنە خالتىسىنىڭ ئېغىزىنى بوغدى، بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغان چۈن ھەممىدىن ئاۋۋال مەست بولدى. سېمىز چۈن لىچىنكىسى مېۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شىرنىلىك ئۆيىنى بەخىرامان غاجىماقتا ئىدى، قورسىقىنى تومپايتىپ بولغاندىن كېيىنلا، دۈگىلەك ئۇستەلدە جىم يېتىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن بۇ قورچاق بىر ئۆزگىرىپلا «سۇمباتلىق» چۈنىگە ئايلاندى.

بۇ كاتتا زىياپەتتە يەر يۈزىمۇ مېھمانلار بىلەن لىق تولۇپ كەتكەنىدى. بىر تال گىلاس چۈشۈپ كەتسە، بارلىق يولۇچىلار قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ كېتىدۇ. كېچىدە ئېتىز چاشقىنى ئېشەك قۇرتى، پىلە قۇرتى، چۈمۈلە ۋە ئېتىز قۇلۇلىسى قاتارلىقلار غاجىلىغان ئۇچكىلەرنى يىغىپ كامىرىغا ئەكىرىۋالىدۇ، قىش كەلگەندە چېقىپ مېغىزىنى يەيدۇ. سېخى گىلاس دەرىخى سانسىزلىغان جاننى باقىدۇ.

ناۋادا كونىلەرنىڭ بىرىدە بۇ دەرەخ ۋارىسلىق قىلغۇچى تېپىشقا توغرا كەلسە، مۇشۇنداق ئاۋات، ئىناق، باراۋەر مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىزباسارنى تاپسا بولىدۇ. ئۇ چاغدا دەرەخكە نېمە ئېھتىياجلىق بولىدۇ؟ بىر تال ئۇرۇقلا كۇپايە. بىراق، ئۇ ھەر يىلى سانسىزلىغان ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ سىز بىزگە «دەسلەپىدە گىلاس دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئىنتايىن ئاز ئىدى، كېيىن سانسىزلىغان ئېكسپلاتاتورلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاستا - ئاستا كۆپ مېۋىلەيدىغان بولغان» دېمەكچىمۇ؟ سىز يەنە ياچۇۋەكنىڭ پارىگى ئارقىلىق گىلاس دەرىخىنى مۇھاكىمە قىلىپ، يەنىلا «زور مىقداردا ۋەيران قىلىش زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېمەكچىمۇ؟ دادىل بولۇشنى ئەيىبلەپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئەمما دادىل بولدۇم دەپ قارىسىغا ھۆكۈم قىلسا بولمايدۇ - دە! گىلاس

دەرىخى ئۇزۇقلۇق ماددىلارنى ئورگاننىڭ ماددىغا ئايلاندۇرىدىغان زاۋۇت، جانسىز ماددىنى جانلىق ماددىغا ئايلاندۇرىدىغان تەجرىبىخانا. ئەجەبا، بۇ ناھايىتى روشەن پاكىت ئەمەسمۇ؟ گىلاسنىڭ مېۋىسى ئەۋلادنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت ئاز بىر قىسىم گىلاس بىلەن، ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم گىلاس بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەممىسى چوقۇم بىخلىنىدۇ، چوقۇم تولۇق ئۆسىدۇ، دېيىلسە، ئۇنداقتا يەر شارىدا گىلاس ئۆستۇرىدىغانغا ئورۇن قالمىغان بولاتتى. گىلاس دەرىخىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم مېۋىسىنىڭ باشقىچە رولى بار. گىلاسنىڭ مېۋىسىمۇ باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىشقا بولمايدىغان ھالەتتىن ئىستېمال قىلىنىشقا بولىدىغان ھالەتكە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى بۇ خىمىيەلىك ئۆزگىرىش جەريانى ئاكتىۋال ئىجادىيلىقى كەمچىل بولغان زور تۈركۈم ھاياتلىقنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى نامايەندىسى دەپ قارىلىدىغان ماددا — مېڭە ماددىسىنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئۇزاق ۋە نازۇك جەريان كېتىدۇ. بۇ خىل ماددا مىكروتېپلىق ھۇنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدىن، يەنى مىكرو ئورگانىزمنىڭ تېنى ئىچىدىن باشلىنىدۇ. ئېنېرگىيەسى چاقماقتىنمۇ يۇقىرى بىر خىل مىكرو ئورگانىزم ئوكسىگېن بىلەن ئازوتنى بىرىكتۈرۈپ نىتراتلارنى ھاسىل قىلىپ، كېيىن پەيدا بولىدىغان ئۆسۈملۈك ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم ئۇزۇقلۇق ماددا تەييارلايدۇ. بۇ خىل ماددا مانا مۇشۇنداق كىچىككىنە ئاساسىي ماددىدىن باشلىنىپ، ئۆسۈملۈك تېنىدە ئەلالىشىپ، ھايۋان تېنىدە ئېكستراكتلىنىپ، سۈپىتى پەيدىنپەي ئۆسۈپ، ئاتالمىش مېڭە ماددىسى ماتېرىيالىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانچىلىغان سىرلىق ئەمگەكچىلەر ۋە نامسىز تېخنىك ئىشچىلارنىڭ جاپالىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى

خىزمىتى بىلەن مىنېرال ماددىلار قېزىلدى، جەۋھەرلەر تاۋلاندى، سېھىرلىك ئۆتكۈر قورال — چوڭ مېڭە ياساپ چىقىلدى! مۇشۇنداق ياساپ چىقىلغان چوڭ مېڭە ئەجەبا بىزدىن «4 = 2 + 2» بولىدىغانلىقىنى بىلىشنىلا تەلەپ قىلامدۇ؟

يالقۇنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى رەڭگارەڭ ئۇچقۇن چىقىرىشتىن ئىبارەت. ئۇچقۇن ئۆچكەندىن كېيىن ھەممە قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ تۈتۈنى، گازى ۋە ئوكسىدى يەنە ئۆسۈملۈك ئارقىلىق ئاخىرىدا يېڭى پارتلاتقۇچ ماددا ھاسىل قىلىدۇ. مېڭە ماددىسى ئايلىنىش جەريانىنى مانا مۇشۇنداق تاماملايدۇ. ئۇ تەكرار باسقۇچ ئارقىلىق قەدەممۇ - قەدەم تاۋلىنىپ چىقىدۇ. ئەڭ يۇقىرى پەللىگە بارغاندا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تەپەككۇر ئۇچقۇنى ئاخىر مېڭىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پارتلايدۇ. تەپەككۇر ئۇچقۇنى ئۆچكەن ھامان مېڭە ماددىسى زەربىدارلىق بىلەن ئايرىلىپ، كېرەكسىز مولېكۇلا ھالىتىدە ئەسلىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ماددا تۈركۈمىگە قايتىپ، بارلىق ھاياتلىقنىڭ ئورتاق مەنبەسىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرىدۇ.

ئورگانىك ماددىلارنى ھايۋانلارنىڭ ئاكىسى بولغان ئۆسۈملۈك بىرىكتۈرىدۇ. ھازىرقى ئۆسۈملۈكلەر گېئولوگىيەلىك دەۋرلەردىكى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تۈرلۈك ھاياتلىق تېنىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك تەمىنلىگۈچى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆجەيرە ھونەرۋەنچىلىك دۇكىنىدا پۈتكۈل دۇنيا ئۇچۇن يېمەكلىك ياسايدۇ ياكى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۆسۈملۈكتىن قالسا ھاشارات تۇرىدۇ. ھاشاراتلار ئۆسۈملۈكلەر پىششىقلاپ ئىشلەپ بولغان يېمەكلىكنى ئوغشاق ئېزىپ، ئەلالاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك يېمەكلىككە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆك ئوت قوي گۆشىگە ئەلالىشىدۇ، قوي گۆشى ئىستېمالچىغا قاراپ ياكى ئادەم بەدىنىدىكى گۆشكە ئايلىنىدۇ، ياكى بۆرىنىڭ

تېنىدىكى گۆشكە ئايلىنىدۇ.
ئوزۇقلۇق ماددىسى بار بولغان ئانئورگانىك دانچىلار كاللەكسىمان ئورگانىك ماددا ئىشلەپچىقىرالمايدۇ. كاللەكسىمان ئورگانىك ماددىنى پەقەت ئۆسۈملۈكتەك جانلىقلارلا ئوزۇقلۇق ماددىسى بار بولغان ئانئورگانىك دانچىلارنى يىغىپ ياساپ چىقالايدۇ. ئانئورگانىك ماددىلارنى خام ئەشيا قىلىپ ئورگانىك ماددىلارنى ياسايدىغان تۈرلۈك جانلىقلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئومۇرتقىغا ئىگە بولغان هايۋان — بېلىق ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. تىرىسكا بېلىقى چىقارغان بېلىجانلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇنچىۋىلا بېلىجاننى تۇغۇپ نېمە قىلىسەن، دەپ سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە قاتتىق پوستلۇق مېۋىنى كۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان بۇك دەرىخى ۋە كاشتاننى كۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان دۇب دەرىخى بىلەن ئوپئوخشاش جاۋاب بېرىدۇ.
بېلىق ئۆزىنىڭ كۆپ تۇغۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن سانسىزلىغان ئاچ قالغان جانلىقلارنى باقىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورگانىك ماددىلار ھېچقانچە مول ئەمەس، بېلىقلار ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ئۆزىنىڭ هاياتلىق زاپىسىنى كۆپەيتىپ، بېلىجانلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئاشۇ ئىشچىلارغا ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بېلىجانلارنى تۇغۇپ بېرىدۇ.
ياچىۋەكمۇ بېلىققا ئوخشاش يىراق ئۆتمۈشتىن باشلانغان. بۇ نۇقتىنى بىز ئۇنىڭ ئاشۇ غەلىتە شەكلى ۋە ياۋايىلىقىدىن كۆرۈپ بولغان. بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئاشۇ لىق تولدۇرۇلغان تۇخۇمدىنى بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تا هازىرغىچە بىر كىچىك تاتۇق ساقلىنىپ قالغان، بۇ تاتۇق ئىلگىرى ئورماندىكى پاپوروتنىكلار

ئۆسىدىغان نەم يەردە جان تىكىپ كۆپىيىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ھازىر ئۇ ئالىي دەرىجىلىك «جانلىقلار كىمىياگەرلىكى» ئۇچۇن داۋاملىق تۆھپە قوشماقتا، بىراق تۆھپىسى چوڭ بولمىسىمۇ، ئىنتايىن ئەمەلىي.

بىز تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. تۇپراق يېتىشتۇرۇۋاتقان چىملىق كۆكەردى، سېرىق چېكەتكە ئوتنى يەۋاتاتتى. ياچىۋەك سېرىق چېكەتكىنى يەۋەتتى، تۇخۇمدىنى تومپىيىپ چىقتى. ئۇ ئۈچ ئۇۋا تۇخۇم تۇغدى، تۇخۇم سانى مىڭدىن ئاشىدۇ. تۇخۇملار ئەمدىلا ئۇرۇقلىنىۋىدى، چۇمۇلە دەرھال يېتىپ كېلىپ، بۇ كۆپ ئولجىنى بىر - بىرلەپ تەرگىلى تۇردى. بىز بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كېتىپ، قاراپ تۇرىۋېرىشكە پېتىنالمىدۇق. سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ياچىۋەكنىڭ چوڭلۇقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى چۇمۇلىگە يەتمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، چۇمۇلە ياچىۋەكتىن قانچىلىك دانادۇر! ئەمما، شەيئىلەرنىڭ ئايلىنىشى بۇنىڭلىق بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ.

كىچىك چۇمۇلە يەنىلا قورچاق ھالەتتە تۇگۇلۇپ تۇراتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چۇمۇلە غوزەك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنى قىرغاۋۇل يەۋېتىدۇ. قىرغاۋۇل ئەسلىدە ئۆي قۇشلىرىغا تەۋە. بىراق، قىرغاۋۇلنى بېقىشقا چىقىم كۆپ كېتىدۇ، ئۇ ئامالسىز چۇمۇلە يەپ چوڭ بولىدۇ، نەتىجىدە تېنى كۈچلۈك، چوڭ بولىدۇ. باققۇچى ئۇنى ئۇدۇل ئورمانغا ئاپىرىپ باقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆرەڭ مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار مىلتىقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا توغرىلايدۇ. بىچارە توخۇ تۇركۈمىدىكىلەر باقمىچىلىق مەيدانىدا ئاللىبۇرۇن قېچىپ قۇتۇلۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان. ئادەملەر باقمىچىلىق مەيدانىدىكى توخۇلارنى بوغۇزلاپ، بويىنىنى كاۋاپ قىلىپ يەپلا قالماستىن، يەنە ھەشەمەتلىك ئوق سېپى شەكىللەندۈرۈپ، ئورماندا يەنە بىر خىل توخۇ — قىرغاۋۇلنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ملتىق بىلەن ئاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەخمىقانە قىرغىن قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى مەن راستىلا چۈشىنەلمىدىم.

تاراسكون شەھىرىدىكى داداران① ئۇۋنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قالپىقىنى ئاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتىنى ياخشى كۆرىمەن، بولۇپمۇ چۈمۈلە يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر خىل ھايۋان — چۈمۈلىخور قۇشنى - تىلىنى چىقىرىدىغان قۇشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ نام ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قويۇلغان، چۈنكى ئۇ بىر توپ چۈمۈلىنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن ئۇزۇن چاپلاشقاق تىلىنى چىقىرىپ، مىغ - مىغ چۈمۈلىلەرنى تىلىغا چاپلاشتۇرۇپ دەرھال يىغىۋالىدۇ. بۇ قۇش كۆزگىچە مۇشۇنداق يەپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە سەمرىپ كېتىدۇ. قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى، قانات تومۇرلىرى ۋە كۆكرەك قوۋۇرغىسىنىڭ ئىككى قانىتى مايغا تولۇپ كېتىدۇ، بويۇنلىرىغا، بېشى ۋە ئېڭىكىگە لوق گۆش تولىدۇ!

بىراق، بۇ ئىنتايىن لەززەتلىك كاۋاپ، ئەلۋەتتە مەنمۇ ئۇنىڭ بەك كىچىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، بوز تورغايچىلىك كېلەتتى. ئەمما، كىچىك ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە بۇنداق مەززىلىكى تېپىلمايتتى. ئۇ قىرغاۋۇلدىن قانچىلىك پەرقلىنىدۇ؟ گېپىمىزگە كەلسەك، قىرغاۋۇل مەززىلىك بولۇشنى ئويلايدىكەن، چىرىگەن ئۆسۈملۈكتىن ئايرىلماسلىقى كېرەك! يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ يېمەكلىك زەنجىرىنىڭ مەنبەسى يەنىلا ئۆسۈملۈك.

مەن ھېچبولمىغاندا ئاشۇ ئەرزىمەس ھاشاراتلارغا بىر جۈملە ئادىل گەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن! كەچلىك تائامنى يەپ، تاماق ئۈستىلىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئارام تاپتىم.

---

① داداران — 19 - ئەسىردىكى فىرانسىيەلىك يازغۇچى دائودېتنىڭ «تاراسكون شەھىرىدىكى داداران» ناملىق ھېكايىسىدە يارىتىلغان پېرسوناژ.

بۇ پەيتتە فىزىيولوگىيەلىك يۈكتىن ۋاقتىنچە قۇتۇلدۇم. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇنلىغان ئوي - پىكىرلەر تەرەپ - تەرەپتىن مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. نېمە ۋە نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئۇچقۇن دېگەندەك نەرسىلەر تۇساتتىن مېڭەمدە نامايان بولدى. بۇ ئۇچقۇنلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب ئېھتىمال ياچىۋەك، سېرىق چېكەتكە، چۈمۈلە ھەمدە تېخىمۇ كىچىك ھاشاراتلاردا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرى بىلەن بىزنىڭ ئىدىيە چىرىغىمىزغا تامچە - تامچە ماي قاچىلاپ بەردى. ئەۋلادمۇئەۋلاد تۇرداشلارنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق، ئاز - ئازدىن يىغىلىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقالدى، ئۇلارنىڭ ئېنېرگىيەسى ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ قېنىمىزغا قويۇلۇپ، ھالسىرىغان تېنىمىزنى قۇۋۋەتلىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە تايىنىپ جېنىمىزنى ساقلاپ قالدۇق.

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كۆپ تۇغىدىغان ياچىۋەك ئۆزىنىڭ شەكلى ئارقىلىق ئورگانىك ماددا ئىشلەپچىقىرىدۇ، چۈمۈلە ياچىۋەكنىڭ ئورگانىك ماددىسىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، چۈمۈلىخور قۇش يەنە چۈمۈلىدىن ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم يەنە چۈمۈلىخور قۇشتىن ئورگانىك ماددىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. ياچىۋەك مىڭ تۇخۇم تۇغىدۇ، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، قالغان كۆپ قىسمى جانلىقلارنىڭ دالا تامىقى بولىدۇ. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز ھالدا يىلاننىڭ ئۆز قۇيرۇقىنى چىشلەپ تۇرغان قەدىمىي سىمۋوللۇق بەلگىنى ئەسلەپ قالىمىز. دۇنيا قايتىلىنىپ تۇرىدىغان چەمبەر: باشلىنىش ئۈچۈن ئاخىرلىشىدۇ، ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى بۆلۈم



# سىسفۇس هاشارىتى ۋە ئاتلىق
# تۇغما ئىقتىدار

قارىماققا پەقەت ئالىي دەرىجىلىك هايۋان ئاتلىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. قۇش تۇركۇمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك. پۈتۈن بەدىنى تېرە بىلەن قاپلانغان هايۋانمۇ قۇسۇرسىز ئادا قىلىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك هايۋانلاردا ئاتلىق ئاڭ بولمايدۇ. ئەركەك هاشاراتنىڭ پەرزەنتلىك بولۇش قىزغىنلىقى ناهايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا قارشى تەرەپ بىلەن ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، غىپپىدە تىكىۋېتىدۇ. پەرزەنتلىرىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ قويمايدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلار هامان ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنى ئۆزى تاپىدۇ، پەقەت ئاز ساندىكى هاشاراتلار بۇنىڭ سىرتىدا.

لىچىنكىسى ئاجىز ۋە ئۇزاق مۇددەت ياردەمگە موھتاج بولىدىغان هايۋانلار ئىچىدە، ئاتلىق ئىپادىسى سۇس بولۇش شەرەپلىك ئىش ئەمەس. ئاتلىق ئىپادىسى شۇنچە سۇس بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا باھانە كۆپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق چىدامىلىق، ياردەمسىزمۇ جېنىنى باقالايدۇ، ئۇلار پايدىلىق جايدا تۇرسىلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. تۇخۇم تۇغۇش مەزگىلىدە، يەنە بىر تەرەپ يېلىمدەك چاپلىشىۋېلىپ پەسكەشلىك قىلىشى مۇمكىن، ئۇ ئەمدى باشقىلارنى ئازدۇرسۇنچۇ، ئۇنىڭ بولۇشى ئەكسىچە چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن.

كۆپ ساندىكى هاشاراتلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان

پەرزەنت تەربىيەلەش كۆرسەتمىسىنى يوْرگوْزىدوْ. ئوْلار لىچىنكىلار توْخوْمدىن چىقىشى بىلەنلا ئائىلە توْرموْشىنى قامدايدىغان ئاشپوْزوْل تەييارلاپ بەرسىلا ياكى ئۆزىنىڭ جىنىنى ئۆزى ئالىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك قونالغوْ تەييارلاپ بەرسىلا بولىدوْ. ئوموْمەن بوْنداق ئىشلارغا ئاتا لازىم بولمايدوْ. پىشانىگە پوْتوْلگەن نىكاھ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بوْ يارىماس بىكار تەلەپنىڭ خوْشاللىق كوْنلىرى يەنە بىرنەچچە كوْن داۋاملىشىدوْ. شوْنىڭدىن كېيىن ئائىلىسى ئوْچوْن ھېچقانداق خىزمەت قىلماستىنلا كېتىپ قالىدوْ.

ئىشلار ھامان بوْنداق بولىۋەرمەيدوْ، ئائىلىسىگە بىر كىشىلىك مال ـ موْلكىنى تولۇق غەملەپ قويىدىغان قەبىلىلەرموْ بار، ئوْلار لىچىنكىلارغا ياتاق ۋە تاماق شارائىتىنى تەييارلاپ بېرىدوْ.

بوْ يەردە پەردە قاناتلىق ھاشاراتلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز، ئوْلار ھوْنەر ـ سەنئەت ماھىرى بولوْپ، ئامبار، خوْمرا ۋە لىچىنكىلار يەيدىغان ھەسەل قاچىلاش ئوْچوْن ئىشلىتىلىدىغان توْلوْم ياساشقا ماھىر بولوْپ، ئوۋ گوْشلىرىنى ساقلايدىغان، يەر ئاستى ئامبار ئۆيى سېلىشتا ئىنتايىن يوْقىرى ماھارەتكە ئىگە.

بىراق، بوْنداق ھەم ئىمارەت سالىدىغان، ھەم ئوْنى ئاشلىق زاپىسى بىلەن تولدوْرىدىغان، پوْتوْن كوْچىنى ئايىماي، ئۆزىنى بىر ئۆموْر بېغىشلايدىغان ئەمگەكنى پەقەت ئانا بولغوْچى قىلىدوْ. ئوْ ھالىدىن كەتكەنگە قەدەر ھەددىدىن ئارتوْق جاپالىق ئىشلەيدوْ. ئاتىچوْ؟ ئوْ ئىش مەيدانىنىڭ يېنىدا پوْخادىن چىققوْچە ئاپتاپقا قاقلىنىپ، جاپاكەش ئانىنىڭ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆروْپ ئولتوْرىدوْ. ناۋادا ئوْ قوشنىلىرىنىڭ خوتوْن ـ قىزلىرىغا چېقىلىپ قالسا، بارلىق مالايلىرىنى ئۆزلوْكىدىن كەچوْروْم قىلىۋېتىدوْ.

ئەجەبا، بالىلىرىنىڭ ئانىسىغا ياردەم قولىنى سوْنوْپ قويماسموْ؟ بىر قېتىم شوْنداق قىلار، ئوْنىڭدىن كېيىن مەڭگوْ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنداق قىلماسلىقى مۇمكىن. ئۇ قارلىغاچ ئەر - خوتۇندىن ئۆگەنمەسمۇ؟ ئۇ ئەر - خوتۇنلار بىرلىكتە ئەمگەك قىلىدۇ، شال پاخىلىنى بىرلىكتە توشۇيدۇ، ئۇۋىنى تەڭ ياسايدۇ، بالىلىرىنى تەڭ باقىدۇ. ئۇنىڭ قارلىغاچتەك قىلماسلىقىغا ئۆزىنى ئايالىدەك كۈچلۈك ئەمەس دەپ ھېسابلىشى باھانە بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ باھانە بولالمايدۇ: بىر تال يوپۇرماقنى سۆرەش، تۆۋىتلىق ئۆسۈملۈكلەردىن تۆۋەت ئۈزۈش، لاي چىشلەپ ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلەر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كۈچ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئايالىغا ئوبدان ھەمكارلىشىپ، ھېچبولمىغاندا لايچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بەرسە، ماتېرىيال توشۇپ بەرسە، قالغان ئىشلارنى ئايال ئۆزى قىلىۋېرەتتى. ئۇنىڭ سىپاھگەرچىلىك قىلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب — ھورۇنلۇق.

غەلىتە ئىش، ماھارەتلىك ھاشاراتلار ئىچىدە ئەڭ مەلىكىلىك پەردە قاناتلىق ھاشارات ئاتىغا مەنسۇپ خىزمەتنىڭ بارلىقىنى پەقەتلا ئۇقمايتتى. لىچىنكىلار نۇرغۇن ئىشلاردا يېتىلگەن ھاشاراتتىن ئۈمىد كۈتىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئاتا بولغۇچىنىڭ يۇقىرى ماھارەت يېتىلدۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئىقتىدارى خۇددى كېپىنەكتەك تۆۋەن ئىدى. كېپىنەكنىڭ ئۆيگە ھاجىتى چۈشمەيدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ.

پەردە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ئەركەكلەر ئاتىلىق تۇغما قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرمايدۇ، بۇنىڭدىن بىز گەندە بىلەن ھەپىلىشىدىغان ھاشاراتلارغا بەكمۇ ھەيران قالىمىز. ئۇلار گەرچە ھەسەل ئىشلەپچىقىرالمىسىمۇ، ئەمما كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان قالتىس ماھارەتكە ئىگە. تۆرلۈك گەندىخور ھاشاراتلارمۇ ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەرىكەت مىزانىغا ئەمەل قىلىدۇ. ئۇلار ئەر - خوتۇنلار ئورتاق ئەمگەك قىلسا غايەت زور كۈچ ھاسىل

بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەر ـ خوتۇن گەندىخورلار ھەمكارلىشىپ، لىچىنكىلارغا مال ـ مۈلۈك مىراس قالدۇرىدىغان مەنزىرە ھېلىمۇ ئېسىمىزدە. ئاتا بولغۇچىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەسلەپ باقايلى، ئۇ كولباسانى پىرىپسلاش جەريانىدا كۆچلۈك پەنجىسى بىلەن ئۈزۈكسىز ئۇرۇپ ـ بېسىپ، ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب ئائىلە ئادىتى ـ ھە. چىشى جىنسلىقلار ئومۇميۈزلۈك مۇستەقىل ئەمگەك قىلىدىغان ئەھۋالدا، بۇ ئالىيجاناب ئادەت كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، بۇ بىردىنبىر مىسال. لېكىن، بۇ ئۇلگىنىڭ دەۋتىدە، مۇشۇ يول بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئۇزاق مۇددەت تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاخىر مۇنداق ئۈچ مىسالنى، يەنە كېلىپ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئەمەلىي مىسالنى، روياپقا چىقىرالىدىم. بىراق، بۇ ئۈچى يەنىلا گەندىخورنىڭ كەسىپدىشى. تۆۋەندە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن، يىغىنچاقلاپ سۆزلەيمەن، بولمىسا ئادەمگە نۇرغۇن جايلىرى سكاراب قوڭغۇزى، ئىسپانىيە تۇلۇقچىقوڭغۇزى ۋە باشقا بەزى ھاشاراتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

بىرىنچى بولۇپ دەيدىغىنىم سىسفۇس ھاشارىتى ئۇ گەندە كۆمىلىچىنى دومىلىتىدىغان ھاشاراتلار ئىچىدە تېنى ئەڭ كىچىك، ئەمما قىزغىنلىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان ھاشارات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قول ـ پۇتى چاققان، موللاق ئېتىشى قورقۇنچلۇق، يانتۇلۇقتىن دومىلاپ چۈشۈشى ئادەتتىن تاشقىرى شىددەتلىك. مېڭىش قىيىن يولدا يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، يەنە ھېچنېمىگە قارىماي يۇقىرىغا يامىشىدۇ. بۇ ئاجايىپ ماھارەتنى ھېچكىم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ ھارماس گىمناستىكا ماھىرىنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە ساقلىشى ئۈچۈن، رادلاي ئۇنىڭغا «سىسفۇس ھاشارىتى» دەپ نام بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ ئەسلىي قەدىمكى زاماندىكى جەھەننەمدىكى بىر داڭلىق شەخسنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇ بەختسىز ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان جەسۇرلۇقى بىلەن پۈشۈلدىغان ھالدا تاغ چوققىسىغا چوڭ بىر قورام تاشنى ئىتتىرىدۇ. ھەر قېتىم ئىتتىرىپ چوققىغا ئاز قالغاندا، تاش ھەمىشە قولىدىن ئاجراپ كېتىپ، تاغ ئاستىغا دومىلاپ چۈشىدۇ. قايتىدىن ئىتتەرگىن، بىچارە سىسفۇس، يەنە بىر قېتىم قايتىدىن ئىتتەرگىن، داۋاملىق ئىتتەرگىن. پەقەت تاشنى ئىتتىرىپ چىقىرىپ مۇقىملاشتۇرۇۋالساڭ، سېنىڭ جاپايىڭ ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ ئەپسانىنى مەن قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇنىڭدا بىز ئىنسانلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلار سۆزلەنگەن. ئۇلار نومۇسسىز مەككارلاردىن ئەمەس، ھەرقانداق جاپاغا چىدىيالايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار پەزىلەتلىك، قەيسەر، ئەتراپىدىكى ئاممىغا بەخت يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۇمىسا بولمايدىغان بىرلا جىنايىتى بار، ئۇ بولسىمۇ «نامراتلىق». ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇزاققا سوزۇلغان ئەگرى ـ توقاي يوللاردا تەمتىرەپ يۈرۈپتىمەن، نۇرغۇن كىيىم ـ كېچەكلىرىم قاباھەتلىك يوللاردا يىرتىلىپ قان داغلىرى بىلەن بويىلىپتۇ. يىلىكىمنى قۇرۇتۇپ، قېنىمنى خورۇتۇپ، بارلىقىمنى قىلچىمۇ ئايىمىدىم، ئېغىر يۈكنى تاغ چوققىسىغا ئىتتىرىپ چىقىپ، مۇستەھكەم، ئورۇنغا جايلاشتۇرۇشنىلا ئويلىدىم. بۇ ئېغىر يۈك كۈندىلىك ھاياتىمنى ساقلايدىغان بولكا ئىدى. كىم بىلسۇن، بۇ چوڭ يۇملاق بولكىنى ئەمدى مۇقىم قويۇشۇمغا، قاراپ تۇرسام يەنە ئورنى يۆتكەلدى، ئارقىدىنلا ئۇچقاندەك دومىلاپ ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. قايتىدىن ئىتتەرگىن، بىچارە سىسفۇس، قايتىدىن ئىتتەرگىن، بۇ چوڭ ئېغىر تاش تا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دومىلاپ چۈشۈپ، بېشىڭنى يېرىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانغا قەدەر ئىتتەرگىن.

ناتۇرالىستلار باقىقان سىسفۇس دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ

ئېچىنىشلىق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى، ئەگرى ـ توقاي يول بىلەن كارى بولمايتتى، پەقەت ئۆزىنى سۆرەپ دومىلاۋاتقان چوڭ نەرسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەنلا بولۇپ، بىر دەم ئۆزىگە يېمەكلىك تەييارلايتتى، بىر دەم ئوغۇللىرىغا يېمەكلىك غەملەيتتى. بىزنىڭ بۇ يەرلەردە بۇ خىلدىكى ھاشاراتنى كۆرمەك تولىمۇ تەس. ياردەمچىم بولمىغان بولسا، جەدۋەل تۇزۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان بۇنچە كۆپ تىرىك ھاشاراتنى مەڭگۈ تۇتالمىغان بولاتتىم. مەن بۇ ياردەمچىم توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەكچى، چۈنكى كېيىنكى بابلاردا ئۇنىڭ ئىسمى كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلۇم پائۇل ئىدى. ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا ئۇ ماڭا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ئالاھىدە كۆپ ئىدى. ئۇ تومۇزغا، سېرىق چېكەتكە، قارا چېكەتكە ۋە گەندىخورنىڭ سىرىنى بىلەتتى، بولۇپمۇ گەندىخورنى كۆرسە كۆڭلى باشقىچە يايراپ كېتەتتى. يىگىرمە قەدەم نېرىدا كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر توپا دۆۋىسى بولسا، ئۇ بىر جۈپ روشەن كۆزىگە تايىنىپ، قايسى دۆۋىنىڭ ھەقىقىي ئۆڭكۈر ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان پەرقلەندۈرەلەيتتى. يىراقتىن كىچىك سېرىق چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن زەن قويۇپ ئاڭلىسام، ھەممە يەر تىمتاس ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئاشۇ سەزگۈر قۇلىقى ئۇچۇق ئاڭلىغانىدى. ئۇ مېنىڭ ھەم كۆزۈم، ھەم قۇلىقىم ئىدى. پىكىر ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا چارە كۆرسىتەتتىم. ھەر قېتىم ئۇنىڭغا يۈزتۇرا يولىيورۇق بەرگىنىمدە، ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىل ئاڭلايتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ قارايتتى.

ئاھ، زېھنى تۇنجى قېتىم ئېچىلغان گۈل، سەن نېمىدېگەن سۆيۈملۈك! ھەممىنى سورايدىغان، ھەممىگە قىزىقىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۆدەكلىك ئېمىدىگەن گۈزەل ! دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك پائۇل بىر قەپەسكە مۇيەسسەر بولغان، سىكاراب قوڭغۇزى قەپەسىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا لايدىن تۆرەلمە نەشپۈت ياساپ بېرەتتى. كىچىك پائۇلنىڭ ياغلىق چوڭلۇقىدا بېغى بار ، بىر نەچچە تال يەر ياڭىقى ئۇ يەردە بىخ سۇرۇۋاتاتتى، كىچىك پائۇل ھەممىشە ئۇ يەرنى كولاپ تۆرەلمە يىلتىزىنىڭ قانچىلىك ئۆسكەنلىكىگە قاراپ باقاتتى. كىچىك پائۇلنىڭ يەنە ئۆسۈملۈك باغچىسى بار ، باغچىدا تۆت تۈپ دۇب دەرىخى بار بولۇپ، نوتا كۆچەتنىڭ بىر يېنىدا بىر جۈپ كىچىك ئەمچىكى بار كاشتان ئۇرۇقىنىڭ ئېمىكئانىسى تۇراتتى. بۇنىڭ ھەممىسى مەنىسىز گىراماتىكىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، گىراماتىكا ئۆگىنىشى بۇ ئارقىلىق ئۈچقاندەك راۋاجلىنىدۇ.

ئەگەر ئىلىم - پەن كىبىرىنى چۆرۈۋېتىپ بالىلارغا غەمخورلۇق ئاتا قىلسا، ئۇنىۋېرسىتېت لاگېرى ئۆلۈك كىتابتىن سىرت، يەنە ئەمەلىي دالا ئۆگىنىشىنى يولغا قويسا، بيۇروكراتلار ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇتۇش پىروگراممىسى كىشەنى ئىرادىلىكلەرنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى بوغۇپ قويمىغان بولسا، ئۇنداقتا تەبىئەت تارىخى قانچىلىغان گۈزەل، ئېسىل نەرسىلەرنى بالىلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈر قىلىپ باسقان بولاتتى - ھە ! كىچىك پائۇل، مېنىڭ دوستۇم، بىز يېزىدا قېلىپ، ئۆزىمىزنى روزېمارىيە ۋە ياۋا بۆلجۈرگەنگە ئاتىساق، بارلىقىمىزنى ئاتىساق، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز مۇمكىن. بىز بۇ يەردە بەدىنىمىزنى كۈچلەندۈرەلەيمىز، مېڭىمىزنى ساغلاملاشتۇرالايمىز. بىز بۇ يەردە كونا قەغەزلەر دۆۋىسىگە قارىغاندا، نېمىنىڭ گۈزەل ۋە ھەقىقىي بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىقراق بايقىيالايمىز.

ئۇ كۈنى دوسكا ئىشسىز قالدى، بۇ بىز ئۈچۈن قالتىس ئىش بولدى. بىز تاڭ سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، پىلانىمىز بويىچە

يىراقتا پىيادە يۈرۈپ ساياھەت قىلىشقا تەييارلاندۇق. ئورنىمىزدىن بەك بالدۇر تۇرغاچقا، ئاچ قورساقلا يولغا راۋان بولدۇق. ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، قاچان قورسىقىمىز ئاچسا، سايىغا يېرىپ بىردەم ئارام ئالغاچ، كونىراپ كەتكەن خالتىمىزدىن ئالما ۋە بولكا ئېلىپ يەيمىز. ماي ئېيى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى، سىسفۇس ھاشارىتىنىڭ چىقىدىغان ۋاقتى بولدى. ھازىر بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز، تاغ باغرىدا پادىلار دەسسىگەن شالاڭ چىملىقنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ، قوي مايىقلىرىنى بارمىقىمىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئاجرىتىش ئىدى، بۇ مايىقلار ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىچى نەم ھەم يۇمشاق ئىدى. سىسفۇس ھاشارىتى بۇ مايىقنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋېلىپ، ناماز شامدا ئۆيىگە قايتقان پادىلارنىڭ يېڭى تېزىكىنى كۈتۈپ تۇراتتى ئىدى.

كىچىك پائۇل مېنىڭ تاسادىپىي بايقىشىمدىن ئېچىلغان سىرنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇستاتلىق قىلىپ، نەق مەيداندا مايىقلارنى ئاجرىتىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولدى. ئۇ تەلەپكە لايىق مايىقلارنى پۇراپ تاپتى. نەتىجىدە ھېچقانچە ۋاقىت سەرپ قىلمايلا مېنىڭ ھاسىلاتىم ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى. مەندە ھازىر ئالتە جۈپ سىسفۇس ھاشارىتى بار بولدى، بۇنداق زور بايلىقنى ئەزەلدىن ئاڭلاپمۇ باقمىغان، ئويلاپمۇ باقمىغان.

ئۇلارنى بېقىشتا قەپەسنىڭ ھاجىتى يوق. مېتال توردىن ياسالغان قوڭغۇراقسىمان قالپاق بولسىلا كۇپايە. ئاستىغا ئازراق قوم تۆكۈپ، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى سېلىپ بەرسەملا بولدى. ئۇلارنىڭ تېنى بەك كىچىك بولۇپ، گىلاس ئۇچىكىسىچىلىك كېلىدۇ! بىراق، ئۇلارنىڭ تاشقى شەكلى ئالاھىدە، تېنى قىسقا ھەم توم، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى ئوق بېشىدەك تۇگۇكلۈك، پۇتى خۇددى ئۆمۈچۈك پۇتىدەك ئۇزۇن، كەينى

ئىككى پۇتى غەلىتە، بىر جۈپ يايسىمان شەكىل ھاسىل قىلغان. مايائنى قۇچاقلىشىغا ناھايىتى ماس كېلەتتى.

ماي ئېپىي كىرىشى بىلەنلا جۇپلىشىش باشلىنىدۇ، بايا قانغۇچە يېگەن ماياق تورتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇز يەر تېپىپ جۈپلەشسە بولاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئائىلە قۇرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ئەر - خوتۇن ئوخشاش يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئوغۇللىرىغا بولكا تەييارلايدىغان ئەمگەككە قاتنىشىدۇ، خېمىر يۇغۇرۇپ ئۆيگە توشۇيدۇ، ئاندىن ئوچاقتا قاقلايدۇ، ھەممىنى قىلىدۇ. مايائنى ئالدى پۇتىدىكى كىچىك پىچاق بىلەن كېسىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ. بۇ چاغدا ئاتا بولغۇچى بىلەن ئانا بولغۇچى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، كېسىلگەن مايائلارنى چۆرگۈلىتىپ، يېنىك شاپاقلاپ، كۇچەپ بېسىپ، كۆك پۇرچاق چوڭلۇقىدا كۇملاچ ياساپ چىقىدۇ.

سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدا كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش يۇپيۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرىدۇ. بىر دانە مايائ يۆتكىلىشتىن بۇرۇن، شار شەكلىگە ئۆزگىرىپ بولىدۇ. سىسفۇس ھاشارىتى شەكىل مەسىلىسىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان گېئومېتىرىيە ئالىمى بولۇپ، ئۇ يېمەكلىكنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى شەكىل ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

شار ئۇزاق ئۆتمەي ياسىلىپ بولدى. ئەمدى نەم ھەم يۇمشاق يېمەكلىكنىڭ نەملىكىنىڭ ئاسان پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شىددەت بىلەن دومىلىتىش ئارقىلىق شارنىڭ سىرتقى يۈزىدە بىر قەۋەت پوست ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھېلىقى ئانا ئۇنى قاپلاشقا باشلىدى، جۇغىنىڭ چوڭراقلىقىدىن ئۇنىڭ ئانا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇدۇل تەرەپتە — شارنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇزۇن ئىككى ئارقا پۇتى يەرنى تىرەپ تۇردى، ئىككى ئالدى پۇتى مايائنىڭ ئۈستىگە قويۇلدى، ئۇ شارنى ئۆزى تەرەپكە سۆرىمەكتە، دادىسى

كەينىدىن ئىتتەرمەكتە، تۇرۇش ھالىتى ئانا بىلەن ئەكسىچە بولۇپ، بېشى تۆۋەنگە قاراقلىق ئىدى. بۇ سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ قوش كىشىلىك مەشغۇلات ئۇسۇلىغا ئوخشايتتى، پەقەت ئەمگەكنىڭ مەقسىتى ئوخشىمايتتى. سىسفۇس ھاشارىتىنىڭ توشۇۋاتقىنى لىچىنكىغا تەييارلانغان بايلىق ئىدى؛ سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ توشۇۋاتقىنى كونا ھەمراھى بىلەن قايتا ئۇچراشقاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك ئىدى.

ئەنە قاراڭ، ئەر - خوتۇن يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بارار جايى ئالدىن بەلگىلەنگەن ئەمەس، قاباھەتلىك يولغا دۇچ كېلىپ قالسىمۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك، چېكىنىسە توسالغۇدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، بۇ توساقلار ئەسلىدىنلا بىر خىل روھنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت. سىسفۇس ھاشارىتى ئايلىنىپ ئۆتۈشنى خالىمايتتى، بەلكى بۇ قوڭغۇزاقسىمان مېتال قالپاقدىن يامىشىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ.

بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى، يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس. ئانا ئارقا پۇتى بىلەن مېتال تورنىڭ تۆشۈكىنى قارماقلاپ، ئالدى پۇتى بىلەن كۈچەپ تارتىپ، ئېغىر نەرسىنى يۇقىرىسىغا ئاستى، ئارقىدىنلا ماياقنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆتۈردى. ئاتا تاپىنىنىڭ كۈچى قالمىسىمۇ ئەھۋالغا قاراپ بىۋاستە ماياقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تىرنىقى بىلەن ماياقنى كوچىلاشقا باشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىنى شار ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە سالدى. ماياق شار بىلەن ئىچىدىكى نەرسە بىرلىشىپ چوڭ شار ھاسىل قىلغاچقا، دومىلاپ چۈشەتتى. ئانا ئېگىزدە تۇرۇپ ئەتراپقا ئازراق سەپسالغاندىن كېيىن، دەرھال دومىلاپ چۈشۈپ، ماياق كۆملىچى بىلەن قايتا ھەپىلىشىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا مۇمكىن بولمايدىغان

يامىشىپ چىقىش سىنىقىنى يەنە باشلىدى. بۇ ئىككىسى قايتا ـ قايتا يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئاخىر ئېگىزگە يامىشىش ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچتى.

تۆز يەردە ماشىنا ھەيدەشمۇ ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، يۈك زىيادە ئېغىر بولۇپ كەتسە ماشىنا قىيسىيىپ، دومىلاپ، تۆت چاقى ئاسمانغا قاراپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئېخى ھېچقانداق ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئىككىسى يەنە ئۆمىلەپ قوپۇپ، قايتىدىن ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىشتى. قارىماققا ماشىنا ئۆرۈلۈپ ھەر قېتىم سىسفۇس ھاشارىتىنى يىراققا ئېتىپ، قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ قويىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى. ئۇلار ھەتتا «بىز تېخى يەنە بىرنەچچە قېتىم يىقىلىشقا ئىنتىزار» دېيىشىدۇ. توغرا، يېمەكلىكنى يىقىتىپ تېخىمۇ پىشۇرۇشنىڭ، دومىلىتىپ تېخىمۇ چىڭىتىشنىڭ نېمە زىيىنى بار؟ مۇشۇنداق بولۇشنى ئويلىغانىكەن، پىروگراممىغا ئەلۋەتتە ئۆرۈلۈش، سوقۇلۇش، يىقىلىش، سىلكىنىش قاتارلىق بىر يۈرۈش نومۇرلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شارنى سۆرەپ مېڭىشقا مەستانە بولغان بۇ كۆرۈنۈش ئۇدا بىرنەچچە سائەت داۋاملاشتى.

ئاخىرىدا ئانا ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن بىردەم ئايرىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك جاينى تېپىپ ئارام ئالدى. ئاتا بايلىقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۈتۈپ تۇرماقتا. چىشى ھەمراھى كېتىپ ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمىگەچكە، ئەركىكى ئېچىدىكى تىت ـ تىتلىقنى تۇگىتىش ئۈچۈن ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن شارنى قۇچاقلاپ تېز ئايلاندۇرماقتا. ئۇ ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن سۆيۈملۈك شارنى ئويناپ، تىرەپ تۇرىدىغان يايسىمان قىسقۇچ بىلەن شارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۆلچىمەكتە. ئۇنىڭ خۇشال ھالدا توختىماستىن قىلىۋاتقان مەشغۇلاتىغا قاراپ، كىممۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئائىلىسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىر ئائىلىنىڭ ئاتىسى

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانسۇن. شۇڭا، ئۇ بۇ چاغدا خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كېتىدۇ. ئۇ «مەن بۇ ئىسسىق بولكىنى ئوغۇللىرىم ئۈچۈن تەييارلىدىم» دەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرغىنى كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئەمگەك گۇۋاھنامىسى ئىدى.

بۇ ئارىلىقتا ئانا ئورۇن تاللاش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئۇ يەرگە بىر ئازگال كولىدى، بۇ پەقەت پىلان ئىچىدىكى ئۆڭكۈر قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىدى. ماياق كۇمىلىچى ئازگالنىڭ يېنىغا توشۇلدى. ئانا مۇھاپىزەتچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، شارنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى، ئانا پۇتى ۋە قالپىقى بىلەن ئازگال كولىدى. ئازگال شارنىڭ يېرىمىنى سىغدۇرغىلى بولغۇدەك كولاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، سىسفۇس ھاشارىتى ھەر ۋاقىت بۇ مۇقەددەس نەرسىنى ئۇنى دۈمبىسى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ، ئارقىسىنىڭ توختىماستىن تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى، ئارقىسىدا پارازىت قۇرتلار يوقلۇقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئازگال كولاشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ئۇلار ساقلاش ئۆيىنى كولاپ بولغانغا قەدەر بولكا ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۈتۈلمىگەن مېھمانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. دەرھەقىقەت، كۆكپىت، چىۋىن دېگەنلەر ساماندەك بولۇپ، ئۇلار بۇ ئەمگەك مېۋىسىنى بۇلىۋالاتتى. ئېھتىيات يۈزىسىدىن، يەنىلا دىققەت بىلەن ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ماياق كۇمىلىچى مانا مۇشۇنداق سىيرىلىپ يېرىمى ئۆڭكۈرگە كىرىپ بولدى. ئانا ئاستىدا تۇرۇپ كۇمىلاچىنى قۇچاقلاپ تارتىدۇ، دادا شارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، شارنىڭ تەۋرىنىشىنى ئاستىلىتىدۇ ھەمدە ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولماقتا، كولاش خىزمىتى داۋاملاشماقتا، شار داۋاملىق ئۆلتۈرۈشۈپ بارماقتا، ئېھتىياتچان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پوزىتسىيە يەنىلا ئاۋۋالقىدەك داۋاملاشماقتا. بىر سىسفۇس ھاشارىتى كۆمۈلىدىغان نەرسىنى تارتماقتا، يەنە بىر سىسفۇس ھاشارىتى چۆكۈش ھەرىكىتىنى كونترول قىلماقتا ھەمدە توسقۇنلۇق قىلىش ئېھتىمالى بولغان توسالغۇلارنى تازىلىماقتا. يەنە بىر قېتىملىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن، كۆمىلاچ ئىككى نەپەر كان ئىشچىسى بىلەن بىللە يەر ئاستىغا غەرق بولدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكۈچە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. بىز يېرىم كۈن ساقلايلى.

قىلچە بوشاشماستىن كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرساقلا نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز. ئاتا ئۆڭكۈردىن يالغۇز چىقتى ھەم ئۆڭكۈرگە يېقىن جايغا بېرىپ، قۇمساق توپىدا تۇگۈلۈپ ئارام ئالدى. ئانا ئۆڭكۈردە قېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئۇنداق ئىشقا يات جىنسلىق ھەمراھى ياردەم قىلالمايتتى، شۇڭا، ئۇ ئادەتتە ئەتىسى ئۆڭكۈردىن چىقىدۇ. ئۇ ئاخىر كۆرۈندى. ئاتا ئارام ئېلىۋاتقان يېرىدىن چىقىپ ئانىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن جەم بولغاندىن كېيىن، يېمەكلىك دۆۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاۋۋال غىزالاندى، ئاندىن يەنە بىر خام ئەشيانى ئاجرىتىپ، قايتىدىن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە پىششىقلاپ ئىشلىدى، بىرلىكتە ئىتتىرىپ ئاپىرىپ ئۆڭكۈرگە بىرلىكتە كۆمدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. بۇ ساداقەتمەنلىك ئۇلارنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىپ بولدىمۇ - يوق، مەن بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمەن. بۇ جەھەتتە ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق ئەركەكلەرمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇلار چوڭ تورت ئاستىدىكى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قالسا، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە ھەمراھ بولغان تۇنجى يات جىنسلىق بولىكا ئۈستىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئالدىغا ئۇچراپ قالغان باشقا بىر يات جىنسقا سادىق بولۇشى مۇمكىن، ۋاقىتلىق ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ، بىر كۆمىلاچنى ياساپ بولۇپلا ئايرىلىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز

بىرىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئومۇمىيلىقتا نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى مەن بەك ئاز ئۇچراتقان، شۇڭا مەن سىسفۇس ھاشارىتىنىڭ ئائىلە ئادىتىنى ئىنتايىن سەممىي دەپ قارايمەن.

ئۆڭكۈرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، سىسفۇس ھاشارىتىنىڭ ئادىتىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى. ئاتا ۋە ئانا ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، بىر دانە لىچىنكا ئۈچۈن ئوزۇقلۇقنى تەييارلايدىغان ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. ئاتا توشۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ قوشۇمچە رول ئوينايدۇ؛ ئانا ئازگال كولايدىغان ئورۇننى تاپقىلى كەتكەندە، ئۇ بولكىنى ساقلاپ تۇرىدۇ؛ ئۇ كولاش قورۇلۇشىغا ھەمكارلىشىدۇ، يەردىن كولاپ چىقىرىلغان كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا توشۇيدۇ. ئۇ مۇشۇ خىسلەتلىرى بىلەن ھەمراھىغا بولغان سادىقلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەزى خۇسۇسىيەتلەر سىكاراب قوڭغۇزىدىمۇ بار. ئۇلار ئەر - خوتۇن بىرلىكتە گەندە كۇمىلاچ پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى مەشغۇلات ئېلىپ بارسا گەندە ماشىنىسىنى ھەيدىگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق، شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتىكى مۇددىئاسى نەپسانىيەتچىلىك ئۈچۈندۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككى نەپەر ھەمكارلاشقۇچى گەندە كۇمىلىچىنى مەلۇم بىر غەرەز بىلەن ياسايدۇ ۋە توشۇيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن قولىدىكى نەرسە مەززە قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان يۇمىلاق بولكا ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئانا سىكاراب قوڭغۇزنىڭ ياردەمچىسى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئانا كۇمىلاچنى ئۆزى ياسايدۇ، گەندىنى ئۆزى يۆتكەيدۇ، ئۆزى دومىلىتىدۇ. سىسفۇس ھاشاراتلىرى ئەركەكلىرى بۇ ئىشلارنى ئۆزى خالاپ قىلىدۇ. قاراڭ، بۇنى گەندە كۇمىلىچى بىلەن ھەپىلىشىدىغان كىچىك ھەم پاكار

مايقوڭغۇزى بىلەن سىلىنشتۇرغاندا پەرقى نىمىدېگەن چوڭ ـ ھە !

ھازىر ئۆڭكۈرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان چاغ بولۇپ قالدى. ئۆڭكۈر ئىنتايىن تېيىز ھەم تار بولۇپ، ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ مايىقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ پۈتىنى يۆتكىشىگە ئاران يېتىدۇ. بۇ قىستاڭچىلىقنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئاتىنىڭ ئۇ يەرگە كىرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇشىغا ئامال يوقلۇقىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا ئۇ ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى پۈتۈشى ھامان ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىپ، داۋاملىق گەندە كۆمىلىچى بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئانىنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئانىغا قارىغاندا خېلىلا بۇرۇن يەر يۈزىگە ئۆمىلەپ چىققانلىقىنى كۆردۇق.

ئۆڭكۈرگە بىرلا نەرسە سىغاتتى، ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى مودېل، سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ كىچىك نەشىپۈتىدەك مىكرو بۇيۇم ئىدى. ئەمما ئۇ ئادەمگە ئەپچىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەتتى. ھەجمى زىيادە كىچىك بولغاچقا، سىرتقى يۈزىنىڭ پارقىراقلىق دەرىجىسى ۋە ئەگرى سىزىقىنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ كىچىك نەشپۈتىدىنمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتەلەيدۇ. بۇ خىل مىكرو شارنىڭ دىيامېتىرى ئادەتتە ئون ئىككى ـ ئون سەككىز مىللىمېتىر بولىدۇ. گەندىخورنىڭ سەنئىتى بۇ يەردە ئەڭ نەپىس بۇيۇم ھاسىل قىلىدۇ.

بىراق، قۇسۇرسىز ھالەت ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان كىچىك نەشپۈت نىجاسەت دېغىغا چېتىلىپ قالدى، كۆپ بوغۇملۇق بىر قاپقارا يېپىشقاق نەرسە ئۇنىڭغا يېلىمدەك چاپلاشتى، ئەسلىدىكى گۈزەل چىرايى بىردىنلا يوقاپ كەتتى. گەرچە باشقا جايلىرى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما چىرايىنى قېلىن بىر قەۋەت ئوخشىمايدىغان نەرسە قاپلىۋالدى. كۆرۈنۈشكە تۇسالغۇ بولىدىغان بۇ داغنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى دەسلەپتە چۈشىنەلمىدىم. مەن ئۇلارنى مەلۇم خىل يوشۇرۇن گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر ياكى بولمىسا

زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چىرايىنى قارا رەڭلىك، مۇدۇر - چوقۇر تېرە چىرمىۋالغانىدى. كېيىن مەن خاتا تونۇغۇدىن ئويغاندىم، ئەسلىدە ئۇ لىچىنكىنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل ئادەتتىكى ھادىسە بولۇپ، لىچىنكا قارماق شەكلىدە ئېگىلسە، ئارقا دۈمبىسى خۇددى بىر چوڭ خالتىغا، قىياپىتى دۈمچەككە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ خىل قىياپەت ئۇنىڭ تېز خاراكتېرلىك تەرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خۇددى سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسىغا ئوخشاش، ئۇ ياماقچىلىققا ئىنتايىن ماھىر، سېمونت لاي بىلەن تۇخۇم شەكلىدىكى كىچىك ئۆيىنىڭ تېمىدىكى تۆشۈكلەرنى ئېتىدۇ. سېمونت ماتېرىيال ئۆزىنىڭ كىچىك خالتىسىدا ساقلاقلىق بولۇپ، قاچان ئىشلەتسە تەييار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يەنە باشقا بىر سەنئەتتىن پايدىلىنىۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئىنچىكە پىنتوزا پىششىقلاپ ئىشلەش سەنئىتى بولۇپ، بۇ سەنئەتنى يېتىلگەن گەندىخورلار بىلمەيتتى. ئەلۋەتتە، كەڭ بويۇن سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ يېتىلگەن لىچىنكىلىرى بۇ سەنئەتتىن ئاندا - ساندا پايدىلىناتتى.

تورلۇق گەندىخورلارنىڭ لىچىنكىلىرى ھەزىم قىلىپ ئېشىپ قالغان قالدۇق نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ لاي ئېتىپ ئۆي ئىچىنىڭ تاملىرىنى سۇۋايدۇ. ئىچ تامنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ، لىچىنكىنىڭ قالدۇق نەرسىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ۋاقىتلىق دېرىزە ئېچىپ ئەخلەت تاشلايدىغان ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بىراق، سىنىفۇس ھاشارىتىنىڭ لىچىنكىلىرى ئۆزگىچە ئىش كۆرىدۇ. پائالىيەت بوشلۇقىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىنمىكىن، ياكى مەن تېخى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن باشقا سەۋەبتىنمىكىن، ئىشقىلىپ ئۇ تاملارنى سۇۋاپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان بارلىق

تاشلاندۇقلارنى سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ.

كىچىك ئۆيدە تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاۋاتقانلار چوڭ بولۇشقا باشلىغاندا، بىز بىر دانە كىچىك نەشپۈتنى يېقىن ئارىلىقتىن كۆزىتىپ باقايلى. قانداق چاغدا بولسۇن كىچىك نەشپۈتنىڭ پوستىنىڭ مەلۇم بىر يېرىنىڭ نەملىشىپ قالغانلىقىنى، يۇمشاپ قالغانلىقىنى ھەم نېپىزلەپ قالغانلىقىنى بايقايسىز، ئارقىدىنلا قارامتۇل يېشىل رەڭلىك يۇركۇمە ئېتىلىپ چىقىپ، تۆت تەرەپكە چاچراپ، پوستىغا چاپلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن بىر داغ پەيدا بولىدۇ. قۇرىغاندىن كېيىن داغ قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ ئەسلىدە لىچىنكا ئازگالنىڭ ئىچ تېمىدىن بىر ھاۋا ئۆتۈشتۈرىدىغان ئېغىز ئېچىپ، ئېغىز سىرتىنىڭ بىر يېنىغا ئىنتايىن نېپىز بىر قەۋەت تور ئورناتقانىدى؛ ئارقىدىنلا ئۇ ئىشلىتىپ بولالمىغان قالدۇق نەرسىلەرنى بۇ ئېغىزدىن سىرتقا تاشلىدى. مانا بۇ تامنى تېشىپ تەرەت قىلىش دېگەنلىك. قاچان ئاچقۇسى كەلسە ئېچىشقا بولىدىغان ھاۋادان لىچىنكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قىلچىمۇ تەھدىت سالالمايتتى، چۈنكى ئۇنى شۇ ھامان يېپىۋېتەتتى. لىچىنكا يېپىق مەشغۇلات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ، بىردەمدىن كېيىن ئەندۇۋا بىلەن ئېغىز ئۆلىنى سۇۋاپ قويسىلا بولىدۇ. ئېغىز شۇنداق تېزلا ئېتىلدى، كىچىك نەشپۈتنىڭ تومپايغان قورسىقىدىن نەچچە قېتىم تۆشۈك ئېچىلغان بىلەنمۇ، يېمەكلىكنى يېڭى پېتىچە ساقلىغىلى بولاتتى، قۇرغاق ھاۋانىڭ ئۆي ئىچىگە كىرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سىسفۇس ھاشارىتىمۇ يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تومۇز كىرسە ئۆزىنىڭ تېنى كۆمۈلگەن كىچىك نەشپۈتنىڭ قانداق ئاپەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى بۇرۇنلا باشلانغان. ئاپرېل ۋە ماي ئايلىرىدىلا، يەنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئەمگەك قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئىيۇلنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئېيىدا، يەنى قورقۇنچلۇق تومۇز يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مال تېزەكلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. تېزەكلەر ئۇلارنىڭ تومۇز مەزگىلىدىكى ئاشخانىسى ۋە قونالغۇسى بولۇپ قالىدۇ. تومۇز پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كۆزنىڭ قانغۇچە ھۇزۇرلىنىدىغان قىسقا مۇددەتلىك كۈنلىرى يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەھرىتان قىشنىڭ ئۆكۈرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان كۈنلىرى يېتىپ كېلىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن باھار يېتىپ كېلىپ، جانلىقلار ئويغىنىدۇ. ئاخىرىدا ئايلانما زەنجىرنىڭ بېشىغا ئۇلىنىدىغان مۇھىم ھالقا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەۋجگە چىقىدىغان گەندە كۆمىلىچىنى دومىلىتىش پائالىيىتى يەنە باشلىنىدۇ.

سىسفۇس ھاشارىتى ھەققىدە دەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر كۆزىتىش نەتىجىسى بار. قەپىسىمدىكى ئالتە جۈپ ئەر - خوتۇن مېنى جەمئىي ئەللىك يەتتە دانە قونالغۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدىغان تېزەك بىلەن تەمىنلىدى.

مۇشۇ نوپۇس ئىستاتىستىكىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەربىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز بالا تۇغۇپ بەردى، بۇ كۆرسەتكۈچنى سىكاراب قوڭغۇزى ھەرگىز ئورۇنلىيالمايدۇ. تۇغۇلۇش نىسبىتى نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە زور كۆلەمدە ئېشىپ بارىدۇ؟ مېنىڭچە، ھېچبولمىغاندا مۇنداق بىر سەۋەب بار: ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئوخشاش ئەمگەك قىلىشى. يالغۇز بىر ئادەم چىداپ بولالمايدىغان ئائىلە ئىشلىرىنى ئىككى ئادەم بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئالسا، ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پامپاس يايلىقىدىكى گەندىخورلار

دۇنيا كېزىپ، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي قۇتۇپتىن بىۋاسىتە شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ، ھەر خىل كىلىمات مۇھىتىغا ماسلىشىپ، شەكلى ـ ھالىتى خىلمۇخىل جانلىقلارنى ئىزدەپ تېپىش، مانا بۇ تاماشا قىلىشنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور بەختى. بۇ ھەم كىچىك ۋاقتىمدا مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئارزۇ. ئۇ يىللاردا مەن روبىنزونغا ئىشتىياق باغلاپ قالغانىدىم. باي ھەم مەزمۇنلۇق خىيالىي ساياھەت مەنزىرىسى ئازراق بىخەستەلىك قىلىنسىلا يوقاپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېلىدىغىنى يەنىلا كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق: ئاران دېگەندە بوسۇغىدىن ئاتلاپ يولغا چىققاندا، كۈنىمىز مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ھىندىستاننىڭ ئىسسىق بەلباغ ئورمىنى، بىرازىلىيەنىڭ ئىپتىدائىي ئورمىنى، يەنە چوڭ قۇمايلار ياخشى كۆرىدىغان ئاندېس تاغ تىزمىلىرىدىكى چوققىلار، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كۆز ئالدىمىزدا پەقەت تۆت تامنىڭ ئىچىدىكى پارچە تاشلار بىلەن دۆۋىلەنگەن كىۋادرات شەكلىدىكى تەقلىدىي مەنزىرىلا پەيدا بولدى.

تەگرى مېنىڭ ھەممىدىن نارازى بولۇپ يۈرۈشۈمنى خالىمىدى. بەرھەق، ئىدىيەمىزدە ھاسىلات پەيدا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىشىمىز بىھاجەت. ژان جاك ئۆزىنىڭ كانارىيە سېرىق قۇشقىچىنى باقىدىغان ئاناگاللىس دەرىخىنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىدىن

ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى توپلىغان؛ بېرناردىن دى سايىنت پېررى دېرىزىسىنىڭ يېنىدا تاسادىپىي ئۆسۈپ قالغان بىر تۈپ بۆلجۈرگەندىن بىر دۇنيانى بايقىغان؛ ئېكساۋىر دى ماستىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى مەپە ئورنىدا ئىشلىتىپ ھۇجرىسىنى ئايلىنىپ، ئۆزگىچە ساياھەت ئېلىپ بارغان①.

ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە دۇنياغا نەزەر سېلىش مېنىڭمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، بىراق مەپىدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تىكەنلىكتە مېڭىشى تەسكە توختايدۇ. مەن چىتلاق تام بىلەن قورشالغان زېمىندا سەپىرىمنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، بىر قېتىم يەنە بىر قېتىمدىن كېزىپ چىقىمەن. ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە توختاپ، يول بويى سەۋرچانلىق بىلەن ھاشاراتلاردىن مەسلىھەت سورايمەن. سەپىرىمنىڭ ئۇزىرىشىغا، كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇزۇكسىز ھالدا يېرىم - يارتا جاۋابلارغا ئېرىشىمەن.

مەن بۇ كىچىككىنە ھاشارات بازىرىنى بەش قولدەك بىلىپ بولغاندىم. نېپىز قاناتلىق تومۇزغا ماكانلىشىدىغان دەرەخلەرنى، ياز ئوتتۇرىسىدىكى جىمجىت كېچىلەردە ھالسىزلانغان ئىتالىيە قارا چېكەتكىسى چىرىلدايدىغان چاتقاللىقلارنى، يەنە مۇرىسىگە پاختىلىق خالتا ئارتىۋالغان ھۇنەرۋەنچىلىك زاۋۇتىنىڭ غوجايىنى سېرىق داغلىق ھەرىنىڭ ياۋا ئوت - چۆپلۈكىنى؛ كېسىمچى ئايال ئىشچى يوپۇرماق كەسكۈچى ھەرىنىڭ ئېچىپ پايدىلىنىدىغان قەلەمپۇرزارلىقىنى تولۇق بىلەتتىم.

باغنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى «يېقىن دېڭىز» دا چارلاش ئېلىپ بېرىپ، يېتەرلىك ئولجىغا ئېرىشەلمىگەندە، بىر

---

① يۇقىرىقى ئۈچ ئادەم فىرانسىيەلىك مەشھۇر شەخسلەر. بىرىنچىسى، 18 - ئەسىردىكى ئاقارتىش مۇتەپەككۇرى ژان جاك روسسو؛ ئىككىنچىسى، روسسو بىلەن ئالاقىسى قويۇق يازغۇچى، يېزا ھاياتى تەسۋىرلەنگەن شېئىر «پائۇل بىلەن ۋېرگىنىيە» نىڭ ئاپتورى؛ ئۈچىنچىسى، مەشھۇر يازغۇچى، «ھۇجرىدىكى ئالەم ساياھىتى» ناملىق كىتابى بار.

قېتىملىق يىراق ئوكيان سەپىرى ماڭا مول سوۋغات ھەدىيە قىلالىدى. مەن قوشنامنىڭ چىتلاق دېگىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىرنەچچە يۈز مېتىر ماڭساملا سىكاراب قوڭغۇزى، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز، گەندىخور، تۇلۇقچىقوڭغۇز، تاقتاق چېكەتكىنى يولۇقتۇرالايمەن. ئاخىرىدا مەن كۆپ مىللەتلىك قەبىلە ئاھالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتىم. ئۇلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار مەندە ھەقىقەتەن كۆپ، بولۇپمۇ يېقىن قوشنىلىرىمنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا توپلانغان ماتېرىياللار تېخىمۇ كۆپ.

دۇنيانى كېزىپ چىقسام، دىققىتىم نۇرغۇن ئوبيېكتلارغا چېچىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇنى كۆزىتىش دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ. ھايۋاناتشۇناسلار سىرتقا سەپەرگە چىققاندا، ئۆزىنىڭ قۇتىسىغا كۆپ خىل ئەۋرىشكىلەرنى يىغىۋالىسا، بۇ ھاشاراتلار تۈركۈمى لۇغىتىنى تۈزگۈچىلەر ۋە ئەۋرىشكە يىغىپ ساقلىغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق، ئەلۋەتتە. بىراق، تەپسىلىي ماتېرىيال توپلاش پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش. ئىلىم - پەن خىزمىتىدە «مەڭگۈ سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغان يەھۇدىيلار» بىر قەدەم توختاپ قېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. ئۇنداق ياكى بۇنداق ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا شۇ جايدا مەلۇم مەزگىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئۇلار ھەمىشە ئالدىراپ - تېنەپلا سەپەر قىلىدۇ. سىز بۇنداق ئالدىراشلىقتا ھېچ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ ئاڭلايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى، ئەۋرىشكىنى يۇمشاق تاختايغا قىستۇرامدۇ، تافىيا ھارىقى قاچىلانغان كەڭ ئېغىزلىق بوتۇلكىغا چىلامدۇ، زېھنىي ۋە جىسمانىي كۈچىنى سەرپ قىلىدىغان كۆزىتىش خىزمىتىنى ئۇلتۇراقلاشقان ئادەمگە بېرىۋېتەمدۇ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولسۇن.

بۇمۇ تورلەر لۇغىتىنى تۈزگۈچىلەر ئىشلەۋاتقان ھاشارات تارىخىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كەمتۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. توغرا، باشقا دۆلەتلەردىكى ھاشاراتلارنىڭ تورىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تورمۇش ئادىتىنىڭ سىرىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدۇ. ئەمما، بىز كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋال بىلەن باشقا جايلاردىكى ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ باقساق ئورۇنسىز بولماس. ئەڭ ياخشىسى كەسپىي خىزمەتچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، كىلىماتتا ئۆزگىرىش پەيدا بولغان ئەھۋالدا ئاساسىي ھاشارات تورلىرىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ باقايلى.

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سەپەر قىلىشنىڭ تەسلىكى كۆڭلۈمدىن كېچىپ، ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك نائىلاجلىق ھېس قىلدىم. مۇبادا «مىڭ بىر كېچە» دىكى ئاشۇ گىلەمدىن بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالىغان بولسام، سىرلىق گىلەمدە ئولتۇرۇپ خالىغان جايغا بارالىغان بولاتتىم. پاھ! ئۇ راستلا ئەڭ ئېسىل قاتناش قورالى بولۇپ، ئېكساۋىر دى ماستىرنىڭ مەپسەندىن كۆپ ياخشى ئىدى! بېرىش - قايتىش بېلىتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئاشۇ سىرلىق گىلەمدە كىچىككىنە بىر بۇلۇڭدىن ئورۇن ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئارزۇيۇم دەرۋەقە ئەمەلگە ئاشتى. كۇتۇلمىگەن تەلەينىڭ كەلگىنىدىن خىرىستىيان دىنىي مەكتىپىدىكى بىر دوستۇمغا تەشەككۇر ئېيتىشىم كېرەك، ئۇنىڭ ئىسمى جۇلىيادىران بولۇپ، بۇئېنۇس ئايرېس شۆبە مەكتەپتە خىزمەت قىلاتتى. بۇ ئادەم كەمتەر بولۇپ، ياردىمىگە ئېرىشكەنلەر ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇسا، چوقۇم ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدۇ. قىسقىسى، ئۇ مېنىڭ ئارگېنتىنادا تۇرۇپ مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئۇ نىشاننى ئىزدەپ تېپىپ كۆزىتىپ، ئاندىن كۆزىتىش خاتىرىسى ۋە يېڭىدىن بايقىغان نەرسىنى ماڭا ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن كۆزىتەتتىم، ئاندىن

چىقىپ ئىزدەيتتىم، ئاخىرىدا خەت ـ ئالاقە قىلىش ئارقىلىق تەتقىقات ئوبيېكتىنى بىرلىكتە تاپاتتۇق.

بۇ باسقۇچىتىكى خىزمەت تاماملاندى. كېيىن بەختىمگە يارىشا بۇ مەشھۇر ھەمكارچىنىڭ ياردىمى بىلەن «ئۇچار گىلەم»گە چىقتىم. ھازىر مەن ئارگېنتىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پامپاس يايلىقىدا تاقەتسىزلىك بىلەن بىر تۈرلۈك خىزمەتنى قانات يايدۇرۇۋاتىمەن، يەنى فىرانسىيەنىڭ سېرىگىنى گەندىخورى بىلەن باشقا يېرىم شاردىكى رىقابەتچىنىڭ ماھارىتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىۋاتىمەن.

خىزمەتنىڭ باشلىنىشى كىشىنى روھلاندۇرىدۇ! ئۆزۈمنىڭ كۆتكىنىدەك، بىرىنچى بولۇپ مىلون گەندىخورى① بىلەن ئۇچراشتىم. بۇ ھاشاراتنىڭ تاشقى شەكلى پوزۇر بولۇپ، قارا تەنلىك ئىدى.

ئەركەك ھاشاراتنىڭ ئالدى كۆكرىكى تومپىيىپ چىققان، شەكلى تۇمشۇققا ئوخشايدۇ، بېشىدا كەڭ ۋە ياپىلاق قىسقا مۈڭگۈزى بار، مۈڭگۈزىنىڭ ئالدى تەرىپى ئۈچ چىشلىق ھالەتتە ئىدى. چىشى ھاشاراتنىڭ بېشىدا ئاددىي پورمە قاسراق بار ئىدى. مەيلى ئەركەك ھاشارات بولسۇن ياكى چىشى ھاشارات بولسۇن، بېشىنىڭ ئالدى گىرۋىكىدە ئۇچلۇق مۈڭگۈزى بار، بۇ ھەم كۈچلۈك كولاش قورالى ھەم ئوپېراتسىيە پىچىقى ئىدى. ئۇنىڭ دىقماق، قاۋۇل تۆت تەرەپلىك شەكلى فىرانسىيەنىڭ زەيتۇن دەرىخىدىكى ھاشاراتنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ مونپېللىرنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل ھاشارات ئىدى.

ئەگەر تاشقى كۆرۈنۈشى ئوخشىسا، ماھارىتىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، زەيتۇن دەرىخىدىكى ھاشارات قان ـ ئۇچەي شەكىللىك مەھسۇلات

---

① مىلون گەندىخورى — ئاپتور تەتقىقات ماتېرىيالىغا پوچتا ئارقىلىق ئېرىشىش ئۇسۇلىنى «ئۇچار گىلەم» گە ئوخشىتىپ دەپ ئاتىغان.

ئىشلەپچىقىرالىسا، مىلون گەندىخورىمۇ شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرالىشى كېرەك ئىدى. ئاھ! ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. توغما قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنداق مەسىلىدە تەن قۇرۇلۇشى ئىشەنچسىز ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل چاسا دۇمبە، قىسقا پۇتلۇق گەندىخور قاپاق شەكىللىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىگە پىششىق. سىكاراب قوڭغۇزى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەھسۇلاتنىڭ شەكلى مىلون گەندىخورىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قائىدىسىگە يەتمەيدۇ ھەم ھەجىمىمۇ ئۇنچىۋالا چوڭ بولمايدۇ.

بۇ ھاشارات دىقماق بولغىنى بىلەن، قولىدىن چىققان مەھسۇلات ئاجايىپ سىپتا. مەن ئۇنىڭغا تولىمۇ قايىل. ئۇنىڭ مەھسۇلاتى گېئومېتىرىيە پىرىنسىپىغا ماس كېلىدۇ، بوينى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە قاپاق شەكلى ھېچبولمىغاندا گۈزەللىك ۋە كۈچ - قۇدرەتنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى نامايان قىلغان. قارىماققا ئۇ خۇددى ئىندىيانلارنىڭ قاپاق ئىدىشىنى دوراپ ياسىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ بەك كامالەتكە يەتكەن. كىچىك قاپاقنىڭ ئېغىزى يېرىم ئېچىقلىق بولۇپ، قورسىقىغا نەپىس كاتەكچىسىمان نەقىش ئويۇلغان. بۇ نەقىش ئەمەلىيەتتە ھاشاراتنىڭ پۇتىنىڭ ئىزى ئىدى. مىلون گەندىخورىنىڭ بۇ مەھسۇلاتنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى نېپىز بامبۇك قاپ بىلەن ئورالغان چەينەككە ئوخشىتىدۇ.

ھۈنەرۋەننىڭ قوپال گەۋدىسىگە قاراپ، سىز بۇ ماھارەتنىڭ نەقەدەر نەپىس ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. توغرا، پاكىت يەنە بىر قائىدىنى ئىسپاتلاپ بەردى: قورال ھەرگىزمۇ ھۈنەرۋەننى يېتىشتۈرۈپ چىقالمايدۇ. گەندىخور ھاشاراتلار ۋە ئىنسانلارمۇ شۇنداق. قېلىپچىنىڭ ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغىنى يۈرۈشلەشكەن قورالدىن ئەۋزەل بولغان نەرسە، يەنى بىز «قابىلىيەت» دەپ ئاتايدىغان نەرسىدۇر. مانا بۇ

ھاشاراتنىڭ تۇغما قابىلىيىتى. مىلون گەندىخورى قىيىنچىلىقنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا ئۇ بىزنىڭ ھاشاراتلارنى تۇرگە ئايرىش ئۇسۇلىمىزنى زاڭلىق قىلىدۇ. بۇ گەندىخورنى تېزەك تۇرىدىكىلەرنىڭ ئەسەبىي دوستى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەم ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ ھەم كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. مىلون گەندىخورى ھايۋانات تاپىنىڭ قان ـ يىرىڭغا ئېھتىياجلىق. كىشىلەر دەل ئۇچار قاناتلار، ئىت ۋە مۈشۈكنىڭ تاپى ئاستىدا ئۇنى كۆرىدۇ. ئۇ دەپىنىخور دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرلۈك ھاشارات بىلەن بىللە يۈرىدۇ. ئالدىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ھىلىقى كىچىك قاپاق يەر يۈزىدە توغرىسىغا يېتىپ، مۈشۈكياپىلاقنىڭ ئىسكىلىتى ئاستىغا مۆكۈۋالىدۇ.

بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن ئادەم مىلون گەندىخورنىڭ ئالاھىدىلىكى تاپخورلارنىڭ ئىشتىھاسى بىلەن ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ قابىلىيىتىنىڭ بىرلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق، مەن بۇ خىل قاراشقا قوشۇلمايمەن. شۇنى بىلىش كېرەككى، بەزى ھاشاراتلارنىڭ ئۆزۈقلىنىش خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا سۈبيېكتىپ پەرەز قىلىشقا ئامال بولمىسا كېرەك.

ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا پەقەت بىرلا خىل گەندىخور بار، ئۇلارمۇ دەل تاپىنىڭ قالدۇق ئىسكىلىتىنى ئېچىپ پايدىلانغۇچىلاردۇر. ئۇ بىر خىل ئېللىپىسسىمان گەندىخور بولۇپ، دائىم ئۆلۈك قارىغۇ چاشقان ۋە ئۆلۈك ئۆي توشقىنىنى بار يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. بىراق، پاكار دەپىنىخورلار ھەرگىزمۇ چىرىگەن گۆش بىلەن بولۇپ كېتىپ، تېزەك تۇرىدىكى يېمەكلىكلەردىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇلارمۇ باشقا بەزى گەندىخور ھاشاراتلارغا ئوخشاش، تېزەك تۇرىدىكى يېمەكلىكلەردە چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزەلەيدۇ. بۇنىڭدا ئىككى خىل تاماق تەييارلىنىدۇ: يېتىلگەن ھاشاراتلار تېزەك ماتېرىيالىدىن تەييارلانغان يۇمىلاق تورتنى يەيدۇ،

لىچىنكىلىرى ئالىي دەرىجىلىك چىرىگەن گۆش ۋە شېكەرلەنگەن مېۋە يەيدۇ.

باشقا تۇردىكى ھاشاراتلارنىڭ يېمەكلىك خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما قائىدىسى ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئوۋ تۇتۇپ يەيدىغان پەردە قاناتلىق ھاشاراتلار گۈل تاجىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئالغان ھەسەل شەربىتىدىن قانغۇچە ئىچىدۇ، بىراق باللىرىنى گۆش تۇرىدىكى يېمەكلىك بىلەن باقىدۇ. ئوخشاش بىر ئاشقازان لىچىنكا دەۋرىدە گۆش، يېتىلگەن دەۋردە شىرنىلىك تاماق يەيدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئەزاسى ھاياتىنىڭ ئوتتۇرا مۇساپىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىسا بولمايدىكەن! ئاخىرىدا ئىنسانلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، ياشىنىپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئەزاسى ياش ۋاقتىدىكىدەك چوڭ چايناپ، تېز يۇتۇۋېتىدىغان يېمەكلىكلەرگە قىزىقماس بولۇپ قالىدۇ.

بىز ئەمدى مىلون گەندىخورىنىڭ قول - ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆزىتىپ باقايلى. مەن كۆرگەن قاپاق قۇرۇپ كەتكەن، تاشتەك قاتتىق بولۇپ، تاشقى شەكلى سۇس جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەندى. لوپا ئەينەك بىلەن كۆزەتكەندە، مەيلى ئىچكى پوستىدا بولسۇن، مەيلى تاشقى پوستىدا بولسۇن، ياغاچ تەركىبى پەقەتلا يوق ئىدى. ئەگەر ياغاچ تەركىبى بار بولسا، چارۋا ئوتىنىڭ قالدۇق ماددىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىناتتى. شۇڭا، بۇ غەلىتە گەندىخور ھاشاراتلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنى كالىنىڭ تېزىكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماتېرىيال ئەمەس. ئۇلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقارغىنى روشەنكى باشقا ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلات بولۇپ، ئۇ خىل ماتېرىيالنى قاراپ پەرقلەندۇرۇش خېلى قىيىن.

قاپاقنى قۇلاقنىڭ تۈۋىگە تۇتۇپ لىڭشىتساق خۇددى مېغىزى بوشاپ قالغان ئۆچكىنى لىڭشىتقاندا چىقىدىغان ئاۋازغا ئوخشاش

بىر خىل يېڭىلىك ئاۋاز چىقىدۇ. ئىچىدە تۇگۇلۇۋالغان لىچىنكا بارمىدۇ؟ ياكى ئۆلۈك ھاشارات بارمىدۇ؟ مەن چوقۇم شۇنداق دەپ، قاراپتىكەنمەن، نەتىجىدە ئالدىنىپ قاپتىمەن. ئىچىدىكى ئۇ نەرسە مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك نەرسە ئەمەس ئىكەن.

مەن پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن قاپاقنى ئاۋايلاپ تىلىشقا باشلىدىم. پوستىنىڭ ئاستىدا تەكشى ئىچكى پوستى بار ئىكەن. قولۇمدىكى ئۇچ ئەۋرىشكىنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىچكى پوستىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىكەن. ئىچكى پوستىنىڭ ئىچىنى شارسىمان جىسىم ئوراپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئىچكى پوستىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق چاپلىشىش يوق ئىكەن. شارسىمان جىسىمنىڭ ئىچكى يادروسى بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان پوستىنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق كاۋاك بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاپاقنى لىڭشىتقان چاغدا چىققان ئاۋازنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم.

شارسىمان جىسىمنىڭ ئىچكى يادروسىنىڭ رەڭگى ۋە پۈتكۈل تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، ئۇ ۋە تاشقى پوستى ئوخشاش بىر ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى چېقىپ پوستىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قارىسام، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدە ئاز ـ تولا سېرىق رەڭلىك ئوۋاق، يەنە ئاز ـ تولا ئۇششاق تىۋىتلىق توزغاق، مويلۇق تېرە مەشۇت ۋە ئىنچىكە گۆش تىرىپلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ لاي يۇغۇرسا، خۇددى مېغىز شاكىلاتقا ئوخشاپ قالىدىكەن.

مەن لوپا ئەينەك تاقاپ بۇ تاپلارنىڭ ئوۋاقلىرىنى ئىلغۇۋېتىپ، ئاندىن لاي توپنى ئوچاققا سېلىپ قاقلىدىم. لاي توپ قارىداپ ئاندىن پارقىراپ تومپايدى، ئارقىدىنلا ھايۋانلارنى كۆيدۇرگەندە چىقىدىغان پۇراق دىماققا ئۇرۇلدى. بۇنىڭدىن پۈتكۈل ئىچكى يادرونىڭ قان ـ يىرىڭ بىلەن تولغان لاي توپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن لاي توپنى ئوراپ تۇرغان تاشقى

پوستىنى قاقلاپ باقايلى. تاشقى پوستىمۇ قارىدىدى، ئەمما بەك قارىداپ كەتمىدى، ئاز مىقداردا تۇتەك چىقتى، ئەمما پارقىراپ تومپايمىدى ھەمدە تاشقى پوستىدا يادروسىدىكىدەك تاپ ئۇۋاقلىرىنى قىلچە كۆرگىلى بولمايتتى. قاقلاپ بولغاندىن كېيىن، بىرنەچچە قاپاقتىكى قالدۇق ماددىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گېل رەڭ توپا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق.

مانا مۇشۇنداق ئاددىي ئانالىزلىق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، مىلون گەندىخورىنىڭ يېمەكلىك پىشۇرۇش تېخنىكىسىغا نىسبەتەن مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولدۇق. ئۇلار لىچىنكىلىرىغا تەييارلاپ بەرگەن مەززىلىك تاماق — گۆش - موگۇ قىيمىلىق قاتلىما ... ئۇلار بېشىدىكى ئىككى دانە ئوپېراتسىيە پىچىقى ۋە ئالدى پۇتىدىكى ھەرە بىلەن تاپتىن شىلىۋالغان يۇڭ، كۆمۈرچەك ئۇۋىقى ۋە تېرە گۆشلىرى قاتارلىقلاردىن قىيما تەييارلايدۇ. بۇ قىيمىنى ئەمدى ئوتقا تۇتقاندا چىرىگەن گۆش شىرنىسىگە چىلانغان يۇمشاق سېغىز توپىدەك يېلىمسىمان ئىدى، قاقلىغاندىن كېيىن كېسەككە ئوخشاش قاتتىق نەرسىگە ئايلاندى. گۆش - موگۇ قىيمىلىق قاتلىمىغا سېرىق ماي سۇركەپ قاقلىغاندىن كېيىن، سېغىز لايدىن ياسالغاندەك پوست ھاسىل بولىدى. شاكالنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى قاتتىق گۆشتىن ياسالغان ئىچكى يادرونىڭكىگە يەتمەيتتى.

پىچىنە ئۇستىسى پىچىنىگە نەپىس شەكىل چىقىرالايدۇ. ئۇ ئەتىرگۈل بېزىكى، يوگىمە گۈل بېزىكى ياكى تاۋۇز پوستىدىكى چىپارسىمان مېرىدىيان بەلگىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى بېزەيدۇ. مىلون گەندىخورىغا نىسبەتەن بۇ خىل تاماقنى ئېتىش ناتونۇش ئەمەس. ئۇ موگۇ - گۆش قىيمىلىق قاتلىمىسى سىلىنغان قۇتىنى گۈللۈك قاپاق قىلىپ ئۆزگەرتتى، سىرتقى يۈزىنى بارماق ئىزى بىلەن بېزەپ چىقتى.

سىرتقى پوستى پەقەت ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق قاتتىق پوست

بولۇپ، مەززىلىك گۆش شىرنىسى يۇقتۇرۇلمىغان، مەن ئۇنى لىچىنكىغا بېرىلمەسلىكى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدىم. لىچىنكا باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كىچىك ھاشاراتنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كېتىدۇ، تاماق تاللىمايدۇ، پىچىنە سىرتقى پوستىنىڭ ئىچكى قەۋىتىدىن بىرنەرسە قىرىپ يېيىشىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلانغۇچە، قاپاق ئۆز ھالىتىنى ياخشى ساقلىيالايدۇ. ئەڭ دەسلەپتە، ئۇ موگۇ - گۆش قىيمىلىق قاتلىمىسىنى ئۆز پېتىچە ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، كېيىنكى بارلىق جەرياندا ئۇ يەنە قاپاق ئىچىدىكى دەرۋىش ئۇچۇن قوغدىغۇچى بولىدۇ.

قاتلىمىنىڭ ئۈستى تەرىپى دەل قاپاقنىڭ بويۇن قىسمىغا جايلاشقان، ئۇ يەردە بىر ئېغىز يۇمىلاق ئايرىمخانا بار، ئۇنىڭدىكى سېغىز توپىلىق تام قاپاقنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە ئۇزارتىلغان. ئايرىمخانا بىلەن يېمەكلىك ساقلاش ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسى خېلى قېلىن سېغىز توپىلىق شال بىلەن توسۇقلۇق. يۇملاق ئايرىمخانا تۇخۇم بېسىش ئۆيى بولۇپ، تۇخۇمنى شۇ ئۆيدە تۇغىدۇ. مەن قايتا كېلىپ ئىزدىگەن چېغىمدا كىچىك ئايرىمخانىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇخۇم بارلىقىنى بايقىدىم، ئەمما قۇرۇپ كەتكەنىدى. لىچىنكا تۇخۇم بېسىش ئۆيىدە تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكنى ئېچىپ، ئاندىن ئۇزۇق - تۈلۈك كاللىكىگە كىرەلەيدۇ. لىچىنكا ئۇزۇق - تۈلۈك كاللىكىنىڭ ئۈستىدىكى ئايرىمخانىدا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ ھەم ئۇزۇق - تۈلۈك كاللىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان لىچىنكا مۇۋاپىق ۋاقىتتا يېمەكلىك كونسېرۋاسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىشى كېرەك. ئۇزاق ئۆتمەي لىچىنكا قىيما توپىغا ئۆمىلەپ چىقىدۇ، شۇ چاغدا توسۇق شالدىن لىچىنكا ئاران ئۆتەلىگۈدەك تۆشۈكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

توّت تەرىپى قىلىن ساپال بىلەن ئوراقلىق بولغاچقا، توخۇم بېسىشقا كېتىدىغان ئۇزاق جەرياندا مايلىق گۆشنىڭ سۈپىتى باشتىن - ئاخىر ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. توخۇم بېسىش جەريانىنىڭ تەپسىلاتىنى هازىرغىچە ئوچۇق بىلىپ بولالمىدىم. بىراق، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئوخشاشلا سىغىز توپىدىن سېلىنغان كىچىك ئايرىمخانىدا هاشارات توخۇمى تىنچ - ئامان ئارام ئالىدۇ. شۇنىڭغىچە بولغان بارلىق شارائىت ئالىي ئۆلچەم بويىچە يارىتىلىدۇ. مىلون گەندىخورىنىڭ ماهىرلىق بىلەن مۇداپىئە سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشىنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، پارغا ئايلىنىش بەك بۇرۇن پەيدا بولسا يېمەكلىك زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا هەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە، توخۇمدىن چىققان لىچىنكىنىڭ نەپەسلىنىش مەسىلىسىدۇر.

بۇ خىل هاشاراتنىڭ لىچىنكىنىڭ نەپەسلىنىشىنى هەل قىلىش لايىهەسى ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇكەممەل. ئۇ قاپاقنىڭ بويىدىكى مەركىزىي ئوقنى بويلاپ بىر تال بۇغداي دېنى ئاران پاتقۇدەك كىچىك تۆشۈك ئاچىدۇ. بۇ تۆشۈكنىڭ ئىچكى ئېغىزى توخۇم بېسىش ئۆيىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىن ئېچىلىدۇ. سىرتقى ئېغىزى قاپاقنىڭ ئارقا تەرەپ ئۇچىدىن ئېچىلىپ، يېرىم ئېچىلغان كانايسىمان هالەتتە بولىدۇ. مانا بۇ هاۋا ئۆتۈشىدىغان يول. هاۋا ئۆتۈشىدىغان يول ئىنتايىن تار، ئىچكە توسۇلغان بىلەن توسۇلمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا چاڭ - توزان دانچىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىمايدۇ. گۆدەك بولغىنى بىلەن قالتىس - دە ! مەن زوقلىنىپ كەتتىم. ئەجەبا زوقلىنىشىم خاتامۇ؟ بۇنداق ئىمارەت مەقسەتسىز ئېرىشكەن بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت. توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئالاهىدە سەگەكلىك ئىچىدىكى قارىغۇلارچە قىلمىشنىڭ تاسادىپىي مەهسۇلىدۇر.

بۇ ھاۋاقتى ھاشارات زادى قانداق قىلىپ بۇنداق مۇرەككەپ ۋە ئېسىل ئىمارەتنى سېلىپ چىقالىغاندۇ؟ مەن ۋاستىچىنىڭ كۆزى ئارقىلىق پامپاس يايلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. پەقەت مۇشۇ ئىمارەتنىڭ قۇرۇلمىسىلا بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلىشىمگە ئىلھام ئاتا قىلدى. بۇ قۇرۇلمىغا ئاساسەن ھۇنەرۋەننىڭ قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلىغا نىسبەتەن ئاساسىي جەھەتتىن خاتاسىز ئەقلىي خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. مەن بىناكارلىق خىزمىتىنىڭ تەرتىپىنى تۆۋەندىكىچە قىياس قىلدىم.

بىر ھايۋاننىڭ تاپى بايقالغاندا ئۇنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇق ئاللىبۇرۇن ئاستىدىكى سېغىز توپىنى نەمدەپ بولغان بولىدۇ. مىلون گەندىخورى ئۇ يەرگە بېرىپ نەم توپا يىغىدۇ، نەملەنگەن توپا قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك يىغالايدۇ، چېكى بولمايدۇ. تاپنىڭ ئاستىدىكى بۇ پىلاستىكىلىق بىناكارلىق ماتېريالى يېتەرلىك بولسا، قۇرۇلۇش قىلغاندا كۆپ سەرپ قىلغىلى بولىدۇ، نەتىجىدە قاپاق شەكىللىك يىمەكلىك قۇتىسى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن كىچىك قاپاقلار پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەجمى تۇخۇمدىنمۇ چوڭ بولۇپ، تاشقى پوستىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. بىراق، قېلىپچىنىڭ كۈچ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، بۇ تۈردىكى شارسىمان يىمەكلىكنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىشى سەل قوپالراق بولىدۇ. ئەگەر پىلاستىكىلىق قۇرۇلۇش ماتېريالى قىس بولسا، قېلىپچى يىغقان ماتېريالنى ئەڭ ئېھتىياجلىق ئورۇنغا ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن ئەركىن بولۇپ، ياساپ چىققان قاپاقمۇ تەڭداشسىز نەپىس بولىدۇ.

مىلون گەندىخورى ئالدى بىلەن نەم سېغىز توپىنى كومىلاچ ھالەتتە يۇغۇرۇشى، ئاندىن ئالدى پۇتى بىلەن پىشۇرۇپ،

بىشىدىكى ئۇچلۇق مۇڭگۈزى بىلەن ئويۇپ، لاي كۇمىلاچتىن چوڭ ئىغىزلىق هاراق رومكىسى ياساپ چىقىشى مۇمكىن. تۇلۇقچىقوڭغۇز بىلەن ياپونىيە مايقوڭغۇزى شۇنداق قىلىدۇ، ئۇلار يۇمىلاق كۇمىلاچنىڭ ئۇستى قىسمىدىن بىر ئورەك ياساپ، تۇخۇمنى شۇنىڭ ئىچىگە تۇغىدۇ، ئاندىن تۇخۇمىسىمان ئۇۋىسى ۋە نەشپۇتسىمان ئۇۋىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە كىرىشىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتتە مىلون گەندىخورى پەقەت ئاددىي بىر ساپالچى، خالاس. پەقەت پىلاستىنكىلىق خۇسۇسىيىتى هازىرلانسىلا، سىغىز توپىدىنمۇ بىزار بولمايدۇ، تاپىنىڭ سۇيۇقلۇقى نەمدىگەن سىغىز توپىنىڭ ئەسلىدىلا ئوزۇقلۇق قىممىتى بولمايدۇ.

هازىر ئۇ يەنە گۆش يىمەكلىكلىرى ئۇستىسى بولدى. ئۇ هەرە چىشلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، هەم كىسىپ، هەم هەرىدەپ، هايۋاننىڭ چىرىگەن تاپىدىن ئازراق نەرسىگە ئېرىشتى، ئاندىن لىچىنكىلارغا مەززىلىك تاماق ئېتىپ بېرىشكە ئەڭ ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى سۆرەپ كېلىپ ئۇۋاتتى. ئۇ بىر قۇر ئىلغاش ئارقىلىق، قان ـ يىرىڭى ئەڭ كۆپ بولغان يېرىنى يىغىپ كېلىپ لاي ئېتىپ، چىرىگەن تاپىنىڭ ئۇۋىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەلگەن داشقايناقتىن ئوزۇق ـ تۇلۇك كۇمىلچى ياسىدى، بۇ باشقا بەزى گەندىخور هاشاراتلارنىڭ ئوزۇق ـ تۇلۇك كۇمىلچىغا ئوخشاپ كېتىشى هاجەتسىز. ئوزۇق ـ تۇلۇك كۇمىلچىنىڭ مىقدارى لىچىنكىنىڭ ئېهتىياجىغا قاراپ هېسابلىنىدۇ، شۇڭا شارسىمان جىسىمنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى هەمىشە ئوخشاش بولۇپ، كىچىك قاپاقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقتا ياسىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

شۇنداق قىلىپ قىيما كاللىكى ياسىلىپ بولدى. مىلون گەندىخورى ئۇنى سىغىز توپىدىن ياسالغان چوڭ ئىغىزلىق رومكىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. قىيما كاللىكى

ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەريانىدا سىقىلىپ كەتمەيدۇ، تاشقى پوستىغا چاپلىشىپمۇ قالمايدۇ. شۇڭا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشتىن - ئاخىر جانلىق ھەرىكەتلىنىپ تۇرالايدۇ. بۇ چاغدا ساپالچىلىق خىزمىتى قايتىدىن باشلاندى.

بۇ ھاشارات كەڭ ھەم قېلىن سېغىز توپا رومكىسىنىڭ گىرۋىكىنى ئىتتىرىپ ۋە چىڭداپ، ئۇنى پەيدىنپەي قىيما كاللىكىنىڭ ئۇستىگە كېڭەيتىپ، ئاخىرىدا قىيما كاللىكىنى ئورايدۇ. قىيما كاللىكىنىڭ ئۇستۇنكى قىسمىدىكى سېغىز توپا تام سەل نېپىز، باشقا جايلىرىدىكى سېغىز توپا قاتلىمى ئىنتايىن قېلىن. لىچىنكا كەلگۈسىدە ئۇستۇنكى قىسمىدىكى تامنى تېشىپ ئاندىن ئۇزۇق - تۈلۈك ساقلاش ئۆيىگە يېتىپ بارالايدۇ. بۇ ھاشارات ئۇ چاغدىكى لىچىنكىنىڭ تېخى ئاجىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئۇستۇنكى قىسمىدىكى نېپىز تامغا مۇستەھكەم بىر ئايلانما شەكىللىك سېغىز توپا چەمبىرىكى ياساپ چىقىدۇ، ئاندىن سېغىز توپا چەمبىرىكىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، كاۋاك يېرىم شار ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ تۇخۇمنى كاۋاك يېرىم شار ئىچىگە تۇغىدۇ.

ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتى كەلدى. بۇ ھاشارات كىچىك يېرىم شارنىڭ چېتىنى بېسىپ چىڭداپ، ئېغىزىنى ئىچ تەرەپكە يىغىپ، ئاندىن ئۇستىنى بېكىتتى، تۇخۇم بېسىش ئۆيى شۇنىڭ بىلەن پۈتتى. كىچىك قاپاقنىڭ كەينى تەرىپىنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندە، چوقۇم قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنى پىرىسلىغاچ، ئوق مەركىزىنىڭ ئۇستىدىن مىكرو ئېغىزلىق ھاۋا ئۆتۈشۈش يولى قالدۇرۇش لازىم.

قىسىش كۈچىنى ھېسابلاشتا خاتالىق سادىر بولۇپ قالسا، تار ئۆتۈشمە يولدا توسۇلۇش پەيدا بولىدۇ. ئۆتۈشمە يولنى ياساش ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت. ئىنسانلار ئەڭ پىششىق بىلىدىغان

ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭمۇ بىر تال يىڭنىگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ، بولمىسا بۇ مەشغۇلاتنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئاندىن يىڭنىنى تارتىۋالسا بولىدۇ. بىراق، بۇ ھاشارات قىلچە غەرەزسىز ھالدا قاپاقنىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز جايدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يوشۇرۇن قانالنى ياساپ چىقالايدۇ. ئەگەر مەقسەتلىك قىلدى دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقى مۇمكىن.

كىچىك قاپاق ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بېزەش باشلىنىدۇ. بۇ بىر تۈرلۈك سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. بېزەش ئارقىلىق قاپاقنىڭ ئەگرى سىزىقلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ، يۇمشاق سېغىز توپىنىڭ سىرتقى يۈزىگە بارماق ئىزىنىڭ رەسىمى چېكىلىدۇ. بۇ بارماق ئىزىنىڭ رەسىمى تارىختىن بۇرۇنقى ساپالچىلارنىڭ ساپال قويغاندا بارماق ئىزىنىڭ ھەممە جايغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا بەك ئوخشايدۇ.

ياساش جەريانى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. مىلون گەندىخورى ئەمدى باشقا بىر تاپنىڭ ئاستىغا بېرىپ خىزمەتنى قايتىدىن باشلايدۇ، بىلىش كېرەككى، ھەربىر جايدىكى ئۇۋۇغا پەقەت بىرلا كىچىك قاپاق سەپلىنىدۇ، بىرسىمۇ ئارتۇق ياسالمايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ كىچىك نەشپۈت ياسىشى بىلەن ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېشىل تاقتاق چېكەتكە

ئېيۇل، كالېندار بويىچە ھېسابلىغاندا تومۇز ئەمدى باشلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، تومۇز كالېندارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغانىدى. بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان پىژغىرىم ئىسسىق ئادەمنى قىينايتتى.

بۈگۈن كەچ بازاردا دۆلەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. كەپسىز بالىلار خۇشاللىق قاينىمىغا چۆمۈپ سەكرىشىپ ئويناقتا، چىركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇناردىكى سائەتنىڭ ئىشكالا تاختىسىدىن خىرە شولا يېنىپ تۇراتتى. دۇمباق ئاۋازى ھەربىر يالقۇنغا تەنتەنىلىك كەيپىيات قوشماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈم يالغۇز قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، كەچ سائەت توققۇزدىكى سالقىن مۇھىتتا تۇرۇپ، ئېتىزلاردىكى بايراملىق خورنى زەن قويۇپ ئاڭلىماقتا ئىدىم، بۇ مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش خورى ئىدى. بۇ يەردىكى كەيپىيات كەنت بازىرىنىڭ مەيدانىدا پوروخ، مەشئەل، قەغەز پانۇس، ھەتتا كۆچلۈك ئاق ھاراق بىلەن ئۆتكۈزۈلىۋاتقان بايرام كەيپىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا جۇشقۇن ئىدى. ئۇ گۈزەللىككە خاس ئاددىي ـ ساددىلىقنى، قۇدرەتلىككە خاس تىنچلىقنى يورۇتۇپ بەرمەكتە ئىدى.

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، تومۇزغىنىڭ چىرىلدىشى توختىدى. ئۇلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پۈتۈن بىر كۈنلۈك سىمفونىيەگە سەرپ قىلدى. قاراڭغۇ چۈشەي دېدى، ئۇلار ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئارام ئالغاندا پات ـ پات ئۈركىتىۋېتىلەتتى. توساتتىن چىنار دەرىخىنىڭ باراقسان

تاجىدىن ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ تومۇزغىنىنىڭ پىغانى ئىدى. ئۇ ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ، دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقاندا يېشىل تاقتاق چېكەتكە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغانىدى. كېچىدىكى شىددەتلىك ھۇجۇمدا ئوۋچى تومۇزغىنىنىڭ تۆپىسىگە سەكرەپ چۈشۈپ، بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، قورسىقىنى يېرىپ، ئىچىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن شادلىققا چۆمدى، ئارقىدىنلا قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.

ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا يېشىل تاقتاق چېكەتكىنى ئالدىراپ كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆتكەن يىلى مەن بۇ خىل چېكەتكە ئائىلىسىدىكى ھاشاراتنى تەتقىق قىلىشنى پىلانلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى تاپالماي، ئامالسىز بىر ئورمان مۇھاپىزەتچىسىدىن ياردەم سورىدىم. مەن ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئاخىر لاگالد ئېگىزلىكىدىن ئىككى جۈپ تۇتۇۋالدىم. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، بۈك دەرىخى ھازىر ۋاندۇ چوققىسىغا يامىشىشقا باشلىغانىدى.

بەخت ـ تەلەي ئاۋۋال بىرمۇنچە چاقچاقلىرى بىلەن ئادەمنى كولدۇرلىتىدۇ، تەۋرەنمەس ئادەملەر ئۇنىڭدىن ھوزۇر تاپىدۇ. ئۆتكەن يىلى تاپالمىغان ھاشاراتنى بۇ يىل يازدا ھەممە جايدا كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. ھويلامدىن چىقماي تۇرۇپلا ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ، تاقتاق چېكەتكە تاپالىدىم. كەچ كىرىشى بىلەنلا، بۈك ـ باراقسان ۋە ياپيېشىل دەرەخزارلىقتىن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بۇ يىلقى ئالاھىدە ياخشى شارائىتتىن چوقۇم پايدىلىنىشىم لازىم، بولمىسا پۇرسەتكە قايتا ئېرىشكىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

ئىيۇندىن باشلاپ خېلى كۆپ تاقتاق چېكەتكىنى مىتال توردىن ياسالغان قوڭغۇراقسىمان قەپەسنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردۇم. قەپەسنى قۇمساق توپا قاچىلانغان ئىدىشقا مۇقىملاشتۇردۇم. ئاھ، تەڭرىم، بۇ ھاشاراتلار نېمىدېگەن گۈزەل!

ئۇستىباشلىرى پارقىراق ھەم سۇزۇك، سۇس يېشىل رەڭ، بېلىگە ئىككى تال كۇمۇش رەڭ لېنتا باغلانغان. ئۇلارنىڭ بەدەن شەكلى ئۆلچەملىك، بويى زىلۋا، تورسىمان چوڭ قانىتى بار، چېكەتكە ئائىلىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. مەن مۇشۇنداق جانىۋارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىمدىن بەكمۇ خۇشال. ئۇلار ماڭا نېمىنى ئۆگىتەر؟ بۇنىڭدىن كېيىن بىلىمەن. ھازىرقى ۋەزىپەم ئۇلارنى بېقىش.

مەن بۇ مەھبۇسلارنى چاكا مۇخ يوپۇرمىقى بىلەن باقتىم. ئۇلار دەرۋەقە يېدى، بىراق خۇددى ئېغىز ۋە چىشىنى ئۇپرىتىشنى خالىمىغاندەك ئىنتايىن ئاز يەيتتى. سەۋەبىنى تېزلا ئېنىقلاپ چىقتىم: مېنىڭ تۇتۇپ كەلگەنلىرىم ۋەجىتىريان (گۆش يېمەسلىكنى تەرغىب قىلىش ئېقىمىدىكىلەر) بولۇشنى ئانچە خالىمايدىغان جانىۋارلار ئىكەن. ئۇلار مەلۇم خىل ئوۋغا ئېھتىياجلىق ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇ زادى قانداق نەرسىدۇ؟ تاسادىپىي بىر قېتىملىق پۇرسەتتە، مەن ئۇلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

تاڭ سەھەر ۋاقتى، ئىشىك ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم، يېنىمدىكى چىنار دەرىخىدىن توساتتىن بىر نەرسە پەسكە چۈشتى ھەم چىرىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بېرىپ قارىسام، تاقتاق چېكەتكە تومۇزغىنىڭ قورسىقىنى كولاۋاتقانىكەن، ئۇ تومۇزغا ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. تاقتاق چېكەتكە تومۇزغىنىڭ تېپچەكلەپ جان تالىشىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرەك - قورساق قىسمىغا تىقىپ، ئىچ - باغرىنى ئۇزۇپ ئېلىۋاتاتتى.

مەن چۈشەندىم: ھۇجۇم تاڭ سەھەردىلا دەرەختە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا تومۇزغا ئۇيقۇدا ئىدى. تىرىكلا ئوپېراتسىيە قىلىنغان بەختسىزلىككە يولۇققۇچى توساتتىن سەكرىدى، شۇنىڭ بىلەن تۇتقۇچى بىلەن تۇتۇلغۇچى ئۆز ئارا پومىلاقلىشىپ، دەرەختىن يىقىلىپ چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق

كۆرۈنۈشنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم.

مەن ھەتتا پۇتۇن ۋۇجۇدى جاسارەتكە تولغان تاقتاق چېكەتكىنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي، ئۇچۇپ كېتىپ بارغان تومۇزغىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇ مەنزىرە خۇددى سارنىڭ بوز تورغاينى قوغلاۋاتقانلىقىغا ئوخشايتتى. بۇلاشقا ئادەتلەنگەن قۇشلار بۇنداق ئىشتا ھاشاراتلارغا يېتەلمەيدۇ. بۇركۈت ئۆزىدىن ئاجىز ئوبيېكتقا ئىسيان كۆتۈرىدۇ، ئەكسىچە بۇ چېكەتكە ئۆزىدىن كۆپ چوڭ، كۈچلۈك نەرسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ھاشاراتنىڭ جۈغى كۆپ پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ئاخىرغىچە ئېلىشىدۇ، جۈغى كىچىكى تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىدۇ. تاقتاق چېكەتكىنىڭ ئېغىكىدە ئۆتكۈر بىگىز ئامبۇر بار بولۇپ، تۇتقۇن قىلىنغۇچىنى قامالليالمايدىغان ۋاقتى ئاز ئۇچرايدۇ. تۇتقۇن قىلىنغۇچىنىڭ قورالى بولمىغاچقا، ئامالسىز چىرقىراپ جان تالىشىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى ئۇۋنى تىزگىنلەپ تۇرۇش. كېچىدە ئۇۋ ئۇخلاۋاتقاندا تېگىش قىلسا، ئىشى ئاسانغا توختايدۇ. ئومۇمەن بۇ چېكەتكە ئائىلىسىدىكى بۇ رەھىمسىز ھاشاراتقا كېچىدە ئۇچراپ قالغان تومۇزغا بىچارىلەرچە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ھازىر مەن شۇنى چۈشەندىمكى، جاڭ بەك ئۇزاق چېلىندى[1]، يېرىم كېچىدە غەيرىي ئاۋاز بولماسلىقى كېرەك ئىدى، نېمىشقا يەنە دەرەخ تاجىدىن پات - پات زار يىغلىغان ئاۋاز كېلىدۇ؟ چۈنكى، سۇس يېشىل كېيىنگەن قاراقچى ئېتىلىپ بېرىپ، ئەمدى كۆزى يۇمۇلغان تومۇزغىنى چىشلىگەندى. مەن بۇ مېھمانلارنىڭ تاماق تىزىملىكىگە تومۇزغىنى كىرگۈزدۈم. دەرۋەقە ئۇلار بۇ تاماقنىڭ بەك لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئىككى - ئۈچ ھەپتىدىلا بوش مەيدان تاپ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. مەيدان

---

① جاڭ ـــ ئاپتور ئەركەك تومۇزغىنىڭ قورساق ئاستىدىكى ئاۋاز چىقارغۇچىنىڭ يېرىم چەمبەر شەكىللىك بىر جۈپ پوستىنى «بىر جۈپ جاڭ» دەپ ئاتىغان.

تومۇزغىنىڭ مېغىسى، قورۇق كۆكرەك سۆڭىكى، تېنىدىن ئاجرىغان قانىتى ۋە پوت ـ قوللىرى بىلەن توشۇپ كەتكەندى، پەقەت ئىچ ـ باغرىلا كۆرۈنمەيتتى. ئىچ ـ باغرى، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولمىسىمۇ، تەمى ياخشى بولسا كېرەك.

توغرا، تومۇزغىنىڭ پوكىنىدا شېكەر قىيامى بار، ئۇنى ئۆزىنىڭ ياغاچ بۇرغىسىغا تايىنىپ يۇمران دەرەخ پوستىدىن يىغىۋالغان. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇۋىنىڭ قورساق قىسمى ئۇۋچىلارنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. شۇڭا، ئۇ باشقا قىسىملىرىدىن ۋاز كەچكەنمىدۇ؟ چوقۇم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

يېمەكلىكنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، مەن قارىسىغىلا ئۇلارنى نەشپۈت، ئۈزۈم ۋە قوغۇن شاپىقى قاتارلىق تاتلىق يېمەكلىكلەر بىلەن باقتىم. نەتىجىدە، تاقتاق چېكەتكىلەر بىردەك «ماختاشتى.» يېشىل تاقتاق چېكەتكە خۇددى ئەنگلىيەلىكلەرگە ئوخشاش مېۋە مۇراببىاسى قوشۇلغان قېلىن توغرالغان كالا گۆشىگە ئىنتايىن ئامراق ئىدى. بۇ بەلكىم تاقتاق چېكەتكىنىڭ تومۇزغىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن قورسىقىنى يېرىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ جايدىن تەملىك گۆش بىلەن تاتلىق يېمەكلىك ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان يېمەكلىككە ئېرىشەلەيدۇ.

بۇ خىل لەززەتلىك تومۇزغا گۆشى ھەرقانداق جايدىكى تاقتاق چېكەتكىنىڭ يېمەكلىكى بولالىشى ناتايىن. شىمالدا يېشىل ئۇچار چېكەتكە ئىنتايىن كۆپ، بىراق بۇ ھاشارات بۇ يەردىكى تومۇزغىنى يېيىش لەززىتىدىن ھېس قىلمايدۇ، ھەم شىمالدىمۇ بۇنداق تومۇزغىنى تاپالمايدۇ. ئۇ جايدىكى تومۇزغىلارنىڭ باشقا يېمەكلىك مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن.

تەسەۋۋۇرۇمنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن، مەن تومۇزغىنى

ئىنچىكە يۇڭلۇق قوۋۇز مۈڭگۈزلىك مايقوڭغۇزى بىلەن باقتىم. بۇ خىل قالقان قاناتلىق ھاشاراتلارنى قەپەسكە سېلىپ بەرسەم، ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا قوبۇل قىلدى ھەمدە قالقان قانىتى، مېڭە پوستى ۋە پۇت - قولىدىن باشقا ھەممە يېرىنى يەۋەتتى. ئاندىن چىرايلىق ھەم سېمىز قارىغاي قوۋۇز مۈڭگۈزلۈك مايقوڭغۇزنى سېلىپ بەرسەم ئوخشاشلا قارشى ئېلىندى. ئەتىسى قارىسام، بۇ قىممەتلىك ئوۋنى قۇشخانامدىكى ئەسكەرلەر بوغۇزلىۋېتىپتۇ.

بۇ ئەمەلىي مىساللار نۇرغۇن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تاقتاق چېكەتكە ھاشاراتقا خۇمار ئىستېمالچى، بولۇپمۇ تاشقى پوستى ئانچە قاتتىق بولمىغان ھاشاراتلارنى يېيىشكە ئامراق. گەرچە ئۇ گۆشلۈك تاماققا ئامراق بولسىمۇ، ئەمما تومۇزغىدەك ئوۋلاپ يېمەيدۇ، تومۇزغا ئۆزى ئوۋلىمىغان ئوۋنى يېمەيدۇ. مەخسۇس تومۇزغا بوغۇزلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاللات يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك يېمەكلىكنى ئۆسۈملۈك ئارقىلىق تەڭشەيدۇ. گۆش ۋە قاندىن باشقا يەنە مېۋىلەرنى ئارىلاشتۇرىدۇ. ھەتتا بەزىدە ياخشى نەرسىلەرنى پەقەت تاپالمىغاندا ئوت - چۆپنىمۇ ئارىلاشتۇرىدۇ.

شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاش تۈردىكىلەر بىر - بىرىنى يەۋېتىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت. دەرۋەقە، ياچېۋەكلەردە تەكرار يۈز بېرىدىغان ياۋۇز قىلىقنى ئۇچار چېكەتكە قەپەستە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئۇ يەردە رەقىبىگە نەشتەر سانجىيدىغان ياكى ئۇنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلمەيدۇ. بىراق، ئەگەر قەپەستىكى قايسىبىر ئاجىزە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلسا، ھايات قالغۇچىلار خۇددى ئادەتتىكى ئوۋغا مۇئامىلە قىلغاندەكلا، تاپنى جايىغا دەپنە قىلىدۇ. يېمەكلىك قەھەتچىلىكى بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار چوقۇم ئۆلۈپ قالغان ھەمراھى بىلەن قورسىقىنى تويدۇرىدۇ.

دىمىسىمۇ شەمشەرلىك ھاشاراتلار① ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاقساق - چولاق بولۇپ قالغان ھەمراھىنى يەۋېتىشكە خۇمار بولۇپ قالغان.

بۇ تېمىنى مۇشۇنچىلىك سۆزلەي ھازىر يەنىلا تاقتاق چېكەتكەمگە قاراپ باقايچۇ. ئۇلار قوڭغۇراقسىمان قەپەسنىڭ ئىچىدە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئىنتايىن ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلار ئەزەلدىن ياۋۇزلارچە جېدەللەشمەيدۇ، پەقەت يېمەكلىك مەسىلىسىدە ئازدۇر - كۆپتۇر ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. بايا مەن بىر نەشپۈت تاشلاپ بېرىۋىدىم، بىر تاقتاق چېكەتكە شۇ ھامان ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ نەشپۈتنى باشقىلارنىڭ بۇلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ لەززەتلىك يېمەكلىكنى يېيىش ئۈچۈن كەلگەن ھەرقانداق ھەمراھىنى تېپىپ ھەيدىۋېتىدۇ. شەخسىيەتچىلىك ھەرقانداق جايدا بار. ئۇ قورسىقى تويغاندىن كېيىن، ئورنىنى يەنە بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، يەنە بىرسىمۇ باشقىسىنى سىغدۇرمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، قەپەستىكى بارلىق ھاشاراتلار مۇشۇ يەرگە بىر - بىرلەپ كېلىپ قورسىقىنى تويدۇرىدۇ. قورسىقى تويغاندىن كېيىن، ئۇچلۇق بۇرۇتى بىلەن پۇتلىرىنىڭ ئالىقانلىرىنى قاشلاپ، سۇغا چىلىغان نەم پۇتلىرى بىلەن پېشانە ۋە كۆزلىرىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىدۇ، ئارقىدىنلا پۇتىنى يىرىك كاناپنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قۇمساڭ تولا يېتىپ، چوڭقۇر خىيال سۈرگەن قىياپەتتە خاتىرجەم ۋە مەمنۇن ھالەتتە تاماق سىڭدۈرىدۇ. كۈندۈزنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا بولۇپمۇ تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتكەن ئاشۇ پەيتتە ئارام ئالىدۇ.

كۈن پاتقاندا، تاقتاق چېكەتكىلەرنىڭ كەيپىياتى ئۇرغۇپ تاشىدۇ. كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا كەيپىياتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. كۆپچىلىك ھاياجانلىق ئىلكىدە قەپەسنىڭ

① شەمشەرلىك ھاشاراتلار — چېشى جىنسىنىڭ قورساق ئۇچىدا ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن شەمشەر شەكىللىك تۇخۇمدىنى بار بولغان ھاشاراتلارنى كۆرسىتىدۇ.

تورۇسغا يامىشىپ چىقىدۇ، ئاندىن يەنە ئالدىراپ ـ تېنەپ يامىشىپ چۈشىدۇ، ئارقىدىنلا يەنە يامىشىپ چىقىدۇ. ھەمراھلار شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىشىپ، ئۇياقتا ـ بۇياقتا ئۆتۈشۈپ يۈرمەكتە ئىدى. بەزىلىرى ھالقىسىمان يۈگۈرۈش يولىدا يۈگۈرۈشۈپ، سەكرىشەتتى ئەتراپتا ئەركەك تاقتاق چېكەتكىلەر ۋىچىرلىشىپ، يولدىن ئۆتكەن چىشى تاقتاق چېكەتكىلەرنى ئاتېنناسى بىلەن ئەركىلەتمەكتە ئىدى. كەلگۈسىدىكى ئانىلار شەمشىرىنى سۆرەپ جىددىي قىياپەتتە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، ئۆلتۈرالماي قالغان ئەركەكلەرنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىشى جۈپلىشىش ئىدى. تەجرىبىلىك ئادەملەر بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلىۋالالايدۇ.

بۇ ئەھۋالمۇ مېنىڭ مۇھىم كۆزىتىش تېمام بولۇپ، ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. بىراق، تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. چۈنكى، داۋاملىشىۋاتقان ئىشلارنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەچكە، توينىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشىنى كۆرەلمىگەنىدىم. ئۇ كۆرۈنۈش يېرىم كېچىدە ياكى تاڭ سەھەردە ئاندىن ئۆينىلاتتى.

مەن ئۇزاقتا سوزۇلغان مۇقەددىمىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىنىلا كۆرەلىدىم. قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق باشلىرىنى ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىگە تەگكۈزۈشۈپ، ئەۋرىشىم ئاتېنناسى ئارقىلىق قارشى تەرەپكە تەلەپ قويماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببەتكە تولغان قىلىچ ئوينىتىشلىرىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان رەقىبلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالىسىز. ئەركەكلەر تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بىرپەس چىرقىراپ قويۇپ، ھاياجىنىنى باسالماي يەنە توختاپ قالاتتى. سائەت ئون بىرگە بەلگە بەرگەن بولسىمۇ، كۆڭۈل ئېچىش تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. ئەپسۇسكى، مەن ھارغىنلىقتا چىدىيالماي ئامالسىز ئۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇندىن ۋاز كەچتىم.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن قارىسام، چىشى تاقتاق چېكەتكىنىڭ تۇخۇمدان نەيچىسىنىڭ ئاستىدا غەلىتە بىرنەرسە

ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇ ھاياتلىق ئۇرۇقى قاچىلانغان خالتا ئىكەن. ئۇنىڭ شەكلى سۈت رەڭ ئىنچىكە بويۇنلۇق بوتۇلكىغا ئوخشايتتى، ھەجمى تارازا تېشى چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئىچىدە سانى ئانچە كۆپ بولمىغان بىرنەچچە سوقىچاق خالتا خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىشى ھاشارات ماڭغان چېغىدا ئىنچىكە بويۇنلۇق بوتۇلكا يەرگە تېگىپ مەينەت بولۇپ كېتەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ھامىلىدار قىلىدىغان ئىنچىكە بويۇنلۇق بوتۇلكا بىلەن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ماددىنى سۈمۈرۈپ قۇرۇقداپ قويىدى، ئاندىن ئېشىپ قالغان نېپىز خالتىنى چىشلەپ، چاپلاشقاق قالدۇق نەرسىنى ئۇزاققىچە شوراپ، ئاخىر بىراقلا يۇتۇۋەتتى. يېرىم كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سۈت رەڭلىك قالدۇق نەرسە كۆرۈنمىدى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر دانچىنىمۇ مەززە قىلىپ يەۋەتتى.

تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بۇ خىل زىياپەت خۇددى تاشقى پىلانېتادىن كەلتۈرۈلگەندەك، يەر شارىدىكى زىياپەت بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. چېكەتكە ئائىلىسىدىكى ھاشاراتلار نېمىدېگەن غەلىتە بىر دۇنيا، ھە. ئۇلار ھەم قۇرۇقلۇق دۇنياسىدىكى ئەڭ قەدىمكى بىر خىل جانلىق، ھەم مىڭئاياغ ۋە باش ئاياغلىقلار سىنىپىدىكى ھاشاراتلاردەك ھازىرغىچە قەدىمكى ئادەتنى ساقلاپ قالغان ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر خىل جانلىق.

# هاشارات تېنىنىڭ رەڭگى

جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى پامپاس يايلىقىدا يەرلىك ئاھالىلەر «فانى ـ مىلون» دەپ ئاتايدىغان چىرايلىق بىر گەندىخور بار، كەسپىي ئاتالغۇدا ئۇنىڭغا «پارقىراق قوڭغۇز» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ ئۇنىڭ رەڭلىك، پارقىراق، نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان بىر خىل قوڭغۇز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىسىم ھەرگىزمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ قويۇلغان ئەمەس. بۇ ھاشارەتنىڭ تېنى ياقۇتتەك نۇر چاقنىتىپ، مېتالدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەت ئۇرگانىك بىرلەشكەن، تېنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ نۇر قوبۇل قىلىش بۇلۇڭى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ، تۇراقسىز ھالدا يېشىل ياقۇتتەك يېشىل نۇر ۋە قىزىل مىستەك سۆسۈن نۇر تارقىتىدۇ. گەرچە ئۇ ئۆمۈر بويى مەينەت يۇرسىمۇ، بىراق، ئۇنچە ـ مەرۋايىت بۇ ھاشاراتقا ھۆسن قوشقان.

گەندىخورلار ئاددىي كىيىنىپ يۈرگىنى بىلەن، پار ـ پۇر پەرداز بۇيۇملىرىغا ئىنتايىن ئامراق. ئالايلۇق، بىر دانە ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ كۆكرىكىگە فلورېنسىيە بىرونزىسى سەپلەنگەن، يەنە بىر دانە قالقان قاناتقا قىزىل قىيام سۈركەلگەن. مايقوڭغۇزنىڭ تېنىنىڭ ئۈستى تەرىپى قارا رەڭدە، ئاستى تەرىپى مىس رەڭدە بولىدۇ. گەندىدىن تۆرەلگەن ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ كۆن نۇرى چۈشكەن قىسمى قارا رەڭدە، قورساق قىسمى رەڭلىك خىرۇستالدەك چىرايلىق سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ.

باشقا خىلدىكى نۇرغۇن ھاشاراتلاردىمۇ ئوخشاش بولمىغان

پەردازلاش ئادىتى بار. ماڭدامچى قوڭغۇز، زەرگەر گۈل قوڭغۇزى، ئالتۇن قوڭغۇز، يوپۇرماق قوڭغۇزى قاتارلىقلار ئۈنچە ـ مەرۋايىت بېزەكلىرىنى تاقاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، گۈزەل گەندىخوردىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، قېلىشمايدۇ. ئەگەر بۇ ئۈنچە ـ مەرۋايىت بېزەكلىرى بىر يەرگە قويۇلسا، زەرگەرنىڭ كۆزىنىمۇ ئىمىر ـ چىمىر قىلىۋېتىدۇ. تاق پۇتلۇق گۈل قوڭغۇزى بۇ تاغ جىلغىسىدىكى ئالنۇس دەرىخى ۋە سۆگەتنىڭ غوجايىنى، ئۇنىڭ تېنى توق كۆك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. بۇ خىل كۆك ھاۋا ئوچۇق چاغدىكى ئاسمان كۆكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ، بۇ خىل پەردازنى پەقەت بەزى ھەرە قۇشلارنىڭ بويۇنلىرىدا ۋە ئېكۋاتور رايونلىرىدىكى كېپىنەكنىڭ قاناتلىرىدىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

مۇشۇنداق ياسىنىش ئۈچۈن ھاشاراتلار بۇ گۆھەرلەرنى گولكوندادىن[①] ئەكەلگەنمىدۇ؟ ياكى كېپەك ئالتۇن كانلىرىدىن تېرىپ كەلگەنمىدۇ؟ ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ قالقان قاناتلىرى بىزنى شۇنداق ياخشى تېما بىلەن تەمىن ئەتتى! بوياق خىمىيەسى بۇنىڭدىن كىشىنى خۇرسەن قىلغۇدەك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بىراق، بۇ تېمىلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئەڭ ئاددىي بېزەكنىڭ رەڭلىنىش پىرىنسىپىنى ھەتتا ئىلىم ـ پەنمۇ پەرقلەندۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. مەسىلىنىڭ جاۋابى يىراق كەلگۈسىدە چوقۇم تېپىلىدۇ، گەرچە مەڭگۈ مۇكەممەل جاۋاب تېپىلمىسىمۇ. مۇكەممەل بولمايدۇ، دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ھاياتلىق تەجرىبىخانىسى بىزنىڭ تەجرىبىخانىمىزدىكى ئەگرى بويۇنلۇق بوتۇلكىنىڭ بىلىشى چەكلەنگەن سىرلارنى قاتتىق ساقلىيالايدۇ. مۇشۇ پەيتتە ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن ئازغىنا نەرسىلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم،

---

① گولكوندا ــ ھىندىستاندىكى قەدىمىي قەلئە بولۇپ، ھەيدەرئابادقا جايلاشقان. تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، گولكوندانىڭ ئەتراپىدىن ئالماس، گۆھەرلەر كۆپ چىقىدىكەن.

كەلگۈسىدىكى بىناغا بىر زەررە قۇم ـ شېغىل كۆپىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بىز ئەمدى ئۇۋۇنى يەم قىلىدىغان ئىككى خىل لىچىنكىنى، يەنى پاتقاق ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسى بىلەن سۇ قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقايلى. بۇ ئىككى خىل لىچىنكىنىڭ تېنىدە چوقۇم مەلۇم بىر خىل سۇيۇق كىسلاتاسى ياكى باشقا كىسلاتادەك ۋارىياتسىيە ماددىسى ھاسىل بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سۇ قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ ماي قاتلىمىدا بۇ خىل كىسلاتانىڭ يىغىلىپ قالغانلىقى كۆرۈنمىدى، ئەمما پاتقاق ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە بۇ خىل كىسلاتانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىسپاتلاندى.

بۇ باسقۇچتا پاتقاق ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدىكى قاتتىق ھالەتتىكى كېرەكسىز ماددىنى چىقىرىدىغان نەيچە تېخى ئىشلىتىلمىگەنىدى. ھاشاراتنىڭ قۇيرۇقىدىكى ھەزىم سىستېمىسىنىڭ يولى تېخى يېپىق ھالەتتە بولۇپ، ھەرقانداق نەرسە چىقىرىلمىغانىدى. تېنىدە ھاسىل بولغان سۇيۇق كىسلاتاسى چىقىرىۋېتىلىشكە ئامال بولمىغاچقا، بىر پارچە مايغا يىغىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماي پارچىسى بىر ئامبارغا ئايلىنىپ، تەندىكى ئەزالار خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ھاسىل بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى ساقلايدۇ، بۇ ئەھۋال ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ بۆرىكىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋال بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ: قان سۇيۇقلۇقىدا ئەسلىدىنلا مىكرو مىقداردا سۇيدۇك كىسلاتاسى بولىدۇ، مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئەمەس، بىراق، سۇيدۇك كىسلاتاسىنى چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يول ئۈزۈلگەندىن كېيىن سۇيدۇك كىسلاتاسى ئامالسىز قان سۇيۇقلۇقىغا يىغىلىۋالىدۇ، مىقدارىمۇ پەيدىنپەي كۆپىيىدۇ.

ئەكسىچە، سۇ قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە سۇيدۇك كىسلاتاسىنى چىقىرىدىغان يول ئەسلىدىنلا راۋان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈيدۈك ھاسىل بولۇشى ھامان چىقىرىۋېتىلىدۇ، ماي توقۇلمىلىرىنىڭ ئامبارغا ئوخشاش ئۇنى ساقلىشى ھاجەتسىز. ئەمما، ئۆزىدە چوڭقۇر فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدىغان ھالەت ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە، لىچىنكىدا ھەرقانداق چىقىرىش پائالىيىتى بولمايدۇ، شۇڭا، سۈيدۈك كىسلاتاسى يەنىلا يىغىلىپ قالىدۇ ھەمدە مايدا ساقلىنىدۇ.

سۈيدۈك كىسلاتاسىنىڭ قالدۇق ماددىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمىز. بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىدىغان تېمىمىز رەڭ ئۈستىدە كېتىپ بارغاچقا، ئاساسىي تېمىغا قايتىپ كېلەيلى. گەپنى پاتقاق ھەرە تەمىنلىگەن ماتېرىيالدىن باشلايلى: پاتقاق ھەرە لىچىنكىسىنىڭ مۇسكۇلى خۇددى ئەينەككە ئوخشاش سۈزۈك، تېرىسىنىڭ رەڭگى قېتىشمىغان ئاقسىلغا ئوخشاش ئانچە روشەن بولمايدۇ. يېرىم سۈزۈك تېرىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆزۈن بىر ھەزىم قىلىش يولىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق رەڭلىك نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. لىچىنكا قارا چېكەتكە ئوخشىمىغان ئۈچتى، ھەزىم قىلىش يولى تومپىيىپ چىقتى ھەمدە قىزىل ئۈزۈم ھارىقىدەك خىرە رەڭ ھاسىل قىلدى. ھەزىم قىلىش يولىنىڭ ئاستىدىن ئانچە سۈزۈك بولمىغان سوقىچاق شەكىللىك تۇتۇق سۈيدۈك كىسلاتا خالتىسى خىرە كۆرۈندى. خالتىدىكى ئىنچىكە، زىچ دانچىلارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. كۆز ئالدىمىدىكى بۇ ئىنچىكە دانچىلارنى كۆرۈپ، خۇددى يېرىم تەييار بىر يۇرۇش كىيىم ـ كېچەكنى كۆرگەندەك بولدۇم. قارىماققا شۇنچە نېپىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن قالتىس ئىدى.

لىچىنكا باسقۇچىدا يولى راۋان بولغان سۈيدۈك كىسلاتا خالتىسىغا ئىگە ھاشاراتلار ئۆز ـ ئۆزىنى پەردازلاش ياسىنىش ۋاستىسىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. سېرىق داغلىق ھەرە بىزگە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ كىچىكىدىن باشلاپلا پاختىلىق خالتىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەخلىتىدىن پايدىلىنىپ زىننەت بۇيۇملىرى

ياسايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئاق رەڭلىك كىرىستال دانچىلار بىلەن قاپلانغان تېرىسى ئوخشاشلا قالتىس كەشپىيات بولۇشقا مۇناسىپ.

تېنىدە ھاسىل بولغان كېرەكسىز ماددىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتايىن ئاز بەدەل بىلەن ئۆزىنى شۇنچە چىرايلىق قىلىپ پەردازلاش لىچىنكا باسقۇچىدىلا ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ چىقىرىش يولىنى راۋانلاشتۇرغان ھاشاراتلاردا ئومۇمىيۈزلۈك بار بولغان ئادەتتۇر. پەردە قاناتلىق ئۇۋچى ھاشاراتلارنىڭ لىچىنكىسىمۇ سۈيدۈك كىسلاتاسى ئارقىلىق ئۆزىگە چىپار كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى تەييارلايدۇ. يەنە خېلى كۆپ ساندىكى ھاشاراتلارنىڭ چىقىرىش نەيچىسى لىچىنكا ۋاقتىدىلا راۋان بولۇپ، ئۇلاردا سۈيدۈك كىسلاتا خالتىسى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن ئەقىللىق، باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنى پەردازلاشقا كېرەكلىك تاشلاندۇق ماددىلارغا ئىگە بولىدۇ، يەنى باشقا ھاشاراتلار ئالدىراپ - تېنەپ چىقىرىۋەتكەن كېرەكسىز ماددىلارنى يىغىپ، ھەزىم قىلىش ئارقىلىق، كېرەكلىك بولغان تەركىبلەرنى توپلاپ، ئۆزىنى پەردازلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مانا بۇ دەل ناچار ئادەتتىن ئاجايىپ گۈزەللىك ھاسىل قىلىشتۇر.

بىز كېپىنەك قۇرتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، لوپا ئەينەك بىلەن ئۇنىڭ تېنىنىڭ نەقىشلىنىش ھالىتىنى كۆزىتىپ كۆرسەك، تېرە ئاستىدىكى قارا رەڭ بىلەن بويالمىغان قىسمىدا بىر قەۋەت پىگمېنت بار بولۇپ، بەزى جايلىرىدا قىزىل رەڭلىك، بەزى جايلىرىدا سېرىق رەڭلىك، بەزى جايلىرىدا ئاق رەڭلىك ئاجرالما بار ئىكەن. بىز بۇ بىر قەۋەت رەڭگارەڭ نېپىز پەردىدىن ئازراق سوبۇۋېلىپ، ئازوت كىسلاتاسى بىلەن بىر تەرەپ قىلدۇق. ئەمدى ئۇنىڭدا پىگمېنت بار - يوقلۇقىنى كۆزىتىمىز، قانداق رەڭ ئىكەنلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئۇنى ئازوت كىسلاتاسىدا ئېرىتكەندە، ئاۋۋال قايناپ كۆپۈك چىقاردى، ئاندىن قىزغۇچ

بىنەپشە رەڭلىك ئاممونىيغا ئۆزگەردى. بۇنىڭدىن كېپىنەك قۇرتىنىڭ شۇنچە كۆركەم رەڭلىك كىيىم ــ كېچەكلىرىنىڭمۇ سۇيدۇك كىسلاتاسىغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كېپىنەك قۇرتىنىڭ ماي توقۇلمىسىدا ئازراق مىقداردا سۇيدۇك كىسلاتاسى مەۋجۇت ئىكەن.

تېرە ئاستىدىكى قارا رەڭ بىلەن بويالغان قىسمىدا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، خىمىيەلىك بىر تەرەپ قىلىپ، كۈچلۈك نىترات كىسلاتاغا چىلىغاندىمۇ ئەسلىي رەڭگىنى ساقلاپ قالغان. رېئاكتىپ ئارقىلىق پىگمېنتى چىقىرىۋېتىلگەن بولىدىغان قىسمى ئەينەكتەك سۈزۈك هالەتكە ئۆزگەرگەن. كېپىنەك قۇرتىنىڭ تېرىسىنى رەڭ بويىچە ئايرىغاندا ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

توق قارا بۆلىكىنى بويالغان دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ بۆلەك بوياققا چىلانغاندىن كېيىن تېرە قەۋىتى بىرىكمە مولىكۇلالىق ئورگانىك تەركىبكە ئۆزگەردى، ئەمما نىترات كىسلاتاسىدا ئاجرالمىدى. باشقا قىزىل، ئاق، سېرىق رەڭلىك بۆلەكلەر ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق سىر ــ بوياق بىلەن سىرلانغان. قىزىل، ئاق، سېرىق رەڭلىك يېرىم سۈزۈك نېپىز بۆلەكتە سۇيدۇك تەركىبلىك ھاك بوتقىسى بار بولۇپ، بۇ خىل ماددا ماي قاتلىمىنىڭ ئىنچىكە نەيچە ئارقىلىق تېرىگە كىرگۈزۈلگەن سۇيۇقلۇقىدىن ھاسىل بولغان. ئەگەر ئاددىي كۆز بىلەن كۆزەتسەك، قارا رەڭلىك نېپىز بۆلەكتە ھاك بوتقىسى بارلىقىنى كۆرەلمەيمىز. بىراق، نىترات كىسلاتاسىدىن پەيدا بولغان خىمىيەلىك رېئاكسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پارقىراق قارا بۆلەكتە يېرىم سۈزۈك قىزىل، ئاق، سېرىق رەڭلىك داغلار پەيدا بولمايدۇ.

تۆۋەندە يەنە باشقا بىر ئائىلىدىكى ھاشاراتنىڭ ئەمەلىي مىسالىغا قاراپ باقايلى. چىرايلىق كىيىنىشكە كەلسەك، ئۆمۈچۈك ئائىلىسىدىكى رەڭلىك لېنتىلىق دۇگىلەك تورلۇق

ئۆمۈچۈكنىڭ كىيىمىنى ھەممىدىن ئېسىل دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ توم ھەم دۈگىلەك قورساق تېرىسىدە قارا، سېرىق، ئاق رەڭلىك لېنتىلار قاتارلىشىپ تىزىلغان، قارىسى توق قارا رەڭدە، سېرىقى تۇخۇم سېرىقىدەك توق سېرىق رەڭدە، ئېقى يېڭى ياغقان قاردەك ئاپپاق رەڭدە ئىدى. قورسىقىنىڭ ئاخىرقى قىسمى قارا ۋە سېرىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل رەڭدە بولۇپ، تىزىلىش شەكلىمۇ ئوخشاش ئەمەس: قارا رەڭلىك تەگلىكتە ئىككى تال سېرىق لېنتا ياندىشىپ تۇرىدۇ، ھەر ئىككى لېنتا تور تارتىش ئەزاسىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، رەڭگى پەيدىنپەي توق سېرىققا ئۆزگىرىدۇ. كۆكرىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئاچ رەڭلىك تاجىگۈل شەكىللىك نەقىش بار بولۇپ، ئەتراپقا كېڭەيگەن ھالەتتە شەكىللەندۈرگەن، ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.

ئۆمۈچۈك تېنىنىڭ قارا رەڭلىك قىسىملىرىنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆزەتكەندە ھېچقانداق ئالاھىدە نەرسە بايقالمىدى، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ، دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئىكەن. بىراق، باشقا رەڭلىك قىسىملىرىدا تور كۆزلىرى ناھايىتى زىچ بولغان تورسىمان قۇرۇلما بار ئىكەن، تورسىمان كۆپ بۇلۇڭلۇق دانچىلارنىڭ تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. قورساق قىسمىنىڭ بىر تەرىپىنى قايچا بىلەن كەسكەندە، دۈمبىسىدىكى مۈڭگۈز قەۋەتنى تېرە ئاستىدىكى مۇسكۇلغا تەگكۈزمەي ناھايىتى ئاسانلا شىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاق رەڭلىك لېنتا بار قىسمىدىكى نېپىز مۈڭگۈز قەۋىتى يېرىم سۈزۈك؛ سېرىق رەڭلىك ۋە قارا رەڭلىك لېنتا بار قىسمىدىكى مۈڭگۈز قەۋىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇناسىپ سېرىق رەڭ ۋە قارا رەڭدە كېلىدۇ. بۇ ئاق، سېرىق، قارا رەڭلىك بۆلەكنىڭ رەڭگى ھەقىقەتەن مەلۇم خىل پىگمېنتلىق بوياقتىن پەيدا بولغان. بۇ خىل بوياقنى ماي بوياق قەلىمى بىلەن ئاسانلا پاك - پاكىز تازىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاق رەڭلىك لېنتا بار قىسمىنىڭ تېرىسىدىكى مۆڭگۈز قەۋىتىنى ئېلىۋەتسە، بىر قەۋەت كۆپ بۇلۇڭ شەكىللىك ئاق رەڭلىك دانچىلار كۆرۈنىدۇ. بۇ دانچىلار بىرلىشىپ بىر لېنتا بەلبېغى هاسىل قىلغان بولۇپ، بەزى جايلىرىنىڭ زىچلىقى چوڭراق، بەزى جايلىرىنىڭ زىچلىقى كىچىكرەك. كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ مىكرو دانچىلارنىڭ ئەسلىدىنلا سۈزۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇڭا، شوخ تەبىئەتلىك ئۆمۈچۈكنىڭ قارىدەك ئاپپاق لېنتىسى بار بولغان. قورسىقىدىكى گۈزەل نەقىشلەردە كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئۇنۇمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان هېچقانداق نەرسە يوق، ئاق لېنتىسى بىلەن رەڭلىك لېنتىسى ئىنتايىن ماسلاشقان.

هەر خىل رەڭدىكى مىكرو دانچىلارنى مىكروسكوپقا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك پارچىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، نىترات كىسلاتا بىلەن خىمىيەلىك بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۇلار ئېرىمىگەن هەم قايناپ ماغزاپ هاسىل قىلمىغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ سۈيدۈك كىسلاتاسىغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىگە هۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ماددا بەلكىم سۈيدۈك ئىشقارىغا مەنسۇپ بولۇشى، ئۆمۈچۈك ئائىلىسىدىكى هاشاراتلاردىكى بىر خىل بىيولوگىيەلىك ئىشقار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ خىل نەرسىنى ئۆمۈچۈكنىڭ تېرىسىدە هاسىل بولىدىغان سېرىق، قارا، قىزىل، ئاپپىلسىن رەڭلىك چاپلاشقاق ئاجرالمىنىڭ پىگمېنتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ چىرايلىق ئۆمۈچۈك تېنىدىكى داشقاللارنى ئوكسىدلاپ، كېپىنەكنىڭكىگە ئوخشمايدىغان باشقا بىر خىل ماددىنى هاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. چىرايلىق ئۆمۈچۈكنىڭ تېخنىكىسى بىلەن چىرايلىق كېپىنەك قۇرتىنىڭ تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى سېلىشتۇرۇش قىيىن. باشقا هاشاراتلار سۈيدۈك كىسلاتاسى بىلەن ئۆزىنى پەردازلىسا، رەڭلىك لېنتىلىق دۈگىلەك تورلۇق ئۆمۈچۈك سۈيدۈك ئىشقارى بىلەن ئۆزىنى پەردازلايدۇ.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مەن بۇ يەردە پەقەت بىرنەچچە ماتېرىيالنىلا تىلغا ئالدىم، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا نۇرغۇن ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدۇ. بىز بايا ئىگىلىگەن بىرقانچە ئەھۋال نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئۇلار بىزگە ئورگانىزملار چىقارغان كېرەكسىز ماددا سۈيدۈك ئىشقارى ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنىڭ ھەمدە جانلىقلارنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىش قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقارغان باشقا كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ھاشاراتلارنىڭ رەڭگىگە نىسبەتەن مۇھىم رول ئويناپدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھاشارات تېنىنىڭ سىرلانغىنىغا قارىغاندا بويالغىنى ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ مەسىلە. ھازىرغىچە ئەمەلىي كۆزىتىلگەن ھادىسىلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، نۆۋەتتە پەقەت بوياق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى بەزى ئەھۋاللارنىلا بىلىشكە بولىدۇ. پامپاس يايلىقىدىكى گەندىخورلارنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان توق قىزىل رەڭلىك ياقۇتىلا بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر مەسىلە. بىز بۇ مەسىلىنى پامپاس يايلىقىدىكى قوڭغۇزنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان ھاشارات تۈركۈمىگە تاپشۇرايلى! بۇ يېقىن قوشنىلار بەلكىم يەنە بىر قەدەم ئالغا بېسىشىمىزغا تۈرتكە بولۇپ قالار.

ئەمدىلا قورچاق پوستىنى تاشلىغان مىسىر سىكاراب قوڭغۇزى غەلىتە ياسىنىۋالغاندى. بۇ كىيىم ـ كېچەكنىڭ يېتىلگەن ھاشاراتنىڭ تېنىدىكى قاپقارا رەڭ بىلەن قىلچىمۇ ئورتاقلىقى يوق، بېشى، پۇتى ۋە كۆكرىكى ئوچۇق تۆمۈر قىزىلى رەڭگىدە، قالقان قانىتى ۋە قورساق قىسمى بولسا ئاق رەڭدە. بۇ خىل تۆمۈر قىزىلى ئاساسىي جەھەتتىن سۈتلۈكئوت كېپىنەك قۇرتىنىڭ تۇسىنى ئالغان. ئەمما، كېپىنەك قۇرتىنىڭ قىزىللىقىغا ئوخشىمايدىغىنى، نىترات كىسلاتاسىنىڭ تەسۋىر روشەنلەشتۈرۈش سۈيۇقلۇقى بۇ بوياققا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بۇ پەيتتە قورسىقىنىڭ تېرىسى بىلەن ئاقتىن قىزىلغا

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىۋاتقان قالقان قانىتىنىڭ تېرىسىدىكى ئوخشاش ئاساسىي ماددىلىق رەڭ پىگمېنتى ئۆزىنىڭ مولېكۇلا قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە رەڭسىز نەرسە رەڭلىك نەرسىگە ئۆزگەردى، بۇنىڭدا يېڭى بىر خىل مولىكۇلا قۇرۇلمىسى رول ئوينىغان. قۇم ـ شېغىلنىڭ ئۆزى ھېچنېمىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئەمما باشقا بىر خىل تەرتىپتە گورۇپپىلاشتۇرۇلۇپ تىزىلسا، ئىمارەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ.

سىكاراب قوڭغۇزىدىن ئىبارەت بۇ ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ تېنى پۈتۈنلەي قىزىلغا ئۆزگىرىپ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇمانسىمان قوڭۇر رەڭلىك ماددا ئۇنىڭ ئېگىكى ۋە ئالدى پۇتىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى، مانا بۇ ئەمگەك قوراللىرىنىڭ بۇرۇن پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇڭا، بۇ ئەمگەك قورالى ئالاھىدە قاتتىق. كېيىن يەنە نىسبەتەن سۇس رەڭ خۇددى تۇمانغا ئوخشاش پۈتۈن بەدەنگە تارىلىپ، پەيدىنپەي قىزىل رەڭنىڭ ئورنىنى باسىدىغان قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە نورمال ھالەتتىكى سىكاراب قوڭغۇزنىڭ قارا رەڭگىگە ئۆزگىرىدۇ. بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە رەڭسىزدىن تۆمۇر قىزىلىغا، ئاندىن يەنە قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ.

ياپونىيە مايقوڭغۇزى، كەڭ كۆكرەكلىك تۇلۇقچىقوڭغۇز ھەمدە نۇرغۇنلىغان باشقا ھاشاراتلارمۇ مۇشۇنداق رەڭ ئۆزگەرتىدۇ. پامپاس يايلىقىدىكى زىننەت بۇيۇمى — پارقىراق قوڭغۇزمۇ ئۆزىنى مانا مۇشۇنداق گۈزەللەشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، مەن بۇنى جەزملەشتۈرەلەيمەن. مۇبادا قورچاق پوستى بىلەن ئورانغان پارقىراق قوڭغۇز ئالدىمدا پەيدا بولسا، مەن ئۇنىڭ تېنىنىڭ قورساق ۋە قالقان قانىتىدىن باشقا قىسىملىرىنىڭ پارقىرىمايدىغان قىزىل رەڭ ياكى ئاچ قىزىل رەڭ بىلەن بويالغانلىقىنى كۆرىمەن. ئۇنىڭ قورساق قىسمى ۋە

قالقان قانتى دەسلەپىدە رەڭسىز بولىدۇ، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭدا باشقا قىسىملىرى بىلەن ئوخشاش رەڭ پەيدا بولىدۇ. ياپونىيە مايقوڭغۇزى قارا رەڭ بىلەن دەسلەپتىكى قىزىل رەڭنىڭ ئورنىنى بويايدۇ، پارقىراق قوڭغۇز ئوتتەك قىزىل مىس رەڭ ۋە ياپېشىل زۇمرەت رەڭ بىلەن دەسلەپتىكى قىزىل رەڭنىڭ ئورنىنى بويايدۇ. قارا ئەبنۇس، مېتال ۋە ياقۇتلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بارمۇ - يوق؟ ئەلۋەتتە بار.

بۇ پۇزۇر زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىشى بىلەن نۇرنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تېزلەشتۇرەلمەيدۇ ھەم ئاستىلاشتۇرالمايدۇ. كۈن نۇرى ئاجىز قورچاقلارغا بىۋاستە چۈشسە ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. مەن ئىككى پارچە نېپىز ئەينەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇ قويۇپ توسۇق ھاسىل قىلىپ كۈن نۇرىغا تۇتسام، كۈن نۇرى مۇلايىملاشتى. پۇتكۈل رەڭ ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە مەن ھەر كۈنى ياپونىيە مايقوڭغۇزى، تېزەك مايقوڭغۇزى ۋە زەرگەر گۈل قوڭغۇزىنى ئاجىزلاشتۇرۇلغان قۇياش نۇرىغا قاقلىدىم. مەن ھاشاراتلارغا نىسبەتەن سېلىشتۇرما تەجرىبە ئېلىپ باردىم، بەزىلىرىنى چاچما نۇر ئاستىغا، بەزىلىرىنى قاراڭغۇ جايغا قويدۇم، بىراق تەجرىبىدىن ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدىم. چاچما نۇر ئاستىدا ۋە قاراڭغۇدا ھاشارات رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى ئوخشاش بولدى. بۇ خىل شارائىت ئاستىدا تېزلەشمىدى، ھەم ئۇ خىل شارائىت ئاستىدا ئاستىلاپ قالمىدى.

تەجرىبە قىلىشتىن بۇرۇن نۇر پەرقىنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس ئەمەس. لېچىنكىلىق ھاياتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن ئالتۇن قوڭغۇز دەرەختىن چىقتى، تېزەك مايقوڭغۇزى ۋە پارقىراق قوڭغۇز يەر ئاستىدىكى ھۇجرىسىدىن چىقتى، ئۇلار زىننەت بۇيۇملىرى ئاپتاپنى كۆرۈپ ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىدى.

www.uyghurkitap.com

ھاشاراتلارنىڭ رەڭگى نۇرنىڭ تەسىرىدىن ئەمەس، بەلكى خىمىيەنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. تومۇزغىمۇ شۇنداق. لىچىنكا مەزگىلىدىن ئازاد بولغان تومۇزغىنىڭ رەڭگى مەيلى تەجرىبىخانىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا تۇرغاندا بولسۇن ياكى كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان نورمال مۇھىتتا تۇرغاندا بولسۇن، بىردەك ئاچ يېشىلدىن تۇتۇق قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ.

ھاشاراتلار سۈيدۈك چۆكۈندىسىنى بوياق ماتېرىيالى قىلىدۇ. بۇ خىل بوياق ماتېرىيالىنى كۆپ خىل ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تېنىدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ. كىشىلەر ھېچبولمىغاندا مۇنداق بىر مىسالنى بىلىشى كېرەك، يەنى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىر خىل كىچىك كەسلەنچۈكنىڭ پىگمېنتى پورۇقشىپ قايناۋاتقان تۇز كىسلاتاسىنىڭ تەسىرىدە سۈيدۈك كىسلاتاسىغا ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يەككە ھالەتتە پەيدا بولمايدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارمۇ ئۆزىنىڭ تېرىسىنى مۇشۇنداق بىيوخىمىيەلىك ماددا ئارقىلىق بويايدۇ.

ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلاردىن تارتىپ قۇشلارغىچە ھېچقانچە پەرق بولمايدۇ. ياۋا كەپتەرنىڭ تېنىدىكى رەڭدارلىق، تۇزنىڭ تېنىدىكى كۆز، كۆكتارغاقنىڭ تېنىدىكى كۆك ياقۇت، قىزىل لەيلەكنىڭ تېنىدىكى ئەڭلىك، يەنە بەزى ياقا يۇرتلۇق قۇشلاردىكى رەڭگارەڭ پەيلەر، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈيدۈك چىقىرىندى ماددىسى بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟ نېمىشقا يوق بولغۇدەك؟ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ قالتىس غوجايىن ئاشۇنداق غايەت زور ئەكس پەرق پەيدا قىلالايدىغان ئىشلارغا ھېرىسمەن كېلىدۇ. بۇ ئىشلار بىزنىڭ شەيئىلەرگە تۇتقان قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى ئادەتتىكى بىر پارچە كۆمۈرنى ئالماسقا، ئىت - مۈشۈككە يەم بېرىدىغان ساپال قاچىلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سېغىز توپىلارنى قىزىل ياقۇتقا، ئورگانىزملارنىڭ چىقىرىندى

داشقاللىرىنى ھاشارات ۋە قۇشلارنىڭ پۇزۇر زىننەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇردى. بۇ زىننەت بۇيۇملار ئالتۇن قوڭغۇز ۋە قىسقۇچپاقنىڭ ئاشۇ مېتالدەك كېلىشكەن قاسرىقى، يوپۇرماق قوڭغۇزى ۋە گەندىخورنىڭ ھەشەمەتلىك زىننەت بۇيۇمى، ھەرە قۇشلارنىڭ رەڭلىك خىرۇستالى، قىزىل، كۆك، يېشىل، سېرىق ياقۇتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رەڭگارەڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ سىرىنى ئۇستا زەرگەرلەر بارلىق تالانتىنى ئىشقا سېلىپمۇ يېشىپ بېرەلمىگەن. بۇنىڭدىكى سىر زادى نېمە؟ جاۋابى سۇيدۇك سۇيۇقلۇقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قارا چىكەتكىنىڭ دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى

قارا چېكەتكىنىڭ تۇخۇم تۇغۇشىنى كۆرمەكچى بولغان ئادەم بىر سىنت خەجلىمەيلا تەييارلىق خىزمىتىگە ئاتلىنالايدۇ، ئۇ پەقەت ئازراق سەۋرچان بولسىلا كۇپايە. بۇففون① بۇ سەۋرچانلىقنى تالانت دەپ ئاتىغان. مەن ئۇنى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىپ، كۆزىتىش خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، دەپ ئاتاشنى خالايمەن. بىز ئاپرېلدا ياكى ئەڭ كېچىككەندىمۇ مايدا ئېتىزلىقلاردىكى قارا چېكەتكىلەرنى جۈپتى بىلەن توپا قاچىلانغان ئايرىم بىر گۈل قاچىغا سولايمىز، ئۇلارنى چاكىمۇخ يوپۇرمىقى بىلەن باقىمىز، يېمىنى پات - پات يېڭىلاپ تۇرىمىز. قارا چېكەتكىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قاچىنىڭ ئېغىزىنى كىچىك ئەينەك پارچىسى بىلەن ياپىمىز.

ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بەزى ماتېرىياللارنى مۇشۇنداق ئاددىي ئۇسكۇنە ئارقىلىق قولغا چۈشۈرىمىز. ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئەلا سۈپەتلىك مېتال توردىن قەپەس ياساپ، ياردەمچى ئۇسكۇنە سۈپىتىدە پايدىلانساقمۇ بولىدۇ. مېتال قەپەسنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالنى كېيىن چۈشەندۈرىمىز. ھازىر بىز تۇخۇم تۇغۇش جەريانىنى كۆزىتىمىز. يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

① بۇففون (1707 — 1788) — فىرانسىيەنىڭ 18 - ئەسىردىكى مەشھۇر ناتۇرالىستى بولۇپ، ئەدەبىي سېھرىي كۈچكە تولغان «تەبىئەت تارىخى» نىڭ ئوتتۇز ئالتە تومىنى يېزىش بىلەن داڭ چىقارغان.

ئىيۇنىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىگە كەلگەندە بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇلغان كۆزىتىش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجە ھاسىل قىلىندى. مەن توساتتىن ئانا قارا چېكەتكىنىڭ تۇخۇملاش نەيچىسىنى تۇپىغا تىك سانجىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ مېنىڭ ئەدەپسىزلىك بىلەن ئوغرىلىقچە ماراش قىلمىشىمنى قىلچە ئېغىر ئالماستىن، يەنىلا ئۆز جايىدا ئۇزاق قىمىرلىماي تۇردى، كېيىن ئورۇق سالغۇچىنى تارتىپ ئېلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئىزىنى ئۆچۈردى. ئۇ سەل ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە باشقا جايغا بېرىپ، تۇخۇملىغۇچىنى قايتىدىن تۇپىغا سانجىدى. تۇخۇملاشقا پايدىلىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە سانجىدى. بۇ ئەھۋال كۆپچىلىك پىششىق بىلىدىغان ئاقباش تاقتاق چېكەتكىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت مەشغۇلات سۈرئىتى جەھەتتە تاقتاق چېكەتكىدىن سەل ئاستا ئىدى. بىر سوتكا ئۆتۈپ كەتتى، تۇخۇم تۇغۇش ئەمدى ئاخىرلاشتى. تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئەھۋالغا ئېرىشىش ئۈچۈن، يەنە ئۇدا ئىككى كۈن كۆزەتتىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن، مەن تۇپا قاتلىمىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. تۇخۇم شال پاخىلىدەك سېرىق رەڭلىك سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ مىللىمېتىر كېلىدۇ. تۇپىغا بىر - بىرىگە تېگىشمەي تىك كۆمۈلگەن كۆمۈلۈش ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن. ئورۇق سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىر تۇخۇملاش جەريانىدىكى تۇخۇملاش قېتىم سانىغا باغلىق. پۈتكۈل تۇپىنىڭ ئاستىدىن تۇخۇم كۆمۈلگەنلىكىنى بايقىدىم، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىكەن. بىر دۆۋە تۇپىنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆزىتىش ئىنتايىن ئاۋارىچىلىك ھازىرقىدەك كۆزىتىش نەتىجىسىدىن مۆلچەرلىگەندە، ھەربىر ئانا قارا چېكەتكە بىر تۇخۇملاش جەريانىدا تەخمىنەن بەش يۈز - ئالتە يۈز دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. بۇنداق زور كۆلەملىك ئائىلىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوقۇم قىسقا مۇددەت ئىچىدە خادىم قىسقارتىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەربىر تال تۇخۇم ئەسلىدىنلا ئاجايىپ بىر مېخانىكىلىق سىستېما ھېسابلىنىدۇ. لېچىنكا تۇخۇمدىن چىقىپ بولغاندا، تۇخۇم شاكىلى خۇددى يورۇقلۇق توسىدىغان ئاق رەڭلىك يوپۇققا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۈستى قىسمىدا بىر تۆشۈك بار بولۇپ، تۆشۈكنىڭ ئەتراپىغا ئەگمە شەكىللىك بىر قالپاق كىيدۈرۈلگەن. قالپاق يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قارىغۇلارچە ئىتتىرىشىدىن ياكى كېسىشىدىن يېرىلىپ ھاسىل بولغان ئەمەس، بەلكى تەييارلانغان ئىنتايىن نازۇك بىر سىزىقنى بويلاپ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلغان. بۇ ئاجايىپ تۇخۇمدىن چىقىش جەريانىنىمۇ بىلىۋېلىش زۆرۈر.

ئون بەش كۈندىن كېيىن، تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئىچى قارا، تېشى قىزىل بىر جۈپ كۆرۈش سەزگۈ ئەزاسىدىكى چوڭ چېكىتنى خىرە كۆرگىلى بولىدۇ. كۆرۈش سەزگۈ نۇقتىسىنىڭ سەل يۇقىرى تەرىپىدە، يەنى دەل سىلىندىرنىڭ ئۇچى تەرىپىدە بىر مىكرو ھالقىسىمان شايبا كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ شەكىللىنىۋاتقان ئۈزۈك سىزىق. ئۇزاق ئۆتمەي يېرىم سۈزۈك تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئىچىدىن بۇ كىچىك ھايۋاننىڭ تېنىنىڭ ئىنچىكە بوغۇملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھوشيارلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، تەكرار كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا.

بەخت ـ تەلەي سەۋرچان كىشىلەرگە راۋا بولىدۇ. مېنىڭ تۆلىگەن جاپالىق بەدىلىمگە ئۇ جاۋاب قايتۇرسۇن. تۇجۇپىلەپ پىششىقلىنىپ ئىشلىنىش ئارقىلىق مىكرو شايبا ئىنچىكە سىزىققا ئايلىنىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تۇخۇمغا سولاپ قويۇلغان كىچىك ھاياتلىقنىڭ بىر ئۇسۇشى بىلەنلا، قالپاق ئاجراپ شاكالنىڭ يېنىغا چۈشىدۇ. قارا چېكەتكىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىشى گويا ئويۇنچۇق قۇتىسىدىن بىر غەيرىي مەخلۇقنىڭ سەكرەپ چىقىشىغا ئوخشايدۇ.

# ئىتالىيە قارا چېكەتكىسى

بىزنىڭ بازاردا ئۆي قارا چېكەتكىسىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئۇ يېزا - قىشلاقلاردىكى بولكىخانا ۋە ئوچاق سۈپىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى. تام مەشنىڭ تاش سۈپىسىنىڭ يوچۇقلىرى سوكۇناتتا تورۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ زېرىكىشلىكنى يەنىلا تۈگەتكىلى بولىدۇ: ياز كېچىسى ئېتىز - دالالاردا بىر خىل ئاددىي كۈيىنىڭ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بىراق، كىشى قەلبىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ مۇزىكىنى شىمالدا ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. باھاردا قۇياش تىكلەشكەن پەيتتە، سىمفونىيە ئورۇنلىغۇچىدىن ئىبارەت يېزا - قىشلاقلاردىكى بۇ قارا چېكەتكە سەنئەت نومۇرلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ؛ يازدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىغان كېچىلىرى سىمفونىيە ئورۇنلىغۇچى — ئىتالىيە قارا چېكەتكىسى ماھارەت كۆرسىتىدۇ. باھاردا كۈندۈزى ئورۇنلايدۇ، يازدا كېچىسى ئورۇنلايدۇ. ئىككى نەپەر مۇزىكانت بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى پەيتنى تەڭ ئۈلۈشۈۋالىدۇ. پادىچى ناخشىسىنى ئورۇنلاش پەسلى ئاخىرلىشىشى ھامان، ئارقىدىنلا كېچە مۇزىكىسىنى ئورۇنلايدىغان پەسىل يېتىپ كېلىدۇ.

ئىتالىيە قارا چېكەتكىسى بىلەن قارا چېكەتكە ئائىلىسىدىكى ھاشاراتلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇ ئاساسلىقى ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكىنىڭ قارا رەڭلىك ئەمەسلىكىدە ۋە تەن قۇرۇلمىسىنىڭ كېلەڭسىز ئەمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھاشاراتنىڭ بويى ئېگىز، زىلۋا،

تېرىسى بوز رەڭلىك بولۇپ، كېيىنىشى ئاق رەڭدە دېگۈدەك. بۇ
ئۇنىڭ كېچىدە پائالىيەت قىلىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
كىشىلەر ئۇنى بارماقلىرى بىلەن يەڭگىل قىسماقچى بولسىمۇ،
مىجىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇ ھەر خىل كىچىك
چاتقاللىقلا ياكى ئېگىز ئوتىنىڭ ئۈستىگە ماكانلىشىشقا
ئادەتلەنگەن، يەر يۈزىگە ئاساسەن چۈشمەيدۇ. ئىيۇلدىن
ئۆكتەبىرگىچە ھەر كۈنى كۈن پاتقاندىن تارتىپ يېرىم
كېچىگىچە ئۇ يەردە مۇزىكا چالىدۇ. دىمىق كېچىسى بۇ خىل
مۇزىكا بىر مەيدان ئېسىل كونسېرت ھېسابلىنىدۇ.
بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سوناتاسىنى
ئاڭلاپ باققان، چۈنكى ئازراقلا تىكەنلىك بار يەردە ئۇنىڭ
سىمفونىيە ئوركېستىرى بار. بۇ ھاشارات بەزىدە ئۆيىنىڭ
ئۆگزىسىدە يوقىرى ئاۋاز بىلەن مۇزىكا ئورۇنلايدۇ، بۇ ئۇنىڭ قورۇق
ئوت - چۆپ ئۈستىدە يولدىن ئادىشىپ قالغىنى. بۇ بوز رەڭلىك
قارا چېكەتكىنىڭ ئادىتى ئىنتايىن سىرلىق بولۇپ،
ئاڭلىنىۋاتقان سېرېنادانىڭ زادى نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى
ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزىلەر پۈتۈنلەي خاتا ھالدا بۇ ناخشىنى
ئادەتتىكى قارا چېكەتكە ئېيتقان، دەپ قارايدۇ، ئادەتتىكى قارا
چېكەتكە ھازىر ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، تېخى ئاۋاز
چىقىرالمايدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.
مۇزىكا يېنىك ھەم ئاستا ئاۋازىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ،
مۇنداق ئاڭلىنىدۇ: چىرى - چىرى، چىر - چىر - چىر. ئاۋاز
تىترەپ چىققاچقا، مېلودىيەسى مول ئېپادىلەش كۈچىگە ئىگە. بۇ
ئاۋازنى ئاڭلىغان ئادەم مىكروفون ئىنتايىن نېپىز ھەم كەڭ
بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئەگەر بىر كىم
ئورگۇتۇۋەتمىسە، ئۇ پەس دەرەخ يوپۇرمىقىدا خاتىرجەم
ئولتۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر بىر خىل ئاۋازدا ناخشىسىنى
ئېيتىۋېرىدۇ، ئاۋازىدا ھەرگىز ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بىراق،
ئازراقلا تىۋىش ئاڭلىنىپ قالسا، ئاۋاز چىقارغۇچنى دەرھال

قورسىقىغا يىغىۋالىدۇ. سىز بايا ئۇ مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا، يېنىڭىزدىلا تۇرغاندەك سېزىمدا ئىدىڭىز، ھازىر بولسا، سىز يەنە توساتتىنلا ئۇنىڭ يىگىرمە قەدەم يىراقلىقتىكى جايدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز؛ ئارلىق يىراقلاشقاندىن كېيىن ئاۋازى پەسلەپ قالارمىكىن، دەپ ئويلاپ قالماڭ. يۇگۇرۇپ بېرىپ قارىسىڭىز، ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. بىراق، ئاۋاز يەنىلا دەسلەپكى جايدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئىشلار بارغانسېرى سىرلىق بولۇپ كەتتى. بۇ قېتىم ئاڭلىغىنىڭىزدا ئاۋاز بىردەم سول تەرەپتىن، بىردەم ئوڭ تەرەپتىن، بىردەم ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، بىر قارارغا كېلەلمەي قالىسىز، بۇ ھاشاراتنىڭ تۇرغان ئورنىنى ئاڭلاش سېزىمىگە تايىنىپ تېپىشقا ئامالسىز قالىسىز. بۇ ناخشىچىنى تۇتۇش ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋرچانلىق بولمىسا بولمايدۇ. تاسادىپىي ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەتراپلىق تەدبىر قوللىنىپ، ئاندىن ئاسما چىراغنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ھەرىكەت قىلىش كېرەك. مەن يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلاپ، بىرنەچچە دانە ئىتالىيە قارا چېكەتكىسىنى تۇتۇپ، ئۇنى قەپەسىمگە سولىدىم. ئاندىن ماھارىتى ئۈستۈن بۇ مۇزىكانتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

ئۇنىڭ ئىككى تەرەپتىكى قالقان قانىتى يېرىم سۈزۈك پەردىدەك تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شەكلى يانتۇ قويۇلغان يا ياغىچىغا ئوخشايدۇ، بىر ئۇچى بارغانچە تارىيىپ بارىدۇ. قالقان قانىتى يايسىمان توم قانات تومۇرىنى بويلاپ، ئالدى بىلەن بىر تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ، ئاندىن تېنىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا بارغۇچە قاپارتما قىر شەكلىدە يانتۇ سوزۇلغان. قارا چېكەتكە بۇ قاپارتما قىرنى ئارام ئالغاندا تېنىنىڭ يان تەرىپىنى تىرەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ئوڭ قالقان قانىتى ئۈستىدە تۇرىدۇ، سول قالقان قانىتى ئاستىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ. ئوڭ قالقان قانىتىنىڭ ئىچ تەرىپىدىكى قانات يىلتىزىغا يېقىن جايدا بىر پارچە قاداق گۆش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بار، قاداقتا بەش دانە قانات تومۇرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىككىسى يۇقىرىغا، ئىككىسى تۆۋەنگە، يەنە بىرسى توغرىسىغا سوزۇلغان. توغرىسىغا سوزۇلغان قانات تومۇرى سارغۇچ قىزىل رەڭدە ئۇ ئەڭ ئاساسلىق زاپچاس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سازنىڭ كامالچىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ بىرنەچچە تال ئىنچىكە پۇرمىلىرىنىڭ ئارىلىقىغا ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈپلا چۈشىنەلەيمىز. قالقان قانىتىنىڭ باشقا جايلىرىدا ئانچە توم بولمىغان بىرنەچچە قانات تومۇرى بار، ئۇلار يېيىلغان قانات پەردىسىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

سول قالقان قانىتى ئاستى قالقان قانىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئوڭ قالقان قانىتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، سول قالقان قانىتىدىكى كامالچە، قاداق ھەمدە قاداقتىن چېچىلغان قانات تومۇرى قانات پەردىسىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە بولىدۇ. ئوڭ، سول ئىككى قالقان قانات يانتۇ يۆنىلىشتە كېسىشىپ تۇرىدۇ.

قارا چېكەتكىنىڭ سايرىشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئىككى قالقان قانىتى باشتىن - ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، بەئەينى كەڭ يەلكەنگە ئوخشايدۇ. ئىككى پارچە قانات پەردىسىنىڭ پەقەت ئىچ تەرىپىدىكى گىرۋىكىلا بىر - بىرىگە قاتلىنىپ تۇرىدۇ. ئىككى كامالچىنىڭ بىرى ئۈستىدە، بىرى ئاستىدا بولۇپ، يانتۇ يۆنىلىشتە قايچىلىشىپ سۈركىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېچىلىپ تۇرغان ئىككى پەردە ئاۋاز چىقىرىپ تەۋرىنىدۇ.

ئۈستىدىكى قالقان قاناتنىڭ كامالچىسى ئاستىدىكى قالقان قاناتنىڭ ئۈستىگە سۈركىلىدۇ، ئوخشاشلا ئاستىدىكى قالقان قاناتنىڭ كامالچىسى ئۈستىدىكى قالقان قاناتنىڭ ئۈستىگە سۈركىلىدۇ؛ سۈركىلىش نۇقتىسى بەزىدە قوپال قاداقتا بولىدۇ، بەزىدە تۆت دانە تەكشى نۇر شەكىللىك قانات تومۇرىنىڭ مەلۇم بىرسىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئاۋاز چىقارغاندا ئاۋاز تېمبىرىدا

ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ مەسىلىنى قىسمەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ قورقۇنچاق ھاشارات ئېھتىيات ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئاۋازى ھېلى ئۇياقتىن، ھېلى بۇياقتىن، ھېلى باشقا بىر ياقتىن ئاڭلىنىپ، كىشىدە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئاۋازنىڭ كۈچلۈك - ئاجىز ئۆزگىرىشى، ئاۋاز تېمبىرىنىڭ جاراڭلىق - جاراڭسىز ئالمىشىشى ھەممىدە بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئارىلىق ئۆزگىرىش سېزىمى، مانا بۇلار كىشىگە خىيالىي تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەلۋەتتە يەنە باشقا ئامىللارمۇ بار، ئۇ ئامىللارنى بايقاش ئانچە قىيىن ئەمەس. قالقان قانىتى كۆتۈرۈلسە، ئاۋازى جاراڭلىق چىقىدۇ؛ قالقان قانىتى تۆۋەنلىسە، ئاۋازى جاراڭسىز چىقىدۇ. قالقان قانىتى پەسكە بېسىلغاندا، ئوڭ - سول قاپارتما قىرى ئوخشىمىغان ئېگىزلىكتە تېنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلايدۇ، مانا بۇ تەۋرىنىش ئورنىنىڭ ھەجىمىنى زور دەرىجىدە كىچىكلىتىۋېتىدۇ، شۇنداقلا ئاۋازنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بارماقنى ئۇرۇلغان ئەينەك رومكىغا يېقىنلاشتۇرساق، ئاۋاز جاراڭسىزلىشىدۇ، ئانچە ياڭراق چىقمايدۇ؛ بىراق، خىرە چىققان ئاۋاز ئاڭلىماققا يىراقتىن كەلگەندەك بىلىنىدۇ. بىزنىڭ بوز رەڭلىك قارا چېكەتكىمىز ئاكۇستىكىنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغان. ئۇ تەۋرىنىش پىلاستىنكىسىنىڭ قاپارتما قىرىنى قورسىقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چاپلىسىلا، ئۇنى ئىزدىگۈچىلەر قايمۇقۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ سازلىرىمىزدا ئاۋاز پەسەيتكۈچ ۋە ئاۋاز يوقاتقۇچ بار، ئىتالىيە قارا چېكەتكىسىنىڭ ئاۋاز پەسەيتكۈچى ۋە ئاۋاز يوقاتقۇچى بىزنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، شۇنداقلا ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىزنىڭكىدىن كۆپ ئاددىي، ئۇنۇمى بىزنىڭكىدىن ياخشى. يېزا - قىشلاقلاردىكى قارا چېكەتكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىرىمۇ ئاۋاز ئاجىزلاتقۇچ ئىشلىتىدۇ، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئوخشاشلا قالقان قاناتنىڭ قاپارتما قىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

قورسىقىنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى قىسمىنى تۇتۇش. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچقايسىسى ئىتالىيە قارا چېكەتكىسىدەك يالغاننى راستتەك كۆرسىتىدىغان ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئايىغىمىزدىن شەپە چىققاندا چۆچۈگەندەك بولىمىز، بۇ ئەمەلىيەتتە ئارىلىق خىيالىي تۇيغۇدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ھاشاراتنىڭ سايرىشى ئارىلىق خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىپلا قالماستىن، يەنە يېقىملىق ياڭراق ئاۋاز شەكلىدە پەيدا بولىدىغان ساپ ئاۋاز تۇسىگە ئىگە. ئاۋغۇست كېچىلىرىدىكى چەكسىز تىنچ كەيپىيات ئىچىدە ھېچقانداق ھاشاراتنىڭ ئىتالىيە قارا چېكەتكىسىدەك ياڭراق ۋە يېقىملىق سايرايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. مەن روزىمارىيەنىڭ دالدىسىدا، مولايىم ئاي قىز دوستۇمنىڭ ھەمراھلىقىدا، پۈتۈن زېھنىمنى قويۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن «تاشزارلىق» كونسېرتىنى قانچە قېتىملاپ ئاڭلىغانلىقىم ئېسىمدە يوق!

قارا چېكەتكە قورۇق تامنىڭ ئىچىدە زور مىقداردا كۆپەيدى. ھەربىر دەستە قىزىل گۈلگە بۇ ھاشاراتنىڭ ھەربىي ئوركېستىر ئەزالىرى ئورۇنلاشتى؛ ھەربىر دەستە ئۈستىقۇدۇسقا بۇ ھاشاراتنىڭ يېقىن ھەمراھلىرى ئورۇنلاشتى. بۈك ـ باراقسان ياۋا بۆلجۈرگەنلىك ۋە تېرېبىنت دەرىخى سازەندىلەرنىڭ ئارامگاھىغا ئايلاندى. كىچىك دۇنيانىڭ بۇ بارلىق ئەزالىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئۆزئارا سوئال سورىشاتتى، ئۆزئارا جاۋاب بېرىشەتتى. بۇ باشقا بىر ئىش بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئارىيەسىگە قۇلاق سالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن قانغۇچە ناخشا ئېيتىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئېگىزدە ــ ئۈستۈمدە ئاق قۇ يۇلتۇز تۈركۈمى سامانيولىدا ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى نامايان قىلماقتا؛ پەستە ــ ئەتراپىمدا ھاشاراتلارنىڭ سىمفونىيەسى ئاۋاز دولقۇنىنى ئۆركەشلەتمەكتە.

ئالتۇن كۆز ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزهار قىلىپ، يۇلتۇزلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىنى ئۇنتۇغانىدى. بىز ئاسماننىڭ كۆزىنى بىلمەيمىز، ئۇلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى، ئۇلار بىزگە تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇ كۆزلەر جىمجىت تۇرغىنى بىلەن، بىزگە يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى.

ئىلىم - پەن بىزگە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى، سۈرئىتىنى، سۈپىتىنى، ھەجمىنى بايان قىلىپ بەردى؛ ئىلىم - پەن بىزنى سانسىزلىغان رەقەملەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ بىھېسابلىقى، چەكسىزلىكى، بىپايانلىقى بىلەن ھەيران قالدۇردۇ. بىراق، ئىلىم - پەن ھېچقانداق قىلىپمۇ ھەقىقىي ھېسسىياتىمىزنى قوزغىيالمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئىلىم - پەندە ئاشۇنداق سىر — ھاياتلىق سىرى يېتەرسىز. ئاسماندا نېمە بار؟ قۇياش نېمىنى ئىسسىتىدۇ؟ ئەقلىيلىك بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئاسماندا بىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئىنسانلار بار؛ يەنە چەكسىز ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن يەر شارى بار. كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بۇ ئالەم قارشى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنىلا نوقۇل قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق پاكىت ئاساسى يوق. تولۇق پاكىت دېگىنىمىز تەخىداشسىز ئىسپات دېگەنلىك بولۇپ، بارلىق ئادەملەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. «ئېھتىمال»، «ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن» دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى «روشەنلىك» نى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. روشەن نەرسىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مۇكەممەل ئىسپاتقا ئىگە بولىدۇ.

ئېھ! قارا چېكەتكىلىرىم، سىلەر ھەمراھ بولغاچقىلا ھاياتلىقنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن. ۋاھالەنكى، پانىي دۇنيادىكى بىزدەك لايدىن پۈتكەن يارالمىشنىڭ روھى دەل ھاياتلىق ئەمەسمۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك مەن روزىمارىيە چىتلىقىغا مەپتۇن بولۇپ، ئاق قۇ يۇلتۇز تۈركۈمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەزىرىمنى ئانچە ئاغدۇرماي، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى سىلەرنىڭ سىمفونىيەڭلارغا بېغىشلىدىم.

ھاياتلىق قويۇلغان، خۇشاللىق ھەم قايغۇنى بىلدىغان ئازغىنا ئاقسىلنىڭ قىممىتى چەكسىز ئىپتىدائىي ماددىي ماتېرىيالدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

# تولىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان
# قارىغاي پەرۋانىسى

بارۇچى يامان غەرەز بىلەن ئۇ قوينى دېڭىزغا تاشلىۋېتىدۇ، نەتىجىدە سودىگەر داندېنونىڭ قويلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر - بىرلەپ دېڭىزغا سەكرەيدۇ[1]. رابېلېيسنىڭ ئېيتىشىچە: «دۇنيا بويىچە ئەڭ ھاماقەت قوي ھەمىشە سەركىگە ئەگىشىپ، سەركە نەگە بارسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە بارىدىكەن». قارىغاي پەرۋانىسىنىڭ ھەرىكىتى ھاماقەتلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە بويسۇنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەگىشىش خۇسۇسىيىتى قوينىڭكىنى بېسىپ چۈشىدۇ: ئەڭ باشتىكى قارىغاي پەرۋانىسى بېسىپ ئۆتكەن جايدىن باشقا ھەمراھلىرىمۇ ھەم قىستىلىشماي، ھەم ئارىلىق قالدۇرماي ئۆتىدۇ.

قارىغاي پەرۋانىسى خۇددى ئايغى يوق ئۇزۇن ئارغامچىدەك قاتار تىزىلىپ، بىرى بېشىنى ئالدىدىكى بىرىنىڭ قۇيرۇقىغا تەگكۈزۈپ ماڭىدۇ. سەپكە باشلامچى بولۇپ ماڭغان قارىغاي پەرۋانىسى خالىغانچە لەلەڭلەپ ئۆزگىرىشچان مۆرەككەپ ئىز قالدۇرىدۇ، ئەگەشكۈچىلىرى قىلچە بىخەستەلىك قىلماستىن ئۇنىڭ ئىزىغا دەسسەپ ماڭىدۇ. قەدىمكى گىرېتسىيەلىكلەر

[1] ئاپتور فىرانسىيەلىك مەشھۇر گۇمانىزم يازغۇچىسى رابېلېيسنىڭ «گىگانتلارنىڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلغان بىر ۋەقەلىكنى نەقىل كەلتۈرگەن.

ئۆزۈن قاتار بولۇپ ئېلىيوسىس شەھىرىدىكى دېمېتىرى ئىبادەتخانىسى① نى تاۋاپ قىلغىلى بارغاندىمۇ، قارىغاي پەرۋانىسىدەك ماڭغان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر قارىغاي غاجايدىغان بۇ ھاشاراتنى تىزىلىپ ماڭىدىغان قارىغاي پەرۋانىسى دەپ ئاتىغان.

قارىغاي پەرۋانىسىنى ئۆمۈر بويى داردا ماڭىدۇ دېسەك، بۇ تەبىر ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى رەسمىي ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ھاشارات پەقەت ئۆزۈن تارتىلغان ئارغامچىدىلا ماڭىدۇ. بۇ ئارغامچا ئۇلارنىڭ بىر تەرەپتىن مېڭىپ، بىر تەرەپتىن ياتقۇزۇپ ماڭغان رېلىسى. تاسادىپىي باشلامچى بولۇپ قالغان قارىغاي پەرۋانىسى شۆلگىيى ئارقىلىق بۇ ئۆزۈلمەس ئۆزۈن ئارغامچىنى تارتىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىقارار سۇس ئوي - پىكرى بويىچە يول ئېچىپ ماڭىدۇ، شۇنداقلا ئېغىزىدىن چىققان ئۆزۈن ئارغامچىنى تارتقاچ ماڭىدۇ. بۇ ئارغامچا ھەقىقەتەن ئىنچىكە بولۇپ، لوپا ئەينەك بىلەن كۆزەتكەندىمۇ ئانچە روشەن كۆرۈنمەيدۇ.

مۇشۇ رېلىسنى بويلاپ ئىككىنچى قارىغاي پەرۋانىسى يېتىشىپ ماڭىدۇ ۋە يەنە بىر ئىنچىكە ئارغامچا ئۇلاپ ماڭىدۇ؛ ئۈچىنچى قارىغاي پەرۋانىسىمۇ يەنە بىر ئىنچىكە ئارغامچا ئۇلاپ ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ سانسىزلىغان قارىغاي پەرۋانىسى ئۆزىنىڭ ئىنچىكە ئارغامچىسىنى يولغا تاشلاپ ماڭىدۇ. قارىغاي پەرۋانىسى مانا مۇشۇنداق ئۆزۈن قوشۇن بولۇپ تىزىلىپ ماڭغاندا قالدۇرغان ئىزى تار يىپەك لېنتا ھاسىل قىلىدۇ، يىپەك لېنتا يالت - يۇلت چاقناپ، قۇياشنىڭ نۇرىنى قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز ئىنسانلارنىڭ ياسىغان يولىمىز ئۇلارنىڭكىدەك

---

① ئېلىيوسىس شەھىرى ئافىنا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئۇ جايدا مول - ھوسۇل ئىلاھەسى دېمېتېرىنىڭ ئىبادەتخانىسى بار. قەدىمكى گرېتسىيە دەۋرىدە زور تۈركۈمدىكى ئادەملەر ھەر يىلى ئۇ يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلاتتى، قوشۇن رەتلىك ۋە تەنتەنىلىك سۈكۈناتتا تىزىلاتتى.

ھەشەمەتلىك ئەمەس، ئۇلار يولنى شېغىل تاش بىلەن ئەمەس، بەلكى يىپەك بىلەن ياسايدۇ. بىز يولغا شېغىل تاش يېيىتىپ ئاندىن تولۇق بىلەن چىڭداپ تۈزلەيمىز؛ ئۇلار بولسا يۇمشاق يىپەك تاۋار ياتقۇزىدۇ. پۈتكۈل يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ قۇرۇلۇشقا ھەربىر يولۇچىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسى مۇجەسسەملەشكەن.

بۇنچىۋالا ھەشەمەتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئەجەبا ئۇلار قىممەت ئەسلىھەلەرگە تايانمىسا، باشقا ھاشاراتلاردەك ماڭالماسمىدى؟ بايقاپ كۆرسەم، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشىدا ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار ئىكەن. توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان قارىغاي پەرۋانىلىرى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن قارىغاينىڭ يوپۇرمىقىنى غاجاشقا ئاتلىنىدۇ. تولۇق قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇلار شاخ ئۇچىغا جايلاشقان ئۇۋىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ياپراقسىز غول شاخقا يامىشىپ، يان شاختىكى تېخى غاجىلانمىغان يوپۇرماققا چۈشىدۇ؛ ئۈستىدىكى شاخلارنىڭ يوپۇرمىقىنى غاجىلاپ بولۇپ، ئاستىدىكى ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ؛ ئاخىرىدا يەنە غاجىلانمىغان بىر شاخچىدىكى يوپۇرماقنى بويلاپ، يۇقىرىغا قاراپ ئۆمىلەپ، كۆپكۆك يوپۇرماقلارغا بۆلۈنۈپ ئارام ئالىدۇ.

ئۇلار كېلىپ كېچىنىڭ سوغۇقى باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئۇۋىسىغا قايتىدۇ. قارىغاي پەرۋانىلىرى قايتىدىن رەتلىك تىزىلىپ بىر - بىرى بىلەن يېقىن ئارىلىق ساقلايدۇ. بۇ ئارىلىق گەرچە ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ، ئەمما يولۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر قەدەممۇ ھالقىمايدۇ. ئۇلار بىر تۈت كوچا ئېغىزىدىن يەنە بىر تۈت كوچا ئېغىزىغا بارىدۇ، يوپۇرماقتىن چوڭ شاخقا چۈشىدۇ، چوڭ شاختىن ئارا شاخقا چۈشىدۇ، ئارا شاختىن يەنە ئاساسىي شاخقا چۈشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن گىرۋەك - بۇرجەكلەردىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قونالغۇسىغا

قايتىدۇ. مۇشۇنداق ئۇزۇن ھەم ئەگرى ـ توقاي مۇساپىنى بېسىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەنلىكتىن، كۆزىنىڭ رولى چوڭ بولمايدۇ. قارىغاي پەرۋانىسىنىڭ باش قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەشتىن كۆزى بولسىمۇ، بىراق كۆزىنىڭ بەك كىچىك بولغاچقا، لوپا ئەينەك تاقىسىمۇ نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلىشى تەس، كۆرۈش دائىرىسىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. شۇنداق ئىكەن بەش بارماقنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇدا بۇ ئاجىز بىچارە كۆز نېمە رول ئوينىيالىسۇن؟

پۇراش سېزىمىمۇ ئوخشاشلا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان قارىغاي پەرۋانىسىنىڭ پۇراش سېزىم ئەزاسى بارمۇ ـ يوق؟ بۇنىسى نامەلۇم. مەندە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئىرادە بولمىسىمۇ، ئەمما ھۆكۈم قىلالايمەنكى، ئۇلارنىڭ ناچار پۇراش سېزىمى نىشانغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. مەن بىرنەچچە ئاچ قورساق قارىغاي پەرۋانىسىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم. خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە مەن بۇ بىرنەچچە قارىغاي پەرۋانىسىغا ئوزۇق بەرمىگەن بولسامىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر ئارا شاخنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنتىلىشنىڭ بارلىقى سېزىلمىدى، توختايدىغان ئەلپازمۇ يوق ئىدى. ئۇلارغا پەقەت تېگىشىش سېزىمىلا ئۇچۇر يەتكۈزەلەيدۇ. بۇ بىرنەچچە ھاشاراتقا يايلاقتىكى يېمەكلىككە ئېغىز تېگىش نېسىپ بولمايتتى. شۇڭا، قورسىقى ئېچىپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ، قارىغاي تەرەپكە بارمايتتى. ئۇلار يېمەكلىك پۇرىغان تەرەپكە ماڭماستىن، بەلكى يېرىم يولدا شاخ يوپۇرماق ئۇچراپ قالسا، ئاندىن توختايتتى.

كۆرۈش سېزىمى ۋە پۇراش سېزىمى بولمىغان ئەھۋالدا، قانداق نەرسە ئۇلارنى ماكانىغا قايتىش يولىغا باشلاپ ماڭىدۇ؟ يەنىلا يولدا قېلىپ قالغان ئىنچىكە ئارغامچا. ئارىئادىي كىرېت ئارىلىدىكى ئېزىتقۇ سارايدا تېسىيۇسقا ئارغامچا بەرمىگەن

بولسا، ئۇ يولدىن ئېزىپ قالاتتى[1]. بۆك ـ باراقسان ئۆسكەن قارىغايلارنىڭ ساناقسىز يوپۇرمىقىمۇ كېچىدە ئېزىتقۇ سارايغا ئايلىنىپ، غەلىتە مەخلۇق مىنوتالوسنىڭ ئېزىتقۇ سارىيىغا ئوخشاش يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرۈش تەس بولۇپ قالغان. توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان قارىغاي پەرۋانىسى يىپەك يىپقا تايىنىپ يولنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ، شۇڭا يولدىن ئېزىپ قالمايدۇ. ماكانىغا قايتىدىغان چاغدا، ھەربىر قارىغاي پەرۋانىسى ئۆزىنىڭ يىپەك يىپىنى ياكى يېنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر تال يىپەك يىپىنى ئاسانلا تاپالايدۇ. ھاشارات توپى تارقىغان چاغدا، بۇ يىپەك يىپلاردىن يەلپۈگۈچسىمان تور ھاسىل بولىدۇ. قايتىدىغان چاغدا تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كەتكەن پەرۋانىلەر بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق ئىشلىتىدىغان يىپەك لېنتا ئۈستىگە يىغىلىپ ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلىدۇ. ئورتاق ئىشلىتىدىغان يىپەك لېنتىنىڭ مەنبەسى دەل پەرۋانە ئۇۋىسىغا تۇتىشىدۇ. قورسىقىنى تويدۇرۇپ بولغان كارۋان ئەھلى بۇ خىل ئىشەنچلىك چارىغا تايىنىپ يەنە ئۆزىنىڭ كىچىك قەلئەسىگە قايتىدۇ.

بەزىدە ھەتتا قىش پەسلىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىدە، ئۇلار كۈندۈزدىمۇ ئۇزۇن سەپەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. ئۇلار دەرەختىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ تەۋەككۈلچىلىك قىلغاندا، قوشۇندىكى ھەربىر ئەزانىڭ ئارىلىقى ئۆزىنىڭ ئەللىك قەدىمىچىلىك كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ساياھەتكە چىقىشىدىكى مەقسىتى يېمەكلىك ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، چۈنكى يۇرتىدىكى ئۇ دەرەخ ھەرگىز قۇرۇپ قالمايدۇ: ئۇلارنىڭ غاجىلىغان

---

[1] يۇنان ئەپسانىلىرىدا مۇنداق ھېكايە بار. قەھرىمان تېسيۇس كېرېت پادىشاھىنىڭ ئېزىتقۇ سارىيىغا كىرىپ، يېرىم ئادەم، يېرىم كالا تەنلىك غەلىتە مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈپ، كىرگەندە تاشلاپ ماڭغان ئارغامچىنى بويلاپ قايتىپ چىقىدۇ. بۇ ئارغامچىنى كېرېت مەلىكىسى ئارىئادنې تەييارلاپ قويغان، ئىشتىن بۇرۇن قەھرىمانغا بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوپۇرماقلىرى پەقەت تولۇق يېتىلىپ بولغان يوپۇرماق توپىدىنلا ئىبارەت. يەنە كېلىپ، كەچ بولماي تۇرۇپ ئۇلار ھەرگىز غىزا يېمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۈندۈزدە يىراققا بېرىپ ساياھەت قىلىشىدا باشقا مەقسەت يوق، پەقەت بەدەن چېنىقتۇرۇشنىلا ھەمدە تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق يېقىن ئەتراپتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇشنىلا كۆزلەيدۇ، كەلگۈسىدە ئۆزىنى توپىغا كۆمۈپ شەكىل ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ.

ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇ زور كۆلەملىك قوشۇن پائالىيىتىدە ئارغامچىنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ بۇ دەقىقىدىكى رولى ھەرقانداق ۋاقىتتا سېلىشتۇرغاندا كەم بولسا بولمايدۇ. بارلىق ئەزالار ئۆزىنىڭ يىپ چىقىرىش ئەزاسىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىدۇ، بۇ خۇددى ئىلگىرىلىگەن ھامان چوقۇم بويسۇنىدىغان كونا قائىدىگە ئايلىنىپ قالغان. ئالدىغا بىر قەدەملا ئىلگىرىلىگەن ھەرقانداق پەرۋانە ئېغىزىغا ئېسىلغان يىپنى يولغا تاشلىماي قويمايدۇ.

تىزىلغان پەرۋانە قوشۇنى مۇئەييەن ئۇزۇنلۇققا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا، يىپەك لېنتىسى يوغىناشقا باشلايدۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ لېنتىنى تۇتۇپ تېپىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان پەرۋانە ئەزەلدىن ئارقىسىغا قايتمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنچىكە ئارغامچىسى ئۈستىدە ھەرگىزمۇ بىر يۈز سەكسەن گىرادۇس بۇرۇلۇشنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ.

كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئالدى بىلەن قايتىپ كېتىش يولىغا يىپەك لېنتا قۇسۇشى كېرەك. قايتىش يولىنىڭ ئەگرى - توقايلىق دەرىجىسى ۋە ئايلىنىش دەرىجىسىنى كارۋان بېشى ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، پەرۋانە قوشۇنى تۇرۇپ تەمتىرەپ

قالىدۇ، تۇرۇپ ئىككىلىنىپ قالىدۇ، بەزىدە ھەتتا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. نەتىجىدە پۈتۈن قوشۇندىكى پەرۋانىلەر سىرتتا تۈنەيدۇ. سىرتتا تۈنىگەننىڭمۇ ھېچقانداق زىيىنى يوق. كۆپچىلىك غۇژمەك بولۇشۇپ، تەنلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ، مىدىر - سىدىر قىلماي بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئەتىسى ياكى بالدۇر، ياكى كېيىن قايتىش سەپىرىنى قايتىدىن باشلايدۇ. بەختىگە يارىشا، قايتىش يولىدىكى يېپەك لېنتا ھەمىشە كەلگەن يولدىكى يىپەك لېنتا بىلەن ئۆزئارا ئۆچرىشىپ قالىدۇ. ئۇ رېلىسنى بىرىنچى بولۇپ دەسسەپ قالغان پەرۋانە ھەرگىزمۇ لىڭتاسىملىق قىلمايدۇ، پەرۋانە قوشۇنى سۈرئەتنى تېزلىتىپ، چوڭ - چوڭ قەدەم بىلەن ماكانىغا قايتىدۇ.

يىپەك تارتىپ يول ياساشنىڭ رولىنى باشقا بىر نۇقتىدىن يەنىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە بولىدۇ. قىش پەسلىدە قارىغاي پەرۋانىسى قەھرىتان سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاكوپ توقۇپ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىدۇ، ناچار ھاۋا رايىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلار خىزمەتنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇ چاغدا يىپەكتە توقۇلغان ئاكوپتا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بوران قارىغاي دەرىخىنى قاتتىق پۇلاڭلاتقاندا، لىڭشىپ تۇرغان شاخ ئۇچىدا، بىر پەرۋانە قوسقان يىپەك ماتېرىيالىغىلا تايانسا، ئۆزىنى قوغداش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ. مۇستەھكەم بىر ماكان، يەنى قاردىن، بوراندىن، مۇز ۋە قىرووۋدىن مۇداپىئەلىنەلەيدىغان بىر ماكان، قورۇش ئۈچۈن، چوقۇم كۆپچىلىكنىڭ ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەت بارلىق يەككە ئىقتىدارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشكە بولىدىغان كەڭ، ئازادە ئىمارەت قۇرۇپ چىقالايدۇ.

ئىمارەت قۇرۇپ چىقىشقا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ھاۋا رايى شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋالدا، ھەر كۈنى كەچتە ئەمگەك قىلىپ، قۇرۇلمىسىنى چىڭىتىشقا، بوشلۇقنى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، قەھرىتان قىش تېخى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرلاشمىغان، بۇ ھاشارات يەنىلا پەرۋانە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئەمگەكچىلەر چوقۇم سەمىمىي ھەمكارلىشىشى لازىم. مەخسۇس تەدبىر بولمىسا، ھەر قېتىملىق كېپىنەك سەپەردە ئۇلار پارچىلىنىپ كېتىشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئىشتىھاسى تۇتۇپ كەتكەن چاغدا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شەخسىيەتچىلىك قىلىدۇ. پەرۋانىلەر يىراق - يېقىن بۆلۈنۈپ يېقىن ئەتراپتىكى ھەرقايسى يوپۇرماقتا تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا غاجىلايدۇ. ئىككىدىن - ئۈچتىن بىر توپ بولۇۋالغان قارىغاي پەرۋانىسى قانداق قىلىپ قايتىدىن ئىجتىمائىي توپ شەكىللەندۈرەلەيدۇ؟

ھەربىر قارىغاي پەرۋانىسى ئۆز يولىدا يىپەك يىپ قالدۇرۇپ ماڭىدۇ، مانا مۇشۇ يىپەك يىپ بارلىق ئەزالارنى ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا ئاسانلا قايتىدىن ئىجتىمائىي توپقا ئايلاندۇرالايدۇ. ئاشۇ يىپەك لېنتا بولسىلا، مەيلى بىر - بىرىنىڭ ئارىلىقى قانچە يىراق بولسۇن، بارلىق پەرۋانىلەر ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قايتالايدۇ، ئەزەلدىن ئادىشىپ قالمايدۇ. يېقىن جايدىن، يىراق جايدىن، ئۈستىدىن، ئاستىدىن، توپ - توپ ئىنچىكە شاخچىلاردىن ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە قايتىدىن بىر يەرگە يىغىلىدۇ. يىپەك يىپ ئىشلىتىش يول ياساش تەدبىرىدىن ئەۋزەل، بۇ يىپەك يىپ جەمئىيەتنى، زىچ ئۇيۇشقان ئورتاق گەۋدىدىكى ھەرقايسى ئەزالارنى باغلاپ تۇرىدىغان تور.

قوشۇننىڭ ئۆزۈن - قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان قارىغاي پەرۋانىسىنىڭ بىرسى ئالدىدا ماڭىدۇ. كېيىنكى كونتېكىستتا، بىرىنچى بولۇپ ماڭغان بۇ پەرۋانىنى «ھەربىي قوماندان» ياكى «قوشۇن باشلىقى» دەپ ئاتايمەن. بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق سۆز تاپالمىغاچقا، «قوماندان»، «باشلىق» دېگەن سۆزنى ئىشلەتسەم باشقىچە مەنە بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەرۋانە بىلەن باشقا پەرۋانىلەرنىڭ

ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ھەر خىل تىزىلىش شەكلىدىكى قوشۇندا ئۇ تاسادىپىي بىرىنچى قاتارغا تىزىلىپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەب يوق. توپلىشىپ تىزىلغان قوشۇندا بارلىق قوشۇن باشلىقىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق بولىدۇ. كۆپچىلىكنى باشلاپ مېڭىۋاتقان ھازىرقى باشلىق سەل تۇرۇپ باشلانغۇچىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى نېمە سەۋەبتىندۇر قوشۇن شەكلى قالايمىقانلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن قوشۇن ئەسلىدىكى قوشۇنغا ئوخشىمايدىغان ھالەتتە تىزىلىدۇ.

قوشۇن باشلىقلىقى ۋاقىتلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان پەرۋانىنىڭ پوزىتسىيەسى باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. باشقا پەرۋانىلەر پاسسىپ ھالدا قوشۇنغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، بىراق قوشۇن باشلىقى ئەنسىزلىك ئىچىدە ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ماڭىدۇ. ئۇ گويا بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلەۋاتاتتى. ئۇ راستلا يەر شەكلىنى چارلاۋاتقانمىدۇ؟ ياكى ئەڭ ياخشى جاي تاللاۋاتقانمىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدىن قارىغاندا مېڭىۋاتقان يولدا تېخى يىپەك يىپ يوق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتقان باشقا ئەزالار ئىنتايىن خاتىرجەم كۆرۈنەتتى، ئۇلار يىپەك يىپنى تۇتۇۋېلىپ، ئازراقمۇ جىددىيلىك ھېس قىلمايتتى. قوشۇن باشلىقىنىڭ غەم ـ ئەندىشىدە قېلىشىدا، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك يوق ئىدى!

قوشۇن باشلىقىنىڭ ھەم قارا ھەم پارقىراق مېڭىسىنىڭ زادى نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەقەت ئۇقالمىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مېڭىسىنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن. بۇ ھاشارات ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە تايىنىپ قاتتىق ھەم قوپال نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ، زىيادە سىلىق جىسىملارنىڭ ئۈستىدە كۆچلۈك ئۇۋاقسىمان نەرسىلەر بولمىسىلا، باشقا ئۆزۈن

سەپەر قىلغۇچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن يىپەك يىپنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۇرەلەيدۇ. گەرچە مەن توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان پەرۋانىلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇچرىشىپ تۇرغان بولساممۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پىسخىك ئەھۋالىنى مۇشۇنچىلىكلا بىلەلىدىم. ئۇلارنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدۇ، ئۇ بىچارىلەر پەقەت بىر تال يىپەك يىپقا تايىنىپلا دۆلىتىنى قوغدايدۇ!

تىزىلغان قوشۇننىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بار، مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇنى تەخمىنەن ئون ئىككى مېتىر، ئۈچ يۈزدەك پەرۋانىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ تىزىلىشى ئىنتايىن رەتلىك بولۇپ، قارىماققا ئېگىز - پەس ئۇزۇن ئارغامچىغا ئوخشايدۇ. تىزىلغان قوشۇن ئىككى دانە پەرۋانىدىنمۇ تەركىب تاپىدۇ، شۇنداق بولغاندىمۇ يەنىلا ئىنتايىن تەرتىپلىك، كەينىدىكى بىرى ئالدىدىكىسىگە يېقىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. فېۋرالدىن باشلاپ پارنىكىمدا ئوخشىمىغان كۆلەمدىكى پەرۋانە قوشۇنى بار بولىدۇ. مەن ئۇلارغا بەزى قىيىن سوئاللارنى چىقىرىپ بەرسەم قانداق؟ پەقەت ئىككىلا سوئال چىقاردىم: بىرى، يول باشلايدىغان پەرۋانىنى چىقىرىۋەتتىم، يەنە بىرى، يول باشلايدىغان يىپەك يىپنى ئۈزۈۋەتتىم.

قوشۇن باشلىقىنى چىقىرىۋەتسەممۇ ھېچقانداق كۆرۈنەرلىك تەسىرى بولمىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى بىمالال ئىشلەپ، پەرۋانىلەرنى ئۈركۈتۈۋەتمىسەملا، قوشۇننىڭ قەدىمىدە ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق پەيدا بولمىدى. ئىككىنچى ئورۇنغا تىزىلغىنى قوشۇن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بارلىق مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يەتتى: ھەم يول تاللاشقا، ھەم يول باشلاشقا، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەم ئىككىلىنىشكە، ھەم ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

يىپەك يىپنى ئۈزۈۋەتسەممۇ ھېچقانداق تەسىرى بولمىدى.

قوشۇننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن بىر پەرۋاننى ئېلىۋېتىشنى كۆزلىدىم، توپ قوشۇننى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بۇ پەرۋاننىڭ ئاستىدىكى يىپەك لىنتىنى قايچا بىلەن كېسىپ پاكىز تۈزلىۋەتتىم. قوشۇننى بۆلۈۋەتكەندىن كېيىن، ئوخشىمايدىغان ئىككى قوشۇن باشلىقى پەيدا بولدى. بىراق، كېيىن ئارقىدىكى قوشۇن باشلىقى ئالدىدىكى قوشۇننىڭ يىپەك لىنتىسىغا تېزلا يېتىشىۋېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار بىلەن ئالدىدىكى قوشۇننىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن. شۇنداق قىلىپ، بىر مەھەل يېڭىچە تۈسكە كىرگەن شەيئى يەنە ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى.

تېخىمۇ چوڭ ئېھتىماللىق شۇكى، يۇقىرىدىكى ئىككى بۆلەك قوشۇن ئەمدى ئۇلىنالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشۇننىڭ چەك - چېگراسى ئېنىق ئايرىلىپ ماڭغانسېرى، بىر - بىرىدىن يىراقلاشتى. بىراق شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئىككى قوشۇن ئەڭ ئاخىرىدا چوقۇم ماكانىنى تاپالايدۇ، چۈنكى ئۇلار تەرەپ - تەرەپتە كېزىپ يۈرسىمۇ بەرىبىر ھېلىقى ئۈزۈكنىڭ ئارقا تەرىپىگە بارىدۇ، شۇ ئارقىلىق ماكانىغا قايتىدىغان يىپەك لىنتىنى قايتىدىن بايقايدۇ.

بىراق، بۇنداق ئىككى تەجرىبىنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق. مەن ئەتراپلىق پىلانلانغان يەنە بىر تەجرىبىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرگەن. مەن پەرۋانىلەرنى ھالقىسىمان تۈيۈق يولدا ماڭدۇرۇشنى پىلانلىدىم. بۇ مەندىن ئايلانمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي يىپەك لىنتىنى ۋاقتىدا بۇزۇۋېتىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يىپەك لىنتا ئايلانما يولنى غول لىنىيەگە باشلايتتى. ئەگەر ئاچال بولمىسا پاراۋۇز باشتىن - ئاخىر ھالقىسىمان يولنى ئايلىنىۋېرىدۇ. ئەگەر توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان پەرۋاننىڭ ئالدى توساقسىز بولسا، يولى ئەۋرىشىم ھەم پارقىراق بولىدۇ، ئاچال يولغا كىرىپ قالمايدۇ، ئۇنداقتا ئۇلار باشتىن - ئاخىر ئوخشاش بىر يولدىلا ماڭامدۇ؟ ھالقىسىمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

يولنى بويلاپ توختىماي ئايلىنىۋېرەمدۇ؟ مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىم، مۇشۇنداق ھالقىسىمان يولنى ياساش بولۇپ، بۇنداق يول ئادەتتە مەۋجۇت بولمايدۇ.

مېنىڭ ئەڭ دەسلەپ قوللانغان ئۇسۇلۇم: ۋاگوننىڭ كەينىدىكى يىپەك لېنتىنى موچىن بىلەن قىسىپ، ئازراقمۇ سىلكىمەستىن ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنى قوشۇننىڭ ئالدى تەرىپىگە قويدۇم. ناۋادا يول باشلىغۇچى پەرۋانە بۇ يىپەك يولغا دەسسەپ قالسا ئىش تامام ـ ۋەسسالام، باشقا پەرۋانىلەر چوقۇم ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ. بۇ مەشغۇلات نەزەرىيە جەھەتتە ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بەسى مۇشكۇل. يىپەك لېنتا ئىنتايىن يۇمشاق بولغاچقا، ئۇستىدىكى ئازراق قۇمغا تېگىپ كەتسىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، قوشۇننىڭ ئاخىرىغا تىزىلغان پەرۋانىلەر بىراۋنىڭ يىپەك لېنتىنى مىدىرلىتىشىدىن سىلكىنىش ھېس قىلىپ شۇ ھامان تۇگۇلۇۋالىدۇ، ھەتتا يىپەك لېنتىنى تاشلىۋېتىدۇ.

بىز يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز: قوشۇن باشلىقى ئالدىغا قويۇلغان يىپەك لېنتىنى قوبۇل قىلمايدۇ، يىپ ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭدا ئەندىشە پەيدا بولىدۇ. قوشۇن باشلىقى ئۈزۈلمىگەن لاياقەتلىك يىپەك يولنى تاپالمىسا، بەلگىلەنگەن يولدىن ئېغىپ ئالاقزەدە بولۇپ قاچىدۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە كاشىلا پەيدا قىلىپ، ئۇنى مەن بەلگىلىگەن يولغا باشلىسام، ئۇنداقتا ئۇ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، پۇت ـ قوللىرىنى تۈگۈۋېلىپ، جايىدىن مىدىرلىمايدۇ. ئارقىدىنلا پۈتۈن قوشۇن ساراسىمىگە چۈشىدۇ. مېڭىمىزنى ئىسراپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق: بۇ چارە ئانچە ئاقىلانە ئەمەس، بەلكى نوقۇل ھالدىكى قاتمال چارە.

قارىغاندا كاشىلا قىلىشقا بولمىغۇدەك، ھالقىسىمان يول تەبىئىي ياسالغان بولۇشى كېرەك ئىكەن. بۇ خىل ئېھتىماللىق

بارمۇ، يوق؟ بار. بىزنىڭ پەقەت كارىمىز بولمىسىلا، ئۇلار كۆڭۈلدىكىدەك بىر ھالقىسمان يولدا ھالقا شەكلىدە تىزىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئىنتايىن قالتىس ئىش بولۇپ، تۆھپە ماڭا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ئوبيېكتىپ مۇھىتقا مەنسۇپ.

قۇم ياتقۇزۇلغان ئېگىز تەكشىلىكتە ھاشارات ئۇۋىسى بىلەن تولغان قارىغاي دەرىخى بار، دەرەخنىڭ يېنىغا ۋىندىمىل پالمىسى ئۆستۈرۈلگەن ئىدىش قويۇقلۇق. ئىدىش ئېغىزىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. پەرۋانىلەر دائىم ئىدىشقا يامىشىپ، تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان ئىدىشنىڭ ئېغىزىغا چىقىدۇ. ئىدىش گىرۋىكى ئۇلارنىڭ توپلىشىپ ئۇزۇن تىزىلىشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. پەرۋانىلەر ئەمدى يەر يۈزىدىكىدەك ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، يەر يۈزى بوش قۇم دۆۋىسى ئىدى. بۇ يەنە ئېھتىمال ئىدىشنىڭ گىرۋىكى گورىزونتال ھالەتتە تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك. پەرۋانىلەر يامىشىپ ھېرىپ قالسا، تۈز قويۇلغان ئىدىش گىرۋىكىنىڭ ئۈستىدە خاتىرجەم ئارام ئالالايدۇ. ئىدىشنىڭ گىرۋىكى — دەل مەن ئىنتىزار بولۇۋاتقان ھالقىسمان يول ئىدى. مەن قىلىدىغان بىرلا ئىش قالدى، ئۇ بولسىمۇ پۇرسەت كۈتۈپ ئىش كۆرۈش. نەتىجىدە مەن ھېچقانچە كۈتمەيلا پۇرسەت يېتىپ كەلدى.

1896 ـ يىلى يانۋار ئاخىرلىشىشقا ئۈچ كۈن قالغان كۈنى چۈشقىچۈش ۋاقتىدا، مەن ناھايىتى نۇرغۇن ئەزالاردىن تەشكىللەنگەن پەرۋانە قوشۇنىنىڭ ئىدىشقا يامىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي بايقاپ قالدىم. ئالدىدا ماڭغانلىرى ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىدىش گىرۋىكىگە يېتىپ بارغانىدى. قوشۇن بىر ـ بىرلەپ مېڭىپ، ئىدىشنىڭ يان گىرۋىكىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ، ئىدىش گىرۋىكىگە ئارقا ـ ئارقىدىن چىققىلى تۇردى، ئاندىن توپلىشىپ تەكشى تىزىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا پەرۋانىلەر يەنە كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، قوشۇن داۋاملىق كېڭەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن بىر چەتتە تۇرۇپ يىپەك لىنتىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىنى كۆتۈۋاتاتتىم، يەنى ئىدىشنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ يامىشىۋاتقان قوشۇننىڭ ھالقىسىمان يولنى قايتىدىن ئايلىنىپ ماڭغان چاغدىكى كىرىش ئېغىزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتىم. چارەك سائەتتىن كېيىن ئۇلار ئايلىنىپ كەلدى. يۇمىلاق ھالقا بىلەن پەرقلەنمەيدىغان چىر ايلىق يول مانا مۇشۇنداق ھاسىل بولدى.

ئەمدى تېخىچە يامىشىپ چىقىۋاتقان پەرۋانىلەرنى قوغلىۋېتىش كېرەك، ئەگەر ئۇلار ئىدىشنىڭ گىرۋىكىگە زىيادە كۆپ يىغىلىۋالسا، قوشۇننىڭ ئەڭ ياخشى سەپ ھالىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىدىش دىۋارىغا ياسالغان بارلىق ئىنچىكە يىپەك يولنى، يەنى بايا ياسالغان ۋە بۇرۇن ياسالغان يولنىمۇ پاكىز تازىلىۋېتىش لازىم، بولمىسا ئۇلار ئىدىش ئېغىزى بىلەن يەر يۈزىنى تۇتاشتۇرۇۋالىدۇ. مەن ئالدى بىلەن چوڭ موي قەلەم بىلەن ئارتۇق ئەزالارنى سۈپۈرۈۋەتتىم، ئاندىن قاتتىق چوتكا بىلەن ئىدىش دىۋارىنى چوتكىلىدىم، ئاستى بىلەن ئۈستىنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يىپنى يوقىتىپلا قالماي، يەنە پەرۋانىلەرنىڭ ھىدىنىمۇ پاكىز تازىلىۋەتتىم. بەلكىم ھىدنى تازىلىۋېتىشىم تەجرىبىدە مەغلۇپ بولۇشۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. تەييارلىق خىزمىتى پۈتتى، بىز ئەمدى بىر مەيدان ئاجايىپ - غارايىپ ماھارەت كۆرەيلى. باش - ئايىغى تۇتاشقان ئايلانما قوشۇندا قوشۇن باشلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەربىر پەرۋانىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر پەرۋانە، ھەربىر پەرۋانىنىڭ كەينىدە يەنە بىر پەرۋانە، ھەممىسى ئالدىدىكى ھەمراھىنىڭ ئىزىنى دەسسەپ، كۆپچىلىكنىڭ نادىر ئەسىرى — يىپەك يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. پۈتكۈل زەنجىرنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىر ھالقا ئوخشاش بىر ھەرىكەتنى تەكرارلىماقتا ئىدى. ھېچقايسىسى بۇيرۇققۇازلىق قىلمايتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھېچقايسى پەرۋانە

ئۆشتۈمتۈت پەيدا بولغان خىيال ـ ئىرادىسىگە ئاساسەن يولنى ئۆزگەرتمەيتتى. بارلىق پەرۋانىلەر يولباشچىغا بولغان تولۇق ئىشەنچى بىلەن قەدەممۇقەدەم ئۈمىلەيتتى، ئەمما نورمال ئەھۋال ئاستىدا يول باشلاپ بەرگەن قوشۇن باشلىقىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئەپچىل چارەم ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانىدى.

ئىدىش گىرۋىكىنى بىرىنچى قېتىم ئايلىنىپ بولغاندا، يىپەك يىپ رېلىسى ياتقۇزۇپ بولۇنىدۇ. ئايلىنىپ مېڭىۋاتقان قوشۇن يىپەك يىپنى ئۈزۈكسىز ھالدا يولغا تاشلايتتى، تاق يىپ تېزدىنلا تار يىپەك لېنتىغا ئايلاندى. رېلىس باشلىنىش نۇقتىسىنى ئايلىنىپ تەكرارلىنىۋەرگەن بولسىمۇ، بىراق بىرمۇ ئاچال يول پەيدا بولمىدى. چۈنكى، مەن قاتتىق چوتكا بىلەن بارلىق ئاچال يولنى بۇزۇۋەتكەنىدىم. ئۇلارنى ئازدۇرۇۋاتقان بۇ ئايلانما يولدا پەرۋانىلەر ئەمدى قانداق ھەرىكەت قىلار؟ ماجالى قالمىغۇچە ئايلىنىۋېرەمۇ؟

قەدىمكى زامان مەدرىسە پەلسەپىسىدە «بۇرىدانىنىڭ ئېشىكى» دەيدىغان بىر ھېكايە① بار بولۇپ، ئاجايىپ مەشھۇر بىر ئېشەكنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنغان. بۇ ئېشەك ئوڭ ـ سول ئىككىلا تەرىپى سۇلۇ بىلەن تولغان جايغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاخىرىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ. ئېشەك يۈنىلىشى ئوخشاش بولمىغان، ئەمما كۆچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوخشاش بولغان ئىككى ھاۋايى ـ ھەۋەس ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇشقا ئامالسىز قېلىپ، زادى قايسى تەرەپتىكى سۇلۇنى يېيىشتە بىر قارارغا كېلەلمىگەن. بۇرۇن كىشىلەر بۇ ھۇرمەتلىك ئېشەكنى

① 14 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيە مەدرىسە پەيلاسوپى بۇرىدان بىر ئېشەكنىڭ ھېكايىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھۇرۇنلۇقتىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. كېيىن ئۇ بۇ ئاساسىدا پەرەز قىلىنغان ئېشەك « بۇرىدان ئېشىكى» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاقارەتلىگەن. ئېشەك باشقا نەرسىلەردەك ئۇنچە دۆت ئەمەس، ئۇ لوگىكىنىڭ قىلتىقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىنكاسىنى ئىپادىلىگەن، ئۇ بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسىنى يەۋېتىش. مېنىڭ پەرۋانىلىرىمدە شۇنچىلىك چارە ـ تەدبىر بارمىدۇ؟ ئۇلاردا ئۇزاق ۋاقىت باغلىنىپ قالغان ھالقىسىمان يولنىڭ يېپىق سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان نىيەت بارمىدۇ؟ مەيلى قايسى تەرەپكە ئېغىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار غىزالىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، چۈنكى بۇك ـ باراقسان قارىغاي ئۇلارنىڭ يېنىدىلا. ئۇلار زادى رېلىستىن ئېغىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىردىنبىر چارىنى قوللىنىشقا ئىرادە باغلىيالارمۇ؟

مەن ئۇلارنىڭ چوقۇم شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بىراق، مەن خاتا ئويلىغاندىم. مەن ئەينى چاغدا پەرۋانە قوشۇنى بىر ـ ئىككى سائەت ئايلانسىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ چاغدا يالغاندىن ئويدۇرۇپ ياسالغان يولدىن چوقۇم ۋاز كېچىدۇ، خالىغانچە بىر جاينى تېپىپ، تاغدىن چۈشۈش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ، ھەرقانداق نەرسە ئۇلارنى توسۇپ قالالمايدۇ، ئەگەر ئۇلار ئاچارچىلىقتا تۇرۇۋەرسە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بىراق، پاكىت كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئەھۋالنى قوبۇل قىلىشىمغا قىستىدى. ئەمدى بىز بۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىغا قاراپ باقايلى.

30 ـ يانۋار، چۈش بولاي دېگەن چاغ، ھاۋا ئوچۇق. قوشۇن ئايلىنىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. ھەربىر پەرۋانە ئالدىدىكى پەرۋانىگە ئەگىشىپ رەتلىك ۋە سىستېمىلىق قەدەم باسماقتا. ئۇزۇن زەنجىردە ھېچقانداق ئۈزۈلۈش ئالامىتى كۆرۈلمىدى، رېلىستىن ئېغىپ كېتىدىغان ئەھۋال ھەرگىزمۇ يۈز بەرمەيتتى، بارلىق ئەزالار ئۆلۈك ھالدا چوڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ، خۇددى سائەت ئىسترېلكىسىغا ئوخشاش ساداقەتمەنلىك بىلەن ئايلىنىپ ماڭماقتا. يولباشچى بولمىغان ھەربىي ھەرىكەت ئەركىنلىك ۋە

ئىرادىدىن مەھرۇم قىلىپ، چىشلىق چاقىقا ئايلىنىپ قالدۇ. بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كۆرۈنۈش يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىسمىتى مېنىڭ سۈبىيېكتىپ قىياسەن ھۆكۈمۈمدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا زوقلىنىپ كەتتىم، توغرىسىنى ئېيتقاندا ھاڭ - تاڭ قالدىم.

ئايلىنىش ھەرىكىتى توختاپ قالغىنى يوق. ئەڭ دەسلەپكى تار رېلىس ئەمدىلىكتە ئىككى مىللىمېتىر كەڭلىكتىكى گۈزەللىكتە تەڭداشسىز يىپەك لېنتىغا ئايلانغانىدى. نەزىرىمنى ئىدىشقا ئاغدۇرۇپ قارىسام، ئىدىشنىڭ گىرۋىكىدە پەيدا بولغان سۈس قىزىل تەگلىك ئۈستىدە يىپەكتىن توقۇلغان لېنتا نۇر چاقناتماقتا ئىدى. كەچ كىرەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئايلانما يولنىڭ ئورنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا بولمىغانىدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر پاكىت مەسىلىنى يەنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھالقىسىمان يول تەكشىلىكتىكى ئەگرى سىزىق بولماستىن، بەلكى بۇرالغان ئەگرى سىزىق ئىدى. ئۇنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا بۇرىلىش پەيدا بولۇپ، ئىدىش گىرۋىكىنىڭ قاپارتما قىرىنىڭ ئاستىغا سىيرىلىپ چۈشىدۇ، كېيىن يەنە ئىدىشنىڭ گىرۋىكىگە قايتىدىن چىقىدۇ. ئىدىش گىرۋىكىدىكى يولغا ئېغىپ كەتكەن بۇ ئارىلىق ئىككى دېتسىمېتىر كېلىدۇ. تۇنجى ئايلىنىشتىن باشلاپ مەن قېرىنداش بىلەن ئىدىش يۈزىگە بۇ ئىككى جايدىكى بۇرىلىش نۇقتىسىغا بەلگە سېلىپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ چۈشتىن كېيىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر مەيدان فراندورو ئۇسسۇلىنى[①] ئويناپ بولغانغا قەدەر، مەن پەرۋانىلەرنىڭ ئالدىدىكى بۇرىلىش

① فراندورو ئۇسسۇلى — فرانسىيەنىڭ پرووۋېنس رايونىدىكى بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار قول تۇتۇشۇپ چەمبەر بولۇپ ئوينايدۇ، چارچاپ ھالىدىن كېتىشنى خۇشاللىق دەپ قارايدۇ.

نۇقتىسىدىن تۆۋەنگە ساڭگىلاپ كېيىنكى بىر بۇرىلىش نۇقتىسىغا بېرىپ، يەنە ئىدىش گىرۋىكىگە يامىشىپ چىققانلىقىنى كۆردۈم. تۇنجى ئايلانمىدىكى يىپەك يىپ نەگە ئورۇنلاشسا، كېيىنكى ئايلانمىدىكى يىپلار گەپ يوق شۇ يەرگە ئورۇنلىشىدۇ.

لىنىيە ئۆزگەرمەيدۇ، ئەمما سۈرئەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئۆلچىشىمگە ئاساسلانغاندا، قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىنۇتىغا توققۇز سانتىمېتىر بولىدۇ. ھەر قېتىملىق سەپەر ئۈستىدە ئارام ئېلىش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بەزىدە ئاستا بولىدۇ، بولۇپمۇ تېمپېراتۇرا پەيدىنپەي تۆۋەنلەۋاتقان ۋاقىتتا ئاستا بولىدۇ. كەچ سائەت ئوندا پەرۋانىلەر لايغەزەللىك بىلەن بىر - بىرىنى چۆرىدىشىپ تۇرۇۋالىدۇ، قارىماققا خۇددى كۆچىسىز دولقۇنغا ئوخشايدۇ. كېلەر قېتىملىق مېڭىشتىن توختايدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، چۈنكى تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىدى. پەرۋانىلەر ھېرىپ قالدى، قورسىقىمۇ ئاچتى.

ھازىر پەرۋانىلەرنىڭ دەل يايلايدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. پارنىك ئىچىدىكى بارلىق ئۆۋىلاردىكى پەرۋانىلەر توپ - توپى بىلەن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۆۋىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، مەن ئالدىن قويۇپ قويغان قارىغاي پۇتاقلىرىنى غاجىلاشقا باشلىدى. ھويلامدىكى پەرۋانىلەر تېمپېراتۇرا ئانچە تۆۋەن بولمىغان كېچىلىرىمۇ بەس - بەستە چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. پەقەت بىر توپ پەرۋانىلا رەتلىك تىزىلىپ، ساپال ئىدىشنىڭ دىۋارىدىكى ھېلىقى يولىدا تېخىچە ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇلار غىزالىنىش مەيدانىغا تاقەتسىزلىك بىلەن ئالدىراۋاتاتتى. ئىشتىھاسىغا ياقىدىغان ئوزۇق ئۇچراپ قالسىلا ھەرگىز پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇلارغا ئىنتايىن يېقىن جايدىلا مەززىلىك باراقسان قارىغاي شېخى بار ئىدى. بىر ياماشسىلا مەززىلىك تائامغا ئېرىشەلەيتتى. بىراق، بۇ يارىماسلار بىر قارارغا كېلەلمەي،

باشتىن ـ ئاخىر ھوشىنى تاپالماي، يەنىلا يىپەك لىنتىنىڭ قولى بولۇشقا رازى ئىدى. سائەت ئون يېرىم بولغاندا ئاچلىققا چىدىغان بۇ قوشۇندىن ئايرىلدىم، لېكىن مەن يەنىلا قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدىغانلىقىغا، تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ھەممە ئىشنىڭ يەنە نورماللىقا قايتىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىم.

بۇ قېتىم مەن يەنە خاتالاشتىم، مەن ئۇلاردىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كېتىپتىمەن. ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتسەم، پەرۋانىلەر يەنىلا ئالدىنقى كۈندىكىدەك تىزىلىپ تۇرۇپتۇ، مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ. تېمپېراتۇرا سەللا ئۆرلىسە، ئۇلار خامۇشلۇق ئىچىدىن ئويغىنىپ، قايتىدىن روھلىنىپ، سەپىرىنى قايتا باشلايدۇ. تويلىشىپ تىزىلغان قوشۇن خۇددى ئالدىنقى كۈنىگە ئوخشاشلا قايتىدىن چۆرگۈلەشكە باشلىدى. تېخى ئەقىل كىرمىگەن كاج مىجەزى يەنىلا ئۆزگەرمىگەنىدى.

ئۇ كۈنى كەچ ھاۋا توساتتىن ئوساللىشىپ، بىردىنلا سوغۇق بولۇپ كەتتى. يېرىم كېچىدىلا ھويلىدىكى پەرۋانىلەر ھاۋانىڭ ئۆزگىرىدىغانلىق ئۇچۇرىنى يەتكۈزگەنىدى: قارىماققا ھاۋا تېخى ياخشى بولسىمۇ، ئۇلار ھەرىكەتكە كەلمىدى. بىراق، سۆرەلمە سېزىمىم بىلەن ۋە تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپ، ياخشى ھاۋا رايى يەنە داۋاملىشىدىغۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. تاڭ يورۇي دېگەن چاغ، روزېمارىيەنىڭ ئۆتۈشمە يوللىرىدا قىروۇ كىرىستالدەك پارقىراپ كېتىپتۇ، بۇ بۇ يىل كىرگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق سوغۇق ئېقىم ئىدى. ھويلامدىكى سۇ كۆلچىكىنىمۇ سوغۇقنىڭ ئىزى قاپلاپ كېتىپتۇ. پارنىكتىكى پەرۋانىلەر قانداق بولغاندۇ؟ بېرىپ قاراپ باقايلى.

بارلىق پەرۋانىلەر ئۇۋىسىغا مۆكۈۋاپتۇ، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا كۆرۈنمەيتتى، يەنە ئاشۇ ئېگىلمەس ـ سۇنماس كاساپەتلەر ئىدى، ئۇلار ئۇزۇن تىزىلىپ ئىدىش گىرۋىكىدە

تۇرماقتا ئىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ قېتىم ئىككى دۆۋە بولۇپ قىستىلىشىپ، رەتسىز تىزىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىستىلىپ تىزىلىشى سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى.

بۇ ئۇلارنىڭ راستلا بەختسىزلىككە ئۇچرىشى. بىراق، بۇ بەختسىزلىك بىر ئىشقا نىسبەتەن ئەكسىچە چوڭ بەخت ھېسابلاندى. كېچىدە يۇمىلاق ھالقا ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى، بەلكىم مۇشۇ ئۆزىنى قوتقۇزۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىككى بۆلەكتىكى پەرۋانىلەر جانلىنىشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي سەپەرگە قەدەم باسقان قوشۇندا قوشۇن باشلىقى پەيدا بولدى. ئۇ قوشۇن باشلىقىنىڭ قەدەملىرى نىسبەتەن ئەركىن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى رېلىستىن ئايرىيالايتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭغان پەرۋانە رازۋېدكىچىلىك بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. تاسادىپىي پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمىسىلا، بارلىق قوشۇن ئەزالىرى سالماقلىق بىلەن قاتاردا تۇرىدۇ، رازۋېدكىچى بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، توختىماستىن بويىنىنى ئوڭ - سول تەرەپكە سوزۇپ چارلايدۇ، ئىزدەيدۇ، ئىزدىنىدۇ، تاللايدۇ. بۇ ئۇنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوشۇن ئەزالىرى ئۇنىڭ مەقسىتىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىسىلا كۇپايە. شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇرۇن بېسىپ ئۆتكەن كونا يولدا مېڭىۋاتقان بولسىمۇ ھەمدە يولغا يىپەك لېنتا بېسىلغان بولسىمۇ، باشلامچى پەرۋانە بۇرۇنقىدەكلا بىر مىنۇتمۇ توختىماستىن يولنى رازۋېدكا قىلىدۇ.

ئىدىش گىرۋىكىدىن ئايرىلسىلا چوقۇم قوتۇلۇش پۇرسىتىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. قېنى كۈتۈپ تۇرايلى. پەرۋانىلەرنىڭ دېۋەڭلىك كېسىلى يەنە قوزغالدى، ئۇلار يەنە قاتار بولۇپ تىزىلىشقا باشلىدى. ئىدىش گىرۋىكىدە خۇددى كىچىكلىتىلگەن مودېلدەك ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلدى. شۇنىڭ

بىلەن ئەركىن ۋە ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئىككى قوشۇن باشلىقى پەيدا بولدى. ئىككى باشلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئېزىتقۇ ھالقىدىن چىقالامدۇ - يوق؟ مەلۇم مەزگىل بۇ ئىككى قوشۇن باشلىقى يوغان قار باشلىرىنى تەكرار لىڭشىتتى، مەن ئۇلارنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتكەندەك قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھالقىدىن چوقۇم چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندىم. بىراق، ھايال ئۆتمەيلا ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. دۆۋىلىنىۋالغان پەرۋانىلەرنىڭ ئايلانما ھەرىكەتكە ئۈزۈكسىز قاتنىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن ئۈزۈن زەنجىر يەنە ئۇلاندى، ئېزىتقۇ ھالقا قايتىدىن تۇتاشتۇرۇلدى. بىرمەھەل ئەمەل تۇتقان ئىككى نەپەر قوشۇن باشلىقى ئەمدىلىكتە ئادەتتىكى ئەگەشكۈچىگە ئايلاندى. تېخىمۇ ئېشىپ كەتكىنى، پۈتۈن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما پەرۋانىلەر يەنىلا ئايلانما شەكىلدە تىزىلىق ئىدى.

يۇلتۇزلار نۇر چاقناتقان، ئەمما كېيىن قاتتىق قىروۋنى ئېلىپ كەلگەن كەچ يەنە يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر كۈندۈز يېتىپ كەلدى. ئىدىشتا توپلىشىپ تىزىلىپ تۇرغان قوشۇن ئوچۇقچىلىقتا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە بىر يەرگە قىستىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن نۇرغۇن ئەزالار جانغا زامىن بولىدىغان يېپەك لېنتىدىن ئايرىلدى. مەن بېرىپ بۇ بىر توپ ھوشىنى تاپمىغان پەرۋانىلەرنىڭ قانداق ئويغانغانلىقىغا قارىدىم. بىرىنچى بولۇپ قەدەم ئالغىنى ئايلانما يولنىڭ سىرتىدا ئۆملىدى. ئۇ يېڭى بىر جايدا ئالاقزەدە بولۇپ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىدىش گىرۋىكىنىڭ ئومۇرتقىسىغا ئۆمىلەپ چىقتى، ئاندىن تۆۋەنگە ئۆمىلەپ ئىدىشنىڭ ئىچىدىكى تۇپراق قەۋىتىگە يېتىپ كەلدى. يەنە ئالتە دانە پەرۋانە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلدى، ئەمما مۇشۇ ئالتە دانىلا ئىدى. قوشۇندىكى باشقا ئەزالار ئېھتىمال تېخى بىھوش ھالىتىدىن ئويغانمىغان بولسا كېرەك، بىرەرسى لىڭشىپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويمىدى.

بىر قەدەم كېيىن قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قايتىدىن سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. پەرۋانىلەر توپى يېپەك لېنتىغا دەسسەپ، قاتارغا تىزىلىپ چۆرگۈلەشنى باشلىۋەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇزۇن قوشۇننىڭ يۆملاق هالقىسى كەمتۈك تۇراتتى. كەمتۈكلۈككە نىسبەتەن قوشۇن باشلىقىدا هېچقانداق يېڭى چارە يوق ئىدى. ئالۋاستى هالقىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى يۈرستى كۆز ئالدىدىلا ئىدى، لېكىن يولباشچى ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەيتتى.

ئىدىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىۋالغانلارنىڭ تەقدىرىدە هېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلار ۋىندىمىل پالمىسىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ئەتراپتىن ئوزۇق ئىزدىمەكتە ئىدى. دەرەختە هېچقانداق ئوزۇق بولمىغاچقا، ئۇلار ئامالسىز كەلگەن يولىدىكى يىپەك يىپنى تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىزىغا دەسسەپ، ئىدىش ئېغىزىغا ئۆملەپ چىقىپ، توپلىشىپ تىزىلغان قوشۇننى تاپتى. ئەندىشە بىردىنلا غايىب بولدى، يەتتە دانە پەرۋانە چوڭ قوشۇننىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، يۆملاق هالقا تولۇقلاندى، قوشۇن يەنىلا چەمبىرەكنى ئايلانماقتا ئىدى.

زادى قاچان قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ؟ مەلۇم بىر هېكايەتتە، بىر توپ بىچارە خەلق ئايغى چىقمايدىغان بىر هالقىسىمان يولغا ئېزىقتۇرۇپ ئاپىرىپ قويۇلغان بولۇپ، بىر تامچە زەمزەم سۈيى بولسىلا ئۇلارنى ئېزىقتۇرغان قورقۇنچلۇق ئالۋاستىدىن قۇتۇلالايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. قاچانمۇ مېنىڭ پەرۋانىلىرىمغا بەخت سۈيى ئاتا قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئايلىنىش هەرىكىتى توختىسا، ئۇلارنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتەرمەن؟ مېنىڭچە، ئىككى خىل چارە ئارقىلىق ئالۋاستىنى يوقىتىپ، ئايلانما يولدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئىككى خىل چارە دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل ئېغىر سىناقتىن ئىبارەت. سەۋەب –

نەتىجە ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ بىر باغلاش زەنجىرى بار: قىيىنچىلىق ۋە موھتاجلىقتىن گۈزەل بەخت ھاسىل بولىدۇ.

بىرىنچى چارە، سوغۇق ئارقىلىق تۇگۇلۇشنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇنداق بولغاندا پەرۋانىلەر تەرتىپسىز ھالدا بىر يەرگە يىغىلىدۇ، جۈملىدىن بىر قىسىملىرى يولغا قىستىلىشىپ يىغىلىدۇ، كۆپ قىسىملىرى يولنىڭ سىرتىغا يىغىلىدۇ. يولنىڭ سىرتىدىكى پەرۋانىلەرنىڭ ئىچىدىن ھامان كونا يولنى مەنسىتمەيدىغان ئىنقىلابچى چىقىپ، يېڭى بىر يولغا دەسسەپ ئۇلارنى ماكانىغا ئېلىپ ماڭىدۇ. بايا بىز يەتتە دانە پەرۋانىنىڭ ئىدىش ئاستىغا كىرىپ، ۋىندىمىل پالما دەرىخىگە يامىشىپ چىققانلىقىنى كۆردۇق. دورۇس، ئۇ بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىز سىناپ كۆرۈش بولدى. سىناپ كۆرۈش بەربىر سىناپ كۆرۈش ھېسابلىنىدۇ. چوڭ نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەقەت تەتۈر يۆنىلىشتە دۆڭگە يامىشىپ چىقىشلا كۇپايە قىلىدۇ. ئىككى يۆنىلىشتىكى يۈرۈش پۈرسىتىدىن بىرنى تۇتۇۋالىسىلا چوڭ ئىش. كېلەر قېتىم بۇنىڭدىنمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىككىنچى چارە، ھارغىنلىق ۋە ئاچارچىلىق ئارقىلىق ھالسىزلاندۇرۇش. بۇنداق بولغاندا ھامان بىرەرسى يارىلىنىپ ماڭالمايدۇ. بۇ پەرۋانە ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە تىزىلىپ مېڭىۋاتقان قوشۇن يەنىلا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. قوشۇن پەيدىنپەي توپلاشقانسېرى سەپنىڭ ئاخىرىدا مەلۇم بوشلۇق پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارام ئالغانلىرى باشلىق بولىدۇ. ئۇ داۋاملىق ئىلگىرىلىسە، ئارىلىق ئۈزۈلۈپ قالغان سەۋەبلىك ئۆزى قوشۇن باشلىقى بولۇپ قالىدۇ. بۇ قوشۇن باشلىقىنىڭ ئالدىمۇ قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئۇ تەۋەككۈل قىلسىلا پۈتكۈل چوڭ قوشۇننى يېڭى بىر كىچىك يولغا باشلىيالايدۇ، بۇ كىچىك يول بەلكىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش يولى بولۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، يەتكۈچە ئازاب تارتقان پەرۋانىنى مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىدىيەمىزگە مۇخالىپ ئىش تۇتۇپ، پويىزنى رېلىستىن چىقىرىۋېتىش ۋەقەسىنى تۇغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. رېلىستىن چىقىرىۋېتىش ھەرىكىتى قوشۇن باشلىقىنىڭ بىردەملىك تاسادىپىي خىيالىغا باغلىق ئىش، چۈنكى پەقەت ئۇلا ئوڭ ـ سولغا ئاغالايدۇ. ئەگەر يۇمىلاق ھالقا ئۈزۈلمىسە رېلىستىن چىقىرىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە قوشۇن باشلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. يىغىنچاقلىغاندا، يۇمىلاق ھالقىنىڭ ئۈزۈلۈشى ھەرگىزمۇ رەتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى سەۋەبلىك ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىردىنبىر پۇرسەت ئەمەس. ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىكتىكى ئاساسلىق سەۋەب بەرداشلىق بېرىش چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ھارغىنلىق ياكى سوغۇقتىن ئىبارەتتۇر.

دەل شۇ كۈنى ئايلىنىۋاتقان چەمبىرەكتىكى ئىككى ـ ئۈچ يايسىمان بۆلەكتە ئاجرىلىپ كېتىش ھادىسىسى كۆپ قېتىم يۈز بەردى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇلاردىكى مۇناسىۋەت ئىقتىدارى كۈچىنى كۆرسەتكەچكە، ۋەزىيەتتە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگىرىش بولمىدى. پەرۋانىلەرنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتەلەيدىغان جەسۇر ۋە كەسكىن يېڭىلىق ياراتقۇچى تا ھازىرغىچە ئىلھامغا مۇيەسسەر بولالمىدى.

ئالدىنقى بىرنەچچە كېچىگە ئوخشاش بۈگۈن كېچىمۇ سوغۇق كېچە بولدى. سوغۇق كېچە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تۆتىنچى كۈندۈزنى كۈتۈۋالدۇق. بۇ كۈنىمۇ ۋەزىيەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. پەقەت تۆۋەندىكى كىچىككىنە ئەھۋالنىلا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. تۈنۈگۈن ئىدىشقا كىرگەن بىرنەچچە پەرۋانە ئۆزىنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇپ قويغانىدى، مەن ئىزىنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەنىدىم. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئايلانما يول بىلەن قايتا تۇتاشتۇرۇلغان بۇ يولنى پەرۋانىلەر قايتىدىن بايقىۋالدى.

قوشۇندىكى يېرىمدىن كۆپرەك ئەزالار بۇ يول ئارقىلىق ئىدىشتىكى تۇپراق قاتلىمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە ۋىندىمىل پالمىسىغا يامىشىپ چىقتى. يەنە يېرىم ئەزالار ئىدىش گىرۋىكىنىڭ ئۈستىدە قېلىپ، كونا رېلىسنى بويلاپ ئايلانما ھەرىكەت قىلدى. چۈشتىن كېيىن، بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى قوشۇن ئايلانما رېلىستىكى قوشۇن بىلەن قايتىدىن ئۇچرىشىپ، ئايلانما چەمبىرەكتىكى كەمتۈكلۈك يەنە تولۇقلاندى.

ھازىر بەشىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. تۈنۈگۈن كەچتىكى قىرووۋ ئۇششۇكى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما پارنىكقا زىيان سالالمىدى. سوغۇق كېچىدىن كېيىنكى ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك، ھاۋا باھاردەك يېقىملىق ئىدى. ئەينەك دېرىزە ئازراق ئېچىۋېتىلدى، بىر يەرگە توپلىشىۋالغان پەرۋانىلەر ئويغىنىپ، ئارقىدىنلا يەنە ئىدىشتا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى.

بىرىنچى كۈندىكى رەتلىك جەڭگىۋار سەپ ئەمدىلىكتە قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى، بۇ ئەلۋەتتە كېلەر قېتىملىق ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئىدىشنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يولغا تۈنۈگۈن ۋە ئۈلۈشكۈن يىپەك ياتقۇزۇلۇپ بولۇنغانىدى. بۈگۈن بىر قىسىم قوشۇن بۇ يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن يولغا چىقتى، ئەمما يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئاچال يول ھاسىل قىلدى. يېڭى ئاچال يولنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، كونا ئاچال يول كېرەكتىن چىقتى. باشقا پەرۋانىلەر يەنىلا ئاسان ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، مېڭىپ ئادەتلىنىپ قالغان ھالقىسىمان يىپەك لېنتىدا ئۆمىلەپ ماڭدى. ئاچال يولنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئىدىش گىرۋىكىدىكى قوشۇن ئاخىر ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس بولۇپ، ئوخشاش بىر يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىدى. بەزىدە ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ قالاتتى،

ئەمما بىردەمدىن كېيىنلا يەنە ئۆزۈلۈپ كېتەتتى، قوشۇننىڭ شەكلى باشتىن ـ ئاخىر تەرتىپسىز ئىدى.

هارغىنلىق قالايمىقانچىلىقنى تېزلىتىۋەتتى. ئىلگىرىلەشنى رەت قىلىدىغان يارىدارلار كۆپىيىپ كەتتى. چوڭ قوشۇن بىرنەچچە تارماق قوشۇنغا بۆلۈنۈپ كەتتى. تارماق قوشۇنلارمۇ بىرنەچچە كىچىك قوشۇنلارغا پارچىلىنىپ كېتىپ، ھەربىر كىچىك قوشۇندا بىردىن قوشۇن باشلىقى بار بولدى. قارىغاندا، ھەممىسى پارچىلىنىپ قۇتۇلۇش ئېھتىماللىقى يۇز بېرىدىغاندەك تۇراتتى. بىراق، مېنىڭ ئۇمىدىم قايتا بەربات بولدى. كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى پەرۋانىلەر يەنە جەم بولۇپ ئۆزۈن بىر قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى، خاتىمە بېرىشكە ئامال بولمايدىغان چۆرگۈلەش ھەرىكىتى قايتىدىن باشلاندى.

خۇددى سوغۇق ئۇشتۇمتۇت كەلگىنىدەك، تومۇزمۇ ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كەلدى. بۈگۈن 4 ـ ئاپرېل بولۇپ، ھاۋا ئىللىق ھەم يېقىملىق ئىدى. پارىنكنىڭ ئىچى ئاجايىپ شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈپ كەتتى. پەرۋانىلەر ئۇۋىسىدىن چىقىپ، تۇپراق قاتلىمىدا نۆۋەت بىلەن يۆتكىلىپ يۈرمەكتە ئىدى، ھالقىسىمان تىزىلغان قوشۇن خۇددى يەرگە تۆز قويۇلغان گۈلچەمبىرەككە ئوخشايتتى. ئىدىش گىرۋىكىنىڭ ئۇستىدىكى پەرۋانىلەر قورشاپ تۇرغان يۇمىلاق ھالقا تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالاتتى، تۇرۇپ تۇتۇشۇپ قالاتتى. مەن باتۇر قوشۇننىڭ تۈركۈملەپ پەيدا بولغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، ئۇلار ئىللىق قۇياش نۇرىدا مەست بولۇشۇپ، قۇيرۇقىدىكى بىر جۈپ يالغان پۇتى بىلەن ئىدىشنىڭ تاشقى گىرۋىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، تېنىنى ئۇشتۇمتۇت تۆۋەنگە تىك ساڭگىلىتىپ، ئۇياق ـ بۇياققا تولغىنىپ، ئىدىش بىلەن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆلچەش نۇرغۇن قېتىم تەكرارلاندى، ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا قوشۇن ئازراق توختىۋالاتتى. توختىۋالغان ئارىلىقتا كۆپچىلىك باشلىرىنى سىلكىپ، قۇيرۇقلىرىنى

شىپاڭشىتاتتى.

بۇ ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىچىدە بىرسى ئىدىشنىڭ يان تەرىپىدىن قېچىشقا بەل باغلىدى ھەمدە قاپارتما قىرنىڭ ئاستىغا قاچتى. باشقا تۆت ئىسلاھاتچىمۇ ئەگىشىپ كەلدى. بىراق، باشقا بارلىق پەرۋانىلەر رەزىل يىپەك لىنتىلىق رىلىسقا ئىشەنچ باغلاپ، تەۋەككۈل قىلىشقا پېتىنالماي، تونۇغۇنكى كونا يولدا مېڭىشنى خالايتتى.

ئاساسىي زەنجىردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن پەرۋانىلەر ئىدىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئەمدى ئىدىشنىڭ يېرىمىغا چۈشۈپ بولغان پەرۋانىلەر يەنە يانتۇ ئېگىزلىككە يامىشىپ چىقىپ، چوڭ قوشۇنغا قوشۇلۇۋالدى. ئىدىش ئاستىدىكى يۇمران قارىغاي شاخچىسىغا چۈشۈشكە ئىككى ئالىقانچىلىك ئارىلىق قالغان بولسىمۇ، بۇ قېتىم يەنە مەغلۇپ بولدۇم. ئاچارچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقان بۇ ھاشاراتلارنى ئېزىقتۇرۇش مەقسىتىدە مەن بايا بىر باغلام يۇمران قارىغاي شاخچىسىنى ئۇ يەرگە قويۇپ قويغانىدىم. ئەمما شەكلى، رەڭگى، پۇرىقى، تەمى قاتارلىقلارنى ئۇلارغا ئۇقتۇرمىغانىدىم. نىشانغا شۇنچە يېقىنلىشىپ تۇرۇپمۇ ئۇلار يەنىلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۈمىلەپ قايتىپ كەتتى.

بىراق، ھېچقىسى يوق، يەنە سىناپ كۆرىمەن. ئۇلار يولغا تۈنجى تۇركۈمدە بەلگە سېلىپ بولدى. يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا يېڭى بىر كۈن يەنە باشلاندى، ئەمەلىيەتتە تەجرىبە قىلىنىۋاتقىنىمىغا سەككىز كۈن بولۇپ قالغانىدى. پەرۋانىلەر گاھ يەككە ـ يېگانە، گاھ كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، گاھ ئۇزۇن قوشۇن بولۇپ، بەلگە سېلىنىغان كىچىك يولنى بويلاپ، ئىدىش گىرۋىكىدىن يامىشىپ چۈشۈۋاتاتتى. كۈن پاتاي دېگەندە ئەڭ ئاخىرقى بىر تۇركۈم سۆرەلمە پەرۋانىلەرمۇ ئاخىر ماكانىغا قايتىپ كەلدى.

بىز ھازىر ھېسابلاپ كۆرەيلى. يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ يەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەسسىسچىلىك ۋاقىت ئىچىدە پەرۋانىلەر ئىدىش گىرۋىكىنىڭ تار يۈزىدە ئۇزاق تۇردى، ھېرىپ قالسا ئارام ئالدى. بولۇپمۇ كېچىسى سوغۇق بولىدىغان بىرنەچچە سائەتتىمۇ ئۇلار ئارام ئېلىش ھالىتىدە تۇردى. شۇڭا، ھەممىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ، يېرىم ۋاقىتنى ئېلىۋەتسەكمۇ، نەتىجىدە يەنە سەكسەن تۆت سائەت ئېشىپ قالىدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ماڭغان ۋاقتى. ئوتتۇرىچە تېزلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەر مىنۇتىغا باسقان مۇساپىسى توققۇز سانتىمېتىر؛ ھەربىر پەرۋانىنىڭ يەتتە كۈندىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە باسقان ئومۇمىي مۇساپىسى تۆت يۈز ئەللىك ئۈچ مېتىر بولۇپ، يېرىم كىلومېتىرغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. قەدىمى كىچىك پەرۋانىگە نىسبەتەن بۇ يىراقتا سەپەر قىلغانلىق ھېسابلىناتتى، ئىدىشنىڭ ئەتراپى، يەنى ئايلانما يولنىڭ ھەربىر ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئوتتۇز بەش سانتىمېتىر كېلەتتى. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، پەرۋانىلەر دەۋرىيلىك ھالدا ئاستىدىكى يولنى بويلاپ ئۈچ يۈز ئوتتۇز بەش قېتىم ئايلانغان بولىدۇ. پەرۋانىلەرنىڭ بۇ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نەقەدەر دۆت ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىيەلەيمىز، بىراق بۇ سانلارنى ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شۇ دەرىجىدە كالۋا ئىكەنلىكىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىمىز. توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان پەرۋانىلەرنىڭ ئىدىشقا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت باغلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مېنىڭچە ھەرگىزمۇ يامىشىپ چۈشۈشكە تەۋەككۈل قىلالماسلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇنلۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىدا. پاكىتمۇ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: «چۈشۈش ۋە چىقىش ئوخشاشلا ئاسان ئىش».

پەرۋانىنىڭ ئومۇرتقىسى ئىنتايىن ئەۋرىشىم بولغاچقا، تومپىيىپ چىققان نەرسىلەرگە ئاستىدىن يامىشىپ چىقىدۇ. مەيلى تىك يۆنىلىشتە بولسۇن ياكى تەكشى يۆنىلىشتە بولسۇن،

ۋە مەيلى ئۈستى يۆنىلىش ياكى ئاستى يۆنىلىش بولسۇن، ئۇ بىمالال مېڭىۋېرىدۇ. يەنە كېلىپ، يىپەك يىپ ئاستىدىكى جىسىمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغاندىلا ئاندىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئاستىدا تىرەپ تۇرىدىغان نەرسە بولغاچقا، مەيلى قانداق قىياپەتتە تۇرسۇن، يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق.

سەككىز كۆندىن بېرى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىمنى يەنە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ ئۆتەي. يوگورۇش يولى ئوخشاش بىر تەكشىلىكتە بولماستىن، بەلكى ئىككى يېرى پۈكلىنىكلىك. پەرۋانە بىر يېرىدىن ئىدىش گىرۋىكىنىڭ قاپارتما قىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئانچە يىراق بولمىغان يەنە بىر يېرىدىن ئىدىش گىرۋىكىنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ. شۇڭا، ئايلانما يولنىڭ بىر كىچىك بۆلىكىدە قوشۇن قاپارتما قىرنىڭ ئاستىدىن ماڭىدۇ. بۇنداق ئوڭدا قىياپەتتە مېڭىش ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق خەتەر ھېسابلانمايدۇ. ھەربىر قېتىملىق ئايلىنىشتا ھەربىر پەرۋانە ئوڭدا قىياپەتتە مېڭىشنى تەكرارلايدۇ.

پەرۋانىنىڭ ئىدىش ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ھەر قېتىم پۈكلىنىكلىك نۇقتىدىن ئۆتىدىغان ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا. مۇشكۇلاتتىمۇ، ئاچارچىلىقتىمۇ، كېچىنىڭ سوغۇقىدىمۇ، ئۇلار يىپەك لېنتىغا دەسسەپ، جاھىللىق بىلەن نەچچە يۈز قېتىم ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇردى. چۈنكى، ئۇلاردا ئەقلىي بىلىش جىلۋىلىنىپ تۇرمايتتى. جىلۋىلىنىپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئاندىن ئۇلار يىپەك لېنتىدىن ۋاز كېچەلەيتتى.

تەپەككۇر قىلىش ھاشاراتلارنىڭ قىلالايدىغان ئىشى ئەمەس. ئۇلار يېرىم كىلومېتىر يول بېسىپ، ئۈچ يۈز ـ تۆت يۈز قېتىم ئايلىنىپمۇ ھېچقانداق ئىلھامغا ئېرىشەلمىدى. تاسادىپىي شارائىت ئاستىدىلا ئاندىن ئۇۋىسىغا قايتتى. ئەگەر ئۇلار كېچىدە سىرتتا قونۇپ قېلىپ قالايمىقانلاشمىغان بولسا، ھېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قالغاندىن كېيىن ئارام ئالمىغان بولسا، ئايلانما يولنىڭ سىرتىغا يېپەك يىپ قويۇپ قويمىغان بولسا، خەتەرلىك يىپەك لىنتىنىڭ ئۈستىدە هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولاتتى. بىرنەچچە پەرۋانە ئايلانما يولنىڭ سىرتىغا خالىغانچە ياساپ قويغان ئاچال يولغا تايىنىپ يىراققا ماڭالىدى، يۆنىلىشى ئانچە ئۇدۇل كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە يەر يۈزىگە چۈشۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ئاخىرى، يەر يۈزىگە چۈشۈش هەرىكىتىنى تاسادىپىي پۇرسەتكە ئېرىشكەن كىچىك قوشۇن تاماملىدى. هازىر تولىمۇ ئامەتلىك ئىلمىي ئېقىم پەيدا بولدى، ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك هايۋانلار جەمئىيىتىدىن مەنبەنى بايقاشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ. بولىدۇ، مەن ئۇلارغا توپلىشىپ تىزىلىپ ماڭىدىغان قارىغاي پەرۋانىسىنى تەۋسىيە قىلاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى بۆلۈم



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۆلگەن بولۇۋېلىش

ئۆلگەن بولۇۋېلىش ئۇستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىمىزنى تونجى بولۇپ قوبۇل قىلغىنى تەپ تارتمىشنى بىلمەيدىغان جاللات ئوپېراتسىيەچى — مىجەزى قوپال، يوغان باش، قارا ماڭدامچى قوڭغۇز بولدى. ئۇنى ئۆلگەن ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىنتايىن ئاسان: ئۇنى قولۇمدا بىردەم قىسىپ، ئاندىن يەنە ئۆرۈپ ئايلاندۇرساملا بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بار، يەنى قولۇمنى بوشىتىپ ئۇنى ئۇستەلگە چۈشۈرۈۋەتسەم، ئانچە ئېگىز بولمىغان يەردىن بىرنەچچە قېتىم تاشلىۋەتسەملا بولىدۇ. ھاشارات بىرنەرسىگە سوقۇلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا يەنە بىرنەچچە قېتىم تاشلىۋەتسەملا بولىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇستەلگە قويۇپ قويىمەن.

مانا مۇشۇ يېتەرلىك: ھاشارات جايىدا خۇددى ئۆلگەندەك مىدىرلىماي ياتىدۇ، پۇتلىرىنى قورسىقىنىڭ ئالدىغا يىغىۋالىدۇ، ئىككى تال ئاجىز ئانتېنناسى چىرمىشىپ كېتىدۇ، ئىككى تال ئامبۇرى ئېچىقلىق ھالەتتە. قوڭغۇزنىڭ يېنىغا بىر سائەتنى قويۇپ قويساق، تەجرىبە باشلانغاندىن ئاخىرلاشقانغا قەدەر ۋاقىتنى ئېنىق ھېسابلىغىلى بولىدۇ. ھازىر سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. چۈنكى، بىر تەرەپتە تۇرۇپ پۈتكۈل جەريانىنى كۆزەتكۈچى ئۈچۈن قوڭغۇزنىڭ مىدىرلىماي يېتىۋالغان ۋاقىتنى كۈتۈش تولىمۇ زېرىكىشلىك بولىدۇ.

ئەگەر قوڭغۇزنىڭ جىم يېتىۋېلىش ھالىتىنى ئۇزارتىدىغان ياكى قىسقارتىدىغان ئامىلنى ياساشقا رۇخسەت قىلىنمىسا،

ئۇنداقتا ئوخشاش بىر كۈن، بىر ئىقلىمدا بىر قوغۇزنى ئۇدا كۆزەتسەك، مىدىرلىماي ياتقان چاغدىكى ھالىتىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئەمما بەزىدە سىرتقى ئامىلنىڭ مۇشۇنداق ئاجىز تەسىرىنى بولۇپمۇ ھاشاراتنى يىغىش جەريانىدا ھاسىل بولغان ھەقىقىي تەسىراتنى سىناپ كۆرۈشكە بولىدۇ. بىراق، بۇ ئامىلنىڭ سىرىنى ئېچىش تولىمۇ مۈشكۈل. بىز يەنىلا نەتىجىنى خاتىرىلەش ۋە كۆزىتىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرايلى.

مىدىرلىماي يېتىۋېلىش ھالىتى ئادەتتە ئەللىك مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ، قىسمەن ئەھۋالدا ھەتتا بىر سائەتتىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان داۋاملىشىش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىگىرمە مىنۇت بولىدۇ. ئەگەر ھاشارات ھېچقانداق ئۇركۇتۇۋېتىشكە ئۇچرىمىسا، مەسىلەن، تومۇز كۈنلىرىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغاندا، كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان چۈشەندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن ئۇنى ئەينەك قەپەسنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويسام، مىدىرلىماي يېتىۋېلىش ئىسمى جىسمىغا لايىق مىدىرلىماي يېتىۋېلىشقا ئۆزگىرىدۇ: تاپان بوغۇمى، بۇرتى، ئانتېنناسى قاتارلىق نازۇك جايلىرى پەقەتلا مىدىرلىمايدۇ، قارىماققا ئۆلگەندەكلا قېتىپ قالىدۇ.

ئۆلگەندەكلا قېتىپ قالغان ھاشارات ئاخىر ئويغاندى. ئالدى پۇتىنىڭ تاپان بوغۇملىرى سەل تىترەشكە باشلىدى، ئارقىدىنلا بارلىق تاپان بوغۇملىرى تىترەشكە باشلىدى، بۇرتى ۋە ئانتېنناسىمۇ مىدىرلاشقا باشلىدى، بۇ قايتىدىن جانلىنىشنىڭ بىشارىتى ئىدى. پۇت ـ قوللىرى ھازىر قالايمىقان مىدىرلاشقا باشلىدى، بېلىنىڭ چەك جايلىرىمۇ ئېگىلىشكە باشلىدى، ئارقىدىنلا ئېغىرلىق مەركىزى بېشى ۋە دۈمبىسىگە مەركەزلەشتى، ئاندىن بىرلا كۈچەپ ئۆرۈلدى. بۇ چاغدا ئۇ يەنە ئوششاق قەدەم ئېلىپ باشقا جايغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئېسىگە كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، ناۋادا مەن ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويسام شۇ ھامان يەنە ئۆلۈك قىياپەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرىۋالاتتى.

بۇ پۇرسەتتە مەن تەجرىبەمنى يەنە باشلىۋەتتىم. ئەمدىلا ئېسىمگە كەلگەن ھاشارات يەنىلا ئالتە پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ مىدىرلىمىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆلۈك ھالىتىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ ئۇزاق بولدى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن، مەن ئۈچىنچى قېتىملىق تەجرىبەمنى باشلىۋەتتىم. ئاندىن تۆتىنچى، بەشىنچى قېتىملىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تىنغۇدەكمۇ پۇرسەت بەرمىدىم. مىدىرلىماي يېتىۋېلىش ۋاقتى بارغانسېرى ئۇزىراپ كەتتى. بىز ۋاقىتنى ھېسابلاپ باقايلى. ئۇدا ئېلىپ بارغان بەش قېتىملىق تەجرىبىدە، مىدىرلىماي يېتىۋېلىش ۋاقتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئون يەتتە مىنۇت، يىگىرمە مىنۇت، يىگىرمە بەش مىنۇت، ئوتتۇز ئۈچ مىنۇت، ئەللىك مىنۇت بولدى. ئۆلۈك ھالىتى دەسلەپكى بىر دەقىقىدىن ئاخىرقى بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىتقا يەتكەن.

مەن بۇنداق تەجرىبىنى نۇرغۇن قېتىم ئېلىپ باردىم، گەرچە نەتىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما بىر ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ھاشارىتىنىڭ ئۆلگەن بولۇۋېلىشىنىڭ ھەر قېتىملىق ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ نەتىجىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا تەجرىبە تەكرار ئېلىپ بېرىلغاندا، قارا قەدەمچى قوڭغۇزنىڭ يالغان ئۆلۈك قىياپىتى بارغانسېرى ئۇزىراپ بارىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ھالەتكە كۆنۈپ كەتكەنلىكىدىنمىدۇ ياكى ھاشاراتلارنىڭ بارغانسېرى ھېيلىگەرلىشىپ، دۈشمەننى تاقەتسىزلەندۈرۈشىمىدۇ؟ ھازىرچە بۇنداق يەكۈن چىقىرىش بالدۇرلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، ھاشاراتلاردىن سورىغانلىرىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس.

داۋاملىق كۆتۈپ تۇرايلى. ئەگەر ساقلاۋەرسەك، تاقىتىمىزنى يوقىتىپ قويمىغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنى قىيناۋەرسەك ھامان ئۆلگەن بولۇۋالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ چاغدا بىز ئۇنى مىدىرلىتىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويساق، ئۇ شۇ ھامان

ئۆرۈلۈپلا قاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئۇنۇمسىز تەدبىرىمىزنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۇ خىل تەپەككۇر ئارقىلىق پاكىتنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسىز. ئادەمنى مۇشۇنداق ئەخمەق قىلالايدىغان مەككار ھاشارات ھۇجۇم قىلغۇچىنى بىر ئامال قىلىپ ئازدۇرۇشنى ئۆزىنى قوغداشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. ئۇ ئۆلگەن بولۇۋالىدۇ، ناۋادا ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئالداش پىرىنسىپىغا تېخىمۇ قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئەمەل قىلىپ، قايتىدىن ئۆلگەن بولۇۋالىدۇ. ئۇ پەقەت ئالداش ۋاستىسى كارغا كەلمىگەندىلا ئاندىن ئالداشتىن ۋاز كېچىدۇ. ھازىر تەجرىبەمنىڭ قەبىھلىك دەرىجىسى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ھاشاراتنىڭ راستىلا يالغانچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئىنتايىن ئۈنۈملۈك چارە تېپىپ، ئالدامچىنى ئالداشقا توغرا كېلىدۇ.

سىناق قىلماقچى بولغان ھاشارات ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ياتماقتا. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق يەردە يېتىۋاتىمەن، تېگىمنى كولاش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېسابلايتتى. يەر ئاستى يوشۇرۇنۇش ئۆيىدىن بىرىنى كولاش كۈچلۈك ھەم ئەپچىل قورالغا ئىگە قارا ماگدامچى قوڭغۇز ئۈچۈن ئىنتايىن ئاسان ئىش. بىراق، قىلچىمۇ كولاش ئۈمىدى قالمىغان ئەھۋالدا، ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، گېزى كەلگەندە بىر سائەت داۋاملاشتۇرالايدۇ. مۇبادا ئۇ قۇمساڭ توپراقتا يېتىپ قالغان بولسا، شۇ ھامان يۇمشاق قۇمنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ تېزدىن ھەرىكەتكە كەلمەي قالارمۇ؟ تېنىنى مىدىرلىتىپ بېقىشنىمۇ ئويلىماي، توپىنى كولاش ئىستىكى قوزغالماي قالارمۇ؟

مەن ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولۇشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن، خاتالىشىپتىمەن. مەن ئۇنى مەيلى ياغاچنىڭ ئۈستىگە قوياي، مەيلى ئەينەكنىڭ ئۈستىگە قوياي، مەيلى قۇمساڭ توپىنىڭ ئۈستىگە قوياي ۋە مەيلى يۇمشاق ئېتىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توپىسىنىڭ ئۈستىگە قوياي، بۇ ھاشاراتنىڭ تاكتىكىسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. كولاش ئىنتايىن ئاسان بولغان يەر يۈزىدە قويساممۇ، قاتتىق جىسىمنىڭ ئۈستىگە قويغان ۋاقىتتا ئوخشاشلا ئۇزاققىچە مىدىرلىماي ياتتى.

تەجرىبە قىلىنغۇچى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە مەندەك بىر يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ كۆزەتكۈچىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. ئانتېنناسى ئۇنىڭ كۆزىنى يېرىم توسۇپ تۇراتتى، بىراق ئۇ ئاشۇ بىر جۈپ پارقىراق كۆزى بىلەن مېنى كۆرگەنىدى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ، مېنى كۆزىتىۋاتاتتى. مېنىڭچە، مۇشۇنداق پەيتتە ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ قارىشى لايىقىدا ئىدى. چوڭ مەخلۇق — ئادەمگە نىسبەتەن ھاشاراتنىڭ كۆرۈش سېزىمى زادى قانداق تەسىراتتا بولىدۇ؟ بىچارە كىچىك مەخلۇق بىزدەك بۇنداق ئېگىز ئابىدىگە قانداق سەپسالىدىغاندۇ؟ ئىنتايىن تار ۋە كىچىك نەزەر دائىرىدە شۇ قەدەر چوڭ مەخلۇقمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىكى مۇمكىن.

ئۇ ھاشارات ماڭا تىكىلىپ قاراپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدىغان مەخلۇق ئىكەن، دەپ ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، گەپنىڭ تېمىسىنى بۇنچىۋالا يىراقلاشتۇرۇۋەتمەيلى. بولمىسا، مەن ئۇ يەردىلا بولىدىكەنمەن، گۇمانخور ھاشارات مىدىرلاپمۇ قويمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۈزۈل - كېسىل ئەسلىگە كېلىپ قالسا، داۋاملىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىش تاقىتىمنى يوقىتىپ قويغان بولىمەن. شۇڭا، بىراقلا ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىشىم لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ نەيرەڭۋازلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، دەرھال ئۆرۈلۈپلا ئالدىراپ - تېنەپ قاچىدۇ.

مەن ئون قەدەم يىراقلاپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىۋالدىم. ئاۋاز چىقارمىدىم. ھاشارات ئورنىدىن مىدىرلىغانمىدۇ؟ ھەي، تېخى مىدىرلىماپتۇ، مېنىڭ پەخەس بولۇشۇم بىكارغا كېتىپتۇ. ئۇ ھاشارات تېخى ھېچقانداق مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ، ئۇ مەن

يېنىدا تۇرغان چاغدىكىگە ئوخشاش ۋاقىتقىچە مىدىرلىماي تۇردى.

نېمىدېگەن زېرەك ـ ھە، ئۇ مېنىڭ يەنىلا ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى. بەلكىم ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ئىنتايىن سەزگۈر بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا مېنىڭ ئۆيدىن تېخى ئايرىلمىغانلىقىمنى ئۇقۇپ قالغان گەپ. بولىدۇ، بىز يەنە باشقا چارە ئىشلىتىپ باقايلى. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان چىۋىننىڭ كاشىلىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن ئۇنى قوغۇغۇراقسىمان قەپەسنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ ئۆيدىن گۈللۈككە چىقىپ كەتتىم. ئومۇمەن ئۇنىڭ ئەنسىرىشىنى قوزغايدىغانلىكى نەرسىنى ئۇنىڭغا زادى يېقىنلاشتۇرمىدىم. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىمۇ ھەم ئېتىۋەتتىم. ئۇ ئەمدى مۇشۇنداق تىنچ مۇھىتتا قانداق ئىنكاس پەيدا قىلار؟

نەتىجىدە ئۆلگەن بولۇۋالغان ۋاقتى ئادەتتىكى ۋاقىت بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش چىقتى، كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس. يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتتا، قىرىق مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتتا مەن ئۆيگە قايتىپ ھاشاراتنىڭ يېنىغا كەلدىم. ھەر قېتىم كىرگىنىمدە ئۇ تۆت پۇتى ئاسمانغا قارىتىقلىق ھالەتتە ئىدى.

مەن بىرنەچچە ھاشاراتقا نىسبەتەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆپ قېتىم ئوخشاش تەجرىبە ئېلىپ باردىم، نەتىجىدە مەسىلىنى ھەل قىلىشىم ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق جاۋابقا ئېرىشتىم. ئۇلارنىڭ ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشى ھەرگىزمۇ خەتەردىن قورققانلىقى ئەمەس ئىكەن. مېنىڭ تەجرىبەمدە ئۇلارغا تەھدىت سالىدىغان ھېچقانداق ئامىل يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تىۋىش يوق ئىدى، ئىككىنچى بىرى يوق ئىدى، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ يەنىلا مىدىرلىماي تۇرۇۋېلىشى قايسىبىر دۈشمەننى ئالداش ئۈچۈن بولمىسا كېرەك. بۇ نۇقتا ئايدىڭلاشقانىكەن، چوقۇم باشقا بىر سەۋەب بار بولغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە نەيرەڭ ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىشىنىڭ زادى نېمە زۆرۈرىيىتى باردۇ؟ بىلدىمكى، بىر ئاجىزەگە، قوغداشقا ئېرىشەلمەيدىغان بىر تىنچلىقپەرۋەرگە نىسبەتەن خەۋپ ـ خەتەر ئالدىدا ھىيلىگە ئىلتىجا قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بىراق، ئۇنىڭغا ئوخشاش قورال كۈچىگە چوقۇنىدىغان، ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيگەن قاراقچىغا نىسبەتەنمۇ مۇشۇنداق زۆرۈرىيەتنىڭ بولۇشى مېنى قايمۇقتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ تۇرىدىغان دەريا بويىدا ئۇنى ھېچقانداق نەرسە يېڭەلمەيتتى. قەيسەر سىكاراب قوڭغۇز ئۇنىڭ ئۆڭكۈرىنى داۋاملىق گۆش بىلەن تولدۇرۇپ تۇراتتى.

ياكى بولمىسا قۇش تۇركۈمى ئۇنىڭغا تەھدىت سالامدىغاندۇ؟ بۇنداق بولۇشىدىن گۇمانلىنىمەن. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ماڭدامچى قوڭغۇز بىلەن ئوخشاش، تېنى بەتبۇي غەيرىي پۇراق بىلەن تولغان، بۇنداق پۇراقتا قۇش تۇركۈمى ھەرگىز يېقىنلاشمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ كۈندۈزدە ئۆڭكۈردىن چىقمىغاچقا ھېچكىم ئۇنى كۆرەلمەيدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزمايدۇ. ئۇ پەقەت كەچ كىرگەندىلا ئاندىن ئۆڭكۈردىن چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇ چاغدا قۇش تۇركۈمى دەريا بويىدا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇشنىڭ ئېغىزىغا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

يولى كېلىپ قالسا سىكاراب قوڭغۇز ئۆلتۈرەلەيدىغان بۇ جالالتىنىڭ، ھېچكىم تەھدىت سالالمايدىغان بۇ قوپال جانىۋارنىڭ ئازراقلا شەپە بولسا توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشى پەقەتلا ئەقىلگە سىغمايدۇ!

ئوخشاش بىر دەريا ساھىلىدا پارقىراق خانقىز ماڭا مۇنداق بېشارەت بەردى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن يوغان چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇزغا سېلىشتۇرغاندا ھازىر تىلغا ئالغان بۇ خىل پارقىراق خانقىزنىڭ بويى پاكار. ئىككىسىنىڭ تەن شەكلى ئوخشاش ھەم ئوخشاشلا قاپقارا ۋە پارقىراق، ئوخشاشلا دۇبۇلغا ـ

ساۋۇت كىيگەن، ئوخشاشلا بۇلاڭچىلىقنى ئادەت قىلغان. بىراق، پارقىراق خانقىز گەرچە پاكار ھەم ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆلگەن بولۇۋېلىپ ساختىپەزلىك قىلمايدۇ ئۇنى قىيناپ ئۇستەلنىڭ ئۇستىدە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويساقمۇ، دەرھال ئۆرۈلۈپ قاچىدۇ. مەن ئۇنىڭ ھەر قېتىم مىدىرلىماي ئاران بىر نەچچە سېكۇنت تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۈم. پەقەت بىر قېتىملا، ئۇزاق ۋاقىت تەكرار ھەپىلەشسەمۇ پاكارنىڭ يالغاندىن ئۆلگەن ۋاقتى بىر دەقىقىگە يەتتى.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆچلۈك سېلىشتۇرما بار، ئۇ جانىۋارنى بايا ئۇستەلدە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويسام مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ھەتتا بەزىدە بىر سائەتتىن كېيىن ئاندىن مىدىرلايدۇ! بۇ كۆرۈشكە تېگىشلىك ئەھۋال بىلەن دەل ئەكسىچە بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردىكى پاكىت بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، يالغاندىن ئۆلۈۋېلىش — ئۆزىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل ئالدامچىلىق. كۆچلۈك ئېگىز بويىنىڭ قولىلانغىنى قورقۇنچاق پوزىتسىيە، ئاجىز پاكارنىڭ قوللانغىنى بولسا تېزدىن قېچىش تاكتىكىسى. ئىككىسىنىڭ ئۇسۇلى دەل ئەكسىچە.

بۇنىڭغا زادى قانداق قائىدە يوشۇرۇنغان؟

خەتەر شارائىتىدا تەجرىبە ئېلىپ بارسام قانداق ئەھۋال يۈز بېرەر؟ چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇز ئوڭدا يېتىپ مىدىرلىمىغان چاغدا قانداق دۈشمەننى ئىشقا سالسام بولار؟ مەن ئۇنىڭغا نېمىنىڭ كۆشەندە بولالايدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن. مۇنداق قىلاي، ئۇنىڭغا مەلۇم نەرسىنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇرسامچۇ. چۈنكى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى.

ئالدىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتقان چېغىمدا چىۋىن ئادەمنى تولىمۇ بىزار قىلىدۇ. مۇبادا قوڭغۇزلىرىمنى قەپەس ئىشلەتمىسەم، ئۇنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇرمىسام، ئۇنداقتا، ئىش تېرىيدىغان قوش قاناتلىق ھاشاراتنىڭ مېنىڭ تەجرىبە ئوبيېكتىمغا كاشىلا

قىلىشى تورغان گەپ. ئەمدى چۈشەن خالىغانچە كېلىشۈەرسۇن.

چۈشەن ئەمدىلا ئىنچىكە پۇتى بىلەن قاتقان جەسەتتەك بىر نەرسىگە بىرنەچچە قېتىم قونۇۋىدى، خۇددى توك بىلەن داۋالىغاندا يېنىك سىلكىنىش پەيدا بولغانغا ئوخشاش، بۇ چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ پۇت بوغۇمىدا يېنىك تىترەش ئالامىتى كۆرۈلدى. مۇبادا قەدەم تەشرىپ قىلغۇچى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قونۇپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتسە، يېنىك تىترەش شۇ هامان ئاخىرلىشىدۇ؛ ئەمما، كۈتۈلمىگەن مېهمان جايىدا توختاپ ئۇنىڭ شۆلگەي ئېقىپ تورغان ۋە تاماق يۇقى قالغان ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدا هەرىكەت قىلسا، ئۇنداقتا ئازار يېگەن جانىۋار شۇ هامان ئۆرۈلۈپ ئالدىراپ - تېنەپ قېچىپ كېتىدۇ.

بەلكىم ئۇ بۇنداق بىر قاراشقا ئەرزىمەيدىغان رەقىبىنىڭ ئالدىدا ئۇستىلىق قىلسام ئابرۇيۇم تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، دەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئاتالمىش ئاپەتنىڭ هېچقانداق تەهدىت سالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەچكە، ئۇ قايتىدىن هەرىكەتلەنگەن گەپ. بولىدۇ، ئۇنداقتا بىز كۈچى ۋە گەۋدىسى قورقۇنچلۇق بولغان، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان باشقا بىر هاشاراتنى تەكلىپ قىلايلى. هازىر قولۇمدا پۇتى ۋە ئېڭىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر دانە ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز بار. بۇ ئۇزۇن ئانتېننالىق قوڭغۇزنىڭ مىجەزى مۇلايىم بولۇپ، بۇ تەرىپىنى مەن ئوچۇق بىلىمەن. بىراق، چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇز بۇ تەرىپىنى پەقەتلا ئۇقمايدۇ. چۈنكى، دەريا بويىدىكى قۇملۇق يەردە بۇ خىل جانىۋار پەقەتلا كۆرۈنمەيدۇ. مۇلاھىزە قىلغاندا، بۇ ئۇزۇن ئانتېننالىق قوڭغۇز ئۆزىدىن ئۆكتەم هاشاراتلاردىن ئەيمىنىدۇ. ناتونۇشلاردىن قورقۇش هېسسىياتى چوقۇم ئەهۋالنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

مەن شال پاخلى بىلەن ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنى چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردىم. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز ئەمدىلا پۇتىنى ئوڭدا ياتقان چوڭ باشلىق قارا

ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ ئۇستىگە قويۇۋىدى، ئۇنىڭ پۇت بوغۇملىرى شۇ هامان تىترەپ كەتتى. ئەگەر ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز تاجاۋۇزچىغا ئايلانغان بولسا، ئۆلۈكتەك قوڭغۇز توساتتىن ئۆرۈلۈپ غىپپىدە تىكىۋەتكەن بولاتتى. بۇ كۆرۈنۈش خۇددى قوش قاناتلىق هاشاراتنىڭ ئۇنى ئەخمەق قىلغىنىنى بىلەن ئوخشاش. خەتەرلىك ئەھۋال كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرۇپتۇ، يەنە كېلىپ ناتونۇشقا بولغان قورقۇنچ پەيدا بولغاچقا، ئۆلگەن بولۇۋېلىشتىن ۋاز كېچىپ، قاچماقتىن باشقا چارە يوق.

كېيىنكى تەجرىبىمىزنىڭمۇ قىممىتى بار. قوڭغۇز ئۆرۈلۈپ ئۇستەلدە ياتتى، مەن بىر قاتتىق نەرسە بىلەن ئۇستەلنىڭ پۇتىنى چەكتىم. لېكىن بۇ ئۇستەلنى كۆرۈنەرلىك تىترىتەلمىدى. مەن لايىقىدا ئىش كۆرۈپ، ئۇستەلنى خۇددى ئېلاستىكلىق جىسىمنى تىترەتكەندەك تىترەتتىم. بۇ قېتىمقى تەجرىبەمگە ئانچە كۈچ كەتمەيتتى، ئۇستەلنى هەر قېتىم تىترەتكىنىمدە پۇتىنى يىغىپ بىردەملا تىترەيتتى.

نۇرنىڭ قوڭغۇزغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. تا هازىرغىچە تەتقىقات ئوبيېكتىم كۆتۈپخانامدىكى ئاجىز نۇر مۇھىتىدا تەجرىبە قىلىندى، كۈن نۇرى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىدى. هازىر دېرىزە تەكچىسىگە كۈن تولۇق چۈشكەندى. ئەگەر قوڭغۇزنى ئۇستەلدىن دېرىزە تەكچىسىگە يۆتكىسەم، مىدىرلىماس هالەتتىكى قوڭغۇز كۈچلۈك كۈن نۇرىدا قانداق هالەتتە بولار؟ ياھ، دەل مۇشۇ پەيتتە ئىش ئايدىڭلاشتى. قوڭغۇز بىۋاستە چۈشكەن قۇياش نۇرى بىلەن ئۇچرىشىپلا، دەرهال ئۆرۈلۈپلا مېڭىپ كەتتى.

مەسىلە يېتەرلىك ئايدىڭلاشتى. يەتكۈچە ئازاب تارتقان تەجرىبە قىلىنغۇچى بايا يېرىم سىرىنى ئاشكارىلىدى. چۈشىنى سىنى ئەخمەق قىلىپ شۆلگەي ئېقىپ تۇرغان ئېغىزلىرىگنى يالاپ، سىنى بىر تاپ قاتارىدا كۆرۈپ، بارلىق تاتلىق شىرنەڭنى سۈمۈرۈش كويىدا بولدى؛ كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولغان هېلىقى

قورقۇنچلۇق ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز خۇددى ئۇۋغا ئېرىشكەندەك پۇتلىرىنى قورساق قىسمىغا قويدى؛ ئۇستەل سىلكىنسە، ئۆڭكۈرۈڭگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن جانىۋار توپا كولاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭ؛ كۈچلۈك كۈن نۇرى تېنىڭگە چۈشۈۋىدى، بۇ دۈشمىنىڭنىڭ قارا نىيىتىگە پايدىلىق بولدى، ئەمما ھوشسىزلىقنى ياخشى كۆرىدىغان سەن ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ، بىخەتەرلىكىڭگە خەۋپ يەتتى. ئەمەلىيەتتە، بىر خىل ئاپەت ساڭا تەھدىت پەيدا قىلغاندا، ھەمىشە مىدىرلىماس قىياپەتكە كىرىۋالدىڭ، سېنىڭ كارامىتىڭ ئۆلگەن بولۇۋېلىشتىن باشقا نەرسە بولمىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك ھالاكەت گىردابىدا قالغان ۋاقتىڭدا، ئۆلۈۋالمىدىڭ، بەلكى تىترىدىڭ؛ نورمالسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقتىڭدا نورمال قىياپىتىڭگە كىرىپ، نەق مەيداندىن قاچتىڭ، ئالدامچىلىقىڭ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. تېخىمۇ توغرىسى، سەندە ھىيلە ـ مىكىردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. سېنىڭ مىدىرلىماي تۇرۇۋېلىشىڭ يالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشىڭ بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ھالىتىڭ ئىدى. سېنىڭ نېرۋاڭدىكى مۇرەككەپ جىددىيلىك ئىنكاسى سېنى شۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. خالىغان بىر خىل ئەھۋال سېنى زىيادە جىددىيلەشتۈرۈۋېتەتتى، خالىغان بىر خىل ئەھۋال سېنى بۇ ھالىتىڭدىن خالاس قىلاتتى، بولۇپمۇ قۇياش نۇرى. قۇياش نۇرى ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتىدۇ، ئۇ تەڭداشسىز غىدىقلىغۇچىدۇر.

سىلكىنىشتىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت جىمجىتلىق ھالەتنى ساقلاش جەھەتتە، مېنىڭچە چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇز بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغىنى ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ بىر خىلى بولغان قارا ئالتۇن قوڭغۇزدۇر. بۇ خىل قوڭغۇزنىڭ گەۋدىسى چوڭ، تېنى قاپقارا، كۆكرەك قالقىنى ئاق رەڭلىك بولۇپ، قارا ئەينۇلا دەرىخى، ئۆرۈك دەرىخى ۋە دولانە دەرىخىدە تۇرۇشقا ئامراق. بەزى ئەھۋالدا ئۇ پۇتىنى يىغىپ، ئانتېنناسىنى چىقىرىپ قويۇپ،

ئۆلۈك ھالەتتە بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرالايدۇ. باشقا ھەر خىل ئەھۋالدا ئۇ ھەمىشە قېچىش تەييارلىقىدىلا تۇرىدۇ. سىرتقى جەھەتتىن قارىغاندا كىلىمات ئاملى رول ئوينىغاندەك قىلىدۇ، ئەمما مەن كىلىماتنىڭ زادى قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا مەن پەقەت قوڭغۇزنىڭ دائىم بىر - ئىككى مىنۇتلا ئۆلۈك ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرىمەن.

بىز يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ ئۆتەيلى: تەجرىبە قىلىنىدىغان ئوخشاش بولمىغان قوڭغۇزلارنىڭ ئۆلۈك ھالەتتىكى ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، پەرقى ئىنتايىن چوڭ، بۇ بىر قاتار ئېنىقسىز مۇھىت شارائىتىغا باغلىق. بىز ئاشۇ مۇۋاپىق پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز لازىم، بۇ خىل پۇرسەت كۆپ ئۇچرايدۇ. مەن چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇزغا قارىتا ئېلىپ بارغان تۇرلۇك تەجرىبىنى قارا ئالتۇن قوڭغۇزغا تەتبىقلىدىم، نەتىجىسى ئوپئوخشاش چىقتى. ئالدىنقى قېتىملىق تەجرىبىنىڭ نەتىجىسىنى ئوقۇغانلار بۇ قېتىمقى تەجرىبىنىڭ نەتىجىسىنى ئوقۇغان بىلەن باراۋەر، يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

مەن پەقەت قارا ئالتۇن قوڭغۇز دەرھال نورمال ھالىتىگە قايتىدىغانلىقى توغرىسىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن. قارا ئالتۇن قوڭغۇز نۇر خىرە جايدا مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ئۇنى ئۇستەلدىن قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدىغان دېرىزە تەكچىسىگە يۆتكىسەم تېزدىنلا ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە كۈچلۈك نۇرغا بىرنەچچە سېكۇنتلا قاقلانغان بىر جۇپ قالقان قانىتىنى يېشالمىغان قىلىپ، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرھال ئۇچۇشقا تەمشەلدى، بەختكە يارىشا مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم. بۇ بىر خىل نۇرنى كۆرسىلا قورقىدىغان ھەم خۇشال بولىدىغان، ئاپتاپقا قاقلانسىلا ئەسەبىيلىشىپ كېتىدىغان ھاشارات بولۇپ، تومۇز كۈنلىرىنىڭ چۈشتىن كېيىنلىك ۋاقتىدا ئەينۇلا دەرەخدە تۇرۇپ

ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ كەيىپ سۈرىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ خىل ئىسسىق بەلباغ تېمپېراتۇرىسىغا مايىل خۇسۇسىيىتى توساتتىن مەندە بىر خىيالنى پەيدا قىلدى: مۇبادا يالغان ئۆلۈۋالغان چاغدا تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلەتسەم ئۇنىڭدا قانداق ئىنكاس پەيدا بولار؟ مەن ئۇنىڭ مىدىرلىماي تۇرىدىغان ۋاقتىنى ئۇزارتىدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلغانىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايتتى، چۈنكى تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىسە، قىشتىن ئۆتۈشكە قۇربىتى يېتىدىغان ئۇ قوڭغۇزلار سوغۇقتىن قېتىپ قېلىپ قىشلىق ئۇيقۇغا كېتىپ قالىدۇ.

ھازىر بىزگە ئۇنىڭ قىشلىق ئۇيقۇسى ئەمەس، بەلكى تولۇپ تاشقان ھاياتى كۈچى كېرەك. تېمپېراتۇرىنى چۈشۈرگەندە ئاستا ـ ئاستا چۈشۈرۈپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە دىققەت قىلىش كېرەك. مەن مۇۋاپىق بولغان بىر خىل ماتېرىيال — قۇدۇق سۈيىدىن پايدىلاندىم. قۇدۇقتىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ياز پەسلىدە سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن ئون ئىككى گىرادۇس تۆۋەن ئىدى.

مەن ئۈركۈتۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر قارا ئالتۇن قوڭغۇزنى ئۆلۈك ھالەتكە كەلتۈردۈم، ئاندىن ئۇنى بىر دانە كەڭ ئېغىزلىق بوتۇلكىغا سېلىپ، ئېغىزىنى ھىم ئېتىپ، لىق سوغۇق سۇ قاچىلانغان كىچىك ياغاچ چېلەككە سالدىم. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىنى ساقلاش ئۈچۈن چېلەككە قۇدۇق سۈيىنى ئۈزۈكسىز قۇيۇپ تۇردۇم. بوتۇلكىنىڭ مىدىرلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سۇنى ئاز ـ ئازدىن ئالماشتۇردۇم. چۈنكى، ئۇ يەردە ئۆلۈك ھالەتتىكى قوڭغۇز ياتماقتا ئىدى.

نەتىجىدە، مېنىڭ تەدبىرىم بىكارغا كەتمىدى. ئۇ قوڭغۇز سۇ ئاستىدا بەش سائەت تۇرغان بولسىمۇ، تېخىچە مىدىرلىمىدى. مېنىڭ دېگىنىم بەش سائەت، ئۇزاققا سوزۇلغان بەش سائەت. يەنە شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ناۋادا تەجرىبىنى

داۋاملاشتۇرۇشقا تاقىتىم بولغان بولسا، قوڭغۇز يەنە تېخىمۇ ئۇزاق مىدىرلىماي تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، مەسىلە ئاللىبۇرۇن ئايدىڭلاشقانىدى، ھەرگىزمۇ قوڭغۇزنى ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلەتتى، دەپ ئويلاپ قالماڭ، گۇمانلانماڭ، قوڭغۇزنىڭ بۇ چاغدىكى ھالىتى يالغان ئۆلگەن ھالەت بولماستىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىھوش ھالەتكە كىرگەنلىكى ئىدى. چۈنكى، دەسلىپىدە مەن ئۇنى قىيناپ مەجبۇرىي ئۆلۈك ھالەتكە كەلتۈردۈم، كېيىنكى تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرىم ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى ئۇيقۇ ھالىتىگە كىرگۈزدى.

مەن بۇ ئۇسۇلنى چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇزغا ئىشلەتسەم، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىپادىسى قارا ئالتۇن قوڭغۇزنىڭكىدەك بولمىدى، ئۇ تۆۋەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدا ئەللىك مىنۇتتىن ئارتۇق ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرالمىدى.

ھازىر مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. ئالتۇن قوڭغۇز تۈرىدىكى قوڭغۇزلار ئوتتەك قىزىق كۈن نۇرىنى ياخشى كۆرىدۇ. چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇز بولسا كېچىسى سىرتتا لاغايلاپ يۈرۈشكە خۇشتار بولۇپ، يەر ئاستىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سوغۇق سۇ بىلەن ئۇچراشقاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ تەسىراتى ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. تېمپېراتۇرا سەل تۆۋەنلىسە سوغۇقتىن قورقىدىغان قوڭغۇزلار ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ، بىراق يەر ئاستىدىكى سالقىن مۇھىتقا كۆنۈپ قالغان قوڭغۇزلار بۇنىڭغا ئېرەن قىلمايدۇ.

مەن يەنە تېمپېراتۇرانى تۆۋەنلىتىش تەجرىبىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بارغان بولساممۇ، ھېچقانداق يېڭى ئەھۋالغا ئېرىشەلمىدىم. مېنىڭ كۆرگەن ئەھۋالىم ئوخشاش بولمىغان قوڭغۇزلارنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدا ئۇيقۇ ھالىتىنى ساقلاش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئۇلارنىڭ قۇياشقا تەلپۈنىدىغان ياكى قۇياشتىن دالدىلىنىدىغانلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكى بولدى. ھازىر يەنە باشقا بىر ئۇسۇلغا ئالماشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقايلى.

مەن كىچىك ياغاچ چېلەككە بىرنەچچە تېمىم ئېتىل ئېغىر تېمىتتىم، ئېتىل ئېغىر پارلىنىشقا باشلىدى. مەن دەرھال ئوخشاش بىر كۆندە تۇتقان بىر گەندىخور بىلەن بىر قاپقارا ئالتۇن قوڭغۇزنى بىرلا ۋاقىتتا چېلەككە سالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىككى تەجرىبە قىلىنغۇچى مىدىرلاشتىن توختىدى، ئۇلار ئېتىل ئېغىرنىڭ تۇتىكىدىن قېتىپ قېلىپ ئۇيقۇ ھالىتىگە كىرگەندى. مەن دەرھال ئۇ ئىككىسىنى چېلەكتىن ئېلىپ ئوچۇقلۇققا قويۇپ نورمال ھاۋاغا قويدۇم.

ئۇلارنىڭ قىياپىتى زەربىگە ۋە ئۇركۈتۈشكە ئۇچرىغان چاغدىكى قىياپىتىگە ئوخشاش ئىدى. قاپقارا ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ ئالتە تال پۇتى ئىنتايىن قائىدىلىك ھالدا كۆكرەك ئالدىغا تۈگۈلگەنىدى؛ گەندىخورنىڭ پۇت - قوللىرى كېرىلىپ تىك بولۇپ، خۇددى قېتىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك قالايمىقان قېتىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆلدىمۇ، تىرىكمۇ؟ بىر نېمە دېيىش تەس.

ئۇلار ئۆلمىگەن. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن گەندىخورنىڭ پۇت بوغۇملىرى تىترەشكە، بۇرنى ۋە ئانتېنناسى مىدىرلاشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ئالدى پۇتى ھەرىكەتلەندى. يەنە چارەك سائەت ئۆتمەي باشقا پۇتلىرىمۇ قالايمىقان ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى.

بىراق، قاپقارا ئالتۇن قوڭغۇز تېخىچە ئۆلۈكتەك ياتاتتى، ئۇزاققىچە مىدىرلىمىدى. دەسلەپتە ئۇنى راستلا ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن. يېرىم كېچە بولغاندا ئۇنىڭ نورمال ھالىتى ئەسلىگە كەلدى، ئەتىسى قارىسام ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدەكلا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئېتىل ئېغىر كۈچىنى تولۇق كۆرستىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇز ۋاقىتدا تەجرىبىنى توختاتقاچقا، ئالتۇن قوڭغۇز ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بىراق، ئېتىل ئېغىرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى گەندىخورغا قارىغاندا كۆپ ئېغىر بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىلكىنىش ۋە

تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىشكە نىسبەتەن سەزگۈر بولغان قوڭغۇزلار ئېتىل ئېغىرىنىڭ ناركوز قىلىنىشىغا نىسبەتەن تېخىمۇ سەزگۈر بولىدۇ.

سەزگۈرلۈك جەھەتتىكى پەرققە كەلسەك مەن سوقۇش ۋە چىمدىشتىن ئىبارەت ئوخشاش ئۇسۇلنى ئىشلەتسەم، ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ مىدىرلىماس ھالىتى بىر سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى، ئەمما گەندىخور بولسا ئىككى مىنۇتتىن كېيىنلا پۇت - قوللىرىنى مىدىرلىتىشقا باشلىدى. بۇگۈنگە قەدەر، مەن يەنىلا پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەھۋالدىلا گەندىخورنىڭ ئۆلۈك ھالەتتىكى ۋاقتىنىڭ ئىككى مىنۇتقا يېتىدىغانلىقىنى كۆردۈم.

قاپقارا ئالتۇن قوڭغۇزنى يوغان گەۋدىسى ۋە مۇستەھكەم قاسىرىقى قوغداپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قاتتىق قاسىرىقىغا يىڭنىمىخ ۋە كىيىم تىكىش يىڭنىسىمۇ ئۆتمەيدۇ. بىراق، نېمە ئۈچۈن قاپقارا ئالتۇن قوڭغۇز ئۆلگەن بولۇۋېلىشقا شۇنچە ئامراق؟ نېمىشقا گەندىخور يالغاندىن ئۆلۈۋېلىش نەيرىڭىنى ئىشلەتمىسىمۇ ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ؟ يەنە زور مىقداردىكى ئوخشىمىغان ھاشاراتلار نۆۋەت بىلەن بىزگە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. تۇرلۇك ھاشاراتلار ئىچىدە بەزىلىرى ئۇزاق ۋاقىتقىچە مىدىرلىمايدۇ، بەزىلىرى بولسا بۇنداق ئەمەس. پەقەت تەجرىبە قىلىنىغان ھاشاراتنىڭ خىلى، سىرتقى شەكلى، تۇرمۇش ئادىتىگىلا ئاساسلىنىپ، تەجرىبە نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس.

ئالايلۇق، قاپقارا ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ ئۆلۈك ھالەتتىكى ۋاقتى ئىنتايىن ئۇزاق. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئائىلىدىكى باشقا ھاشاراتلار تۇرى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈنلا قاپقارا ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئوخشاش بولامدۇ - يوق؟ تاسادىپىي پۇرسەتتە مەن پارقىراق ئالتۇن قوڭغۇز ۋە توققۇز يۇلتۇزلۇق ئالتۇن قوڭغۇزنى تۇتۇۋالدىم. پارقىراق ئالتۇن قوڭغۇز مېنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە ھەرىكەت قىلمىدى. مەن قوڭغۇزنى ئۇڭدىسىغا

قىلىپ بېسىپ تۇرسام، ئۇ جان تىكىپ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ بارمىقىنى قىسىۋالدىم، دۈمبىسى يەرگە تەگسىلا جاھىللىق بىلەن ئۆرۈلۈشكە ئىنتىلدى. توقۇز يۇلتۇزلۇق ئالتۇن قوڭغۇز ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمىدى مىدىرلىمىدى. بىراق، كۈتۈلمىگەندە ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان ۋاقتى پەقەت قىسقا ۋاقىتلا داۋاملاشتى! ئەڭ بولغاندىمۇ ئاران توت - بەش مىنۇت داۋاملاشتى.

مەن ئەتراپتىكى تاغ ئارىسىدىكى تاشلىقتا دائىم بىر خىل گەۋدىسى قىسقا، غەيرىي پۇراقلىق قارا يوللۇق قوڭغۇزنى ئۇچرىتىپ قالىمەن، ئۇنىڭ مىدىرلىماي تۇرىدىغان ۋاقتى بىر سائەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ، چوڭ باشلىق قارا ماڭدامچى قوڭغۇزدىن قېلىشمايدۇ. قاراڭغۇنى ياقتۇرىدىغان ئادىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇزاق مۇددەت مىدىرلىمامدۇ؟ پۈتۈنلەي بۇنداق ئەمەس، بۇ نۇقتىنى بىز قارا يوللۇق قوڭغۇز بىلەن بىر تۈرگە تەۋە بولغان قوش يۇلتۇزلۇق يىلان يوللۇق قوڭغۇزدىن ئىزدەپ باقايلى. بۇ خىل قوڭغۇزنىڭ دۈمبىسى تومپىيىپ چىققان، ئوڭدىسىغا يىقىلسا كېيىن، دەرھاللا ئۆرۈلەيدۇ. يەنە بىر خىل پىساموديس قوڭغۇزى بولۇپ، دۈمبىسى تۈز، گەۋدىسى سىمىز، قالقان قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوچۇق بولمىغاچقا، ئۆرۈلۈشكە ئامالسىز. شۇڭا، بىر - ئىككى مىنۇت ئۆلگەن بولۇۋالغاندىن كېيىن ئەسلىي جايىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ جان تالىشىدۇ.

قالقان قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ پۇتى قىسقا بولغاچقا، باشقا قوڭغۇزلارغا قارىغاندا تېخىمۇ نەيرەڭۋازدەك ئۇششاق قەدەم ئېلىپ ماڭىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تېز يۆگۈرەلمەيدىغان ئاجىزلىقىنى ياپىدۇ. پاكىت قارىماققا ئىنتايىن قائىدىلىكتەك بىلىنىدىغان بۇنداق ئالدىن بىلەرلىكنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز. مەن يوپۇرماق قوڭغۇز، ئېگىز دۈمبىلىك قوڭغۇز، تاپخور قۇرت، كىرىئان قوڭغۇزى، چىنە دۈمبىلىك قوڭغۇز، زەرگەر گۈل قوڭغۇز،

ماڭدامچى قوڭغۇز، خانقىز قاتارلىق ھاشاراتلاردىن تەلىم ئالدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بىرنەچچە مىنۇت، ھەتتا بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىنلا ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ. يەنە نۇرغۇن خىل ھاشاراتلار ئۆلگەن بولۇۋېلىشنى ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلىدۇ.

بىزنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ قالقان قاناتلىق ھاشاراتلارنى تەجرىبە قىلىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىيادە مېڭىشقا ماھىر. بىراق، تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ قالقان قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ قېتىپ قالىدىغان ھالىتى بىردەملىكلا داۋاملىشىدۇ، تېخىمۇ كۆپ ساندىكىلىرى ئۆزىنى تۇتالماي قالايمىقان ئۇسسۇپ يۈرىدۇ. قىسقىسى، بۇ خىل قوڭغۇز ئۆلگەن بولۇۋېلىشقا خۇشتار، ئۇ خىل قوڭغۇز ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ، يەنە بىر خىل قوڭغۇز ئۆلگەن بولۇۋېلىشنى رەت قىلىدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز ئەمەلىي تەجرىبىگە تايانماي تۇرۇپ بۇنداق پەرەز قىلىش تۇتۇرۇقسىز نەرسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ھەر خىل ئېھتىماللىق بار بولغان رېئاللىقتا نىسبەتەن مۇنداق بىر يەكۈن چىقىرىشقا بولامدۇ - يوق: ئىدراك بۇنىڭ ھەقىقىتىنى سۈرۈشتۈرمىسىمۇ بولىدۇ. مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# ئاق پاتمىچۇقنىڭ «ئۆلۈۋېلىشى»

قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىرەر جىسىمغا سوقۇلغاندا ياكى ئۇشتۇمتۇت ئۈركۈپ كەتكەندە شۇ ھامان گاراڭ قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇ ھالەت خۇددى قۇشنىڭ بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن جايىدا بىردەم ئىرغاڭلاپ تۇرغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن قورقۇنچتىن ئادەم داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئادەم بۇنداق بولغان يەردە، ئىنكاسى ئىنتايىن سەزگۈر بولغان ھاشاراتنىڭ فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن، قانداقمۇ ۋاقىتلىق بولسىمۇ باش ئەگمىسۇن؟ ئەگەر قورقۇنچ ئالامىتى يېنىك بولسا، بىردەم تارتىشىپ قالىدۇ، تېزدىنلا ئەسلىگە كېلىدۇ، قورقۇش كېسىلىمۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىدۇ؛ ئەگەر قورقۇنچ ئالامىتى ئېغىر بولسا، شۇ ھامان بىھوش ھالەتكە كىرىپ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە قېتىپ قالىدۇ.

ھاشاراتلار ئۆلۈمنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۆلگەن بولۇۋېلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئوخشاشلا ئۆلۈۋېلىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۆلۈۋېلىشنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. بىلىشىمچە، مەلۇم بىر ھايۋاننىڭ ھاياتىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھازىرغىچە تېخى ئەمەلىي مىسال يوق. ھېسسىياتچان ھاشاراتلار بەزىدە بىئارام بولۇشى بىلەن كارى بولماي تا زەئىپلىشىپ كەتكۈچە

ئۆزىنى قىينايدۇ، بۇ راست ئەھۋال. بۇنى خەنجەر بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە پىچاق بىلەن كېكىردىكىنى بوغۇزلاشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخى پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، پاتمىچۇقنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ئېسىمگە كەلدى. پاتمىچۇقتا ئۆلۈۋالىدىغان ئىش بارمۇ - يوق، بۇنىڭغا قارىتا بەزىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيەسى تۇتىدۇ، بەزىلەر ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتىدۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، پاتمىچۇق ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندا زەھەرلىك نەشتىرىنى تا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا بولغۇچە ئۆزىگە سانجىيدىكەن. بۇ ھېكايىدە زادى قانچىلىك راستچىللىق بار؟ ھازىر بۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باقايلى.

ئەتراپىتىكى مۇھىت ماڭا كۆپ ياردەم قىلدى. بۇ چاغدا مەن قۇمساڭ توپا قاچىلانغان، ساپال ئۇۋاقلىرى سېلىنغان بىر نەچچە كومزەكتە بىر توپ غەلىتە جانلىقلارنى باقتىم. مەن ئۇلارنىڭ مېنى ھاشاراتلارنىڭ ئادىتىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىلىق بولغان بەزى پاكىت بىلەن تەمىنلىشىنى كۈتكەن بولسامىمۇ، لېكىن ئۇلار مېنىڭ ئارزۇيۇم بىلەن كارى بولمىدى. باشقىچە چارە قوللىنىپ باقسام ئۇنۇم ھاسىل قىلالىشىم مۇمكىن. مەن جەنۇبنىڭ چوڭ ئاق پاتمىچۇقىدىن جەمئىي يىگىرمە ئۈچ جۈپ باققان. ئەتراپىتىكى تاغ ئۈستىدە كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان قۇمساڭ تۇپراقتا نۇرغۇنلىغان ياپىلاق تاش بار بولۇپ، ھەربىر پارچە تاشنىڭ ئاستىدا بىردىنلا پاتمىچۇق تۇراتتى. بىراق، بۇ كۆرۈمسىز جانىۋار ھەممىلا جايدا بار بولۇپ، تولىمۇ كۆپ ئىدى. چوڭ ئاق پاتمىچۇقنىڭ نامى ناھايىتى يامان ئىدى.

ئۇنىڭ يىڭنە سانجىشتا قانداق يامان ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەن ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيمەن. كۈتۈپخانامدا بۇ بىر توپ قورقۇنچلۇق مەھبۇس بىلەن ئۇچراشقان چېغىمدا، ھەمىشە ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭ نەشتىرىدىن ساقلانمىسام بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمدە بىۋاستە كەچۈرمىش بولمىغاچقا، ئامالسىز باشقىلاردىن مەسلىھەت سورايمەن. مەن ياغاچ كېسىدىغان ئىشچىلاردىن ئۇلار توغرىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنسەم، ئۇلار ئېھتىياتسىزلىقتىن ئازاب تارتقىنىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ماڭا مۇنداق دېدى:

«سۇيۇقئاشنى ئىچىپ بولۇپ ئوتۇنغا يۆلىنىپ بىردەم مۈگدەپ قاپتىمەن، بىردىنلا چىدىغۇسىز بىر ئاغرىقنىڭ دەستىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. خۇددى ئوتتا قىزىتىلغان پولات يىڭنە سانجىلغاندەك ھېس قىلدىم. قولۇمنى سوزۇپ تۇتۇۋېلىپ قارىسام، پىلتىڭلاپ تۇرىدىغان بىرنەرسە ئىكەن. ئۇ بىر پاتمىچۈق بولۇپ، پۇچقىقىمدىن كىرىپ پاقالچىقىمنىڭ ئاستىنى چېقىۋاپتۇ. بۇ بەتبەشىرە بارماقچىلىك كېلىدىكەن. شۇنچىلىك كېلىدىكەن.»

بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم چۈشەندۈرگەچ ئالاھىدە مەقسەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇزۇن كەلگەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن مەن ھەيران قالمىدىم، چۈنكى سىرتقا چىققاندا بۇنداق ئۇزۇن پاتمىچۈقنى كۆرۈپ باققانىدىم.

«مەن داۋاملىق ئىشلىمەكچىدىم، بىراق پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى، پۇتۇمغا قارىسام شۇنداق چوڭ ئىششىپ كېتىپتۇ، شۇنداق چوڭ.» دېدى ئۇ ئارقىدىنلا. بۇ ئەر ئىككى قولىنى ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئەتراپىنى چىمدىپ، ئىششىقنىڭ چوڭلۇقىنى تەقلىدىي كۆرسەتتى.

«توغرا، مۇشۇنچىلىك توملۇقتا، ئەپەندى، مۇشۇنچىلىك توملۇقتا. مەن تۆتتىن بىر چاقىرىم كېلىدىغان يولنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپ ئۆيگە كېلىۋالدىم. پۇتۇم يۇقىرىسىغا قاراپ تېخىمۇ بەك ئىششىپ كەتتى. ئەتىسى كۈنى ئىششىپ مۇشۇ ئېگىزلىككىچە يامراپتۇ». ئۇ قولى ئارقىلىق ئىشارە قىلىپ، پاقالچاق ئويمىنىغىچە ئىششىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردى

«توغرا، ئەپەندى، ساق ئۈچ كۈنگىچە ئورنىمدىن تۇرالمىدىم.

ئاغرىققا چىداشلىق بېرىپ، پۇتۇمنى ئورۇنـدۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، شوردا بىرنەچچە قېتىم ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىششىقى ياندى، ئاندىن هازىرقى هالەتكە كەلدى، ئەپەندى، قارىمامسىز».

ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە باشقا بىر ئوتۇن كەسكۈچىنىمۇ پاتمىچۇق چېقىۋالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئوتۇن كەسكۈچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولغاچقا، ئۆيىگە كېتىشكە ماغدۇرى يەتمەي يول ئۈستىدە يېتىپ قاپتۇ. بىرنەچچە يولۇچى كۆرۈپ قېلىپ، بېشىمدىن، بېلىمدىن، پۇتۇمدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ. «مۇردىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپتۇ، ئەپەندى، مۇردىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپتۇ!»

بايان قىلغۇچى ئىشنىڭ جەريانىنى خۇددى سەھەرلىقتەك ئېزىپ سۆزلەپ بەردى. ئىشارە كۆپ، گەپ ئاز، ئەمما مەن ئۇنىڭ يالغان سۆزلىمەيۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئاق پاتمىچۇقنىڭ چېقىۋېلىشىغا هەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. پاتمىچۇق ئۆزىنىڭ ئورۇقدىشى چېقىۋالسىمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە كەسىپ ئەهلى ئەمەسلەرگە قارىغاندا مېنىڭ بەكرەك پىكىر قىلىش هوقۇقۇم بار: چۈنكى مەن كۆپ قېتىم كۆزەتكەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ هايۋاناتلار باغچىسىدىن ئىككى دانە كۈچلۈك هەم قامەتلىك جانىۋارنى ئېلىپ، توپا قاچىلانغان چوڭ ئېغىزلىق بوتۇلكىغا سالدىم. مەن ئۇلارنى شال پاخلى بىلەن ئەخمەق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردۈم هەمدە ئارقىچىلاپ ماڭدۇرۇپ ئاخىرىدا ئۆزئارا ئۇچراشتۇردۇم. پاراكەندىچىلىككە يولۇققان بۇ ئىككى ئەزىمەت دەرهال بىر - بىرى بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. پاراكەندىچىلىكنى مەن سالغان بولسامۇ، قارىماققا ئۇلار گۇناهنى قارشى تەرەپكە ئارتىپ قويغاندەك ئىككى تەرەپ مۇداپىئەلىنىش قورالى بولغان ئامبۇرنى هىلال ئاي

www.uyghurkitap.com

شەكلىدە كۆتۈرۈشۈپ قارشى تەرەپنى يېقىن يولاتمىدى، ئىككى پاتمىچۇقنىڭ قۇيرۇقى بىردەم ئۇنىڭ، بىردەم بۇنىڭ دۈمبىسىدىن سوزۇلۇپ ئالدى تەرەپكە توساتتىن سانجىلاتتى؛ زەھەر خالتىلىرى بىر - بىرىگە سوقۇلاتتى، بىر تېمىم سۈدەك سۈزۈك زەھەر سۈيۇقلۇقى يىگنىسىنىڭ ئۇچىدىن ساڭگىلاپ قالغانىدى.

ئېلىشىش ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتلا داۋاملاشتى. بىر ئاق پاتمىچۇق يەنە بىر پاتمىچۇقنى زەھەرلىك قورالى بىلەن يارىلاندۇردى. ئەمدى ئىش ئوخشىدى، ئىككى - ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن يارىدار سەنتۈرۈلۈپ يەرگە يىقىلدى. غەلىبە قىلغۇچى ئازراقمۇ ھودۇقماستىن جىمجىت ھالدا كۆكرىكىنىڭ ئالدى تەرىپىنى يالاۋاتاتتى. ھەر قېتىم كىچىككىنە يەرنى يالىسىمۇ، ئەمما يالايدىغان ۋاقتى ئىنتايىن ئۇزاق ئىدى. ئۆز قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يەيدىغان پاتمىچۇق ئۆلۈپ قالغان قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى ئۇدا تۆت - بەش كۈن يەيدۇ. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغۇچىنى يەۋېتىشنىڭ بىرلا سەۋەبىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، يەنى، بۇ قىلىق يەڭگۈچىنىڭ نىسبەتەن ئاق كۆڭۈللۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىز ھازىر ھەقىقىي ئەھۋالغا ئېگە بولدۇق: پاتمىچۇقنىڭ نەشتىرى ئۆز قېرىندىشىنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئەمدى پاتمىچۇقنىڭ ئۆلۈۋېلىش مەسىلىسى، يەنى بەزىلەرنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ خىل ئۆلۈۋېلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئەگەر باشقىلار ئېيتقاندەك، پاتمىچۇق ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قامىلىپ قالسا، شۇ ھامان ئۆزىنىڭ نەشتىرىنى ئۆزىگە سانجىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆلۈش ئارقىلىق بۇ نورمالسىز ھالەتكە خاتىمە بېرىدۇ. مۇبادا راستلا شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا بۇ ياۋايى جانلىق ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولىدۇ. ئۆز

كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باقايلى.
مەن چوغدىن چەمبەرسىمان بىر ئوت تام ياساپ، ھايۋاناتلار باغچامدىكى ئەڭ چوڭ جانۋارنى ئوت تامنىڭ ئىچىگە قويدۇم. ئوت شامالدا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، چوغ تامنى قىزارتىۋەتتى. ئىسسىق دولقۇن پاتمىچۇقنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، ئۇ ئوت چەمبىرىكى ئىچىدە ئارقىچىلاپ ئايلانماقتا ئىدى، سەللا پەخەس بولمىسا تېنى چوغ تامغا سوقۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا مۆكۈپ، توساتتىن ئۇياق - بۇياققا كەينىچىلەپ قارىغۇلارچە سوقۇندى، تېنىنىڭ بىر تەرىپى يەنە تامغا سوقۇلدى، ھەر قېتىم قاچاي دېگەندە چوغ ئۇنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتتى، ئالدىغا ئېتىلسىمۇ كۆيدى، ئارقىغا داجىسىمۇ كۆيدى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇ قەھر - غەزەپكە كېلىپ، ئۇزۇن مىلتىقنى پۇلاڭلىتىپ، ئىلمەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئاندىن تۆز سوزۇپ يەرگە تەكشى قويدى، ئارقىدىنلا يەنە يۇقىرىغا كۆتۈردى، ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان ئىدى. جانۋار ئىنتايىن تەرتىپسىز ھەرىكەت قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى قانداق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلمىدىم.
ئەمدى نەشتىرىنى سانجىپ بۇ نورمالسىز ھالەتتىن قۇتۇلارمۇ؟ كىم بىلسۇن ئۇشتۇمتۇت بىر تارتىشىپلا، تېنىنى تۈپتۈز سوزۇپ، يەردە مىدىرلىماي يېتىۋالدى. كېيىن يەنىلا مىدىرلىمىدى، تەلتۆكۈس قېتىپ قالدى. پاتمىچۇق ئۆلگەنمىدۇ؟ سىز ئۇنى راستلا ئۆلدى دەپ ھېسابلامسىز. بەلكىم كۆزۈم ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتكەن چاغدا نەشتىرىنى ئۆزىگە سانجىۋالغان بولسا كۆرمەي قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەگەر ئۇ راستلا ئۆز نەشتىرى بىلەن ئۆلۈۋالغان بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدە گەپ يوق. ئۇنىڭ شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ زەھەرلىك سۈيۈقلۇقى ئارقىلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى كۆردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمما، مەن سەل شۈبھىلىنىپ، قارىماققا ئۆلگەن پاتمىچۇقنى موچىن بىلەن قىسىپ ئېلىپ، ئۇنى نەم قۇمساڭ توپىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. بىر سائەتتىن كېيىن، ئاتالمىش ئۆلۈۋالغۇچى توساتتىن تىرىلدى، ئۇ ئوتنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتى بىلەن ئوخشاش جانلىق، تېتىك ئىدى. ئارقىدىنلا مەن يەنە ئىككىنچى، ئۈچىنچى پاتمىچۇقنى تەجرىبە قىلدىم. نەتىجىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ چىقتى: ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئەسەبىيلەشكەندىن كېيىن، چاقماق سوقۇۋەتكەندەك توساتتىن مىدىرلىماي ياتتى. قۇمساڭ تۇپراققا قويغاندىن كېيىن يەنە ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى.

بۇنىڭدىن شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، پاتمىچۇقنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنى ئويدۇرۇپ چىققان كىشىلەر ئۇنىڭ توساتتىن ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويۇش ھادىسىسىدىن قايمۇقۇپ قالغان گەپ؛ پاتمىچۇقنىڭ ئوت تامنىڭ ئىچىدە غەزەپتىن ئۆزىنى يوقىتىپ، تارتىشىپ يەرگە يىقىلغان كۆرۈنۈشى ئۇلارنى ئالداپ قويغان گەپ. ئۇلار پاكىتقا بالدۇر ئىشىنىپ كېتىپ، نەتىجىدە پاتمىچۇقنى تىرىكلا كۆيدۈرۈۋەتكەن. مۇبادا ئۇلار يېنىكلىك قىلماي، پاتمىچۇقنى بالدۇرراق ئوت چەمبىرىكى ئىچىدىن ئېلىپ چىقىۋالغان بولسا، قارىماققا ئۆلگەن پاتمىچۇقنىڭ قايتا تىرىلدىغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى. بۇ پاتمىچۇقنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق جانلىق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھاياتىنى قەھرىمانلارچە ئاخىرلاشتۇرىدىغان روھىي قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس. بىز ئادەملەر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدىن ئۆزىمىزنى باتۇرلۇق ۋە شىجائەت بىلەن قۇتقۇزۇپ چىقىشنى ئۆزىمىزنىڭ ئالىيجاناب خۇسۇسىيىتى، چوڭقۇر ئويلىنىش پەللىسىگە كىرگەنلىكىنىڭ ئەۋزەللىكى، ھايۋان سەرگەردانلاردىن ئۈستۈن

تۇرىدىغانلىقىمىزنىڭ بىر خىل بەلگىسى، دەپ قارايمىز. بىراق ناۋادا بىز بۇ خىل روھنى ئۆز ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرىدىغان بولساق، قورقۇنچتىن باشقا نەرسە ئىپادىلەنمەيدۇ.

ئەگەر بۇ قەدەمنى باسمىساق، دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا كۆڭرىچىلارنىڭ ئۇلۇغ دانىشمەنى كوڭ زىنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش ئەسىر بۇرۇن ئېيتقان سۆزىنى قايتا ئەسلەپ باقساق ھەرگىزمۇ ئورۇنسىز بولمايدۇ. جۇڭگولۇق بۇ دانىشمەن ئورماندا بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ دەرەخ شېخىغا ئارغامچا باغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى ئېيتىپتۇ:

«سەن ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بەختسىزلىككە يولۇقۇپسەن، بىراق بۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكنىڭ ئۈمىدسىزلىككە باش ئېگىشتىن ئىبارەت ئىكەن. باشقا ھەرقانداق ئىشنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ، پەقەت بۇ ئىشنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ. ھەممە نېمىدىن ئايرىلدىم، دەپ ئويلاپ قالما، ئۆزۈڭنى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسپاتلانغان مۇنۇ ھەقىقەتكە قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىڭغا بويسۇندۇر: بىر ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۈمىدسىزلىك بولمايدۇ. ئۇ ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئىچىدىن ئەڭ چوڭ خۇشاللىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ، ئەڭ چوڭ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ ئەڭ چوڭ بەختكە سازاۋەر بولىدۇ. قايتىدىن جاسارەتلىك بولغىن، بۇگۈندىن باشلاپ ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكىن ھەمدە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن ئاتلانغىن، ھاياتىڭدىن ھەر ۋاقىت ياخشى پايدىلانغىن.»

بۇ جۇڭگوچە ھېكايەت ئاددىي ۋە ئىخچام بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغان. بۇ دانىشمەننىڭ مۇشۇ تەپەككۇرغا بولغان يەنە بىر خىل ئىپادىلىشى بار:

... دۆچ كەلسەممۇ ھەرقانداق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە،
پۈت ـ قوللىرىمدىن ئايرىلىپ پالەچ بولساممۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆكۈنمەيمەن ھەرگىزمۇ، پەرۋايىم پەلەك،
ھايات بولسىلا كۇپايە، ئارزۇيۇم شۇ.

دۇرۇس، پىر - ھەزرەتلىرىنىڭ ۋە دانىشمەن كۆك ئۇستازىنىڭ ئېيتقانلىرى ئىنتايىن ئورۇنلۇق: ھايات ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسە، كىشىلەر تىكەنلىك توسۇق ۋە كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققاندا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەسلىكى لازىم. بىز ئۇنى بىر خىل راھەت، بىر خىل ئازاب - ئوقۇبەت، دەپ قارىماستىن، بەلكى بىر خىل مەجبۇرىيەت، ئەڭ ئاخىرقى چەك توشقۇچە چوقۇم پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل مەجبۇرىيەت، دەپ قارىشىمىز لازىم.

بۇ ۋاقىتنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلار — قورقۇنچاق ۋە ھاماقەتتۇر. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە تېگى ھاڭ ئۆلۈم شەكلىنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق، بىراق بۇ جېنىمىزدىن تويغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇ خىل ئەركىنلىك ئىرادىسى ئاتا قىلىنغان ھوقۇق دەل بىزنى ھايۋانلار پۈتۈنلەي بىلمەيدىغان ئالغا ئىنتىلىدىغان قابىلىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

پەقەت بىزلا ھاياتلىق تەنتەنىسىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز؛ پەقەت بىزلا ئۆز ئەجىلىمىزنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالايمىز؛ پەقەت بىزلا ئۆلگۈچىگە سەجدە قىلىمىز. بۇ چوڭ ئىشلارنى ھايۋانلارنىڭ بىرسىمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. بىر خىل ناچار سۈپەتلىك ئىلىم - پەن مەمەدانلىق قىلغان چاغدا، تۆۋەن دەرىجىلىك سەپسەتە بىزنى بىر بىچارە قوڭغۇزنىڭ يالغاندىن ئۆلۈۋېلىش نەيرىڭىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلغان چاغدا، بىز رەسمىي يوسۇندا شۇنداق دېيەلەيمىزكى: پاكىتنى ئېنىقراق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايلى، قوڭغۇز قورقۇپ كەتكەچكە ئۆزىدە ئەزەلدىن يوق بولغان ھالەتكە نىقابلىنىۋالىدۇ، دەپ خاتا تونۇپ قالمايلى.

پەقەت بىزلا بۇ يەكۈننى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتەلەيمىز، پەقەت بىزلا باقىي دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. دەرىجىسى تۆۋەن بولغان ھاشاراتشۇناسلىق ئىلمى بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن بىزگە مۇنداق سادا بېرىدۇ: «سىلەردە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك؛ ئىقتىدارىڭ ئەزەلدىن ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭلار.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىراغ ھەققىدە تەسىرات

يېرىم كېچىدە مەن بىر چىراغنى كۆتۈرۈپ كېچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى چىقتىم. ئەتراپىمدا بىر ئاجىز نۇر بەلبېغى ھاسىل بولغانىدى، ئالدىمدىكى مەنزىرە خىرە ـ شىرە كۆرۈنىدى، ئەمما پەقەت ئۇچۇق كۆرۈنمىدى. خىرە نۇردا بىر نەچچە قەدەم يىراقلىق قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. يەنە سەل يىراق جاي قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. چىراغنىڭ ياردىمىدە مەن پەقەت يەر يۈزىگە بېسىلغان تەبىئىي موزايىكا ئارىسىدىكى بىر پارچە كىچىك چاسا خىشنىلا كۆرەلەيتتىم، ئەمما ئېنىق كۆرەلمەيتتىم.

باشقا كىچىك چاسا خىشنى كۆرۈش ئۈچۈن ئورنۇمنى يۆتكەپ تۇراتتىم. ھەر قېتىم يۆتكەلگىنىمدە ئەتراپ يەنىلا تار بىر چەمبىرەك دائىرىسىدىكى ئاجىز نۇر بەلبېغى ئىدى، يەنىلا كۆز ئالدىمدىكى بەزى مەنزىرىلەرنى خىرە ـ شىرە كۆرەلەيتتىم. مەن كۆزدىن كەچۈرگەن بۇ ئايرىم نۇقتىلار زادى قانداق قانۇنىيەت بويىچە بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ مۇشۇنداق پۈتۈن كۆرۈنۈش بولۇپ شەكىللەنگەن؟ ئاجىز چىراغ نۇرىدا مەن ئېنىق پەرق ئېتەلمەيتتىم. بۇ چاغدا يەنىلا قۇياش نۇرىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى.

ئىلىم ـ پەننىڭ شۇنداق بولىدۇ، ئۇمۇ چىراغنىڭ يورۇتۇشىغا تايىنىدۇ، يەنى ئۇ كىچىك چاسا خىشلارنى ئاز ـ ئازدىن كۆزىتىش ئارقىلىق ھەر خىل شەيئىلەردىن شەكىللەنگەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس موزايىكا قاتلىمى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. چىراغقا ھەمىشە ماي يېتىشمىگەچكە، لامپا شىشىسىنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسىمۇ

شۇ قەدەر ناچار ئىدى. بىراق ھېچقىسى يوق، چىراغ تۇتقۇچىنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى، ئۇ ھەرھالدا باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، زور نامەلۇم سىستېمىدىكى بىر نۇقتىنى بايقىدى ھەمدە بۇ بايقاشنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ بەردى.

بىزنىڭ يورۇتۇش چىرىغىمىز مەيلى قانچىلىك يىراقلىقنى يورۇتالىشىدىن قەتئىينەزەر، يورۇتۇش چەمبىرىكىنىڭ سىرتى يەنىلا قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئەتراپىمىز نامەلۇم شەيئىلەر بىلەن تولغان تېگى يوق ھاڭ بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇنىڭ ئۈچۈن خاتىرجەملىك ھېس قىلىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە پۈتۈلگەن ئىش — دەل ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، بىلىپ بولغان دائىرەنى يەنە بىر غېرىچ كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. بىز ئىزدەنگۈچىلەرمىز، بىلىم تەشنالىقىمىز ئەقلىمىزنى يېتىلەپ ماڭىدۇ، چىرىغىمىزنى كۆتۈرۈپ بۇ نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا يۆتكىلىپ ماڭايلى. كىچىك دائىرە بويىچە ئېنىق پەرق ئېتىشىمىزگە ئەگىشىپ ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل كۆرۈنۈشنىڭ مەلۇم قىسمەن جايلىرىنى قۇراشتۇرۇپ چىقالىشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكى
# خارتۇملۇق ھاشارات

بەزى ئۈسكۈنىلەرنىڭ زاپچاسلىرى ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇلارنىڭ رولىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيسىز. ئۈسكۈنە ھەرىكەتلەنگەندە ئۇنىڭ چىشلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئەپچىللىك بىلەن لايىھەلەنگەن بىرىكىش مېخانىزمىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز ھەممە پۈتكۈل سىستېمىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن ئۈنۈمگە يېتىش ئۈچۈن تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇلغانلىقىنى بايقايمىز. ھەر خىل خارتۇملۇق ھاشاراتلارمۇ دەل مۇشۇنداق مېخانىزمغا ئىگە. بولۇپمۇ قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلار شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. «قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلار» دېگىنىمىز ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇكى، دۇب دەرىخى مېۋىسى، ئورمان ياڭىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنى ئوزۇق قىلىدىغان خارتۇملۇق ھاشاراتلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەن تۇرۇۋاتقان رايوندا كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان خارتۇملۇق ھاشارات — قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلاردىن ئىبارەت. نېمىدېگەن ئەپچىل قويۇلغان ئىسىم - ھە ! كىشىلەردە نەقەدەر تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىدۇ - ھە ! پاھ، ھەييار ھاشارات، ئېغىزىڭدا غەلىتە غاڭزا چىشلەپ تۇرۇپسەن ! غاڭزاڭنىڭ ھەممە يېرى قوڭۇر - قىزىل بولۇپ، ئات

يالىدەك ئىنچىكە، ئېلىپتەك تۈز ھەم ئۇزۇن، سېنى مەغلۇپ
بولۇشتىن ساقلايدۇ. بۇ قورالىڭ تولىمۇ كالانپاي بولۇپ، خۇددى
ماشىنىنىڭ تورمۇز موتىكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، بىراق ئۇنى
ئېلىۋالمىساڭ ھەرگىز ئۇنىمايتتىڭ. بۇ ئۇزۇن ئۇچلۇق
قوزۇقنىڭ، غەلىتە ئۇزۇن بۇرۇنىنىڭ زادى قانداق رولى بار؟

بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان چېغىڭىزدا بەزىلەرنىڭ
مەنىستىمىگەن ھالدا مۇرە قاققانلىقىنى كۆردۇم. مۇبادا
ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ھەقىقەتەن ۋاستە تاللىماي
پۇل تېپىش بولىدىغان بولسا، بۇنداق شەرمەندە مەقسەتنى
ئەلۋەتتە بىمەنە سەپسەتە ھېسابلايمىز.

ھېلىمۇ ياخشى، بىر قىسىم كىشىلەر تۇرلۇك شەيئىلەردىكى
مەسىلىلەرنى ئوخشاشلا چوڭ ئىش، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق
ئىش مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار ئىدىيە بولكىسىنىڭ
نۇرغۇن ئۇششاق خۇرۇچلاردىن ياسىلىدىغانلىقىنى، قارا
ئاشلىقتىن ياسالغان بولكىغا ئوخشاش كەم بولسا
بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ ئۇلار يەر ھەيدىگۈچى بىلەن سوئال
سورىغۇچىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئاز - ئازدىن
توپلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن بولكا بىلەن دۇنيانى
قامداۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەنلەردىن سوراشنى نومۇس
بىلىشىنى بىچارىلىك قاتارىغا قوشۇۋېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ
پارىڭىنى داۋاملاشتۇرايلى. گەرچە سىز قاتتىق پوستلۇق
مېۋىلەردىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلارنىڭ مەشغۇلاتىنى كۆرۈپ
باقمىغان بولسىڭىزمۇ، ئەمما ئالىلىبۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىپ
يېتەلىدىڭىز: ئۇنىڭ ئاشۇ غەيرىي ئېغىزىدا ئۇزۇن بىر ئۇشكە بار
بولۇپ، ئۇنىڭ رولى بىزنىڭ قاتتىق جىسىملارنى تېشىدىغان ھەر
خىل ئۇشكىلەر بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ؛ چوڭ تاڭلىيى بىر جۈپ
ئۇچلۇق ئالماستىن تەركىب تاپقان، ئۇشكىنىڭ ئۇچى قاتتىقلىق
دەرىجىسى يۇقىرى بولغان قاسىراقلىق چىشنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ خىل خارتۇملۇق ھاشاراتنىڭ خىزمەت شارائىتى جۇخار خارتۇملۇق ھاشارىتىنىڭكىدىن جاپالىق بولۇپ، ئۇمۇ جۇخار خارتۇملۇق ھاشارىتىنى دوراپ، ئۇشكىسى ئارقىلىق تۇخۇم تۇغىدىغان جاينى كولايدۇ.

مۇشۇنداق ئانالىز قىلىش ئىنتايىن يوللۇق بولسىمۇ، ئەمما قىياس قىلىش ھامان ئىشەنچسىز. قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىلا، ئاندىن بۇ سىرنى ئېنىق چۈشىنەلەيمەن.

پۇرسەت تاسادىپىي بولىدۇ، سىز پەقەت ئېغىر - بېسىق بولۇپ، قەتئىي بوشاشماستىن ئۈتۈنسىڭىزلا، ئۇ سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۆكتەبىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كېلىپ، ماڭا خىزمەت قىلىۋاتقان قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلارنى ئۇچراشتۇردى. ئەمما، بۇ ئىش مېنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇردى، چۈنكى بۇ ۋاقىت مەۋسۇم ئاخىرلاشقان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئادەتتە ماھارەت تېپىدىكى بارلىق خىزمەتلەر ئىشلىنىپ بولۇنغانىدى. سوغۇق ئېقىم باشلانغان كۈن — ھاشارات پەسلىنىڭ ئاخىرلاشقان كۈنى ھېسابلىناتتى.

دەل شۇ كۈنى ھاۋا رايى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان شىمال شاملى خۇددى ئادەمنىڭ كالپۇكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ھۆۋۈلدايتتى. بۇنداق كۈنلەردە سىرتقا چىقىپ چاتقاللىقنى كۆزىتىشتە قەتئىي ئىشەنچ بولمىسا بولمايتتى. مەندە مۇنداق بىر ئوي پەيدا بولدى: خارتۇملۇق ھاشارات ھازىر ئۆزۈن ئۇشكىسى بىلەن دۇب دەرىخىنى تېشىۋاتقانمىدۇ؟ بۇنى ئويلىغانىكەنمەن، ئۇنداقتا دەرھال بېرىپ زادى قانداق بولۇۋاتقانلىقنى كۆرۈپ كېلەي. رەڭگى يەنىلا ياپيېشىل تۇرغان دۇب مېۋىسى خېلى چوڭىيىپ قالغانىدى. يەنە ئىككى - ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئۇ جىگەر رەڭلىك قاتتىق پوستلۇق مېۋىگە ئايلىنىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا مېۋىسىنى ئۆزۈشكە بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى ساراڭلارچە سەپەرىمدىن نەتىجە ھاسىل قىلالىدىم. بۇك ـ باراقسان يېشىل دۇب دەرىخىدە بىر خارتۇملۇق ھاشاراتنىڭ ئۇزۇن ئۇشكىسىنى دەرەخكە سانجىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنى كۆزەتكەندە چوقۇم ئىنچىكە بولۇش كېرەك ئىدى، لېكىن قۇرغاق سوغۇق شىمال شامىلى چىقىپ دۇب دەرىخىنى قاتتىق ئىرغاڭلىتىۋەتكەچكە، كۆزىتىشىم تولىمۇ تەسكە توختىدى. مەن ھاشارات بار شاخچىنى سۇندۇرۇپ يەرگە يېنىككىنە قويدۇم. ئۇ ھاشارات ئورۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھوشىنى يوقىتىپ قويماستىن، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەشغۇلاتىغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم.

قاتتىق پوستلۇق مېۋىدىكى خارتۇملۇق ھاشاراتنىڭ پۇتىدا يېپىشقاق شەمشەر ئاياغ بار ئىدى. كېيىن مۇشۇ ئاياغقا تايىنىپ، مېنىڭ ئەسلىھەلىرىمدىكى سىلىق ئەينەكتە خۇشاللىق بىلەن يۇقىرىغا يامىشىپ چىقالىدى. مۇشۇ پەيتتە قاتتىق پوستلۇق مېۋىدىكى خارتۇملۇق ھاشارات سىلىق ئەگمە ئەينەكتە مەشغۇلات ئېلىپ بارماقتا. ئۇ ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە ئۇشكىسى بىلەن مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى، ھەرىكىتى تولىمۇ كالانپاي كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇشكىنى مەركەز قىلىپ ئالدى بىلەن مەلۇم بىر يۆنىلىش بويىچە يېرىم ئايلىنىدۇ، ئاندىن تەتۈر يۆنىلىش بويىچە يېرىم ئايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، توختىماستىن نۇرغۇن قېتىم يېرىم ئايلىنىدۇ. بىز ئادەتتىكى ئۇشكە بىلەن قولىمىزنى ئايلاندۇرۇپ ياغاچقا تۆشۈك ئاچىمىز؛ قاتتىق پوستلۇق مېۋىدىكى خارتۇملۇق ھاشاراتنىڭ بۇرغىلاش شەكلى بىزنىڭكى بىلەن ئوپئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# چوڭ تۇن پەرۋانىسىنىڭ كەچلىك يىغىلىشى

ئۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز كەچلىك يىغىلىش بولۇپ، مەن ئۇنى چوڭ تۇن پەرۋانىسىنىڭ كەچلىك يىغىلىشى، دەپ ئاتىدىم. بۇنداق چىرايلىق كېپىنەك ـ پەرۋانىلەرنى كىم بىلمەيدۇ دەيسىز؟ ئۇ ياۋروپا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭ تۇن پەرۋانىسى بولۇپ، ئۇچىسىغا زىغىر رەڭلىك ماموق چاپان كىيىدۇ، بويىنىغا ئاق رەڭلىك تېرە ئارتىۋالىدۇ. كۆل رەڭ ۋە ئاق رەڭ ئارىلىشىپ كەتكەن قانىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا خىرە دولقۇنسىمان سىزىقلىق نەقىش بار، گىرۋەكلىرىنى ئىسلىنىپ كەتكەن ئاق رەڭ ئوراپ تۇرىدۇ. دەل ئوتتۇرىسىدا بىر يۇملاق چېكىت بار، خۇددى بىر قارا رەڭلىك كۆز قارىچۇقى بىلەن قىزىل دىيافراگمىدىن تەركىب تاپقان چوڭ كۆزگە ئوخشايدۇ، يۇملاق چېكىتنىڭ ئەتراپىنى قارا، ئاق، قوڭۇر، قىزىلدىن ئىبارەت ھەر خىل رەڭلىك يايسىمان سىزىقچىلار ئوراپ تۇرىدۇ.

سېرىق رەڭلىك تۇن پەرۋانىسى پىلە قۇرتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. قارا رەڭلىك تىۋىتتىن تەركىب تاپقان جىيەك شالاڭ ۋە نەپىس ھالەتتە ھەرقايسى بوغۇملىرىنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئارىسى ياپيېشىل مەرۋايىت بىلەن نەقىشلەنگەن. قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك پىلە غوزىسىنىڭ شەكلى ئۆزگىچە، چىقىش ئېغىزى غەلىتە ۋارونكىسىمان بولۇپ، قارىماققا خۇددى بېلىقچىنىڭ سېۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پىلە غوزىسى ئادەتتە دەرەخ قوۋزىقىغا، يەنى قېرى دەرەخنىڭ يىلتىز تەرەپ قىسمىغا چىڭ چاپلىشىپ

تۇردۇ. غوزا بار دەرەخلەر كېيىنچە يوپۇرمىقى بىلەن پىلە قۇرتىنى باقىدۇ.
6 ـ ماي چۈشتىن كېيىن، تەجرىبىخانىمىزدىكى ئۈستىلىمدە بىر چىشى پەرۋانىنىڭ پىلە غوزىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى راستلا ئويلاپ باقماپتىمەن. ئۇ چىقىشىغا مېتال توردىن ياسالغان قوغۇراقسىمان قەپەسكە سولىۋالدىم، پۈتۈن تېنى نەملەشكەندى. مېنىڭ شۇنداق قىلىشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى، چۈنكى مەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس تەجرىبە ئېلىپ بارىدىغان پىلان يوق ئىدى. مەن ئۇنى قاماپ، كۆزىتىش خىزمەتچىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، بارلىق ئەھۋاللارنى سىنچىلاپ كۆزىتىشىم كېرەك.
نەتىجىدە تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى. كەچ سائەت توققۇز بولاي دېگەندە، ھەممەيلەن ئۇخلاپ بولغان چاغدا يېنىمىزدىكى ئۆيدىن ياغاچ جاھازلارنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالدىراپ كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەن كىچىك پائۇل ئۇ ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ، ئېگىز ـ پەس سەكرەپ، خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ئورۇندۇقلارنى ئۆرۈپ، توساتتىن «تېز كېلىپ بۇ پەرۋانىلەرگە قارا، قۇشتەك چوڭ ئىكەن! ئۆيگە لىق تولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.
مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ بالامنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا روھلىنىپ، ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ئاۋازدا ۋارقىرىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئەسلىدە ئائىلىمىزدە پەقەت كۆرۈلۈپ باقمىغان ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى يۈز بەرگەنىدى: بىر توپ چوڭ كېپىنەك ـ پەرۋانىلەر بالامنىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرگەنىكەن. كىچىك پائۇل تۆتىنى تۇتۇۋېلىپ قۇشقاچ قەپىسىگە سولاپتۇ، قالغانلىرى ئۆينىڭ تورۇسىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى.
بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا چۈشتىن بۇرۇن قەپەسكە سولاپ قويغان چىشى پەرۋانە ئېسىمگە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«كېيىنچىنى كەي، بالام، قەپەسنى ئۇ يەرگە قويۇپ، مەن بىلەن ماڭ، ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل نەرسىنى كۆرۈپ كېلىمىز» دېدىم مەن ئوغلۇمغا.

بىز بالامنىڭ ھوجرىسىدىن چىقىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان ئىشخانامغا قاراپ ماڭدۇق. ئاشخانا ئۆيدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئايال خىزمەتكار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئۇمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن چۆچۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ پەرتۇقىغا قونۇۋالغان بىرنەچچە چوڭ پەرۋانىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ قوغلىۋېتەلمىدى. ئۇ تېخى شەپەرەڭمىكىن دەپ قالغانىدى.

قارىغاندا، چوڭ تۈن پەرۋانىسى ئۆيۈمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. بۇلارنى مەن قاماپ قويغان چىشى پەرۋانە جەلپ قىلىپ ئەكەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن تەجرىبىخانا تورۇسىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى! قالتىس ئىش، ئىشخانامدىكى ئىككى دېرىزىنىڭ بىرسىنى پەقەت تاقىمىغاچقا، چوڭ تۈن پەرۋانىسىنىڭ يولى راۋان ئىدى.

شام كۆتۈرۈپ ئىشخانامغا كىردىم، كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغان مەنزىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم. بىر توپ چوڭ تۈن پەرۋانىسى قاناتلىرىنى بوش قېقىپ قوڭغۇراقسىمان قەپەسنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، قەپەسنىڭ ئۈستىدە بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۇچۇپ كېتەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۇچۇپ كېلەتتى، ئارقىدىنلا تورۇسقا ئېتىلىپ چىقاتتى، ئاندىن يەنە يېنىپ چۈشەتتى. ئۇلار شامغا ئۆزىنى ئېتىپ، قاناتلىرى لەپەڭشىپ بىردەمدىلا شامنى ئۆچۈرۈپ قويدى، ئاندىن مۈرىمىزگە قونۇپ، كىيىملىرىمىزگە ئېسىلىپ يۈزىمىزنى سىيپاپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر توپ - توپ شەپەرەڭلەر ئۇچۇپ يۈرىدىغان، پېرىخونلار ئالۋاستى چاقىرىغاندا ئىشلىتىدىغان قاراڭغۇ سىرلىق ئۆڭكۈرگە ئايلىنىپ قالدى. كىچىك پائۇل يۈرەكلىك بولۇش ئۈچۈن قولۇمنى تۇتۇۋالدى،

بۇرۇنقىدىنمۇ چىڭ تۇتۇۋالدى.

بۇ تۇن پەرۋانىلىرى قانچىلىك چىقار؟ تەخمىنەن يىگىرمىدەك چىقار. ئاشخانا ئۆي، بالامنىڭ ھۇجرىسى ۋە باشقا ھۇجرىلاردا بولۇپ، ئۆيىمىزگە بۆسۈپ كىرگەن تۇن پەرۋانىسى چوقۇم قىرىقتەك چىقىدۇ. مەن بۇنى بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز كەچلىك يىغىلىش، چوڭ تۇن پەرۋانىسىنىڭ كەچلىك يىغىلىشى، دەپ ئاتىدىم. چوڭ تۇن پەرۋانىلىرىنىڭ قايسى ئۇچۇرنى ئاڭلاپ تۆت تەرەپتىن يېتىپ كەلگەنلىكىنى راستىلا ئۇقمايتتىم. ئۇلار ئەمەلىيەتتە قىرىق نەپەر ئاشىق بولۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن بىر قىزغا ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتاتتى. ئۇ «قىز» بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مېنىڭ ئىشخانامدا سىرلىق كەيپىيات ئىچىدە دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى، بىراق دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا تۇغۇت يېشىغا قەدەم باسقانىدى!

www.uyghurkitap.com

# هاياتي كۆچىنى ساقلاپ قالغان توختام سۇ

تۆمۈرچى ئۈچ قىرلىق تۆمۈردە ماڭا ئىدىشىنىڭ رامكىسىنى ياساپ بەردى. ياغاچچى رامكىنىڭ ئاستىغا ياغاچ تەگلىك ئورنىتىپ، رامكىنىڭ ئۈستىگە ئېچىپ - يېپىشقا بولىدىغان تۇۋاق ياساپ بەردى، ئەتراپىغا قېلىن ئەينەك سېلىندى. ئاندىن موم بىلەن تۆمۈر جازىلارنىڭ يوچۇقلىرى ئېتىلدى، سۇ چىقىرىش، سۇ ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان جۈمەك ئورنىتىلدى، ئەمدى ئىش تامام - ۋەسسالام.

ھۈنەرۋەنلەر ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدىن تولىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدا پۈتكەن ئۆزگىچە غەلىتە نەرسە ئىدى. بۇ ئىش دۇكاندا خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى، ئۇلار مېنىڭ بۇ ئەينەك كۆلچەكنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىمنى ئويلاۋاتاتتى. غەلىتە نەرسە غۇلغۇلا پەيدا قىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر ئۇنى كونا ئىدىشىنىڭ، يەنى ھېلىقى تاش تۇلۇقتىن ياسالغان ماي باكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ زەيتۇن مېيى ساقلايدىكەن، دېيىشتى. ئەگەر بۇ مەنپەئەتپەرەسلەر كۆپ پۇل خەجلەپ ياساتقان ئىدىشىمدا سۇدا لەيلەپ يۈرگەن ئەرزىمەس ھاشاراتلارنى كۆرسە، ئۇنداقتا ئۇلار مېنىڭ بۇ قالايمىقان ئىدىيەمگە قانداق تەبىر بېرەر؟

بۇ ئىجادىيەتتىن ھۈنەرۋەنلەرمۇ، مەنمۇ رازى ئىدۇق. ئۇ ئۆزگىچە ياسالغان بولۇپ، ھەۋەسنىڭ تەسىرىدە ئۇنى دېرىزىنىڭ ئالدىدىكى ئۈزاقچە ئاپتاپتا قاقلىنىپ تۇرغان كىچىك ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويسام، راستلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئەللىك لىتىر ئەتراپىدا سىغىمچانلىقى ئىگە بۇ ئىدىشنى نېمە دەپ ئاتىسام بولار؟ بېلىقدان دەيمۇ؟ ياق، بۇنداق ئاتىسام ساختىلىق گۇمانى قوزغىلىپ، باشقىلارنى مىكرو سۇئىي تاغقا، كىچىك شارقىراتمىغا ۋە ئالتۇن بېلىق بار يەرگە بېرىشقا ئازدۇرۇپ قويىمەن. سىرلىق ئىشنىڭ يەنىلا سىرلىقلىقىنى ساقلاپ قالغىنى ياخشى. تەتقىقات ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىدىشنى سالون مېھمانخانىسىدىكى ئەرزىمەس زىننەت بۇيۇمىغا ئوخشاتسام بولمايدۇ. بىز ئۇنى «ئەينەك كۆلچەك» دەپ ئاتايلى.

مەن ئىدىشتىكى سۇغا هاك تەركىبلىك داشگال سالدىم، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىگە ئېپتىدائىي ماددىلارنى يېپىشتۇردۇم، ئۇنىڭغا سانجىپ قويغان ئۆزەك ئوتى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ قالغانىدى. هاك تەركىبلىك داشگال ئىنتايىن يېنىك بولۇپ، ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر بار ئىدى، تاشقى قىسمى مارجان خادا تېشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سىرتقى يۈزى سىلىق هەم يۇمشاق، چۈنكى ئۇنىڭدا قۇلۇلىسى كونفېرۋا يۇسۇنى، يەنى بىر خىل قىلچىق ئۆستۇرۇلگەنىدى. قويۇق ئۆسكەن كونفېرۋا يۇسۇنى گويا ياپيېشىل چىملىققا ئوخشايتتى. بۇ مىكرو ئۆسۈملۈكلەر بولغاچقا، ئەينەك كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئالماشتۇرۇشۇمنىڭ هاجىتى يوق ئىدى. سۇنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلسام بولاتتى. سۈيىنى ئالماشتۇرسام كۆچۈرۈلگەن مۇھىتقا كاشىلا پەيدا قىلىپ قويىمەن. بۇ هەم ئۇنىڭ نورمال خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىسىز. بۇ يەردە تازىلىق بىلەن تىنچلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مۇھىم ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

هايۋانات ئاھالىسى كۆچۈپ كىرگەن تەبىئىي كۆلچەك تېزدىنلا نەپەسلىنىشكە ماس كەلمەيدىغان سېسىق گاز ۋە هايۋانلارنىڭ قالدۇق داشقاللىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كۆلچەك «هاياتلىق هاياتلىقا زىيانكەشلىك قىلىدىغان» جىنايەت گىردابىغا ئايلىنىپ قالاتتى. داشقال

يىغىلىپ قالغان ھامان ئۇنى پارچىلاپ ۋە تازىلاپ يوقىتىۋېتىش كېرەك. كېرەكسىز ماددىلار ئوكسىدلانغاندىن كېيىن قايتىدىن ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدىغان گاز ئىشلەپچىقىرىدۇ، سۇدىمۇ نەپەسلىنىش بىلەن تەمىنلەيدىغان تەركىبلەر باشتىن ـ ئاخىر كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۆسۈملۈكتىكى يېشىل ھۈجەيرىلەر مۇشۇنداق ساپلاشتۇرۇشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

كۆن نۇرى ئەينەك كۆلچەككە چۈشكەن چاغدا، يۇسۇن ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. مارجان خادا تاش سانسىزلىغان كىچىك نۇر نۇقتىسىدىن تەركىب تاپقان يېشىل گىلەم بىلەن ئورالغان بولۇپ، خۇددى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان يېشىل مامۇق شارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مامۇق شارغا يەنە سانسىزلىغان يۇمىلاق ئالماس يىغىنىمىغ سانجىلدى، ئاندىن كىچىك مەرۋايىتلار پار ـ پۇر يېشىل مامۇق شاردىن بىر ـ بىرلەپ سەكرەپ چىقىپ، ئارقىدىنلا خۇددى كىچىك ھاۋا شارىدەك نۇر چېچىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ مەنزىرە پۈتۈنلەي توختىماي نۇر چېچىپ تۇرىدىغان سۇدىكى رەڭگارەڭ ئۇچقۇنغا ئايلاندى.

خىمىيە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، يۇسۇندىكى خىلوروفىل قۇياش نۇرىدا كاربون(Ⅳ) ئوكسىدنى پارچىلىيالايدۇ. ھايۋانلار ئائىلىسىنىڭ نەپەسلىنىشى ھەمدە ئورگانىك ماددا داشقاللىرىنىڭ چىرىشى سەۋەبلىك، سۇ زور مىقداردىكى كاربون(Ⅳ) ئوكسىدى بىلەن تويۇپ كېتىدۇ. يۇسۇن كاربوننى زاپاس ساقلاپ، ئۇنى يېڭى تىپتىكى جانلىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ جەرياندا ھاسىل بولغان ئوكسىگېن ئۇششاق ھاۋا كۆپۈكچىسى شەكلىدە قويۇپ بېرىلىدۇ. قىسمەن ئوكسىگېن كۆپۈكچىلىرى سۇدا ئېرىپ كېتىدۇ، قىسمەن ئوكسىگېن كۆپۈكچىلىرى سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. سۇ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆپۈكچىلەر ئاتموسفېراغا

ئۇزۇكسىز هالدا نەپەسلىنىشكە پايدىلىق گازنى قايتۇرىدۇ. سۇدا ئېرىگەن كۆپۈكچىلەر كۆلچەك ئاھالىسىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سۇدا ھاسىل بولغان بولغىما ماددىلار ئوكسىدلىنىش ئارقىلىق يوقاپ كېتىدۇ.

بىر توپ كونفېرۋا يۇسۇنى توختام سۇنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇ ئاددىي ھەم غەلىتە ھادىسە قىزىقىشىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، مېنى دائىم ئەينەك كۆلچەككە جەلپ قىلىدۇ. مەن مەستانە بولۇپ، چەكسىز چېچىلىپ تۇرىدىغان نۇر ئۇچقۇنىنى تەپسىلىي كۆزىتىمەن. بۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا يىراق قەدىمكى دەۋردىكى مەنزىرە خىرە ـ شىرە نامايان بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا دېڭىز يۇسۇنىدىن ئىبارەت بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۇنجى ئوغلى جانلىقلار ئۈچۈن نەپەسلىنىدىغان ئىپتىدائىي ھاۋانى تەييارلاپ بەرگەن، شۇنداقلا قۇرۇقلۇق يۈزىدە نەم توپا ھاسىل بولۇشقا باشلىغان. كۆز ئالدىمدىكى ئەينەك ئىدىشتا يۈز بەرگەن بارلىق ئەھۋاللار ماڭا ساپ ھاۋا بىلەن تولغان سەييارىلەرنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاغ جىنس پارچىلىرىدىن تۈزۈلگەن تارىخ كىتابىدىكى خارتۇملۇق ھاشارات

يىمىرىلگەن غەلىتە تاغ جىنسلىرىنى ئاپت ئەتراپىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تاغ جىنسلىرىنىڭ سىياقى ئاقىرىپ كەتكەن نېپىز قەغەز تاختىغا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ بىر خىل كۆيۈشچان ماددا بولۇپ، كۆيگەن چاغدا قارا ئىس ۋە يالقۇن چىقىرىدۇ، ئاسفالت پۇرىقى چىقىدۇ. بۇ ئەسلىدە چوڭ كۆل ئاستىغا چۆككەن ماددا، ئۇ يەر ئەينى چاغدا تىمساھ ۋە چوڭ تاشپاقا گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولىدىغان جاي ئىدى. كىشىلەر بۇ چوڭ كۆلنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، كۆل ئاللىبۇرۇن ئېدىرلىققا ئايلانغانىدى، پاتقاقلار ئاللىبۇرۇن ئۈن- تىنسىز نېپىز يەر قاتلىمىغا ئۆزگەرگەنىدى، چۆكۈندىلەر بولسا سۇدىن چىقىپ تۇرىدىغان قاتتىق قىيا تاشقا ئايلانغانىدى.

بىز قىيا تاشنىڭ ئۈستىدىن بىر پارچە تاش تاختىنى ئايرىپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن بىرنەچچە كىچىك پارچىغا بۆلۈپ چىقايلى. بۇ خىزمەتنى ئىشلىمەك تەس ئەمەس، خۇددى خەت بېسىلغان تاختىنى ئۈست - ئۈستىلەپ تىزغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىز ھازىر تاغ تېشىدىكى تەبىئىي كۇتۇپخانىدىن ئېلىپ چىققان بىر پارچە ھۆججەتنى كۆرمەكتىمىز، نەپىس رەسىم قىستۇرۇلغان بىر كىتابنى كۆرمەكتىمىز.

بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر پارچە قول يازمىسى، قەدىمكى مىسىرنىڭ پاپىرۇس ئوتىدىن ياسالغان قەغەزگە يېزىپ

قالدۇرۇلغان كىتابنىمۇ قىزىقارلىق، ھەربىر ۋارىقىغا دىگۇدەك رەسىم قىستۇرۇلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قالتىسلىقى شۇ يەردىكى، قىستۇرۇلغان رەسىملەر ھەقىقىي نەرسىلەردىن ئۆزگىرىپ پۈتۈپ چىققان.

بىرىنچى بەتتە نامايان بولىدىغىنى خالىغانچە تىزىپ قويغان بىر نەچچە دانە بېلىق بولۇپ، بۇ بېلىقلار خۇددى مايدا قورۇلغاندەك ھالەتتە ئىدى، قىلتىرىقى، پالاقچىسى، ئومۇرتقىسى، باش سۆڭىكى، قارا كىرىستالسىمان قارىچۇقى ئايلانغان كۆزى، قىسقىسى، ھەممە يېرى تەبىئىي ھالەتنى ساقلاپ قالغان. پەقەت بىر خىل نەرسىلا كەم بولۇپ قالغان، ئۇ بولسىمۇ بېلىق گۆشى.

بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ بىر تەخسە گوبىئو بېلىقىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى شۇنداق چىرايلىق، قولىڭىز بىلەن تۇتۇپ باققۇڭىز، ئاندىن بىرنەچچە مىڭ يىل ساقلانغان بۇ كونسېرۋانى تېتىپ باققۇڭىز كېلىدۇ. سېھرىي تەپەككۇرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، مايدا پىشۇرۇلغان بېلىقتىن بىر پارچە ئېلىپ، چايناپ تەمىنى تېتىپ باقايلى.

كىتابتىكى قىستۇرما رەسىمنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق شەكىلدىكى ئىزاھات يوق ئىدى. ئويلىنىشنى ئىزاھاتنىڭ ئورنىغا دەسسىتەيلى. ئويلىنىش بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا زور مىقداردىكى بۇ خىل بېلىق ئاشۇ جىمجىت كۆلدە توپ ــ توپ بولۇپ ياشايتتى. دەريا سۈيى توساتتىن تېشىپ كېتىپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۈيى دەريا لاتقىسىنى كۆلگە ئېقىتىپ كىرىدۇ، كۆلدىكى سۈزۈك سۇ دۇغقا ئايلىنىپ، بېلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئارقىدىنلا چۆكۈۋاتقان قۇمسىمان لاتقىلار نەپەسلىنىۋاتقان جانىۋارلارنى كۆل ئاستىغا كۆمۈۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شامال، يامغۇر قاتارلىق ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك كىلىمات ئامىلىنىڭ چىرىتىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئاللىبۇرۇن ۋاقىتتىن

ھالقىپ ئۆتكەن، ئۇلار يەنە كېپەننىڭ ھىمايىسىدە ۋاقىت تونېلىدىن چەكسىز ھالقىپ ئۆتكۈسى.

شىددەت بىلەن ئۆرلىگەن دەريا سۈيى ئەتراپتىكى يامغۇر سۈيى يالاپ كەتكەن تۇپىلارنى، زور بىر تۈركۈم ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە جەسەتلىرىنى ئېقىتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆلدىكى چۆكۈندى قاتلام بىزگە قۇرۇقلۇقتىكى ئىشلارنىمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بۇ شۇ جايدىكى ھاياتلىقتا مۇناسىۋەتلىك بىر تۇپلام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز تاش تاختىنى يەنە ئۆرۈيلى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئالبومنىڭ بىر ۋارىقىنى ئۆرۈيلى. ئوھۇي، بۇ بەتتە قاناتلىق ئۇرۇق ۋە جىگەر رەڭ دەرەخ يوپۇرمىقى بار ئىكەن. تاغ جىنسلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تۇپلىمىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ھەرگىزمۇ كەسپىي ئۆسۈملۈكلەر تۇپلىمىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىدىن قېلىشمايدۇ.

تاغ جىنسلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تۇپلىمى چىغىناقلار بىزگە بىلدۈرگەن ئەھۋاللارنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىپ بەردى: دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، قۇياش ئاجىزلىماقتا، پرووۋېنستىكى ھازىر بار ئۆسۈملۈكلەر بۇرۇنقى ئۆسۈملۈكلەر ئەمەس. دۇرۇس، پرووۋېنستا ئەمدى پالما ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بولمايدۇ، كامفورا ھىندىنى چېچىپ تۇرىدىغان لاۋر دەرىخى بولمايدۇ، يوپۇرمىقى پەي بىلەن بېزەلگەن جەنۇب ئاراللىرىدىكى شەمشاد دەرىخىمۇ ھەمدە نۇرغۇن باشقا تۇردىكى غوللۇق دەرەخ ۋە چاتقاللارمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق غوللۇق دەرەخلەر ۋە چاتقاللار كىلىماتى ئىسسىق رايونلاردا ئۆسىدۇ.

ۋاراقنى داۋاملىق ئۆرۈيلى. بۇ بەتتە ھاشارات بار بولۇپ، قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلار ئەڭ كۆپ ئىكەن. ئۇلار جۇغى كىچىك ئاساسىي جەھەتتىن كىچىك ئۇچار قاناتلار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە چوڭ مۈڭگۈزلۈك لەھەڭنىڭ چىشىمۇ بار بولۇپ، سىرتىدىكى قوپال ھاك ماددىسىنى سۇرتۇۋەتكەندە

چىشلىرىنىڭ يەنىلا شۇنداق سىلىق ۋە پارقىراقلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. بۇزۇلماي مۇكەممەل تۇرغان ئاجىز ئۇچار قاناتلار ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىش كېرەك؟ قولىمىز بىلەن يېنىككىنە مىجىپ قويساق ئۇۋۇلىپ كېتىدىغان بۇ يۇمران ھاشاراتلارنىڭ شەكلى ئېغىر تاغ ئاستىدا ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغانىدى.

ئالتە دانە ئىنچىكە پۇت - قول تاش تاختىغا تەكشى ياتقۇزۇلغان شەكلى ۋە ئورنى ئىنتايىن تەرتىپلىك ئىدى. بۇ قىياپەت كىچىك ھاشاراتنىڭ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئەگەر بۇ چاغدا ئۇ سەللا مىدىرلىتىۋېتىلسە، پۇت - قوللىرى ئاجراپ كېتەتتى. كىچىك ھاشاراتنىڭ ھېچنېمىسى كەم ئەمەس، ھەتتا بارماق ئۇچىدىكى بىر جۈپ قارمىقىمۇ كەم ئەمەس ئىدى. يىڭنىمىخ بىلەن مۇقىملاشتۇرمايلا بىۋاستە لوپا ئەينەك بىلەن بۇ قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنى كۆزەتكىلى بولاتتى: قانىتىنىڭ ئۈستىدىكى ئىنچىكە تومۇرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، بىر جۈپ پەي بېزەكتەك سانجىلغان ئانتېنناسى ئۆزگىچە خاس نازۇكلۇقى ۋە قىياپىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. قورساق بوغۇمىغا تىزىلغان ئۇششاق دانچىلارنىڭ سانىنىمۇ ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى، بۇ ئۇششاق دانچىلار دەل ھاشاراتنىڭ تۈكچىلىرى ئىدى.

سۇت چىشلىق پىلنىڭ سۆڭىكى قۇملۇق دەريا قىنىدا ۋاقىتنىڭ چىرىتىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، بۇ مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. بىر نازۇك ۋە يۇمران ئۇچار قاناتنىڭ قېلىن تاش قەۋىتىدە مۇكەممەل ساقلىنىشى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

بۇ خىل پاشا يىراق جايلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن ئەمەس، ئۇنى تېشىپ كەتكەن دەريا سۈيى ئېقىتىپ كەلگەن. ئۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا تەلتۆكۈس يوقىلىشقا تەييارلىق قىلىپ بولغان، شىددەتلىك ئېقىن ئۇنى يوقىتىۋېتىشى كېرەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۆمرى دەريا بويىدا ئاخىرلىشىدۇ. يېرىم كۈن ۋاقىت بۇ كىچىك ئۈچار قاناتنىڭ ياشىنىپ قالغان ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئۆزەك ئوتى ئۈستىدە يىقىلىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىپ پۈتۈنلەي لاي بىلەن تولغان يەر ئاستى قەبرىسىگە دەپنە بولۇپ كېتىدۇ.

يېنىمدىكى بۇ ھاشاراتلار دىقماق ھەم دوغىلاق بولۇپ، دۈمبىسىدىكى قالقان قانىتى ئىنتايىن قاتتىق، ئۇنىڭ سانى قوش قاناتلىق ھاشاراتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار قانداق ھاشاراتكىنە؟ ئۇنىڭ ئاشۇ تاردىن كېڭىيىپ بارىدىغان كاناي شەكىللىك قىياپىتى بىزگە ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار ئۇزۇن بۇرۇنلۇق قالقان قاناتلىق ھاشارات، يەنى ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ھاشارات ھېسابلىنىدۇ. قوپالراق قىلىپ ئاتىغاندا، ئۇ — خارتۇملۇق ھاشاراتتۇر.

ئۇلارنىڭ جۈغى كىچىك، ئوتتۇرا ھال ۋە چوڭ دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان، ھازىرقى تۇرداشلىرى بىلەن ئوخشاش.

ئۇلارنىڭ تاغ جىنسىدىكى قىياپىتى پاشىنىڭكىدەك بېجىرىم ئەمەس، پۇت - قوللىرى قالايمىقان، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇن ئېغىزلىرى كۆكرەك قىسمىغا يوشۇرۇنغان، بەزىلىرىنىڭ ئالدى تەرەپكە سوزۇلغان، بەزىلىرىنىڭ بىر تەرەپكە قارىتىلغان، بەزىلىرىنىڭ قويۇق بويۇن تۈكىدىن ئۆتۈپ، كەينى تەرەپكە يانتۇ چىقىرىلغان. ئاخىرقى قىياپەتتىكىلەرنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ.

پۇت - قوللىرى كەمتۈك، قىياپىتى ئەگرى - بۈگرى بۇ خارتۇملۇق ھاشاراتلار قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلاردەك تاسادىپىي ھەم تىنچ ھالدا دەپنە قىلىنالمىغان. تاغ جىنسلىرى كىتابىدىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلار ئىچىدە ئۆمۈر بويى دېڭىز قىرغىقىدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە مەنسۇپ بولىدىغانلىرى بىر خىللا ئەمەس. بىراق كۆپ ساندىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلار قوشنا رايونلاردىكى ھاشارات خىلىغا مەنسۇپ بولۇپ، يامغۇر

سۇيىنىڭ ئېقىتىشى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان. ھەيۋىسى چوڭ يامغۇر ئۇلارنى باراقسان دەرەخ ۋە چوڭ - كىچىك تاشلار قاتارلىق توسالغۇلاردىن ئۆتۈشكە مەجبۇرلىغاچقا، قىستىلىش، سوقۇلۇش ۋە چىرىمىشىش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بوغۇملىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن. گەرچە مۇستەھكەم دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالتە پۇتىنىڭ كىچىك بوغۇملىرى ئالىبۇرۇن ئەگرى - بۈگرى بولۇپ كەتكەن ياكى سۇنۇپ كەتكەن. سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغانلىرىنىڭ لاتقا بىلەن كېپەنلەنگەن چاغدىكى قىياپىتى دەل سۇغا چۈشۈپ كېتىشتىن بۇرۇن قاراڭغۇ يولدا يىقىلىپ مەجرۇھ بولغان قىياپىتىگە ئوخشايدۇ.

ئاشۇ ياقا يۇرتلۇق خارتۇملۇق ھاشاراتلار يىراق جايلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق قانداقلا بولمىسۇن بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇلار بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، ئەگەر كۆل ياقىسىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى پاشا دېيىلسە، ئۇنداقتا دەرەخلەردىكى ھاشاراتلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى خارتۇملۇق ھاشارات.

ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ھاشاراتنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇق، مېنىڭ ئايتىدىكى تاغ جىنسلىرى كىتابىمنىڭ ۋاراقلىرى ئەمدى ھېچنېمىنى نامايان قىلالمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا بىر قاتار قالقان قاناتلىق ھاشاراتلار، مەسىلەن، ماڭدامچى قوڭغۇز، تاپخور ھاشارات ۋە ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ تۈردىكى قۇرۇقلۇق ھاشاراتلار تولا قەيەردە؟ يامغۇر سۈيى ھەممە مەۋجۇداتلارنى ئېقىتىپ كەتكەن چاغدا، ئۇلارنىمۇ خارتۇملۇق قۇرتلارغا ئوخشاش كۆلگە ئېقىتىپ كېلەمدۇ - يوق؟ سانى كۆپ بۇ ھاشاراتلار ئۆتمۈشتە ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغان.

يەنە سۇ گىدروئۇس قوڭغۇزى، سېسىق سۇ قوڭغۇزى ۋە سۇ قوڭغۇزى قاتارلىق سۇدىكى ئاھالىلەر قەيەردە؟ مېنىڭچە، بۇ كۆل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هاشاراتلىرى ئېھتىمال ئىككى قەۋەت لاتقا جىنسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مومىياغا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا بۇ قوڭغۇزلار ھەقىقەتەن بار بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار چوقۇم كۆل ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن بولىدۇ. كۆل ئاستىدىكى پاتقاقلار بۇ جانلىقلارنى ئانتېنناسى بىلەن بىللە ساقلاپ قالىدۇ ھەمدە كىچىك بېلىقلار، ھەتتا قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلاردىنمۇ مۇكەممەل ساقلاپ قالىدۇ. ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغان ئاشۇ قالقان قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلار، تىكەنلىك، ياۋا چۈپلۈك ۋە قۇرت چۈشكەن دەرەخ غولىدا ياشايدىغان ھاشاراتلار گېئولوگىيەلىك دەۋرلەردىكى مېيىت ساندۇقىدىن تېپىلمىدى، ئۇنداقتا ئۇلار قەيەردە؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياغاچ تېشىدىغان ئۇزۇن بۇرنلۇق قوڭغۇز، گەندىخور ياپونىيە مايقوڭغۇزى ھەمدە ئوۋنىڭ قورسىقىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا ماھىر ماڭدامچى قوڭغۇز قاتارلىقلار بار. توغرا، ئۇلار ھالەت ئۆزگىرىشى جەريانىدا تۇرۇۋاتقان ھاشارات تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ بۇ سىماسى تېخى يوق ئىدى. ئۇلار كەلگۈسى ھاشارات تۈرىگە مەنسۇپ ئىدى. ئەگەر پېقىرنىڭ قولىدىكى ئاز مىقداردىكى مەزمۇنى ئاددىي بولغان ئارخىپ ماتېرىياللار ئىشەنچلىك دېيىلسە، ئۇ ھالدا خارتۇملۇق ھاشاراتنى قالقان قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ بوۋىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ھاياتلىق ئۆزىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئەينى دەۋردىكى ئىناق دۇنيادا ئىناق بولمىغان بەزى غەلىتە نەرسىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ھاياتلىق كەسلەنچۈك تۈرىدىكى جانلىقلارنى ياراتقاندا، ئەڭ دەسلەپتە ئون بەش - يىگىرمە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غايەت زور ھايۋان قىلىپ ياراتقان. ئۇ بۇ تۈردىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بۇرنى ۋە كۆزىگە ئۈچلۈق مۈڭگۈز ئورناتقان، دۈمبىسىگە غەلىتە قاسراق باسقان، بويىنىغا تىكەنلىك دۈمباق ئويۇپ قويغان، دۈمباقتىن چىقىرىلغان بېشى خۇددى

قولاقچىغا تۇگۇلۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.

هاياتلىق ھەتتا كۆپ ماھارەت سەرپ قىلىپ، بۇ غايەت زور ھايۋانغا قانات چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان. بۇ تۈردىكى قورقۇنچلۇق ھايۋان دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، نەسىل قالدۇرۇشقا بولغان قايناق ھېسسىياتى ۋە تەلۋىلىكى چېكىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن چىتلاقتىكى يېشىل كەسلەنچۈك پەيدا بولغان.

هاياتلىق قوش تۈردىكىلەرنى ياراتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىگىز چىشلىرىنى، ساغرىسىغا پەي بىلەن بېزەلگەن ئۇزۇن قۇيرۇق ئاتا قىلغان. ئۆزىنىڭ ئەپتىنى بىلمەيدىغان، سەتلىكىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان، تىپى بېكىتىلمىگەن بۇ ھايۋان دەل قىزىل كېكىردەكلىك قۇشقاچ ۋە كەپتەرنىڭ يىراق ئاتا - بوۋىلىرىدۇر.

بۇ ئىپتىدائىي ھايۋانلارنىڭ بېشى كىچىك ھەم زېھنى تۆۋەن. يىراق، قەدىمكى ھايۋانلارنىڭ تۇنجى خوسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوۋنى تۇتالايدىغان ماشىنا، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق نەرسىنى ھەزىم قىلالايدىغان ئاشقازىنى بار. زېھىن ئۇ دەۋرلەردە ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئۇنىڭ مۇھىملىقى كېيىنچە بىلىنگەن.

خارتۇملۇق ھاشارات ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئاز - تولا بولسىمۇ يىراق قەدىمكى ھايۋانلارنىڭ غەلىتە شەكلى، بەتبەشىرە تۈرقىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ بېشىدىكى غەلىتە سوزۇلغان قىسمىغا قاراڭ: بېشى بىلەن قىسقا ھەم قېلىن كالپۇكى تۇتىشىپ كەتكەن، يۇمىلاق ياكى چاسا شەكىللىك كالپۇك نەيچىسى سوزۇلغان. كالپۇك نەيچىسى ئىنتايىن غەلىتە، خۇددى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ ئۇزۇن غاڭزىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئاتىنىڭ قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە بولۇپ، خارتۇملۇق ھاشاراتنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا باراۋەر، ھەتتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن كېلىدۇ. بۇ غەلىتە قورالنىڭ ئالدى ئۇچى — سەزگۈر چوڭ قايچا ئۇستۇنكى تاڭلايدىن ئىبارەت. ئانتېنناسى كالپۇك نەيچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان

بۇنى ياكى تۇمشۇق، ياكى ئېغىز ۋە ياكى بۇرنىدىكى غەلىتە نەرسە دەپ ئاتىساق، كىچىك ھاشاراتلاردىن نېمە پەرقى بولىدۇ؟ كىچىك ھاشاراتلار بۇ ئەزالارنىڭ قېلىپىنى قەيەردىن تاپقان؟ ھېچ يەردىن تاپمىغان. ئۇنىڭ ئۆزى بۇ ئەزالارنىڭ كەشپىياتچىسى. بۇلار ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئەزالىرىدۇر.

ئۇنىڭ كىچىك بېشىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، قارىماققا بۇرنىنىڭ تېگىدىن ئۆسۈپ چىققان شارغىلا ئوخشايدۇ. شارنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ ئىشلىتىشكە بىئەپ بولغان مىكرو تىپلىق نېرۋا ئۆلچىگۈچ ئەسۋاب بار، بۇ دەل ئىقتىدارىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى. كىچىك باشلىق ھاشاراتلارنىڭ زېھنى تۆۋەن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارغا ئېتىبارسىز قارايدۇ، ئۇلارنى ئىنكاسى ئاستا، ماھارىتى يوق جانلىقلار قاتارىغا قويىدۇ. ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بۇ چۈشەنچە كېيىنمۇ ئىنكار قىلىنمىغان.

خارتۇملۇق ھاشاراتلار ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى سەۋەبلىك ئالقىشلانمىغان، ئەمما بۇ ئۇلارنى كەمسىتىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. خۇددى كۆلدىكى سىلانېتىستا مۇئەييەنلەشتۈرۈل-گەندەك، ئۇلار قالقان قاناتلىق ھاشاراتلار ئىچىدە باشلامچىلىق ئورۇنغا ئىگە. يۇز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئۇلار ئەڭ چېچەن تۇرداشلىرىدىنمۇ بەكرەك ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇلار بىزگە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىل ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ بەردى. بىگىز چىشلىق، چوڭ تاڭلايلىق قۇشلارغا ۋە ئۇچلۇق مۈڭگۈزسىمان قاشلىق كەسلەنچۈككە يىراق قەدىمكى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى سىڭىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ماكرو دۇنيادا ئىگە بولغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى خارتۇملۇق ھاشاراتلارنىڭ

ئۆزىنىڭ مىكرو دۇنياسىدا ئىپادىلىگەن ماھىيەتلىك ئالاھىدە-لىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خارتۇملۇق ھاشاراتلار ھازىرغىچە روناق تېپىپ، ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتمەي بۇگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى شەكلى قەدىمكى ئېرادىكى ھەرقايسى قورۇقلۇقلاردىكى شەكلى بىلەن ئوخشاش. تاغ جىنس كىتابىدىكى رەسىملەر بۇ نۇقتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى. مەن بۇ رەسىملەرنىڭ ئاستىغا «ئۇرۇقداش» دېگەن ئىسمىنى، ھەتتا «تۇر» دېگەن ئىسمىنى ئىزاھلاپ قويدۇم.

مىجەز ئىزچىل داۋاملىشىدۇ، شەكىلمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزاققىچە ئۆزگەرمەيدۇ. ھازىرقى خارتۇملۇق ھاشاراتلارنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلساق، خارتۇملۇق ھاشاراتنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىيولوگىيەلىك ئەھۋالى جەھەتتە ئەمەلىي ئەھۋالغا يېقىن كېلىدىغان بىلىمگە ئېرىشەلەيمىز. ئۇ دەۋردىكى پرووۋېنس قىرغاقلىرى پالما دەرىخى بىلەن توشۇپ كەتكەن، سۇيىدە توپ - توپ تىمساھلار يۈرۈيدىغان چوڭ كۆل ئىدى. ھازىرقى تارىخ بىزگە بۇرۇنقى تارىخنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

# سەككىزىنچى بۆلۈم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سىرىنگول ئىبادەتخانىسى

مېنىڭ خىلۋەتتىكى جايىمدا سىرىنگول ئورمىنى بار، ئىنتايىن باراقسان، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى يوللار كەڭ. ماي ئېيى يېتىپ كېلىشى بىلەن ئىككى قاتار دەرەخزارلىق شاخلىرىنى لەرزان ئېگىپ تۇرىدۇ، دەرەخ تاجلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ ئەگمە شەكىللىك چوققا ھاسىل قىلىشىدۇ. ئارىسىدىكى يول خۇددى بىر كىچىك ئىبادەتخانىغا ئوخشاپ قالاتتى. چۈشتىن بۇرۇن يېقىملىق قۇياش نۇرى بۇ كىچىك ئىبادەتخانىغا يانتۇ چۈشەتتى، ئىچىدە بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل بايرام قۇتلۇقلىنىۋاتاتتى. بايرام تولىمۇ خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈلەتتى، رەڭدار بايراقنىڭ شار - شۇر ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، ساليۇتنىڭ ھەر خىل رەڭلىك نۇرىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئۇرۇشۇپ - تىللاشقان كۆرۈنۈشمۇ يوق ئىدى. بۇ بايرام تەنتەنىسى تەبىئىي ۋە ئاددىي - ساددا بولۇپ، تانسا ۋە مۇزىكىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، كىشىلەر توپىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

مەن سىرىنگول ئىبادەتخانىسىنىڭ سادىق ئىشتىراكچىسى. مەن بايراملىق تەبرىك سۆزۈمنى ئېغىزىمدا ئىپادىلەشكە ئامالسىزمەن. چۈنكى، ئۇ دولقۇنسىمان ئاۋازىمنى پەسەيتىدىغان ئەڭ سەممىمي بىر خىل قايناق ھېسسىياتتىن ئىبارەت. مەن بۇ يېشىل تۈۋرۈكتىن يەنە بىر يېشىل تۈۋرۈككە ماڭغىنىمدا، ھەر قېتىم قەدىمىمنى توختىتىپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىنچىكە

كۆزنتىمەن، مەن ئازراقمۇ ھورۇنلۇق قىلمايمەن، ھەربىر قەدىمىمدە ئۆزۈمگە كۆزەتكۈچىلەرگە خاس مەدەت تىلەيمەن. مېنىڭ ئىلتىجايىم «ئوھوي !» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتىن ئىبارەت.

بەزى تاۋاپ قىلغۇچىلار ئېسىل تاماققا داخىل بولغاندا، باھارنىڭ سەدىقىسىگە ئېرىشىپ، تويغۇچە غىزالىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈل ھەرىسىمۇ، ھەم ئۇنى بوزەك قىلىدىغان زالىم پادىشاھ ئەينەك ھەرىمۇ بار، ئۇلار نۆۋەت بىلەن تىللىرىنى ئوخشاش بىر تال گۈلنىڭ مەي ئىدىشىغا تىقاتتى. بۇلاڭچى بىلەن بۇلانغۇچى ئىناق ئىچىدە مەي ئىچىشەتتى، بىر - بىرى بىلەن ئارىلىقمۇ ساقلىمايتتى. ئۇلار خۇددى بىر - بىرىنى تونۇمايدىغاندەك تىنچ ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى قىلىشاتتى.

تام ھەرىسى يېرىمى قارا، يېرىمى قىزىل رەڭلىك كەمزۇل كىيىپ، قورسىقىغا گۈل چېڭى يېپىشتۇرۇپ، ئاندىن ئەتراپتىكى قومۇشلۇققا بېرىپ ئۇن دۆۋىلەشكە باشلىدى. بۇ تەرەپتىكى نەيچىلىك كۆكپىت بولۇپ، ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە غوڭۇلداشقا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ قانىتى خۇددى چىرىمتال پىلاستىنكىغا ئوخشاش نۇر قايتۇراتتى. ئۇلار مەي ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ كەتكەچكە، زىيابەتتىن قايتىپ چىقىپ، يوپۇرماق سايىسىگە مۆكۈپ مەستلىكتىن يېشىلىۋاتاتتى.

ئۇ تەرەپتىكى چوڭ سېرىق ھەرە، يەنى ئۇزۇن بورۇتلۇق چوڭ سېرىق ھەرە بولۇپ، ئۇلار ھە دېسىلا بىر - بىرى بىلەن شەمشەر ئارقىلىق كۆرۈشەتتى. رەھىم قىلىشنى بىلمەيدىغان بۇ ئەبلەخلەر قەيەردىن ئۆتسە، شۇ يەردىكى ياخشى خۇلقلۇق تۇرداشلىرىنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا يېنىپ تىكىۋېتەتتى. ھەتتا سانى كۆپ بولغان ھەسەل ھەرىسىنى كۆرسىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ھەسەل ھەرىسىمۇ ھە دېسىلا شەمشىرىنى چىقىرىپ ھەيۋە قىلىدىغان ھاشارات بولۇپ، ئۇلار پەقەت مەززە قىلىۋاتقان ۋاقىتتىلا چوڭ سېرىق ھەرىگە يول قوياتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاۋۇ ئالىچىپار، دىقماق كېپىنەك سۇزۇك قاناتلىق پەرۋانە، دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار قاناتلىرىنى قاسىرىقىغا تەگكۈزۈپ ئوينايتتى. قانتىدىكى ئېچىلىپ قالغان قىسمى سۇزۇك بىر قەۋەت شايى بولۇپ، پەردازنى يېپىۋالغان قىسمى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، ئۆزىگە خاس زىلۋا سالاپىتىنى نامايان قىلاتتى، بۇ پۈزۈر لىباس ئىدى.

ئۇيان ئۇچۇپ، بۇيان ئۇچۇپ تەلۋىلەرچە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنى بولسا تەڭگە قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ بالېت ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتقان كاپۇستا كېپىنىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاق رەڭلىك كىيىمىدىكى قانىتىغا روشەن قارا چېكىت چېكىلگەن ئىدى. كۆپچىلىك بوشلۇقتا ئۆز ئارا ئەركىلىشىپ، قوغلىشىپ، ئەخمەق قىلىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋالىس ئۇسسۇلى ئويناپ ھېرىپ قالغان ھەمراھلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ سېرىنگۇل دەرىخىنىڭ ئۇستىگە قونۇپ، كىچىك خۇمرادىكى زەمزەمدىن قانغۇچە ئىچىۋالاتتى. ئىنچىكە كانايسىمان ئېغىزىنى خۇمرانىڭ ئىچكىرىسىگە تىقىپ ئىچىۋاتقاندا، بىر جۈپ چوڭ قاناتلىق كېپىنەك يېنىككىنە ئارقىسىغا قونىدۇ، ئاندىن ئاستا - ئاستا ئايرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ ھالەتتە تۇرىدۇ.

سانى ئوخشاش كۆپ، ئەمما قانىتى كەڭ بولغاچقا تېز ئۇچالمايدىغان بۇ كېپىنەكلەر سېرىق گۈللۈك كېپىنەك، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇق قانىتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سېرىق ئوردېن لېنتىسى خۇددى توق كۆك ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ.

بالىلار يېنىمغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنى تۇغما گۈزەل بىر سېرىق گۈللۈك كېپىنەك مەپتۇن قىلىۋالدى. بالىلار ئۇنى تۇتۇشقا ئىنتىلگەندە، ئۇ دەرھال ئۆزىنى قاچۇرۇپ گۈلنىڭ ئۇستىگە قونۇۋالاتتى ھەمدە داۋاملىق تاتلىق شىرنە ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ قانىتى كاپۇستا كېپىنىكىنىڭكىدەك يېيىلىپ تۇراتتى. ئەگەر قۇياش نۇرى ئاستىدا شۇمۇرۇش مەشغۇلاتى

نورمال بولسا، تاتلىق شىرنىنى ئوڭۇشلۇق شۈمۈرەلەيدۇ، بۇ چاغدا مەيلى قايسى ھەمراھ بولسۇن، قانىتىنى يېنىك يايسىلا، ئۇنىڭ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

— تېز تۇتۇۋال! ئاننا! لېكىن، ئاننا قولىنى ئۇزارتمىدى، ئۇ قولىنىڭ ئىتتىكلىكىنى بىلىسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن سېرىق گۈللۈك كېپىنەككە قولىنى يېقىنلاشتۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى. ئاننا ئائىلىدىكى ئەڭ كىچىك قىزچاق بولۇپ، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان ھاشاراتنى، يەنى زەرگەر گۈل قوڭغۇزىنى تېپىۋالغانىدى. ئەتىگىنى ھاۋا سالقىن بولغاچقا، زەرگەر گۈل قوڭغۇزى تېخى ئورنىدىن مىدىرلىمىغانىدى. بۇ چاغدا پۈتۈن تېنى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان گۈزەل ھاشارات سېرىنگۈلنىڭ شاخچىسىدا مۈگدەۋاتقان بولۇپ، خەتەرنىمۇ سەزمەيتتى، ھەم قاچالمايتتى. بۇ خىل ھاشارات بەك كۆپ بولۇپ، ئاننا بىر دەمدىلا بەش - ئالتىنى تۇتۇۋالدى. مەن دەرھال باللارنى توسۇپ، باشقا زەرگەر گۈل قوڭغۇزلىرىنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىككە ئۈندىدىم. تۇتۇۋالغان ھاشاراتلارنى گۈل بەرگىدىن تىكىلگەن كۆرپە سېلىنغان قەغەز ساندۇقنىڭ ئىچىگە سالدىم. مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ ھاۋا ئىسسىغاندىن كېيىن، زەرگەر گۈل قوڭغۇزىنىڭ پۈتىنى ئۇزۇن يىپ بىلەن باغلاپ قويدۇم. تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەن چاغدىكى بىر نەچچە سائەتتە ئۇ باللارنىڭ بېشىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كوچا ھەرىسى

سىز كوچا ھەرىسىنى بىلەمسىز؟ ئېھتىمال بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ھېچقىسى يوق، كوچا ھەرىسىنى بىلمىسىڭىزمۇ، كىشىلىك ھاياتتىكى شېرىن تەمنى ئوخشاشلا تېتىيالايسىز. سوئال سوراشنى قەتئىي بوشاشماستىن داۋاملاشتۇرىۋەرسەك، بۇ تارىخى يوق ھاشارات ئىنتايىن غەلىتە ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ۋە قىستاڭچىلىقى ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ھادىسىلەرنى چوڭقۇر ۋە توغرا چۈشىنىشنى ئويلايدىغان بولساق، كوچا ھەرىسى بىلەن دائىم ئالاقە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ھازىر بوش ۋاقتىمىز بولغانىكەن، ئۇنداقتا كوچا ھەرىسىگە قاراپ باقايلى، بۇ ئەرزىيدىغان ئىش.

كوچا ھەرىسىنى قانداق پەرق ئېتىش كېرەك؟ كوچا ھەرىسىدىن ئىبارەت بۇ پەرىزات ھۈنەرۋەنىنىڭ تەن شەكلى ھەرىسىدىن نىسبەتەن ئىنچىكە ساندۇققا سولاپ باققان ھەسەل ھەرىسىدىن ئۇزۇن. بۇ گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى ئىنتايىن كۆپ، بىراق بەستى ۋە رەڭگىگە ئاساسەن يەنە نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تۈرلۈك كوچا ھەرىلىرىنىڭ ئىچىدە بەزىسى چوڭ سېرىق ھەرىدىنمۇ چوڭ، بەزىسى چىۋىنچىلىك كېلىدۇ، بەزىسى ھەتتا چىۋىندىنمۇ كىچىك كېلىدۇ. تەجرىبىسى يېتەرسىز ئادەملەر ئۇنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدىغان ئالاھىدىلىكىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

قورساق قىسمىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى يېرىق هالقىسىغا قاراڭ. ئەگەر سىزنىڭ تۇتۇۋالغىنىڭىز كوچا هەرىسى بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى يېرىق هالقىسىدا سىلىق هەم پارقىراق بىر ئىنچىكە ئويۇق بار جىمجىت مۇداپىئە هالىتىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ نەشتىرى ئىنچىكە ئويۇقنى بويلاپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ يۇقىرىغا تۈگۈلىدۇ. كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان بۇ سىيرىلغۇچ قورال بۇ هاشارات تۈرىنىڭ كوچا هەرىسى ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلاپ بەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ رەڭگىنى ۋە بەستىنى پەرقلەندۈرۈش هاجەتسىز. يىڭنە نەيچىلىك هاشارات ئۇرۇقدىشى ئىچىدە كوچا هەرىسىدىن باشقا هەرە تۈركۈمى بۇنداق ئىنچىكە ئويۇقنى ئىشلەتمەيدۇ. بۇ روشەن بەلگە كوچا هەرىسى ئائىلىسىنىڭ ئىزنىكى هېسابلىنىدۇ.

ئاپرېلدا قۇرۇلۇشلار خۇپپىيانە باشلىنىپ كەتتى. پەقەت ئاشۇ يېڭى لايدىن قوپۇرۇلغان كىچىك تاغلا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتاتتى. هۈنەرۋەنلەر ئاسانلىقچە ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى، ئۇلار قۇدۇقنى چوڭقۇر بۇرغىلاۋاتاتتى، خىزمىتى شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدى. ئاندا ـ ساندا قايسىدۇر بىر دۆڭنىڭ ئۈستى قىسمى تەۋرىنىپ، ئارقىدىنلا كونۇسنىڭ يانتۇ يۈزىنى بويلاپ گۈمۈرۈلۈپ چۈشەتتى: بىر ئەمگەكچى، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئارقىسىغا دۆۋىلەۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ باشقا هەرقانداق ئىشنى قىلمايتتى.

ماي ئېيى يېتىپ كېلىشى بىلەن هەممە يەر گۈللەر ۋە قۇياش نۇرىغا پۈركىنىدۇ. ئاپرېلدا توپا كولىغان ئىشچىلار بۇ ۋاقىتتا هوسۇل يىغىش ئىشچىلىرىغا ئايلانغانىدى. مەيلى قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، هاۋادان قويۇلغان ئاشۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدىن ئۇلارنى كۆرەلەيتتىم، ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىنى توق سارغۇچ گۈل چېڭى بېسىپ كەتكەنىدى. ئەڭ چوڭى چىپار هەرە بولۇپ، مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دائىم ئۇلارنىڭ گۈللۈكۈمدىكى چىغىر يولدا ئۇۋا ياساۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. يېقىنراق بېرىپ كۆزىتىپ باقايلى. يېمەكلىك غەملەش خىزمىتى ئەمدى باشلىنىپ تۇرۇشىغا، قەيەردىندۇر بىر مېھمان يېتىپ كەلدى، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە قاقتى - سوقتى قىلىش ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرسەتمەكچىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونغا يېقىنلاشقاندا، يېمەكلىكنى ساقلاش - توشۇش خىزمىتى تازا ئەۋجگە چىققان پەيتتە، مەن ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان ئاشۇ ھاشاراتلار بازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلاتتىم. مەن كۆن نۇرى ئاستىدا كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئېڭىشىپ، ئىككى بىلىكىمنى تىزىمغا قويۇپ، مىدىر - سىدىر قىلماي تا چۈشلۈك تاماققىچە كۆزىتەتتىم. بىر مېھمان دىققىتىمنى تارتتى، ئۇ ئانچە نامى چىقمىغان كىچىك چۈپن بولغىنى بىلەن، كوچا ھەرىسىنىڭ نومۇسسىز زالىم پادىشاھى ئىدى.

بۇ ئۇياتسىزنىڭ ئىسمى بارمۇ - يوق؟ مېنىڭچە بار، پەقەت مەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە پايدىسى يوق ئەھۋاللار ئۈستىدە توختىلىشنى خالىمايمەن. پاكىتنى ئېنىق بايان قىلسام بولدى، بۇ ھاشاراتلار تۇر لۇغىتىگە كىرگۈزۈلگەن ئاشۇ تېتىقسىز تەپسىلاتقا قارىغاندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ ياقىدۇ. بۇ يەردە مەن جىنايەتچىنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتسەملا كۇپايە. بۇ ئۇزۇنلۇقى بەش مىللىمېتىر كېلىدىغان قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى بىر خىل ھاشارات بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى قارامتۇل قىزىل، توق كۈل رەڭ كۆكرىكىدە بەش قاتار قارا داغ بار، قارا داغدا كەينى تەرەپكە يانتۇ ئۆسكەن تۈك بار، قورساق قىسمى ئاچ كۈل رەڭ، تۆۋەنگە ساڭگىلىغان بىر تەرىپى ئاق رەڭلىك، پۇت - قوللىرى بولسا قارا رەڭلىك.

مەن كۆزەتكەن ھەرە توپلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ سانى

ئىنتايىن كۆپ. كونا نورى ئاستىدا ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ جىمجىت كۈتۈپ تۇرىدۇ. كوچا ھەرىسى ئۇۋىدىن قايتىپ كەلدى، پەنجىلىرىگە سېرىق توزان لىق چاپلاشقانىدى. ئۇنىڭ سىيماسى كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭ قىزىل كۆز، ئاق يۈزلۈك مېھمان ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئەتراپىدا ئۇچۇشقا باشلىدى. ئاخىر پەردە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشارات توساتتىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتمۇ بىر شۇڭغۇپلا دۆڭنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، ئۆڭكۈر ئېغىزىنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇردى. ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ كوچا ھەرىسىنىڭ ئىشىكىگە سەپسېلىپ قاراۋاتاتتى، ھەسەل چىقىرىدىغان ھەرىنىڭ ئىشىنىڭ تۈگىشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. كوچا ھەرىسى ئاخىر چىقتى، بېشى ۋە كۆكرىكىنى ئۆڭكۈردىن چىقىرىپ بوسۇغىسىدا بىرپەس ساقلاپ تۇردى. چۈنكى بىر چەتتە مىدىر - سىدىر قىلماي قاراپ تۇراتتى.

دائىم مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە، كوچا ھەرىسى بىلەن چۈن بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ تۇراتتى. ئارىلىقى بارماقچىلىكمۇ كەلمەيتتى، ھەر ئىككىلىسىدە ئەجەبلىنىش ئالامىتى كۆرۈلمەيتتى. ئۇنىڭ جىمجىت پوزىتسىيەسىگە ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، كوچا ھەرىسى ئۆزىنى مارىلاۋاتقان مېھماندىن قىلچىمۇ ھەزەر ئەيلىمەيدۇ؛ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مېھمانمۇ ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ جازاغا ئۇچرىشىدىن قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ. پۈتىنى كۆتۈرسىلا ئۆزىنى دەسسەپ يانجىۋېتىدىغان چوڭ مەخلۇقنىڭ ئالدىدا بۇ كىچىك جانىۋار سالماق ھالەتتە تۇراتتى.

بۇ ئىككىسىنىڭ زادى قايسىسىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى كۆرۈشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما باشتىن - ئاخىر كۆرەلمىدىم: كوچا ھەرىسىنىڭ تالان - تاراج خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى سەزگىنىدىن بېشارەت بولمىدى؛ چۈنىدىمۇ قاتتىق جازالىنىشتىن ئەنسىرەشتەك ئالامەتمۇ كۆرۈلمىدى.

بۇلىنغۇچى بىلەن بۇلانغۇچى پەقەت بىردەم بىر - بىرىگە سەپسېلىپ قارىشىپ تۇرىدۇ، خالاس.

بۇ چوڭ ھاشاراتنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ، ئەمما ئۇ قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قىلالايتتى. مەسىلەن، ئائىلىسىنى بۇزغىلى كەلگەن كىچىك قاراقچىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تىلتۆپىتەلەيتتى، چوڭ تاڭلىيى بىلەن يانجىۋېتەلەيتتى، نەشتىرىنى سانجىيالايتتى. بىراق، ئۇ بۇنداق قىلمىدى، بەلكى كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۇياتسىزنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى، ئۇنىڭ بىر جۈپ قىزىل كۆزى ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغا تىكىكلىك ئىدى. كوچا ھەرىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەخمىقانە كەڭ قورساقلىق قىلىدىغانلىقىنى مەن راستلا ئۇقمايتتىم.

كوچا ھەرىسى ئۇچۇپ كەتتى. چېۋىن شۇ ھامان تارتىنماستىنلا خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك كوچا ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا كىردى. ئۇ ھەرقايسى يېمەكلىك ئامبارلىرىدىن خالىغانچە يېمەكلىكلەرنى تاللاپ مەززە قىلدى، بارلىق ئامبارلار پېچەتلەنمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ تۇخۇم تۇغۇش ئۆيىنى ياساپ چىقتى. كوچا ھەرىسى يېتىپ كەلگۈچە ھېچكىم ئۇنىڭغا كاشىلا قىلمايتتى. پەنجىلىرىگە گۈل چاڭلىرىنى لىق يېپىشتۇرۇش، پوكىنىغا لىق شىرنە قاچىلاش ئۈچۈن ئاز - تولا ۋاقىت كېتەتتى. ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن جىنايەتچىنىڭ ئەسكى ئىش قىلىشى ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك ۋاقىت بولمىسا بولمايتتى. جىنايەتچىنىڭ ۋاقىت ھېسابلىغۇچىسى ئىنتايىن توغرا ماڭىدىغان بولۇپ، كوچا ھەرىسىنىڭ سىرتتىكى ۋاقتىنى دەل كۆرستىپ بېرەلەيتتى. كوچا ھەرىسى قايتىپ كەلگۈچە چېۋىن ئالللىبۇرۇن ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۇۋىغا يىراق بولمىغان جايغا بېرىپ، پايدىلىق بىر ئورۇننى تاللاپ، كېلەر قېتىملىق پەسكەشلىك قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈشكە باشلايدۇ.

مۇبادا يۇندىخور ئەسكى ئىش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، كوچا

ھەرىسى تۇيۇقسىز پەيدا بولسا قانداق ۋەزىيەت شەكىللىنەر؟ شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئانچە ئېغىر مەسىلە پەيدا بولمايدۇ. مەن بەزى قاپ يۈرەك چىۋىنلەرنىڭ كوچا ھەرىسىگە ئەگىشىپ ئۇۋىغا بىللە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. كوچا ھەرىسىنىڭ گۈل چاڭگىلىرى بىلەن شىرنىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىملىك ياساۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، چىۋىن بىر چەتتە تۇرۇپ ئازراق ئارام ئېلىۋالىدۇ. ھوسۇل ئالغۇچى تاتلىق خېمىرنى يۇغۇرماقتا ئىدى، بۇ ئىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان يېمەكلىكتىن چىۋىن تېخى ھۇزۇرلىنالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۇۋىدىن بىمالال ئۇچۇپ چىقىپ كوچا ھەرىسىنىڭ چىقىشىنى بوسۇغىدا كۈتۈپ تۇردى. چىۋىن ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇراتتى، چىرايىدا قىلچىمۇ قورقۇنچ يوق ئىدى قەدەم ھالىتى تۇراقلىق ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ كوچا ھەرىسى ئۇۋىنىڭ ئىچكىرىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا خورلاشقا ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇبادا چىۋىن سىناپ بېقىشقا ئالدىراپ، تاقەتسىزلىك بىلەن قەنت ـ گېزەكنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بولسا، شاپىلاق يېيىشى مۇمكىن. بىراق، يېمەكلىككە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى بۇ ئىپلاسنى قوغلاپ چىقارغاندا ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ بۇلىغۇچى بىلەن بۇلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئۇرۇش - جېدەل بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭ ھاشارات پايپېتەك بولۇۋاتقان ئۇۋىدىن ئۆملەپ چىققان كىچىك جانىۋارنىڭ تەمكىن قەدىمىگە، بېجىرىم قىياپىتىگە قاراپلا تونۇپ يېتەلەيسىز.

ھەسەل ھەرىسى① قايتىپ كەلگەندە، مەيلى يېمەكلىك ئەكېلەلىسۇن ياكى ئەكېلەلمىسۇن، مەلۇم ۋاقىت ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئۇ چەمبىرەكنى بويلاپ تېز سۈرئەتتە ئالدى - كەينىگە ئۇچۇپ يۈرىدۇ، يەر يۈزىگە يېقىنلىشىپ ئالدى - كەينىگە سىيرىلىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ قالايمىقان ئۇچۇپ

① بۇ يەردە كوچا ھەرىسىنى كۆرسىتىدۇ. كوچا ھەرىسى ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسىگە تەۋە.

يۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ مەندە بىر ئوي پەيدا بولدى: پەردە قاناتلىق هاشاراتلار ئىرماش ـ چىرماش هالدا ھېلى ئۈياققا، ھېلى بۇياققا ئۇچۇش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغلاۋاتقان دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمەلىي ئۇنۇمدىن قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان تەدبىر قوللانغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا بۇنداق يۇقىرى ئەقىل ـ پاراسەت بولمىسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ دۈشمەندىن ئەندىشە قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىنى تاپالماي قالغان. نۇرغۇنلىغان كىچىك دۆڭلۈكلەر بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، ھاشارات بازىرىدىكى تار كوچىلار ئىنتايىن تەرتىپسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكى ـ تۈسكى ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كىچىك بازارنىڭ قىياپىتى كۈندە بىر ئۆزگىرەتتى. ئۇ دائىم ئۇۋىسىنى خاتا تونۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇۋا ئىگىسىدىكى مەنزىرە ئۇنىڭغا خاتالىقنى تونۇتۇپ تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە قايتىدىن چارلاش ئېلىپ بېرىپ، ئىلەڭگۈچ ئۇچقاندەك ئەگرى سىزىقنى بويلاپ قالايمىقان ئۇچاتتى، ئاندا ـ ساندا بىر نۇقتىغا قونۇپ قويۇپ، يەنە تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ يىراققا ئۇچۇپ كېتەتتى، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۆيىنى تاپالايتتى، خۇشال ھالدا ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتەتتى. كوچا ھەرىسى ھەرقانچە تېزلىكتە غايىب بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ھېلىقى چۈشەن تەكەببۇرلۇق بىلەن دەرۋازىنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى ئۇۋىنىڭ ئېغىزىغا قارىتىپ تۇرۇپ، ھەسەل ھەرىسى چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭلا ھەسەل ئىدىشىنى يوقلاپ چىقاتتى.

ئىگىسى يېنىپ چىققاندا، ئوغرى ئارقىسىغا ئازراق چېكىنىپ، ئاران پاتقۇدەكلا يول بېرەتتى، خالاس. كوچا ھەرىسى توساتتىن پەيدا بولغاندا، چۈشەن قىلچە ھودۇقمايدۇ، پەقەت سەل پەخەس بولىدۇ، خالاس. كوچا ھەرىسىمۇ شۇنداق، بۇلاڭچى

كەينىگە كىرىۋالمىسىلا، ئۇچۇۋاتقاندا چىشىغا تەگمىسىلا، ئۇنىڭ بىر زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ.

ئۇغرىنىڭ مەززىلىك تائامغا ئىغىز تېگەلىشىمۇ ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدۇ. كوچا ھەرىسى پوكىنىغا لىق تاتلىق شىرنە قاچىلاپ، پۇت ـ قوللىرىغا يىغقان گۈل چاڭلىرىنى چاپلاشتۇرۇپ قايتىدۇ، ئەمما ئوغرى تاتلىق شىرنىگە ھەرگىزمۇ يېقىنلىشالمايدۇ، گۈل چېڭىنىڭ ئۇۋۇقىمۇ چىچىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر قېتىمدا ئېلىپ كەلگەن ماتېرىيال تاتلىق يېمەكلىك ياساشقا پەقەت يەتمەيدۇ. يۇمىلاق بولىكا ياساشقا كېتىدىغان ماتېرىيالنى يىغىش ئۇچۇن، كوچا ھەرىسىنىڭ تەكرار سىرتقا چىقىشىغا توغرا كېلىدۇ. ماتېرىيال تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، كوچا ھەرىسى چوڭ تاڭلىيى ۋە ئۇچلۇق بۇرنى بىلەن ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن پەنجىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان يۇمشاق خېمىرنى كۇمىلاچ قىلىپ ياساپ چىقىدۇ. ئەگەر چۈۋىن تۇخۇمىنى مۇشۇ ماتېرىياللارغا تۇغۇپ قويغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تۇخۇمى يامان ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇمكىن.

شۇڭا، چۈۋىن بولكا ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تۇخۇمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغىدۇ. بىراق، يېمەكلىك ياساش يەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئوغرى كوچا ھەرىسىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن كىرىۋېلىشى كېرەك. چۈۋىنىنىڭ يۇرىكى قاپتەك بولغاچقا، قورقمايلا ئۇۋىغا كىرىۋالاتتى، ھەتتا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىدا بولۇشىدىنمۇ قورقمايتتى. قورقۇنچاقلىقتىن ياكى كەڭ قورساقلىقتىن بولسا كېرەك، بۆلانغۇچى بۆلىغۇچىنىڭ ھەرىكىتىگە ئىمكان بېرەتتى.

چۈۋىنىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ماراپ تۇرۇپ، يېنىكلىك بىلەن ئۆيگە بېسىپ كىرىشىدىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ ھوسۇل ئالغۇچىغا تايىنىپ جان بېقىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ تاڭلىيىنىڭمۇ خېلى كارامىتى بار، ھېچقانچە كۈچىمەيلا گۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غۇنچىسىدىن يەيدىغان نەرسىگە ئېرىشەلەيتتى. ئۇنىڭ كوچا ھەرىسىنىڭ ئۇۋۇسىغا كىرىشىدىكى مەقسىتى يېمەكلىكنى تېتىپ بېقىشلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ نەرسە ئوغرىلاشتىكى مەقسىتى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باللىرى ئۈچۈندۇر.

بىز گۈل چېچىكىدىن ياسالغان بولكىنى كولاپ ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى. كىچىك بولكىلار خارلىنىپ، دەسسىلىپ، ئۇۋۇلۇپ بىكاردىن ـ بىكار ئىسراپ بولۇپ كېتىدىكەن، كىچىك ئامبارنىڭ پولىغا سېرىق رەڭلىك ئۇۋۇندىلار چېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ چىۋىن لىچىنكىسى لۆمشىپ يۈرەتتى. چىۋىن لىچىنكىسى قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. گاھىدا چىۋىن لىچىنكىسى بىلەن بىللە يەنە ھەقىقىي غوجايىن، يەنى كوچا ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسىمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى، ئۇلار تويۇنۇپ غىزالىنالمىغاچقا ئىنتايىن ياداڭغۇ ئىدى. چىۋىن لىچىنكىسى تاتلىق يېمەكلىكتىن ئۇلار بىلەن تەڭ ھۇزۇرلىناتتى، گەرچە قوپاللىق بىلەن ئۇلارنى خورلىمىسىمۇ، ئەمما ئەلا سۈپەتلىك يېمەكلىكنى ئۇلار بىلەن تالىشاتتى. ئېچىنىشلىق ئاچ قالغۇچىنىڭ سالامەتلىكى كۈنسېرى ناچارلىشىپ، ھالىدىن كېتەتتى ھەمدە تېزدىنلا كۆرۈنمەي قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇششاق دانچىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن تاپى ئېشىپ قالغان يېمەكلىك بىلەن ئارىلىشىپ، چىۋىن لىچىنكىسىنىڭ يەنە بىر مەززىلىك تائامىغا ئايلىناتتى.

ئۇۋا ئېچىنىشلىق تالان ـ تاراج قىلىنىشقا ئۇچرىدى، ئانا كوچا ھەرىسى نېمە ئىش قىلغىلى كەتكەندۇ؟ ئۇ خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ باللىرىنى يوقلىيالايتتى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، بېشىنى ئۇۋۇنىڭ تار يولىدىن تىقىپ قاراپ باقسىلا لىچىنكىنىڭ پاجىئەلىك ھالىتىنى بايقىيالايتتى. يۇمىلاق بولكا دەپسەندە قىلىندى، زىياندash ھاشارات ئوغرى قالايمىقانچىلىق چىقاردى، بۇ چاغدا كوچا ھەرىسى پەقەت كۆز يۇگۇرتۇپ قويسىلا، ئىش

چىققانلىقىنى بىلىۋالالايتتى. ئۇ چىۋىن لىچىنكىسىنى قورسىقىدىن قامالالاپ تۇتالايتتى، ئاندىن چولك تاغلىيى بىلەن ئۇلارنى چىشلەپ سىرتقا تاشلىۋېتەلەيتتى. بۇ ئىشنى ئۇ ھېچقانچە ۋاقىت سەرپ قىلمايلا بېجىرەلەيتتى. بىراق، ئەخمەق ئانا بۇنداق قىلىشنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. بالىلىرىنىڭ ئاچ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان جانىۋارنىڭ ئاسايىشلىق كۈن ئۆتكۈزۈشىگە سەۋر - تاقەت قىلاتتى.

ئانا كوچا ھەرىسىنىڭ ئەخمەقانە ئىشلىرى يەنە بار. قورچاق مەزگىلى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ تالان - تاراجغا ئۇچراپ قۇرۇقدىلىپ قالغان ھۇجرىنى خۇددى باشقا ھۇجرىلارنى كۆڭۈل قويۇپ توسۇپ قويغانغا ئوخشاش لاي تۇۋاق بىلەن ئېتىپ قوياتتى. مۇنداق توسۇپ قويۇش شەكىل ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان كوچا ھەرە لىچىنكىلىرىغا نىسبەتەن ئەلۋەتتە ئىنتايىن ياخشى مۇداپىئەلىنىش تەدبىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بىراق، قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشارات لىچىنكىسى قەدەم تەشرىپ قىلىپ بولغان ھۇجرىنى ئېتىپ قويۇشى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئىدى. بۇ شەك - شۈبھىسىز بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ھەققانىيەت يولىدىن قايتمايتتى، ئۇ پېچەتنى قۇرۇق ئۆينىڭ ئىشىكىگە چاپلايتتى. نېمە ئۈچۈن قۇرۇق ئۆي دەيمىز؟ چۈنكى، ھېلىگەر چىۋىن لىچىنكىسى يېمەكلىكنى يەپ بولغاندىن كېيىنلا، خۇددى كوچا ھەرىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كىرىشىگە توسالغۇ بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك دەرھال تىكىۋېتىدۇ.

ئوغرى يۈزسىز ۋە ھىيلىگەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە تولىمۇ ئېھتىياتچان. ئۇۋىدا شۇنداق كۆپ سىغىز توپىلىق ھۇجرا بولسىمۇ، ئەمما بارلىق چىۋىن لىچىنكىسى ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ، ناۋادا ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قالسا، ئۇ يەر ئۇنىڭ گۆرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سىغىز توپىلىق كىچىك ھۇجرىنىڭ تېمىدا سۇ ئۆتمەس دولقۇنسىمان سۇۋاق بار بولۇپ،

زەيلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۇ ھال سىلىق ۋە سېمىز چىۋىن لىچىنكىسىغا ئىنتايىن خۇشياقىدۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئۆزگىرىش مەزگىلىگە نىسبەتەن مۇھىتى ئەۋزەل ھۇجرا ھېسابلىناتتى، ئەمما چىۋىن لىچىنكىسى بۇ يەرنى ياقتۇرمايتتى. ئۇلار ئەمدىلا چىۋىنغا ئايلانغاندا تېنى تېخى ئاجىز بولغاچقا، پاجىئەلىك ھالدا قامىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇلار كىچىك ھۇجرىدىن بىر - بىرلەپ ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى ھۇجرىلارنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتى.

مەن كولىغان چىۋىن قورچاقلىرى ئەزەلدىن كىچىك ھۇجرا ئىچىدە بولماستىن، بەلكى ھۇجرا سىرتىدا ئىدى. ئۇلار سېغىز توپا ئىچىدە بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇراتتى، ئۇ يەردە تار بىر توپا ئۇۋا بار بولۇپ، ئۇنى چىۋىن لىچىنكىلىرى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندە بەرپا قىلغانىدى. كېلەر يىلى باھاردا توپىدىن چىقىش مەزگىلى يېتىپ كېلىشى ھامان، يېتىلگەن ھاشاراتلار گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن توپىدىن يەر يۈزىگە چىقىدۇ، شۇڭا، توپىدىن چىقىشى ئانچە تەسكە توختىمايدۇ.

ئوغرىنىڭ كۆچۈشىدىكى سەۋەب يەنە بىر خىل ئوبيېكتىپ تەلەپكە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ يىلى ئىيۇلدا كوچا ھەرىسى ئىككىنچى ئەۋلاد لىچىنكىسىنى تۇغىدۇ. ھەر يىلى بىر قېتىم تۇخۇم تۇغىدىغان قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىيۇلدا تېخى قورچاق ھالەتتە تۇرىدۇ، پەقەت ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلىنىدۇ. ھەسەل يىغقۇچى ئانا ھەرە ئىيۇلدا كىچىك بازاردىكى يۇرتىدا كونا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ باھاردا بەرپا قىلغان ئورەك ۋە ھۇجرىسىدىن بىۋاسىتە پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ۋاقىتنى تېجەيدۇ! بۇرۇن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن كونا ئىمارەت ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرغان بولۇپ، پەقەت ئازراقلا رېمونت قىلىنسا، ئۇنى قايتىدىن ئىشلىتىشكە بولاتتى.

تۇغۇلۇشىدىنلا چېچەن ھەسەل ھەرىسى ئەگەر ئۆيىنى

تازىلاۋاتقاندا بىرەر چىۋىن قورچىقىغا يولۇقۇپ قالسا قانداق قىلار؟ ئۇ بەلكىم بۇ پۈتلىكاشاڭنى قورۇلۇش ئەخلىتى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ بۇ تاشلاندۇقنى چوڭ تاڭلىيى بىلەن قىسىپ ئېزىۋېتىشى، ئاندىن سىرتقا ئاچىقىپ ئەخلەتلىككە تاشلىۋېتىشى مۇمكىن. توپىدىن يۆتكىۋېتىلگەن قورچاق نورمالسىز كىلىمات ئاستىدا تەقدىرنىڭ قىسمىتىدىن قۇتۇلالماي، ھالاكەت يولىغا ماڭىدۇ.

چىۋىن لىچىنكىسىنىڭ ئاقىلانە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن بىردەملىك بايلىقتىن ۋاز كېچىپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان يىراق كەلگۈسى پىلانىنى كۆزلىگەنلىكىدىن تولىمۇ قايىلمەن. چىۋىن لىچىنكىسى ئىككى خىل خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ: بىرى، تىنچىق قەپەسكە قامىلىپ قېلىپ، يېتىلگەن چىۋىن دۇنياغا كۆز ئاچالمايدۇ؛ يەنە بىرى، ھەسەل ھەرىسى ئۆينى تازىلاپ، تۈزەشتۈرۈۋاتقان چاغدا ئۇۋۇنىڭ سىرتىغا چۆرۈۋېتىلىپ، سىرتنىڭ كىلىماتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي جېنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ قوش ئاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چىۋىن لىچىنكىسى ھۇجرا پېچەتلىنىشتىن ۋە تازىلىنىشتىن بۇرۇن سوغۇرۇلۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

بىز يەنە ئوغرىنىڭ كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. ئېيۇندا كوچا ھەرىسى ئارام ئالىدىغان مەزگىلدە مەن ھاشاراتنىڭ تەسىر كۈچى ئىنتايىن چوڭ بولغان بۇ كىچىك بازاردا ئۇمۇمىيۈزلۈك ئاختۇرۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتتىم. ئۇ يەردە كوچا ھەرىسىنىڭ ئەللىكچە ئۇۋىسى بار ئىدى. بىز يەر ئاستىدا يۈز بەرگەن بارلىق بەختسىزلىكنى كۆردۇق. بىز تۆت ئادەم ئۇۋىدىن كولاپ ئالغان توپىنى بارمىقىمىز بىلەن تاسقايتتۇق. بىرىنچى ئادەم بىر قېتىم تاسقاپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئادەم يەنە بىر قېتىم تاسقايتتى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئادەم يەنە تاسقايتتى. تاسقاش نەتىجىسى ھەقىقەتەن

www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. بىز باشتىن ـ ئاخىر كوچا ھەرىسىنىڭ قورچىقىنى بايقىمىدۇق، بىرىنىمۇ بايقىمىدۇق. ئەسلىدىنلا ئاھالىسى زىچ بۇ كوچىدا ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەندى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلار ئىگىلىگەندى. ھەممىلا يەرنى قورچاق ھالەتتىكى قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلار قاپلىغانىدى. بىز بۇ قورچاقلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆزەتمەكچى بولدۇق.

قوش قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ھاياتلىق يىلى توشۇپ قالاي دېگەندى، ئەڭ دەسلەپكى چۆن لىچىنكىلىرى قورچاق قاپىنىڭ ئىچىدە قاتتىق ھالەتكە ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇملاق كانايلىرى جىمجىت ھالەتنى ساقلاپ تۇراتتى. بۇنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۇرۇقلار ئىدى. ئىيۇلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى ئۇلارنى ئۇيقۇدىن ئويغىتالمايتتى. بۇ ئاي دەل كوچا ھەرىسى ئىككىنچى ئەۋلاد لىچىنكىسىنى تۇغىدىغان ئاي ئىدى. ئەگەر بۇ ئايدا ئۇرۇشنى ۋاقتىلىق توختىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەندەك قىلاتتى: ئوغرى پائالىيىتىنى توختاتتى، ھەسەل ھەرىسى تىنچلىق بىلەن ئەمگەك قىلماقتا. مۇبادا يەنە دۈشمەنلىشىش ئەھۋالى پەيدا بولۇپ، ياز پەسلىدىمۇ باھار پەسلىگە ئوخشاش پاجىئەلىك تالاپەت يۈز بەرسە، ئۇنداقتا كوچا ھەرىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچى ئەۋلاد كوچا ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسى بىرمەھەل ئاسايىشلىق كۈن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، شەيئىلەر يەنە ئەسلى تەرتىپكە قايتىدۇ.

ھەر يىلى ئاپرېلدا چېپار ھەرە قورۇ تامنىڭ ئىچىدىكى جىلغىلاردا كېزىپ يۈرۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئۇۋا ياساش ئورنىنى ئىزدەيتتى، ئوغرىلار قورچاقتىن چىقىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. پاھ ! ۋاقىت ھېسابلاش نەقەدەر توغرا ـ ھە !

قوغلىغۇچىنىڭ كالپىندارى بىلەن قوغلانغۇچىنىڭ كالپىندارىنىڭ خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك بىر - بىرىگە شۇنداق ماس كەلگەنلىكىگە راستلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى! ھەسەل ھەرىسى ئۇۋا ياساۋاتقان چاغدا چىۋىن ئالللىبۇرۇن تەييارلىنىپ بولغانىدى: ئاچارچىلىق يولى بىلەن دۈشمەننى يوقىتىشتىن ئىبارەت قۇۋلۇق - شۇملۇقنى يەنە ئىشقا سالاتتى.

ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز پەقەت مەلۇم بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدىنلا ئىبارەت بولسا، بىز ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىساقمۇ بولىۋېرىدۇ: بىر تال كوچا ھەرىسىنىڭ كۆپ بولۇشى ياكى ئاز بولۇشىنىڭ دۇنيانىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا نىسبەتەن كارى چاغلىق. تولىمۇ ئەپسۇس! ھەر خىل ناملار بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىش بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ رەسمىي قائىدىسىگە ئايلانغانىدى. مەيلى تۆۋەن دەرىجىلىك ھاياتلىق بولسۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھاياتلىق بولسۇن، ئومۇمەن ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقارمىغۇچىلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچرايتتى. ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىنسانلار بۇ ئاپەتلەردىن چەتنىشى كېرەك ئىدى، بىراق كۈتۈلمىگەندە ياۋايى ھايۋانلارغا خاس بۇ نەپسانىيەتچىلىك ئىنسانلارنىڭ تېنىدە يامراپ چەكتىن ئېشىپ كەتتى. «تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئېشىغا توپا سالمىساق بولمايدۇ - دە» دەيدۇ ئىنسانلار. بۇ گەپ چىۋىننىڭ «تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كوچا ھەرىسىنىڭ ھەسىلىنى بۇلىمىسام بولمايدۇ - دە» دېگىنى بىلەن ئوپئوخشاش. بۇلاڭچىلىقنىڭ ئۇنۇمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلار ئادەملەرنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىدىغان ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ سەنئەتنى ئىجاد قىلدى، يەنە شەرەپلىك ھالدا دارغا ئېسىش جازاسىدىن ئىبارەت بۇ خىل كىچىك دائىرىدە ئۆلتۈرۈش سەنئىتىنىمۇ ئىجاد قىلدى.

ئەگەر ئۇرۇش پەقەت ئىنسانلارنىڭلا ئىشى بولسا، ئۇنداقتا

www.uyghurkitap.com

كەلگۈسىدە ئۇ يەنە بىزنىڭ تىنچلىقىمىزنى ساقلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئاشۇ مەردانە كەڭ قورساق قەلب بۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئاپەت سۈيى كالۋا ھاشاراتنى چىرىتىدۇ، قائىدىلىك گەپ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا مەڭگۈ ياقمايدۇ. رەزىللىك يامرىغان ھامان ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئايلىنىپ، ساقايماس كېسەلگە ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. كەلگۈسى تۇرمۇشقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئادەمنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتىدۇ. تۇرمۇش يەنىلا بۇگۈنكىدەك ھالەتتە بولىدۇ، يەنى قىرغىنچىلىق مەڭگۈ بېسىقمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇمىدسىزلىك ئىچىدىن ئازراق ئۇمىد كۈتۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئالەمدىكى پىلانېتالارنى توپ قىلىپ ئوينايدىغان پالۋان ئوبرازىنى يارىتىدۇ. بۇ پالۋانغا ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇ — ھەققانىيەت ۋە ھوقۇق. ئۇ بىزنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قېلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئارىمىزدىكى ياۋايى ئادەملەرنىڭ غەلىبە قازىنىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ؛ ئۇ بىزدە پارتلاتقۇچ دورىنىڭ، زەمبىرەكنىڭ، تورپېدا كېمىسىنىڭ، جەڭ پاراخوتىنىڭ، تۈرلۈك ئاجايىپ ماھارەتلىك ۋە ئادەمنى ھالاك قىلىدىغان قوراللارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ؛ ئۇ يەنە تەڭرىنىڭ ئەڭ كىچىك ياراتقۇچىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا ئاچ كۆزلۈكتىن كېلىپ چىققان رەھىمسىز رىقابەتنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلىدۇ. خوش ! بۇ ھەققانىيەتچى، بۇ پالۋان يەر شارىنى بارمىقى بىلەن بېسىپ تۇرغان چاغدا، چوقۇم ئۇنى قىلچە رەھىم قىلماستىن يانجىۋېتىدۇ.

ئۇ ئېھتىمال يەر شارىنى پۈتۈنلەي... بىراق، ئۇ ھەرھالدا بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكان بېرىدۇ. قەدىمكى زاماندىكى ئېتىقادنىڭ

راستلا ھېكمىتى بار؛ يەر شارى — ھاشارات ھاسىل قىلىدىغان ياتاق بولۇپ، ئالىلىبۇرۇن «رەزىلىلىك» تىن ئىبارەت بۇ مىتە تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. ئۇ — ۋەھشىيانە قوپال تۈرەلمە ئېغىر - بېسىقلىقنىڭ مۇشەققەتلىك ئۆتكۈنچى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغىن! تەرتىپ ۋە ھەققانىيەت ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى بۆلۈم



# كىچىك ئۇستىلىم

ئانالىز گېئومېترىيەسى دەرسى ئوقۇيدىغان ۋاقىت كەلدى. مەن بىلەن ھەمكارلىشىدىغان ماتېماتىكىنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. مۆلچەرىمچە، ئۇ سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنەلەيتتىم. كىتابنى ئالدىنئالا كۆرۈپ بولغاچقا، سۆزلەنمەكچى بولغان مەسىلىلەر چۈشىنەلمىگۈدەك قىيىنغا توختىمايتتى.

ئۆيۈمدىكى كىچىك دوسكىدا دەرسىمىز باشلاندى. بىرنەچچە دەرس سۆزلىنىپ بولغاندا كەچمۇ كىرىپ قالغانىدى. مەن ئاشۇ كېچە جىمجىتلىقىدا توساتتىن بۇ بىلىمدار ئەپەندىنىڭ مېنىڭ بىر كەپسىز ئوقۇغۇچۇم بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ۋېرتىكال، گورىزونتال كوردىناتلارغا ئۇچراپ قالغاندا ئېنىق چۈشەندۈرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن قولۇمغا بورنى ئېلىپ، سىزىقلارنىڭ يۆنىلىشىنى سىزىپ، ئالگېبرا كېمىمىزنىڭ رولىنى باشقۇراتتىم، كىتابتىكى مەزمۇنلارغا بولغان كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، دەرسلىكتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى بۆلەكمۇ - بۆلەك ئىزدەپ، چۈشىنىشكە تۇسالغۇ بولىدىغان يوشۇرۇن نۇقتىلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايتتىم، مۇشۇ يوسۇندا تاڭ يورۇشقا باشلىغاندىلا بىز ئاندىن ئىزدىمەكچى بولغان جاۋابقا ئېرىشەلەيتتۇق. ئويلاپ باقسام، لوگىكىلىق ئوي - پىكىرنىڭ شۇنچە تېز، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنىڭ شۇنچە يەڭگىل ۋە ئېنىق بولۇشى كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. خۇددى ئۇنى ئۆگىنىپ ئەمەس، يادلىۋالغاندەكلا تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىزنىڭ رولى ئالمىشىپ قالدى. مەن لاۋا جىنسلارنى بوشىتىپ، كۆكۈم - تالقان قىلىپ، ئاغدۇرۇپ مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇرۇپ، تەپەككۇر ئۇرۇقىنى تېرىغۇچە داۋاملاشتۇرىمەن. خىزمەتدىشىمچۇ؟ ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ، ماڭا قارشى پىكىر بېرىپ، قىيىن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاندىن ئىككىمىز بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ قىيىن مەسىلىنى ئورتاق ھەل قىلىمىز. كۆچى بىرلەشكەن ئىككى تال پىشاڭ بىرلا ۋاقتتا يېرىققا سېلىنىپ كۆچىگەندە، قورام تاشمۇ بوشاپ، بىر ياققا سۈرۈلىدۇ.

دەسلەپىدە بۇ پىشۋا مېنى كۆزگە ئىلمىغانىدى، ھازىر بولسا ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى كىشىنى مەنسىتمەسلىك قورۇقى پۈتۈنلەي يوقالدى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر خىل راستچىللىق، ئۆزئارا تەسىر قىلىدىغان ھاياتىي كۈچ شەكىللەندى. بۇ كۈچ ئاخىرىدا غەلىبىگە ئېلىپ باراتتى. دېرىزىدىن سەھەردىكى شەپەق نۇرى ئاستا - ئاستا كىردى. بۇ نۇر گەرچە خىرە بولسىمۇ، ئەمما ئۈمىدكە تولغانىدى. ئىككىلىمىزنىڭ روھى ئۇرغۇدى. مېنىڭ ئېرىشكىنىم، ئۆزۈممۇ بىلىپ، باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈشتەك بىر خىل قوش رازىمەنلىك تۇيغۇسى بولدى. شۇنداق قىلىپ، قاراڭغۇ كېچىنىڭ يېرىمى تەسۋىرلەش قىيىن بولغان بىر خىل ھوزۇر ئىچىدە ئۆتتى. قۇياش نۇرى يالتىراپ چارچىغان كۆزىمىزگە چۈشكەندىلا، ئاندىن تەتقىقاتىمىزنى توختاتتۇق.

خىزمەتدىشىم ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ياتاق ئۆيگە قايتتى. شۇ تاپتا ئۇ بىز پەيدا قىلغان ئاشۇ سېھرىي كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنتۇپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتامدىغاندۇ؟ كىرىپ قارىسام، ئۇ دەرۋەقە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم. دوسكىدىكى مەزمۇنلارنى پاكىز ئۆچۈرۈۋەتسەممۇ، كاللامدىكى مەزمۇنلارنى دەماللىق ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم. ئارىلىشىپ كەتكەن ھەر خىل ئوقۇملار كاللامدا ئەكس ئېتىپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك قالايمىقان بولۇپ، دەم ئالغان چاغلاردىمۇ خىيالىمدىن

كەتمەيتتى. تىنچ ھالدا ئارام ئېلىشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى.

ئاخىر قاتتىق مۇگدەك بېسىپ كەلدى. بۇ چاغدىكى ھالىتىم يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەت، تەپەككۇر پائالىيىتىم توختىمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ جانلىنىپ، بايىقى ئۇيقۇسىز كېچىدىكىدىنمۇ سەگەك ئىدىم. تۇنجى كۈنى بىرمۇنچە ئېتىشىپ يېشەلمىگەن ماتېماتىكىلىق قىيىن مەسىلە مۇشۇنداق چوڭ مېڭە پائالىيىتىم داۋاملىشىۋاتقان مۇجمەل سەزگۈ ھالىتىدە يېشىلىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن ئالاھىدە يورۇق بىر ماياكنىڭ كاللامدا ئەكس ئەتكىنىنى كۆرمىگىلى تاسلا قالغانىدىم.

بۇ چاغدا خۇشاللىقىمدىن سەكرەۋەتتىم. چىراغنى قايتىدىن ياندۇرۇپ، ئويلىغانلىرىمنى خاتىرىلىۋالدىم. بۇلارنى ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن يادىمغا ئالالمايتتىم. تەپەككۇر يالقۇنلىرى بەئەينى گۈلدۈرمامىلىق يامغۇردىكى چاقماقتەك يورۇپ، ناھايىتى تېزلا غايىب بولاتتى.

ئۇلار قەيەردىن كەلگەندۇ؟ ئادىتىم كەلتۈرۈپ چىقارغانمىدۇ؟ مەن ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ ئادەتلەنگەنىدىم، بۇنداق قىلغاندا مېڭىنى تولۇق ئۇزۇقلاندۇرۇپ، تەپەككۇر لامپىسىغا تۈگىمەس يېقىلغۇ بەرگىلى بولاتتى. ئەقلىي ئەمگەكتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈڭىز بارمۇ؟ بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى: «دائىم ئەستىن چىقارماسلىق» تۇر.

خىزمەتدىشىم بۇ ئۇسۇلنى ئۆگىنىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. مەن بولسام شۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپلا قالماي، بەلكى قەتئىي داۋاملاشتۇراتتىم. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئىككىمىزنىڭ رولى تۈپتىن ئالمىشىپ، شاگىرت ئۇستازغا ئايلىنىپ قالغانىدى. سەھەر تۇرۇش ئۇنچىۋالا جاپالىق ئىشمۇ ئەمەس، ياكى قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن ئىشمۇ ئەمەس، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھۇزۇر، خۇددى ياخشى بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇغاندەكلا. بىزنىڭ قايسىبىر ئۇلۇغ لىرىك شائىرىمىز

ئۆزىنىڭ «نۇر ۋە ئالبوم» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەپ يازغان:

«سانلار ئىلىم - پەندىمۇ، سەنئەتتىمۇ مەۋجۇت. ئاسترونومىيە ئالگېبرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ شېئىرغا بەك يېقىن؛ مۇزىكا ئالگېبرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇمۇ شېئىرغا بەكلا يېقىن.»

بۇنداق دېيىش شائىرلارنى بەك ماختىۋەتكەنلىكمۇ قانداق؟ ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. ۋېكتور هيۇگونىڭ ئېيتقىنى ھەقىقىي ئەمەلىيەت. ئالگېبرا — تەرتىپلىك شېئىر، ئۇ كەيپىياتنى كۆتۈرەلەيدۇ. مەن ئۇنىڭ فورمۇلاسىنىڭ، بۆلەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمەن. باشقىلارنىڭ قانداق ئويلىشى بىلەن كارىم يوق، ئۇنىڭغا ھەيران قالىمەن. ناۋادا مەن دىققەتسىزلىكتىن گېئومېترىيەگە بېرىلىپ كەتكەن تەپەككۇر تەسىراتىمنى بۇ خىزمەتدىشىمغا ئېيتىپ سالسام، ئۇنىڭ قوشۇمىسى شۇ زامانلا تۈرۈلۈپ، مەسخىرىلىك كۈلكە ئارىلاشقان چىراي ئىپادىسى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «قوي، ئۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭنى. يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئەگرى سىزىقىمىزنى سىزايلى.»

ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس. چۈنكى، ئۇ دېگەن پېشۋا تۇرسا. ئەلۋەتتە، كەلگۈسىدىكى ئىمتىھانىنىڭ تەلپى تولىمۇ قاتتىق بولۇپ، بۇنداق ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىياللارنى ئارىلاشتۇرۇشقا يول قويۇلمايتتى. ئەمما، مەن خاتالاشقاندىمەنمۇ؟ غايە ئۇچىقىنىڭ يالقۇنى بىلەن سوغۇق ھېسابلاش سەنئىتىگە ھارارەت بېرىپ، ماتېماتىكىلىق تەپەككۇرنى فورمۇلادىن ئېشىپ چۈشىدىغان يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ھاياتلىق يالقۇنى ئارقىلىق ئابستراكت دۇنيادىكى ئاشۇ خىرە پۇچەكلىكنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئۆزى نامەلۇم ساھەنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرغانغا باراۋەر ئەمەسمۇ؟ خىزمەتدىشىم مەن بەرگەن سەپەر كاپالىتىگە پەرۋا قىلماستىن، قانچە جاپا تارتىسمۇ ئۆزى بىلگەن سەنمگە

دەسسەيتتى. ئەمما، مەن بولسام بۇ يولدا تولىمۇ بەھۇزۇر ماڭاتتىم. مېنىڭ ئالگېبرادىن ئىبارەت بۇ ھاسىغا تايىنىشىمنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭدىن ئالغا ئىنتىلىشىمگە مەدەت بېرىدىغان سادانى ھېس قىلالايتتىم. شۇڭا، بۇ تەتقىقات ماڭا بىر خىل خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى.

تۈز سىزىقلارنى كېسىشتۈرۈپ بۆلۈك ھاسىل قىلىشنى بىلىمەن، مەن يەنە ئەگرى سىزىقنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشنى ئۆگىنەلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ ھاسىلاتقا ئىگە بولىمەن. سىركۇلغا يەنە قانچىلىك ئالاھىدىلىكنىڭ مۇجەسسەملەنگىنى، بىر گۈرۈپپا تەڭلىمە فورمۇلاسىغا قانچىلىغان يوقىرى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى تېخى نامەلۇم. ئۇ بەئەينى سىرلىق ياڭاقنىڭ پوستىنى بەدىئىيلىككە ئىگە ئىنچىكە ئۇسۇل بىلەن سويۇپ ئالغاندىلا، ئاندىن ئىچىدىكى مېغىزغا ئېرىشكىلى بولغاندەك ئىش. شۇندىلا ئېنىقلىمىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ! بۇ ماتېماتىكىلىق ئەمەلنىڭ ئالدىغا «+» بەلگىسىنى قويغاندا، ئۇ ئېللىپسقا، سانسىزلىغان پىلانېتالارنىڭ ئوربىتىسىغا ئۆزگىرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىككى دانە فوكۇس نۇقتىسى بولىدۇ. بۇ ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدا سانلار تۇراقلىقىنىڭ رادىئۇس يۆنىلىشى ھاسىل بولىدۇ؛ ئەگەر «ـ» بەلگىسىنى قويغاندا، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان قوش ئەگرى سىزىقلىق كېسىشىش نۇقتىسىنى بىلدۈرۈپ، سانسىزلىغان كېسىشمە سىزىقلار يۈزلىنىشىدە تەتۈر ئايلانمايدىغان ھالەتتە بوشلۇققا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بارغانسېرى بىر تال تۈز سىزىققا يېقىنلىشىدىغان، ئەمما مەڭگۈ تۈز سىزىققا ئايلىنالمايدىغان يېقىنلىشىش سىزىقى ھاسىل بولىدۇ. بۇ ماتېماتىكىلىق ئەمەلنى ئېلىۋەتكەندە، پارابولا سىزىقنى بىلدۈرۈپ، مەيلى قانچىلىك داۋاملىشىشىدىن قەتئىينەزەر، يوقالغان ئىككىنچى بىر فوكۇس نۇقتىغا ھەرگىز ئۇچراشمايدۇ، مانا بۇ تۆۋەنلىگەن ئوربىتا سىزىقى، مانا بۇ بىر

قىسىم قوپۇرۇقلۇق يۇلتۇز قالدۇرغان ئىزلار بولۇپ، بۇ قوپۇرۇقلۇق يۇلتۇزلار مەلۇم بىر كۈنى بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىزدا ھازىر بولۇپ، ئارقىدىن يەنە چەكسىز ئالەمدە غايىب بولىدۇ. ئاندىن كېيىن مەڭگۇ قايتا كۆرۈنمەيدۇ. ئالەمدىكى شارسىمان جىسىملارنىڭ ئوربىتىسىنى مۇشۇنداق تەپەككۇر يولى بىلەن ھاسىل قىلىسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ئىلگىرى بۇ ماڭا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلغان بولسا، ھازىرمۇ ئوخشاشلا قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ.

ئون بەش ئايلىق مۇشۇنداق مەشىقتىن كېيىن، بىز مونبېلىيېردىكى ماتېماتىكا ئالىي تېخنىكومىغا كەلدۇق. نەتىجىدە ئىككىلىمىز كەسپىي زىيالىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتۇق. ھەمراھىمىنىڭ چارچاپ ھالى قالمىغاندا، مېنىڭ ئانالىز گېئومېتىرىيەسىدىن ئېرىشكىنىم بىر خىل خۇشاللىق بولدى.

مېنىڭ ھەمكارلاشقۇچۇم كونۇس ئەگرى سىزىقى مەسىلىسىدە ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، داۋاملىق ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلغۇدەك ماجالى قالمىدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ماتېماتىكا باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالالىساقلا، ئالىي ماتېماتىكىنىڭ شانلىق پاسىلىدىن ھالقىيالايدىغانلىقىمىز، شۇ ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرى مېخانىكىسى تەتقىقاتى ئۈچۈن شارائىت يارىتالايدىغانلىقىمىزنى ئېنىق ئېيتقان بولساممۇ، بۇ ئىلھاملاندۇرۇشۇمنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ئۇنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا، ئۇنىڭدا ئۆزۈمگە ئوخشاش جۇرئەت پەيدا قىلىشقا ئامالسىز قالدىم.

ئۇنىڭچە بولغاندا، مېنىڭ پىلانىم قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، ئاخىرىغىچە ئىشلىگەندە ئەجرىمىز بىكار بولۇپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىكەن. ئەگەر تەجرىبىسى مول باشقا بىر باشلامچىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغاندا، ئاددىي كۆرۈنگەن بىلەن، قىلىپلىشىپ قالغان تەكەللۇپ سۆزلىرىگە تويۇنغان چۈشىنىكسىز بىر پارچە كىتابتىن باشقا يول

كۆرسەتكۈچ تاپقىلى بولمايدىكەن. يولىمىزغا توسالغۇ بولىدىغان خادا تاشقا يولۇقساقلا بىزنىڭ بۇ ماتېماتىكا كېمىمىزنىڭ چۆكۈپ كېتىشىدە گەپ يوق. شۇنداقتىمۇ، كۆۋەجەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرىغا تەۋەككۈل قىلىپ باققانىنىڭ زىيىنى يوق.

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم سەۋەبىدىنمۇ ياكى قىيىنچىلىقلار بەك چوڭ بىلىنىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈش بېرىپ، ئۆزىنىڭ داۋاملىق مەن بىلەن بىللە ماڭالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قىرغاققا يېتىشتىن بۇرۇن رەھىمسىز دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىمنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىش ئېھتىماللىقىغا تەۋەككۈل قىلىپ ماڭدىم. ئەمما، ئۇ بولسا ئېھتىياتچان بولۇپ، مەن بىلەن مېڭىشقا قەتئىي ئۇنىمىدى.

مېنىڭچە، بۇنىڭدا يەنە بىر سەۋەب بار، ئۇنىڭ مېنىڭدەك مۇھىم پەيتتە ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان بۇرادىرىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن گەپ. ئۇ شەخسىي پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغان بىر پارچە دىپلومنى قولىغا ئېلىپ بولدى، قالغان نەرسىلەر ئۇنىڭغا توسالغۇ بولالايتتىمۇ؟ ئۇ چوقۇم: پەقەت ئۆگىنىشنىڭ ھۇزۇرى ئۈچۈنلا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، كۈچىنى بۇنچىۋالا سەرپ قىلىش ئەرزىمدۇ؟ ئۇ بۇرادەر سارىڭ بوپتۇ، ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيلا، بىلىم سارىڭىغا ئايلىنىپ قالدى. بىزنىڭ يەنىلا قۇلۇلە قېپىمىزنىڭ ئىچىگە قايتىپ، ئېغىزنى ئېتىۋېلىپ، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلاردەك ياشىغىنىمىز ئەۋزەل دېيىشى مۇمكىن.

مېنىڭ پەلسەپەم بۇنداق ئەمەس. بىر باسقۇچنى تاماملىغاندىن كېيىن، تەكتىگە يېتىش قىيىن بولغان نامەلۇم ساھەدە ئىزدىنىشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىمەن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، روھىم ھەرۋاقىت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن، ھەمكارلاشقۇچۇم مەندىن قول ئۈزدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزۈم تىكەندەك يالغۇز قالدىم.

ئۇخلىيالمىغان كېچىلەردە، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقارغۇدەك مۇڭداش ياكى تېما ھەققىدە مۇنازىرىلىشىدىغان رەقىبىمۇ يوق بولدى. يېنىمدا مېنى چۈشىنىدىغان، گەرچە پاسسىپ پوزىتسىيەدە بولسىمۇ قارشى پىكىر بېرەلەيدىغان، ماڭا چاقماق ئۇنۇمى ئېلىپ كېلەلەيدىغان، توقۇنۇش پەيدا قىلالايدىغان ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. بۇ توقۇنۇشنى بىر خىل ئۇچقۇن پەيدا قىلالايدىغان ئىككى پارچە تاشنىڭ سۈركىلىشى دېيىشكە بولاتتى.

يولۇم ئۆتۈش مۈشكۈل بولغان توسالغۇدا توسۇلۇپ قالغاندا، ماڭا تىرەك بولۇپ، يۇقىرى پەللىگە يېتىشمىگە ھەمدەم بولىدىغان بىر گەۋدە يوق ئىدى. پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئىككى قولىغىلا تايىنىپ، ئېگىز - پەس توسۇقلار ئارا ئۆمىلەپ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتسەممۇ، يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ قايتا ئالغا ئىلگىرىلەيتتىم؛ كۈچ - ماغدۇرۇم تۈگەپ، يۇقىرى پەللىگە يېتىشكە ئاز قالغىنىمدا، ماڭا ئىلھام بېرىدىغان ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايدۇ، ئامالسىز ئۆزۈمگە ئۆزۈم مەدەت بېرىمەن، ئەمما ئاخىرىدا ئېگىز چوققىدا تۇرۇپ ئەتراپقا باقالايمەن.

بۇنداق ماتېماتىكا جېڭىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، زور بەدەل تۆلىشىمگە توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى دەسلەپتە ئۆزۈمنىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندىلا ھېس قىلغانىدىم. ئاشۇنداق ئابستراكت دۇنياغا قەدەم قويغىنىمدا، ئۇنىڭ پەقەت پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت مۇستەھكەم سوقا بىلەنلا ئاغدۇرغىلى بولىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئانالىز گېئومېترىيەسى تەتقىقاتىدا دوستۇم بىلەن ئورتاق ئىشلىتىدىغان قارا دوسكىنى ھازىر ئىشلىتىدىغان ئادەم يوق، مەن خاتىرە دەپتەر ئىشلىتىشنى بەكرەك ياقتۇرىمەن. بىرمۇنچە ۋاراقچىلارنىڭ سىرتىغا بىر قەۋەت قاتتىق مۇقاۋا قاپلىغاندا بىر پارچە دەپتەر پۈتىدۇ. دەپتەرگە خەت يازغاندا ئولتۇرغىلى بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ پۇتى ئارام ئالالايدۇ. مۇشۇنداق بىر سىردىشىم بولغاچقا، ھەر كۈنى كەچتە ئۈستەل چىرىغى ئالدىدا پۈتۈن زېھنىم بىلەن يېرىم كېچىگىچە

ئۇلتۇرىمەن، تەپەككۇرۇمنىڭ تۆمۈرچىخانىسىدا باشتىن ــ ئاخىر تېتىك تۇرۇپ، يېشىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ئۇنى تاۋلاپ سەندىلىمگە قويۇپ پىششىقلايمەن.

خىزمەت ئۈستىلىم چوڭراق قول ياغلىقچىلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەرەپكە ئالتە روبلىغا سېتىۋالغان بىر قوتا سىياھ، سول تەرەپكە يېيىلغان خاتىرە دەپتەر قويۇلغان، ئوتتۇرىدىكى بوشلۇق قەلەم بىلەن خەت يېزىشقا ئاران يېتەتتى. مەن مۇشۇنداق كىچىك ئۈي سايمانلىرىنى ياقتۇراتتىم، بۇ ئۈستەل مەن توي قىلغاندا سېتىۋالغان تۇنجى مۈلۈك ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ياخشى يېرى، خالىغانچە يۆتكىگىلى بولاتتى. ھاۋا تۇتۇق كۈنلەردە دېرىزە ئالدىغا، بەك يورۇق بولۇپ كەتكەندە بىرەر بۇلۇڭغا قويۇپ ئىشلەتكىلى بولاتتى؛ قىشتا ئىللىق ھارارەت بېرىدىغان ئوچاقنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويغىلىمۇ بولاتتى.

ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان بىچارە كىچىك ئۈستەل يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى مەن بىللە ئۆتكۈزدى. ئەمدىلىكتە سىنىڭ يۈزۈڭدە سىياھ داغلىرى ۋە قەلەمتىراچ قالدۇرغان ئىزلار بولسىمۇ، بۇرۇن مېنىڭ تەڭلىمە يېشىشىمگە مەدەت بەرگەندەك، نەسر يېزىشىمغا مەدەت بېرىپ كېلىۋاتىسەن. مۇلازىمەت سۈپىتىڭ ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۆزۈڭ باشتىن ــ ئاخىر ئۆزگەرمىدىڭ، چىداملىق تاختىيىڭ ئالگېبىرالىق فورمۇلا ۋە تەپەككۇر ئەندىزىلىرىنى تولۇق قارشى ئېلىپ كەلدى. ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭكىدەك تىنچ ئەمەس، گەرچە ئەمدى بېرىلىپ ئىشلەشنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ، ئەمما كۆڭلۈم زادىلا ئارامىدا ئەمەس، تەڭلىمىنىڭ يىلتىزىنى تېپىشقا سېلىشتۇرغاندا، ئىدىيەۋى مۇددىئانىڭ چوڭ مېڭىنى غىدىقلىشى تېخىمۇ ئازابلىق بولىدىكەن.

سۆيۈملۈك ھەمراھىم، ئەگەر ھازىر مېنى كۆرسەڭ، ئۆچتەك ئاقارغان چاچلىرىمغا قاراپ مېنى تونۇيالماسلىقىڭ مۇمكىن. ھەتتىگىنەي، بۇرۇنقى ئاشۇ تولۇپ ــ تاشقان قىزغىنلىق، ئۈمىد

نۇرى چاقناپ تۇرغان چېھىر، ئىللىق چىراي نەدە قالغاندۇ؟ مەن ھازىر ياشىنىپ قالدىم. ئەمدى ئۆزۈڭگە قاراپ باققىن، ئەينى چاغدا ئۆي سايمانلىرى دۇكىنىدىن مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىنىڭدە قانچىلىك سىپتا، قانچىلىك پارقىراق ئىدىڭ ـ ھە ! پارقىرتىش مومى سۇرتۇلگەچكە كۆزنى قاماشتۇراتتىڭ ! ھازىر قانداق بولۇپ قالدىڭ؟ خۇددى ئىگەڭگە ئوخشاش، يۈزلىرىڭدە قورۇقلار پەيدا بولدى. بۇ قورۇقلارنىڭ مېنىڭ نادىر ئەسىرىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئەلۋەتتە. نەچچە قېتىم ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، قەلەمنىڭ سىياھى قېتىۋېلىپ، خەت يازغىلى بولمىغاندا، قەلەمنىڭ مېتال ئۇچى بىلەن يۈزۈڭگە ئېرىقچە ئويغىنىم ھەقىقەتەن راست !

سېنىڭ بىر بۇرجىكىڭدە يېرىق پەيدا بولۇپ، تاختىيىڭ بوشاشقا باشلىدى. بەزىدە كونا ئائىلە سايمانلىرىنى غاجىلايدىغان مىتە قۇرتىنىڭ تاختاي ئىچىدە تۆشۈك تېشىۋاتقان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ قالىمەن. يىللار ئۆتۈشى بىلەن، قېتىڭدىكى يېرىقچىلار كۆپىيىپ، مۇستەھكەم تېنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىدى. يىللارنىڭ يالدامىسى بولمىش ئېرىقچىلاردىن پەيدا بولغان تۆشۈكلەر خۇددى ئەسنەۋاتقاندەك ئېچىلىپ تۇراتتى. سىرتتىن كەلگەن بىرى بۇ تۆشۈكلەرگە كىرىۋېلىپ، ئېسىل بىر ماكانغا ئوچچە ئىگە بولۇۋالدى. بۇ قاپ يۈرەك جانىۋارنىڭ مەن خەت يېزىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قولتۇقۇم ئاستىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، مىتە قۇرت قالدۇرۇپ قويغان تۆشۈككە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ تېنى قاپقارا، ئورۇق بولۇپ، ئوۋ غەنىيمەتلىرى بولغان ھەر خىل ھاشاراتلارنى بالىلىرىنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە توپلايتتى. ھەي، كونا ئۈستىلىم، بىر توپ ئاھالە قوۋۇرغاڭ ئاستىدا سېنى گۇمران قىلىدىغان خەندەك قېزىۋاتاتتى؛ مەن بولسام بىر ئوۋۋا ھاشاراتلارنىڭ ئۈستىدە يېزىقچىلىق قىلىۋاتاتتىم. مېنىڭ ھاشاراتلار خاتىرىسى يېزىشىمنى قوللاشتا سېنىڭدىن باشقىسى بىكار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ئىگەڭ ئۆلۈپ كەتكەندە قانداق قىلارسەن؟ باشقىلار مەن قالدۇرغان ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى تالاشقاندا، يىگىرمە رۇبلى باھادا تالاشتۇرۇپ سېتىلارسەنمۇ؟ ئاشخانىدىكى قاچا ـ قۇچا يۇيۇش ئورنىنىڭ يېنىدىكى جاۋۇر قويىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالارسەنمۇ؟ ياكى كۆكتات توغرايدىغان تاختا قىلىنارسەنمۇ؟ ئۆيۈمدىكىلەر ئۇنداق قىلماسمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۇلار چوقۇم «بۇ قىممەتلىك مىراسنى ئوبدان ساقلاپ قويايلى، ئۇ بۇنىڭ ئالدىدا ئۇزاق يىل جاپا تارتىپ، ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزەلىگۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولدى؛ ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ ئۈستەل ئالدىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق ياراتتى. شۇڭا، بۇ مۇقەددەس تاختاينى ساقلاپ قالايلى» دەيدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ياخشى ئىشنىڭ بولۇشىغا ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ھە راست، قەدىناس دوستۇم، سەن چوقۇم تارىخىڭدىن بىخەۋەر بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىسەن، تومپۇچكىغا ئايلىنىپ، ئېغىر قاچا ـ قۇچىلارغا باستۇرۇپ قويۇلىسەن، بەلكىم، تېنىڭ ئاجىزلاپ، پۇتلىرىڭ چىرىپ، بېلىڭ سۇنغاندا، پارچە ـ پارچە قىلىنىپ ئوچاققا ئوتۇن قىلىنىشىڭ مۇمكىن. ئۇ چاغدا كۆپكۆك تۈتۈنگە ئايلىنىپ، باشقا بىر تۈتۈنلەر ئارىسىدا ماڭا ئۇچرىشىسەن. ئاشۇ تۈتۈنلەر مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك قان ـ تەرىمنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كىشىلەر تەرىپىدىن پۇتۇنلەي ئۇنتۇلغان نامايەندىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، يوقىلىپ كېتىش سەن بىلەن مېنىڭ بىر مەيدان ئالدىراشچىلىقتىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى ئارام ئېلىشقا ئېرىشىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇلارنى قويۇپ تۇرايلى. ئۈستىلىم، يەنىلا ياشلىقىمىزنى ئەسلەيلى. پارقىرىتىش مومى يالىتىلغان ۋاقتىڭ مېنىڭمۇ گىرافىلارنى خۇشاللىق بىلەن سىزىۋاتقان چېغىم ئىدى.

يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنى تۈگىمەس ئىشلار بىلەن تولغان ئالدىراش كۈنگە ئايلاندى. بۇ كۈندە مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ماڭا دەخلى قىلمايتتى. ئەمما، مەن پەيشەنبە كۈننى، تېخىمۇ بەكرەك ياقتۇراتتىم. پەيشەنبە كۈندە كىشىلەر ئالدىراش يۈرگىنىدە، مەن تولىمۇ ئەركىن ـ ئازادە بولاتتىم. ئاران تەستە كەلگەن بۇ كۈندىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىناتتۇق. ھېسابلاپ باقسام، بۇنداق كۈندىن بىر يىلدا ئەللىك ئىككىسى بولۇپ، ھەممىسىنى قوشقاندا تەخمىنەن بىر يازلىق تەتىلگە باراۋەر كېلىدىكەن.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى ئىنچىكە بىر تېما، يەنى كېپلېر قانۇنى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتاتتىم. ئەگەر ھېسابلاش ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلىيالىسام، ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق مېخانىكىلىق پرىنسىپىنى بىلەلەيتتىم. بىرىنچى قانۇنىيەتتە مۇنداق دېيىلەتتى: بىر سەييارىنىڭ يورۇقلۇقتىن ئۆتكەندىكى يۈزى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا مەن مۇنداق ھۆكۈم كەلتۈرۈپ چىقاردىم، يەنى سەييارە ئوربىتىسىنىڭ ھەرىكەت كۈچىنى ساقلىشى قۇياشقا يۈزلەنگەن ھالدا بولىدۇ. دىففېرېنسىيال ۋە ئىنتېگرال تەڭلىمىسىنى ئارقىلا ئۆزگەرتكەندە، فورمۇلانىڭ ئۆزىلا بۇنى سۆزلەپ بېرىدۇ. نۇر چېچىپ تۇرغان فورمۇلا ئارىسىدىن ھەر ۋاقىت ھەقىقەتنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، زېھنىم بارغانسېرى مەركەزلىشىپ، تەپەككۇرۇم تېزلىشىپ باراتتى.

تۇيۇقسىز، يىراقتىن داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، بارغانسېرى كۈچلۈك ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىزگە كەلگەن ئاپەتقۇ بۇ ! ھېلىقى «جوڭگو ياغاچ ئۆيى» ھەممەيلەنگە زىيانكەشلىك قىلدى !

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى: مەن بېلنې شەھىرىنىڭ تاشىول ئېغىزىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەندىن خالىي رايونىدا تۇراتتىم. يېقىندىلا ئۆيۈمگە ئۇن قەدەممۇ كەلمىگۈدەك جايغا «جوڭگو ياغاچ ئۆيى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان بەزمىخانا سېلىندى. يەكشەنبە

www.uyghurkitap.com

كۈنى چۈشتىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق مەيداندىن كەلگەن قىز - يىگىتلەر بۇ يەرگە كېلىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئۇسسۇل - تانسا ئويناپ زادىلا بېسىقمايتتى. بەزمىخانا غوجايىنىنىڭ تىجارەتكە خېلى ئېپى بولۇپ، ھەر يەكشەنبە كۈنى تانسا ئاخىرلاشقىلى ئاز قالغاندا، بىر قېتىملىق مۇكاپاتلىق چەك تارتىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق خېرىدار جەلپ قىلىپ، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى كۆپلەپ ساتاتتى.

چەك تارتىش پائالىيىتى باشلىنىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن، ئۇ باشقىلارغا مۇكاپات بۇيۇملىرىنى كۆتۈرگۈزۈپ، كىشىلەر سەيلە قىلىۋاتقان جايلارغا بېرىپ كۆز - كۆز قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇزىكا ئەترىتى نەغمە قىلىپ ماڭاتتى، بېلىگە قىپقىزىل مەشۇت يىپ باغلىۋالغان قامەتلىك بىر يىگىت قىزىل لېنتا چىگىلگەن ئۇزۇن كالتەكنى قولىدا تۇتۇۋالغانىدى، پۇلاڭلاپ تۇرغان كالتەككە كۈمۈش جام، يىپەك شايى رەخت، ئىككى كۆزلۈك قەندىل ۋە بىرنەچچە قاپ سىگارت ئېسىلغانىدى. مۇكاپاتلار شۇنچە جەلپكار تۇرسا، كىممۇ بۇ بەزمىخانىغا كىرمەي تۇرالىسۇن؟

جاڭ - جۇڭ، جاڭ - جۇڭ... تەشۋىقات مۇزىكا ئەترىتى ھەيۋەتلىك نەغمە سادا ياڭرىتىپ كەلمەكتە. ئۇلار دېرىزەم ئالدىغا كەلگەندە ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئاندىن بىر - بىرلەپ كۆزۈمدىن غايىب بولۇشتى. ئۇلار ۋاقىتلىق سېلىنغان ياغاچ ئۆيگە كىرىپ كېتىشكەندى. ئۇ ئۆينىڭ سىرتى بىر قەۋەت ياغاچ بىلەن بېزەلگەندى. بۇ چاغدا ئەگەر ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن قورقىسىڭىز، قۇلاقنى ئېتىۋېلىش كارغا كەلمەيتتى، پەقەت يىراققا كېتىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. قاشتاش نەي، قىسقا نەي، مىزگان دېگەندەك چالغۇلارنىڭ ئاۋازى تاكى كېچە قاراڭغۇلۇقى پۈتۈن ئەتراپنى تولۇق قاپلىغۇچە داۋام قىلاتتى. كاففىر مۇزىكا ئەترىتىنىڭ جاز مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاچ كېپىلىر قانۇنىنى

قانداقمۇ ئىسپاتلىغىلى بولسۇن ! مەن ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم ! يەنىلا بۇرۇنراق كۆچۈپ كەتكىنىم تۇزۇكتەك قىلىدۇ.

بۇ يەردىن ئىككى كىلومېتىر يىراقتا بىر پارچە شېغىللىق يەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ جاي سېرىق قۇشقاچ ۋە سېرىق چېكەتكىلەرنىڭ ماكانى ئىدى. تولىمۇ جىمجىت بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىرنەچچە ئورۇندا دۈپ دەرەخلىرى بار ئىدى، دەرەخلەر ئانچە باراقسان بولمىسىمۇ، لېكىن مەندەك بىر ئادەم ئۇچۇن سايە بولۇشقا يېتەتتى. بىر پارچە كىتاب، بىر باغلام قەغەز ۋە بىر تال قېرىنداش ئېلىپ، ئاشۇنداق جايدا ۋاقتىنى يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە رازى ئىدىم. پاھ ! ئازراقمۇ شاۋقۇن ــ سۈرەن يوق ئىكەن، نېمىدېگەن ئىمتاس مۇھىت بۇ ! شاخلىرى كالتە، يوپۇرماقلىرى شالاڭ بۇ دەرەخ ئاستىدا كۈننىڭ ئىسسىقلىقىنى يەنىلا ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. غەيرەت قىل، يىگىت ! كۆك قاناتلىق سېرىق چېكەتكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كېپىلېر قانۇنىنىڭ سىرىنى يەشكىن. ئۆيگە قايتىدىغان كۈنى ھېسابىنىمۇ ئىشلەپ بولدۇم. تىرەممۇ قارامتۇل رەڭگە ئۆزگەردى. يەر مەيدانىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىقلىمىلارنى چۈشىنىپ بولدۇم، نېمىلا دېگەنبىلەن پايدا ــ زىيان تەڭ بولغۇدەك.

دۈشەنبىدىن شەنبىگىچە پەقەت پەيشەنبىلا ماڭا تەۋە. قالغان كۈنلىرى كەچ كىرگەندىن كېيىن ئاندىن داۋاملىق باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىپ، تاكى يېرىم كېچىگىچە — پەقەت بولالمىغۇچە ئىشلەيمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەكتەپ ئۈچۈن باش قاتۇرۇش زۆرۈر بولسىمۇ، بۇنىڭغا ۋاقىت كەملىك قىلمايتتى. ئەڭ ھالقىلىق بولغىنى شۇكى، ساقلىنىش تەس، چۈشىنىكسىز، مەسىلىگە يولۇققىنىمدا ئۆزۈمنى تاشلىۋەتسەم بولمايتتى. مەن ئۆز كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ، يۈنىلىشنى پەرق ئېتىش قىيىن بولغان بۇ ئورمانغا كىرگەنىكەنمەن، ئەتراپىمنى قاپلىغان تىكەنلەرنى ئاي پالتا بىلەن چېپىپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن يورۇقلۇققا ئېرىشەلەيمەن. بەزىدە بىرنەچچە چەمبىرەككە ئورىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالسامۇ، پىكىر يولىنى تاپالايمەن. ئەمما بەزىدە ئېزىپمۇ قالىمەن. ئاي پالتا گەرچە توسالغۇلارنى توختىماي چېپىپ تۇرسىمۇ، ھەرقاچان يېتەرلىك يورۇقلۇقتا ئىرىشكىلى بولىۋەرمەيدۇ.

كىتاب دېگەن پەقەت كىتاب. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل ئۆزگەرمەس، يىغىنچاق تېكىستتىن ئىبارەت. كىتابقا چوڭقۇر ئىلىم مۇجەسسەملەنگەن، بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئەمما، يەنە شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، كىتاب ئاز بولمىغان چۈشىنىكسىز مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاپتور ئۇ كىتابنى ئۆزى ئۈچۈن يازغاندەك، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىدەكلا ھەممىنى چۈشىنىشىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ قارىشى مۇمكىن. يېڭى كىرىشكەن بىچارىلەر پەقەت ئۆزىگە تايىنىپ، سەۋرچانلىق بىلەن باش قاتۇرۇپ، ئۆز خاتالىقىنى تېپىپ چىقىشىغا توغرا كېلىدۇ.

باشقا ھەرقانداق شەكىلدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنىڭ قايتا ئالدىنى ئېلىشىدىن ئۈمىد كۈتمەك. ئايلانما يول بىلەن چۆرگىلەپ يۈرۈش يولنىڭ خەتىرىنى تۆۋەنلىتەلمەيدۇ، چوقۇم راۋان بىر يول تېپىپ چىقىش كېرەك؛ ھەرقانداق قوشۇمچە تۈشۈكچىلەردىن قۇياش نۇرى يېتەرلىك كىرەلمەيدۇ. جانلىق سۆزلەش شەكلى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزۈكسىز ئۆزگەرتىپ، مەسىلىنى قايتىدىن قول سېلىپ ھەل قىلىشقا بولىدۇ؛ خىلمۇخىل چىغىر يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، پارلاق نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. ئەمما، كىتابنى سۆزلەشكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. كىتاب پەقەت ئۆزىگە يېزىلغىنىنىلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، بىرەر خەتمۇ كۆپەيتىپ قالمايدۇ.

كىتابتىكى مەزمۇنلار سۆزلىنىپ بولغاندا، سىز مەيلى چۈشىنىڭ ياكى چۈشەنمەڭ، كىتاب يازغان نوپۇز ئىگىسى ھېچقانداق جار سالالمايدۇ. سىزنىڭ كىتابنى قايتىدىن قولىڭىزغا ئېلىپ قەيسەرلىك بىلەن يەنە ئويلىنىشىڭىزغا، قايتا ـ

قايتىلاپ ھېسابلاش تورى توقۇشقىنىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، قانچىلىك كۈچىگەن بىلەنمۇ بىكار، كۆز ئالدىڭىزنىڭ قاراڭغۇ تۇرغىنى تۇرغان. بىراۋنىڭ دىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ھېچنېمە قىلىش كېرەك ئەمەس، پەقەت ئاددىي بىر ئېغىز سۆزلا كۇپايە. ھالبۇكى، بۇ سۆز دەل كىتابتا دېيىلمىگەن سۆزدۇر.

بىر كىشى «ئادەم نېمىدېگەن تەلەيلىك ـ ھە !» دەپ ئېيتقان. بەلكىم ئۇ ئالدىغا ئۇچرايدىغان پاراكەندىچىلىك، قەدىمنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلىدىغان دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلمىسە كېرەك. ئەمما، مەن ئۇنداق ئەمەس، ئالدىمغا ھەرقاچان بىر توسۇق پەيدا بولۇپ، ئۆتەر يولۇمنى توسۇپ قويۇشى مۇمكىن. كىشىنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرىدىغان بۇنداق توسالغۇغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ مەن ئۇنداق چاغدا گېئومېترىيە ئالىمى دالېمبېرتنىڭ ياش ماتېماتىكلارغا قالدۇرغان «مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئالغا قاراپ ئىنتىلىش» دېگەن بىر جۈملە ئەقلىيە سۆزگە ئەمەل قىلاتتىم.

ئۇ چاغدا ئىرادەم ھەقىقەتەنمۇ مۇستەھكەم، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئىتىم يېتەرلىك بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان قىيىن مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، چۈنكى مەن تامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئىزدەۋاتقان يورۇقلۇقنى ئاخىرىدا تامنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن تاپالايتتىم. توسالغۇلارنى شاللىۋېتىشكە ئالدىرىماستىن، ئاۋۋال ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇنى ۋەيران قىلالايدىغان پارتلىتىش دورىسى ئىزدەيتتىم. پارتلىتىش دورىسى ئەڭ دەسلەپتە قىلچىمۇ كۈچى يوق دانچىلار بولسا، ئۇنى يۇمىلاتقانسېرى تەدرىجىي يوغىنايتتى. بىر ئېنىقلىمىدىن يەنە بىر ئېنىقلىمىغا بارغۇچە كىچىك دانچە چوڭ بىر مونەككە، ئاندىن كۈچىيىپ توپ ئوقىغا ئايلىناتتى، ئاندىن زەمبىرەكنىڭ ئۇچىنى بۇراپ، دەسلەپتە مىدىر ـ سىدىر قىلمىغان توسالغۇ تامغا قارىتىپ ئاتقىلى بولاتتى. شۇنداق

قىلىپ، توسالغۇ تام گۇمران قىلىنغاندا، يوپيورۇق نۇر كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى. مۇشۇنداق جاپاغا چىدايدىغان قابىلىيەت بولغاندىلا، ئەقىلنىڭ كۈچى شۈبھىسىز غايەت زور بولىدۇ.

ئۇستىلىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ، چوڭقۇر خىيال ۋە جاپاغا تولغان ئون ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدى. بىر يىل تارتقان جاپالىرىم بىكارغا كەتمىدى. ئاخىر ماتېماتىكا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم. دېمەك، مەن يېرىم ئەسىردىن كېيىن بىر تۈرلۈك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغانىدىم. بۇ خىزمەت ئۆمۈچۈك تورىنى ئۆلچەيدىغان خىزمەت ئىدى. ئۆمۈچۈك تورىنى ئۆلچىگۈچى بولۇش بىر ياخشى خىزمەت. ئۇ مەسئۇل بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە خېلى كۆپ نەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

# لانگدوك چايىنىڭ تويى ۋە ئائىلىسى

## لانگدوك چايىنى

بۇ هاشاراتلار تولىمۇ جىمغۇر كېلىدۇ، ئوخشاش تۈردىكىلەر دائىم ئۇچرىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئانچە مەززىسى يوق. ئۇلارنىڭ ئادىتى بىر خىل سىرلىق تۇس ئالغان. ئاناتومىيە تەمىنلىگەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللاردىن باشقا، كىشىلەر ئۇنىڭ تارىخىغا ئائىت ھېچقانداق نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاناتومىيە مۇئەللىم بىزگە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۆرسەتتى. بىلىشىمچە، ھازىرغىچە تېخى ھېچقانداق بىر كۆزەتكۈچى بىزگە ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويغىنى يوق. ئىسپىرتقا چىلانغاندىن كېيىن قورساق بوشلۇقى كېسىپ ئېچىلغان لانگدوك چايىنىنى كىشىلەر ئېنىق تونۇدى. ئەمما، ئەسلىدە مىدىرلاپ يۈرگەن بۇ چايانىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. مېنىڭچە، بوغۇم تەنلىك ھايۋانلار ئىچىدە بىر پارچە بىيولوگىيەلىك دوكلات يېزىشقا تېگىشلىكى دەل لانگدوك چايىنى. ئۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بېيىتىپ كەلدى. ئۇن ئىككى يۇلتۇزنىڭ ئىچىدىكى چايان يۇلتۇزىنىڭ بەلگىسىمۇ مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. ئەمدى چايانىنىڭ بايانىغا قاراپ باقايلى.

ئالدى بىلەن چايانلىرىمغا قانداق تۇرالغۇ ھازىرلاپ بەرگەنلىكىمنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەن ئالاھىدىلىكىنى

www.uyghurkitap.com

ئېتىپ ئۆتەي. كۆپ ئۇچرايدىغان قارا چايان ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ياۋروپانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا تارالغان. ئۇلارنى دائىم ئۆينىڭ قاراڭغۇ جايلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يامغۇرلۇق كۈز ئايلىرىدا كۈپكۈندۈزدىلا ئۆيلەرگە، ھەتتا بەزىدە يوتقانلىرىمىزغا كىرىۋالىدۇ. كىشىلەر بۇ ئەبلەختىن ئاپەت ئەمەس، بەلكى ۋەھىمە ھېس قىلىشىدۇ. ھازىر تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمدىمۇ ئاز بولمىغان قارا چايان بار، ئۇلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن تېخى بىرەر قېتىم تاسادىپىي ۋەقە توغدۇرۇشىغا يول قويغۇنۇم يوق. كىشىلەر ئۇنى بەك ئۇلۇغلايدۇ، مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەقەت بىر خىل بىزارلىق تۇيغۇسى مەۋجۇت، ئۇنى ھېچقانچە خەتەرلىك دەپ قارىمايمەن.

لانگىدوك چايىنى فىرانسىيەدىكى ئوتتۇرا دېڭىز ئۆلكىلىرىدە ياشايدۇ. كىشىلەر بۇ خىل چايانىنى كۆپ چۈشەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشىدۇ. لانگىدوك چايىنى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ماكانىمىزنى، ئۆيلىرىمىزنى ئىگىلىۋالمايدۇ، بەلكى بىزدىن يىراقتا، ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن چەت جايلاردا ياشايدۇ. قارا چايان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنى گىگانت دېيىشكە بولىدۇ. تولۇق يېتىلگەن لانگىدوك چايىنىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى سەككىز - توققۇز سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ چايان تۇرىدىكىلەرنىڭ بەدىنى ئۆڭگەن شال پاخىلى رەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قارامتۇل كۈل رەڭدە بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقى (ئەمەلىيەتتە قورسىقى) غىچ شەكىللىك بەش بوغۇملۇق پىرىزمىدىن تەشكىل تاپقان، ھەربىر پىرىزمىنىڭ شەكلى ئاستى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان كىچىك هاراق تۇڭىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىنچىكە - توم كەلگەن بوغۇملار بەئەينى بىر تىزىق مەرۋايىت مارجاندەك كۆرۈنىدۇ. قىسقۇچقا ئوخشايدىغان ئاستى ۋە ئۈستى بىلەكلىرىدىكى تورسىمان سىزىقچىلار ئۇنىڭ بىلىكىنى نۇرغۇنلىغان سىزىلما يۈزلەرگە

ئايرىپ تۇرىدۇ. دۇمبىسىدىمۇ تورسىمان سىزىقچىلار بولۇپ، ئەگرى - بۈگرى ئىزلار دۇبۇلغا - ساۋۇتنىڭ گىرۋىكىدىكى نەقىشلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دۇبۇلغىغا ئوخشاش تولىمۇ قاتتىق ۋە مۇستەھكەم كۆرۈنىدۇ. قارىماققا بۇ ھاشارات ئۆتكۈر نۇر پىچىقىدا ياسالغاندەكلا بىلىنىدۇ.

قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى ئالتىنچى بوغۇمىغا تەۋە. بۇ بوغۇمنىڭ سىرتقى قەۋىتى پارقىراق، سۇلۇق قاپارتما ھالىتىدە بولۇپ، ئۇ چايان زەھىرى ياسايدىغان ۋە ساقلايدىغان قاپاقتىن ئىبارەت. چايان زەھىرى قارىماققا سۇغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر خىل سۇيۇقلۇق. زەھەر قاپىقىنىڭ ئۈستىگە قېنىق رەڭلىك، ئەگرى ھالەتتىكى ئۆتكۈر نەشتىرى جايلاشقان. نەشتەر ئۇچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان نەشتەر گەۋدىسىدە ئېغىزى غوۋا ئېچىلغان كىچىك تۆشۈكچە بار. ئۇنى پەقەت مىكروسكوپتىلا كۆرگىلى بولىدۇ. زەھەر سۇيۇقلۇقى مۇشۇ تۆشۈكچىدىن ئېقىپ چىقىپ، نەشتەر ئۇچى سانجىلغان جايغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ نەشتىرى قاتتىق ھەم ئۆتكۈر كېلىدۇ. ئۇنى بارماقلىرىم بىلەن قىسىپ تۇرۇپ كاردون قەغەزگە خۇددى كىيىم تىكىش يىڭنىسىنى سانجىغاندەك ھېچقانچە كۈچىمەيلا سانجىيالايمەن.

چايان نەشتىرىنىڭ ئەگرىلىك دەرىجىسى خېلى چوڭ. قۇيرۇقىنى تۈز قويغاندا نەشتەرنىڭ ئۇچى تۆۋەنگە قاراپ تۇرىدۇ. چايان بۇ قورالىنى ئاۋۋال كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئالدى تەرەپكە قارىتىپ سانجىيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس تاكتىكىسى. ئۇ قۇيرۇقىنى يۆگەپ دۇمبىسىگە قويۇۋېلىشنى ياقتۇرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھەر ۋاقىت رەقىبىگە ھۇجۇم قىلالايدۇ. چايان مەيلى ھەرىكەتلەنگەندە بولسۇن ياكى دەم ئالغاندا بولسۇن، قۇيرۇقىنى دۇمبە ئۇمۇرتقىسىغا يۆگىۋالىدۇ، يەرگە تۈز قىلىپ قويىدىغان ئەھۋال بەك ئاز ئۇچرايدۇ.

بىر جۈپ قىسقۇچى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن خۇددى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قىسقۇچپاقنىڭ قولىدەك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ قىسقۇچلىرى ئارقىلىق كۆشەندىلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ ھەم ئۇچۇر قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ مېڭىۋاتقاندا ھەربىرىدە ئىككىدىن بارمىقى بولغان بىر جۈپ قىسقۇچىنى ئالدى تەرەپكە سوزۇپ، ھەر ۋاقىت يېتىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرگە تەييار تۇرىدۇ. رەقىبىگە زەربە بەرگەندە دۈمبىسىدىكى نەشتىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلجىنى ئۇزاق ۋاقىت تۇتۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، بىر جۈپ قىسقۇچىنى ئىشلىتىپ، ئېغىزى ئالدىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ قىسقۇچلىرىنى ئەزەلدىن مېڭىشقا ياكى كولاشقا ئىشلەتمەيدۇ.

قىسقۇچىنى ئۇز ئىچىگە ئالمىغان ئالدى قولىنىڭ ئالاھىدە رولى بار. ئالىقىنىنىڭ ئۇچى پەنجىسىمان بولۇپ، ئۇ جايدىن ھەربىكەتلىنەلەيدىغان ئىنچىكە بارماقلار ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ. بۇ بارماقلارنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر تال قىسقا بارماق بار، ئۇ باشبارماقنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. بىرىك مويى ئۇنىڭ تولۇق يېتىلمىگەن گەۋدىسىدە بەئەينى تاج تاقىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ. بەدىنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۇنى يامىشىش ماھىرىغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا، بۇ ھاشارات تىپىدىكىلەر مېنىڭ سائەت شەكىللىك قەپسىمدە ئويناقلاپ، ئۇستى تەرىپىگە ئېسىلغان ھالەتتە ئۇزاق تۇرالايدۇ، كېلەڭسىز تېنىنى سۆرەپ قەپەس تېمىدا ماڭالايدۇ.

بەدىنىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى پۇتلىرىنىڭ تېنى بىلەن تۇتاشقان ئورنىدا بىر خىل شالاڭ نەرسىلەر ئۆسكەن بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئەزاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا تارغاققا ئوخشايدۇ. بىر قاتار رەتلىك تىزىلغان تۇكچىلەر بار، قارىماققا بىز ئادەتتە ئىشلىتىدىغان تارغاقنىڭ چىشلىرىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاناتومىيەشۇناسلارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بۇ تارغاقسىمان نەرسىلەر ئەركەك ـ چىشىسى جۈپلەشكەندە بىر ـ بىرىنى

مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەربىكىتىنى ھەقىقىي كۆزىتىش ئۈچۈن، تۇتۇپ كەلگەن لانگىدوك چايىنىنى ئەينەك قەپەسكە سولاپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشى ئۈچۈن قەپەسنىڭ ئىچىگە چاق - چۇق پارچىسى سېلىپ قويدۇم. ھەر بىر قەپەسكە يىگىرمە تۆت دانە چايان سالدىم.

## جۇپلىشىش

ئاپرېل ئايلىرىدا قارلىغاچلار قايتىپ كېلىپ، بۇلبۇللار شوخ نەغمىگە چۈشكەندە، نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ ياشاۋاتقان چايانلىرىم بىر مەيدان ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. گۈللۈكۈمدىكى كىچىك بازاردا ھەر خىل چايانلار كېچىسى سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلاتتى، سىرتقا چىققانلىرى قايتىپ كەلمەيتتى. ئېغىر پاجىئەمۇ يۈز بەردى. مەن نۇرغۇن قېتىم بىر پارچە تاشنىڭ ئاستىدا ئىككى تال چايىنىنىڭ بىللە تۇرغانلىقىنى ۋە بىرىنىڭ يەنە بىرسىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئوخشاش تۈردىكىلەر ئارىسىدىكى تالان - تاراج قىلىش ۋەقەسىمىدۇ؟ بەلكىم گۈزەل پەسىل ئەمدى يېتىپ كەلگەچكە، ئۇلار بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن قوشنىسىنىڭ ئۆۋىسىغا كىرىپ قېلىپ، ئۇۋا ئىگىسىگە تەڭ كېلەلمەي ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلغانمىدۇ؟ بىز مۇشۇنداق دەپ قارىدۇق.

مېنىڭچە، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، يەۋېتىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى چايانلار بولۇپ، رەڭگى ئالتۇن رەڭگە مايىل، قورسىقى ئانچە يوغان ئەمەس. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. تەكرار ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەركەك چايانلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلارنى يەۋەتكەنلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك، قورسىقى چوڭ، رەڭگى خىرە كېلىدۇ، بۇ

بودەكلەر ئۆز خىلىدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا ئاخىرلاشتۇرمايدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ھادىسە قانداقتۇر قوشنىلار ئارىسىدىكى جېدەل ياكى ساھىبخانىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قوغداش ئۈچۈن زىيارەتچى چايانلارنى غىزاغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىپ، بۇنداق ئىشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان قائىدە. بۇ قائىدىنى جۈپلەشكەندىن كېيىنكى چىشى چايان تىراگېدىيەگە تولغان رەڭدار شەكىلدە ئورۇنلايدۇ.

كېيىنكى يىلى باھاردا مەن ئالدىنئالا چوڭراق بىر ئەينەك قەپەس تەييارلاپ ئىچىگە يىگىرمە بەش تال چايان سالدىم ۋە ھەر بىر تال چايان ئۈچۈن بىر پارچىدىن چاقچۇق پارچىسى قويۇپ قويدۇم. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ھەر كۈنى كەچ سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە، ئەينەك قەپەس ئىچى باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. كۈندۈزى ھېچقانداق تىۋىشسىز تۇرغان بولسا، كەچ كىرىشى بىلەنلا شادلىق مەنزىرىسى ئەكس ئېتەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆيدىكىلەر چايان ئويۇنى كۆرگىلى بېرىشاتتى. ئەينەك توسۇق ئالدىغا بىر تال چىراغ ئېسىپ قويغاندا، ئىچىدىكى بارلىق ھەرىكەتلەر تولىمۇ ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

كۆز ئالدىمدىكىسى بىر خىل مەنىلىك كۆڭۈل خۇشى، بىر مەيدان ئويۇن ئىدى. تولىمۇ ساددا ئارتىسلار ئورۇنلىغان بۇ ئويۇننىڭ ھەربىر بۆلىكى ئۆزگىچە بولۇپ، ھەرگىزمۇ مەنىسىز تۇيۇلمايتتى. شۇڭلاشقا، چىراغ ياندۇرۇلۇپ، قەپەس يورۇشى بىلەن تەڭلا ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئولتۇرۇشاتتى، ھەممەيلەن تولۇق كېلەتتى ھەتتا ئەرمەك ئىتىمىز تومۇ ئۆلگۈرۈپ كېلەتتى. ئۇ چايانلارنىڭ ئويۇنغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى، يېنىمىزدىلا يانپاشلاپ يېتىپ، بىر كۆزىنى چايانلارغا تىككىنىچە مۈگدىسە، يەنە بىر كۆزىدە

ياخشى دوستلىرى بولغان باللارغا قارايتتى.

بۇ بايانلاردىن ئوقۇرمەنلەر بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. چىراغقا يېقىن ئەينەك تۇسۇق بار جايدا يورۇق ئانچە چۈشمەيدىغان بىر ئورۇن بار، ئۇ ئورۇنغا ھەمىشە بىر توپ چايانلار يىغىلىۋالاتتى. باشقا بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن سەيلىگە چىققان چايانلار چىراغنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن قاراڭغۇ جايلاردىن ئۆمىلىشىپ يورۇقتىن بەھرە ئالغىلى كېلەتتى. پەرۋانىلەرنىڭ چىراغقا ئۆزىنى ئۇرغان مەنزىرىسىمۇ بۇ كۆرۈنۈشتەك كۆڭۈللۈك بولۇشى ناتايىن. كېيىن يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئالدىراپ چايانلار توپىغا قوشۇلاتتى. بەزى چايانلار چەتتە تۇرۇپ بىرھازا ئارام ئالغاندىن كېيىن، يەنە قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئويۇنچىلار توپىغا قوشۇلاتتى.

ساراباند ئۇسسۇلى① دەك ئەسەبىي ھالەتكە يەتمىسىمۇ، ئويۇن يەنىلا جەلپكارلىقىنى يوقاتمايتتى. بىرنەچچە چايان يىراقتىن ئۆمىلەپ كەلدى، ئۇلار جىددىي تۇستە قاراڭغۇ ياقا جايلاردىن چىراغ يورۇقى بار ئورۇنغا كېلىپ، چايانلار توپىغا قوشۇلاتتى. ئۇلارنىڭ جانلىق ھەرىكىتى بەئەينى چاشقانلارنىڭ ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ماڭغان ھالىتىگە ئوخشايدۇ. چايانلار ئۆزئارا ئىزدىشەتتى، قارشى تەرەپكە تېگىش بىلەن تەڭلا خۇددى قىزىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلغاندەك دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىشاتتى. يەنە بەزى چايانلار ھەمراھى بىلەن مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى، بىردەمدىن كېيىن يەنە تېزلىكتە ئايرىلىپ ئۆمىلىشەتتى، ئاندىن كېيىن قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئارقىدىن يورۇق جايغا كېلىشەتتى.

بىرپەستىن كېيىن يەنە بىر مەيدان قىزغىنلىق باشلىناتتى: گىرەلىشىپ كەتكەن پۇتلار، ئارىلىشىپ كەتكەن قىسقۇچلار،

① ساراباند ئۇسسۇلى — 17 — 18 - ئەسىرلەردىكى ئۈچ قەدەملىك بىر خىل ئۇسسۇل. ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرى شوخ - جۇشقۇن كەيپىياتتا ئوينايدىغان ئۇسسۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوگىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇلۇۋاتقان نەشتەرلەر ئايرىغۇسىز ھالەتكە كېلەتتى. نەشتەرلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ئۇنىڭ تەھدىت ياكى مېھرىبانلىق ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن ئىدى. مۇۋاپىق بىر كۆرۈش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، چايانلار توپى ئارىسىدا نۇر چېچىپ تۇرغان جۈپ - جۈپ نۇقتىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلەر دېيىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماستىن، ئەينەك يۈزىدەك سىلىق ۋە پارقىراق قىزىلىق يۈز بولۇپ، ھەربىر تال چايانىنىڭ پېشانىسىدە مۇشۇنداق يۈزدىن بىر جۈپ بولىدۇ. بارلىق چايانلارنىڭ چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماستىن توپلىشىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەلكىم بۇ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىدىغان ھايات - ماماتلىق كۈرەشكە ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر مەيدان ئويۇندىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇنداق كۆرۈنۈش بەئەينى مۇشۇك ئاسلانلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى تاتلاپ ئويناشقىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، چايانلار توپى تارقىلىپ، بىر - بىرلەپ ئۆز ئۇۋىلىرىغا قاراپ يول ئېلىشتى، ھېچقايسىسىنىڭ بەدىنىدە يارىلانغان ياكى كەمتۈك ئىزلار يوق.

سەيلە قىلىۋاتقان چايانلار قايتىدىن چىراغ نۇرى ئاستىغا جەم بولۇشۇپ، ئۇياق - بۇياققا توختىماي مېڭىشاتتى. بۇ ئارىلىقتا ھەممىسى بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىۋالاتتى، ئالدىرىغانلىرى باشقىلىرىنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. دەسسەلگەنلىرى ساغرىسىنى تولغاپ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاچچىقلىغىنى بولماستىن، ئۆزئارا قارىشىپ، قۇيرۇقىنى يەڭگىلگىنە تەگكۈزۈپ ئەدەپلەپ قويغىنى ئىدى. بۇنداق نەشتىرىنى سانجىماستىن مۇلايىملىق بىلەن ئۇرۇپ قويۇش چايانلار جەمئىيىتىدە دائىم كۆرۈلىدىغان بوكسچىلىق ئىدى.

يەنە بىر خىل ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئۇرۇشۇش شەكلى بولۇپ،

ئۇ پۇت - قول ۋە قۇيرۇقىنى ئىشقا سالغاندىنمۇ بەكرەك رەڭدار. ئىككىسى ئۇچرىشىپ، بېشىنى بىر - بىرىگە تاقاپ، بىر جۈپ قىسقۇچىنى يىغىپ، ئارقا بەدىنىنى تىكلەپ كۈچ سىنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تىرەلگەن بېشى يەرگە تايانغان بولۇپ، ئالدى قولىنى ياردەمچى قىلىپ، ئارقا بەدىنىنى تىكلەپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى سەككىز دانە نەپەسلىنىش خالتىسىنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. تىكلەنگەن ئىككى تال قۇيرۇق ئۆزئارا سۇركىلىشىپ، دەممۇدەم ئالمىشىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ئىككىسىنىڭ نەشتىرى بىر - بىرىگە تېگىپ كېتىدۇ. ئۇشتۇمتۇت، يانتۇ بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا ئۆز يولىغا راۋان بولۇشىدۇ.

ئىككىسى بۇنداق ئالاھىدە شەكىلدە كۈچ سىنىشىپ زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟ ئەجەبا، ئىككى كۈنداش قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرماقچىمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ شۇنچە ئىناقلىقىغا قارىغاندا، ھەرگىزمۇ ئۇنداقتەك قىلمايدۇ. تەكرار كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق شەكىلدە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغانلىقىنى، تەتۈر تىكلىنىپ بىر - بىرىگە سۆيگۈسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

ئەگەر دەسلەپتىكى ئۇسۇلنى داۋاملىق قوللىنىپ، كۈندىلىك تەپسىلاتلارنى خاتىرىلەپ توپلىسام، كېيىن بايان قىلىپ بېرىشمۇ ئاسان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاشنى قىيىن كۆرۈپ، ھەربىر مەيدان كۆرۈنۈشنى چۈشۈرۈپ قويسام، ئۇنداقتا بۇ بايانلارنىڭ قىممىتى يوقىلىپ كېتىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە بۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ، ھاشاراتلارنىڭ ئادىتىنى تونۇشتۇرۇشتا ھەرقانداق ئەھۋالغا سەل قارىسام بولمايدۇ. يىلنامە تۈزۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ۋاقىت بۆلىكى بويىچە بايان قىلىپ، كۆزىتىش جەريانىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋاللارنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزسەم، گەرچە بەزى تەپسىلاتلار تەكرارلىنىپ قالسىمۇ كېرىكى يوق، دەپ قارايمەن. باش -

ئاخىرى ئانچە باغلاشمىغاندەك بۇنداق بايانلار ئاخىرىغا كەلگەندە چوقۇم ئىچكى، تەرتىپلىكلىكىنى ئىپادىلىمىيەلەيدۇ. چۈنكى، ھەر كۈنى كەچتىكى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاشۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئەمەلىيەتتە ئورتاقلىقى ئىگە، يەنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنىڭ ئىسپاتى ياكى تولۇقلىمىسى بولىدۇ. تۆۋەندە مەن ۋاقىت بۆلەكلىرى بويىچە بايان قىلىپ ئۆتەي.

1904 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

ئوھوي ! بۇ نېمە ئىش؟ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. بىردىنلا سەگەكلىشىپ، خىزمەت ھالىتىگە كىردىم. ئىككى تال چايان قىسقۇچلىرىنى چىقىرىپ، قارشى تەرەپنىڭ قىسقۇچىنى قىسماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ قانداقتۇر سۇقۇشۇشنىڭ باشلىنىشى بولماستىن، بەلكى بىر خىل دوستانە قول ئېلىشىش ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى بولۇپ، قورسىقى چوڭراق، رەڭگى قارامتۇل كەلگىنى چىشى چايان، بەدىنى زىلۋا، رەڭگى ئاقۇچ كەلگىنى ئەركەك، چايان ئىدى. بۇ بىر جۈپلەر قۇيرۇقلىرىنى چىرايلىق تۈگۈۋالغانىدى. رىتىملىق قەدەم بىلەن ئەينەك قەپەسنىڭ قىرىنى بويلاپ ئەركىن سەيلە قىلىشۋاتاتتى. ئەركەك چايان ئالدى تەرەپتە قەدەملىرىنى رەتلىك ئېلىپ كەينىچە مېڭىۋاتاتتى. چىشى چايان بولسا ئۇنىڭغا ماس ھالدا مۇلايىملىق بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار سەيلە قىلغاچ، بەزىدە توختاپ ئارام ئېلىشسىمۇ، ئەمما تۇتۇشقان ھالىتى باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار يولىنى يەنە داۋام قىلدى. يەنە توختاپ يەنە مېڭىپ، ھېلى بۇ بۇلۇڭغا كەلسە، ھېلى يەنە بىر بۇلۇڭغا كېتەتتى. ئۇلارنىڭ زادى قاچان توختىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق شەكىلدە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشى ماڭا يېزىدىكى ھەر

يەكشەنبە كۈنى تىلاۋەتتىن قايتقان ياشلارنىڭ چىتلاقنى بويلاپ، مەھبۇبىنى قولتۇقلىغىنىچە سەيلە قىلىۋاتقان ھالىتىنى ئەسلەتتى.

ئىككى تال چايان سەپىرىنى داۋام قىلماقتا. يۈنىلىشنى قارار قىلىدىغىنى يەنىلا ئەركەك چايان ئىدى. ئۇ قارشى تەرەپنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئەدەپ بىلەن ئايلىنىپ ماڭاتتى. ئۇ قۇيرۇقىنى ھەمراھىنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ ئۇنى ئەركىلەتمەكتە ئىدى. چىشى چايان تولىمۇ رايىش ھالدا مىدىر - سىدىر قىلمايتتى.

توپتوغرا بىر سائەت ئۆتتى. ئاخىرى يوق بۇنداق تەكرار ھەرىكەتتىن ھەرگىزمۇ زېرىكىش ھېس قىلمىدىم. ئۆيدىكى بىر نەچچەيلەنمۇ بۇ ئاجايىپ ئويۇندىن تەڭ بەھرىلەنمەكتە ئىدى. بۇنى ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ياكى تولىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ئويۇن دېيىشكە بولاتتى. كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. گەرچە بەك كەچ بولۇپ، كۆزلىرىمىز چارچىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممەيلەن يەنىلا دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ھەربىر مۇھىم كۆرۈنۈشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدۇق.

كەچ سائەت ئونغا يېقىنلاشقاندا بۇ بىر جۈپلەر ئاخىر ئايرىلىشتى، ئەمما بۇ ئايرىلىش پەقەت بىر قولنى قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەركەك چايان يەنە بىر قولدا چىشى چاياننى مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى. ئەركەك چايان بىر تال خىش پارچىسىغا ئۆمىلەپ چىقتى. قارىغاندا، ئۇ بۇ يەرنى ياقتۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ قۇيرۇقى بىلەن تاتىلىغانىدى، ئۇ يەردىن بىر كامار ئېچىلدى. ئۇ كامارغا ئاۋۋال كىرىپ، تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن چىشى چاياننىمۇ تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى. بىر دەمدىلا ئىككى تال چايان غايىب بولدى. بىر ئوچۇم قۇم بىلەن كامارنىڭ ئېغىزى ئېتىلدى. ئۇ ئىككىسى ئۆز ئۆيىگە كىرىپ بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھازىر ئۇلارغا دەخلى قىلسام ياخشى بولماس، خىش پارچىسىنىڭ ئاستىدا نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ كەتسەم، ئۇلارغا كاشىلا قىلىشىپ قويۇشۇم مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تەييارلىغىنىلا يېرىم كېچىدىن كېيىنگىچە ۋاقىت كېتىدۇ، ئەمما مەن كۆزۈمنى يۇممىغىلىمۇ خېلى ئۇزاق بولدى. كونىرىغان سۆڭەكلىرىممۇ بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تۇردى. تىزىم توختىماي تىترەپ، كۆزلىرىم ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتتى. بولدىلا، ئۇخلايچۇ!

كېچىچە چايانىنى چۈشەپ چىقىپتىمەن. چۈشۈمدە ئۇلار مېنىڭ يوتقىنىمدا چېپىپ يۈرۈپ يۈزۈمگىمۇ يامىشىپ چىقتى، ئەمما مەن قارشىلىق قىلمىدىم. چۈنكى، مەن تەسەۋۋۇرۇمغا تايىنىپ، ئۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئاجايىپ ئىشلىرىنى كۆرگەنىدىم. ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھېلىقى خىش پارچىسىنى كۆتۈرۈپ، پەقەت چىشى چايانىنىڭلا يالغۇز تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئەركەك چايانىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇۋىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، يېقىن ئەتراپتىكى جايلاردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ غايىب بولغانىدى. تۈنجى قېتىملىق سىناقتىلا مەغلۇپ بولدۇم. كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ قانداق بولۇشى ماڭا ئايان ئىدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

كەچ سائەت يەتتىدىكى كېچە مەنزىرىسى، ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلىغان بىر مەيدان يامغۇردىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئەينەك قەپەستىكى بىر پارچە خىشنىڭ ئاستىدا بىر جۈپ چايان قىسقۇچلىرىنى ئۆزئارا مەھكەم قىسىپ، بىر - بىرىگە قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى. مەن ئۇلارنى تولۇق كۆزىتىش ئۈچۈن خىش پارچىسىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىۋەتتىم. ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا، مەن ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويغۇدەك ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلمايتتىم. چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغقان يامغۇر مېنى نەق مەيداندىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. چايانلار

ئەينەك قەپەسنىڭ ئىچىدە ئىدى، يامغۇردىن دالدىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ۋاھ، ئۇلار مۇھەببەت قايىنىمىغا غەرق بولۇۋاتاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئورۇن سايىۋەنسىز قالغانىدى. بۇنى ئويلاپ، ئۇلارغا زادى قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ يامغۇر توختىغاندا، مەن يەنە چايان قەپىسى يېنىغا كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئۆگزىسىز ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەسلىدە ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى يەنە بىر پارچە خىش پارچىسى ئاستىنى تاللىغانىكەن. قىسقۇچلىرى يەنىلا مەھكەم تۇتۇشقان ھالەتتە بولۇپ، چىشى چايان سىرتتا ساقلاۋاتاتتى، ئەركەك چايان بولسا تۇرار جاينى راسلاۋاتاتتى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، ئۇلارنىڭ جۈپلەشكەن چاغدىكى كۆرۈنۈشىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆيدىكىلەر نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ قاراۋاتاتتۇق. مېنىڭچە، ئاشۇ پەيت بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. كەچ سائەت سەككىزدە تۈن پەردىسى تولۇق يېپىلدى. ئەمما ئۇ ئىككىسى قول تۇتۇشقىنىچە شېرىن سەپىرىنى داۋام قىلىپ، باشقا جاي ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەركەك چايان كەينىچە مېڭىپ كۆڭلىدىكىدەك جاينى نىشان قىلىپ ماڭماقتا، چىشى چايان بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئەگىشىپ كەلمەكتە. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى كۆرۈنۈش يەنە قايتىلىنىۋاتاتتى.

ئۇلار ئاخىرى ئۈستى يېپىق ھالەتتىكى بىر پارچە خىش پارچىسىنى تېپىپ رازى بولغاندەك قىلدى. ئەركەك چايان ئالدى بىلەن ئۇۋىغا كىردى، ئەمما ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھىنى قويۇۋەتمەي مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ قۇيرۇقى بىلەن يول ئېچىپ يېڭى ئۆيىنى تەييارلىدى. چايانجان چايانقىزنى مەھكەم تۇتقىنىچە كامارغا ئەكىرىپ كەتتى. ئىككى سائەت ئۆتتى، ئەمدى قاراپ بېقىشىم كېرەك. ئۇلارنىڭ تەييارلىقىمۇ پۈتۈپ قالغاندۇ.

خىش پارچىسىنى تەقەززالىق بىلەن ئاستا كۆتۈردۈم. ئاھ! كۆرگىنىم يەنىلا بايىقى كۆرۈنۈش بولدى. ئۇلار يەنىلا شۇ ھالەت، شۇ قىياپەتتە قارىغاندا، بۈگۈن بۇنىڭدىن ياخشىراق مەنزىرىدىن ئۈمىد كۈتمىسەم بولغۇدەك.

ئەتىسى كۆرگىنىممۇ يەنىلا ئوخشاش ھالەت بولدى. ئۇلار بىر-بىرىگە ئۇدۇل ھالدا مەھكەم تۇتۇشۇپ تۇراتتى. خالىي ئۇچرىشىش ئۈزۈكسىز داۋام قىلىماقتا. قۇياش تاغ كەينىگە مۆكۈنگەندە، يىگىرمە تۆت سائەت بىللە تۇرغان بۇ بىر جۈپلەر ئاخىر ئاجرىدى. چايانجان چايانقىزنى ئۇۋىدا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆلگىرىلەش بولمايۋاتاتتى.

بۇ كۆرۈنۈشلەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى ئىش بارئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى بىر ئەركەك - چىشى چايان جۈپلىشىشكە كېلىشكەندىن كېيىن، سىرلىق، پاكىز، خالىي بىر جايغا موھتاج بولىدىكەن. ئوچۇق يەردە، ياكى چايانلار توپى ئارىسىدا جۈپلىشىشكە ئامالسىز قالىدىكەن. ئالايلۇق، ئۇۋىسىنىڭ ئۆگزىسى ئېچىۋېتىلسە، مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، ئەر - خوتۇن چايانلار قايتىدىن سەپەرگە چىقىپ، باشقا بىر تۇرالغۇ ئىزدەيدىكەن. ئىككىنچىسى، خىش پارچىسى ئاستىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇش ھالىتى بەك ئۇزاق داۋام قىلىدىكەن. بايىلا ئېيتىپ ئۆتكەن مىسالدىكى جەريان يىگىرمە تۆت سائەت داۋاملاشقان بولسىمۇ، يەنىلا قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

بۈگۈنكى كۆرۈنۈش بىزگە قانداق مەزمۇنلارنى ئاتا قىلار؟ ھاۋا دىمىق كېچىدە تاماشا قىلىشقا تولىمۇ باب كېلەتتى. ئىككى تال چايان جۈپلەشتى، ئەمما ئۇ جەريانىنىڭ قانداق بولغانلىقى ماڭا نامەلۇم. بۇ قېتىمقى چايانجاننىڭ گەۋدىسى قامەتلىك كەلگەن چايانقىزدىن خېلىلا كىچىك ئىدى. چايانجاننى كىچىك ئىكەن دەپ

قالماڭ، ئۇ رولىنى يامان ئەمەس جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بېكىتىپ قويۇلغان قائىدىدەكلا، قۇيرۇقىنى يۆگەپ، بىر جۈپ قولىدا گەۋدىلىك ھەمراھىنى يېتىلەپ، ئەينەك قەپەس تېمىنى بويلاپ ئاستا قەدەم بىلەن كەينىچە ماڭماقتا ئىدى. بىر ئايلانما ئاخىرلىشىپ، كېيىنكى ئايلانما باشلاندى. بىردەم ئۇياقتا ئايلانسا، بىردەم بۇياقتا ئايلىناتتى.

ئۇلار بىردەم مېڭىپ، بىردەم توختايتتى. بۇ قېتىم بولسا توختاپلا قالدى، باشلىرىنى بىر - بىرىگە تىرەپ، قارشى تەرەپنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئالدى تەرەپتىكى ئىنچىكە پۇتلىرى قارشى تەرەپنى سىلىماقچى بولغاندەك توختىماي مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟ قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئاۋازسىز توي قەسىمىنى ئاڭلىغىلى بولار؟

ئۆيدىكى ھەممەيلەن بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. گەرچە ئادەم شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق دەخلى قىلىنمىدى. ئىككى چايان تولىمۇ قىزغىن بولسىمۇ، ئەمما ھېسسىياتىنى ئىپادىلىمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئاسما چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇستىگە بىر قەۋەت نۇر پەردىسى يېپىنىۋالغاندەك يېرىم سۇزۇك ھالەتتە كۆرۈنۈپ، بەئەينى كەھرىۋانىڭ ئىچىگە ئويۇلغاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى.

ئۇلارغا ھېچنېمە كاشىلا قىلمايتتى. ئاللىقانداق بۇلۇڭدىن يېتىپ كەلگەن يولۇچى چايانلارمۇ قەپەس تېمىنى بويلاپ كېلىۋېتىپ ئۇلارغا يولۇققاندا، بېشىنى تەگكۈزۈپ سالام بەرمەكچى بولاتتى - يۇ، ئۇلارنىڭ نازاكەتلىك ئىشلار بىلەن ئالدىراشلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇلارغا يول بېرەتتى. كېيىن ئوخشاشلا بىر پارچە خىش ھۇجرا ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئەركەك چايان گەپ - سۆزسىزلا كەينىچە مېڭىپ ھۇجرىغا ئاۋۋال قەدەم باستى. بۇ چاغدا كەچ سائەت توققۇز بولغانىدى.

مەن كەچقۇرۇننى لىرىك شېئىرغا ئوخشىتىمەن. ئەمما ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگەن تۈن قاراڭغۇسىدا ئېچىنىشلىق پاجىئە يۈز بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە تۈنۈگۈن كەچتىكى ھېلىقى خىش پارچىسىنى ئېچىپ قاراپ، چىشى چايانىنىڭ يەنىلا شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئەمما ئورۇق ۋە ۋىجىك ئەركەك چايان ئاللىبۇرۇن مۇھەببەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ بېشى، بىر تال قىسقۇچى ۋە بىر جۈپ پۇتى يەۋېتىلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ جەسىتىنى چايان قەپىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قويۇپ، ئۇنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن قارىدىم. چىشى چايان توپتوغرا بىر كۈن ئۇنىڭغا يېقىنمۇ كەلمىدى. كەچ كىرىپ تۈن پەردىسى قايتىدىن يېپىلغاندا، ئۇ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، ھەمراھىنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ يىراقراق بىر جايغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دەبدەبىلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، جەسەتنىڭ قالغان قىسمىنى پاك - پاكىز يەۋەتتى.

بۇ كۆرۈنۈش مەن دەسلەپكى يىلى دالادىكى ھاشاراتلار بازىرىدا كۆرگەن بىر ئىش بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ چاغدا يوغان بىر چىشى چايان تاشنىڭ ئاستىدا ھەمراھىنى نەزىر تامىقى سۈپىتىدە راسا مەززە قىلىپ يېگەنىدى. مەن ئەركەك چايانىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايال غوجىدارنىڭ ئىشتىھاسىغا قاراپ، بىراقلا ياكى نەچچە قېتىمغا بۆلۈنۈپ يەۋېتىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم. ئەمدىلىكتە بۇ ئەمەلىيەت كۆز ئالدىمدىلا يۈز بەرگەنىدى. تۈنۈگۈن بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ قائىدە بويىچە تەييارلىق قىلغانلىقى، يەنى ئاۋۋال سەيلە قىلىپ، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، ئەمما بۈگۈن ئۇلارنى كۆزەتكىلى بارغىنىمدا، تۈنۈگۈنكى ھېلىقى خىش پارچىسى ئاستىدا كېلىنچەك يىگىتنى يەۋاتاتتى.

ئەمدى گۇمان قىلغۇدەك يېرى قالمىدى، بۈگۈنكى پاجىئەنىڭ

ساھىبى بولغان ئەركەك ـ چىشى چاپانلار ئىشنى تۇگىتىشكە تولىمۇ ئالدىرىغاندەك قىلاتتى، يەنى شۇنداق ئاشىق ـ مەشۇقلار باركى، سائەت ئىستىرېلكىسى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ بولسىمۇ، شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى ۋە جىمجىتلىقى يەنىلا داۋام قىلىدۇ. ئىگىلەش قىيىن بولغان ھاۋا بېسىمى، تېمپېراتۇرا، ھاشاراتلار تېنىنىڭ كۈيلەش ھالىتى قاتارلىق سىرتقى ئامىل ياكى مۇھىت ئامىلى ئۇلارنىڭ جۈپلىشىش يۇقىرى پەللىسىنى تېزلىتىدۇ ياكى ئاستىلىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆزەتكۈچىلەرنىڭ تېخى نامەلۇم بولغان ئىنچىكە ھەرىكەتلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئېسىل پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىشى ھەقىقەتەنمۇ بەك قىيىنغا توختايدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى كەچتىكى ھاياجانلىنىشى ھەرگىزمۇ قورسىقى ئاچقانلىقىدىن ئەمەس. كەچ كىرىشى بىلەنلا ئۇلار ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، ئازراقمۇ يېمەكلىك ئىزدەۋاتقاندەك قىلمايدۇ. مەن ھېلىلا ئۇلارغا تۈرى كۆپ يېمەكلىكلەرنى سېلىپ بەردىم. يېمەكلىك ئۇلار ياقتۇرىدىغان نەرسىلەر ئىچىدىن تاللانغان بولۇپ، قۇرت لىچىنكىسىنىڭ يۇمران گۆشى، ئادەتتىكى چېكەتكە گۆشىدىن ئەتلىكرەك كەلگەن چېكەتكە لىچىنكىسى، قانىتى ئېلىۋېتىلگەن پەرۋانە دېگەندەكلەر ئىدى. پەسىل ئالمىشىپ ھاۋامۇ تەدرىجىي ئىللىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئېسىل تامىقى بولغان يىڭناغۇچ، چۈمۈلىخور ھەرىنى ئاسانلا تۇتقىلى بولاتتى. ئىلگىرى مەن چاپان ئۇۋىسىدا چۈمۈلىخور ھەرىنىڭ قالدۇقى ۋە قانىتىنى كۆرگەنىدىم.

بۇنچە مول كەچلىك زىياپەتكە ئۇلار پەرۋا قىلمىغاندەك تۇراتتى. توساتتىن قەپەستە قالايمىقانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، چېكەتكە لىچىنكىسى سەكرەپ، پەرۋانە ناكار قانىتى بىلەن

پالاقشىپ، يىڭناغۇچ يەردە يېتىپ تىترەشكە باشلىدى. ئەمما، چايانلار پەرۋاسىز ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. بەزىلىرى ئۇلارنى سوقۇپ دەسسەپ، قۇيرۇقى بىلەن نېرىغا ئاپىرىۋەتتى. دېمەك، ھازىر ئۇلارنىڭ يېمەكلىككە ئىشتىھاسى يوق قىلماقچى بولغىنى باشقا ئىش ئىدى.

كۆپ ساندىكى چايانلار ئەينەك قەپەسنىڭ تېمىنى بويلاپ ماڭماقتا، يەنە بىرنەچچە جاھىل ئۇنسۇرلار يۇقىرىغا يامىشىش ھەلەكچىلىكىدە، تامنىڭ ئۇلىغا قۇيرۇقىنى تىرەپ بەدىنىنى كۆتۈرۈپ ئۇستىگە چىقماقچى بولۇشاتتى، ئازراق يامىشىپلا يەنە موللاق ئېتىپ يىقىلاتتى، ئارقىدىن يەنە يامىشاتتى، غەزەپ بىلەن ئەينەك تامنى ئۇرۇپ چاقماقچى بولۇشاتتى، ئۇرۇپ - ئۇرۇپ ئاخىر ۋاز كېچىشەتتى. بۇ باغچە گەرچە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە يارىشا تۇرىدىغان جايى بار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى بوش جايدا خالىغانچە يايراپ ئوينىيالايتتى. ئەگەر ئۇلار يىراق جايغا سەيلىگە چىقماقچى بولسا، بۇ بوشلۇق ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى تامامەن قامدىيالايتتى. ئەگەر ئۇلار قويۇۋېتىلىدىغان بولسا، گەپ سۆزسىزكى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتەتتى. دەسلەپكى يىلى دەل مۇشۇ پەسىلدە تام ئىچىدىكى كۆچمەنلەر كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئېچىپ بۇ ئۆتەڭدىن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى.

ئەتىيازلىق جۇپلىشىش مەزگىلىدە چايانلار چوقۇم سىرتقا چىقىشى كېرەك. بۇ ۋاقىتقىچە ئۇلار تولىمۇ زېرىكىشلىك كۈنلەرنى كەچۈرىدۇ، ئەمدى ئۆينى تاشلاپ مۇھەببەت سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ھېچنېمە يېمىسىمۇ، ھېچ نەرسە ئىچمىسىمۇ بولاتتىكى، ئۆزىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ھەمراھ تاپمىسا بولمايتتى. چايانلارنىڭ ماكانىدىكى تاشلارنىڭ ئارىسىدا جورا تاللايدىغان بىر قىسىم جايلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، چايان ئاشىق - مەشۇقلار مۇشۇ يەردە يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر قاراڭغۇ كېچىدە تېيىلىپ كېتىپ پۇتۇمنى سۇندۇرۇۋېلىشتىن

ئەنسىرىمىسەم، مەنمۇ ئاشۇ تاشلارغا يامىشىپ ئۇلارنىڭ يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى ھەقىقىي يوسۇندا تېتىپ باققان بولاتتىم. ئۇلار سىلىق تاغ باغرىغا بېرىپ زادى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ بۇنىڭ ئەينەك قەپەس ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلار بىلەن پەرقى يوق. ئەركەك چايان تاللىغان جۈپتى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئۇستىقۇددۇسلۇقتا خېلىغىچە ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بۇ يەردە خىرە چىراغ يورۇقىدىكىدەك گۈزەل مەنزىرىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئاي نۇرى ئۇلار ئۇچۇن تەڭداشسىز ئاسما چىراغ بولالايدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

ئەركەك چايانىنىڭ چىشى چايانىنى سەيلىگە تەكلىپ قىلىشىدەك كۆرۈنۈشنى ھەر كۈنىلا ئۇچراتقىلى بولىۋەرمەيدۇ. تۇرقى ھەر خىل چايانلار تاش پارچىسى ئاستىدىن چىققاندا ئاللىبۇرۇن ئەر ـ خوتۇنغا ئايلانغان بولىدۇ. ئۇلار كۈندۈزنى تاش پارچىسى ئاستىدا قوللىرىنى تۇتۇشقان ھالدا يۈزمۇيۈز قارىشىپ سۈكۈت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ، كەچ كىرىشى بىلەن خۇددى بىر ـ بىرىنىڭ سايىسىدەكلا ئەينەك قەپەس قىرىنى بويلاپ ئالدىنقى كۈنى، ھەتتا خېلى بۇرۇن ئۈزۈلۈپ قالغان سەيلە پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ قاچان، قانداق قىلىپ بىر يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەزىلىرى خىلۋەت ئۆتۈشمە يوللاردا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالىدۇ، بۇنداق ئىنچىكە تەپسىلاتنى بايقاش تولىمۇ قىيىن. مەن بۇ چايانلارنىڭ ھەرىكىتىنى بايقىغىنىمدا، ئاللىبۇرۇن كەچ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار جۈپلىشىشنى باشلىۋەتكەندى.

بۈگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى، كۆز ئالدىمدىكى كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدىلا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق جۈپلەشتى. يايراپ تۇرغان بىر ئەركەك چايان تېز قەدەملەر بىلەن چايانلار توپىنى كېسىپ ئۆتۈۋېتىپ، مېڭىۋاتقان بىر چىشى چايانى

كۆرۈپلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. چىشى چايان ئۇنى رەت قىلمىدى. ئىشلار تولىمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى.

ئۇلار پېشانىسىنى ئۆزئارا تاقىغىنىچە قىسقۇچلىرىنى يەرگە تىرەپ كۆچەۋاتاتتى. ئىككى تال قۇيرۇق بىرھازا پىلتىڭلىدى، ئارقىدىنلا قۇيرۇقلار تىكلىنىپ، نەشتەرلەر گىرەلىشىپ، مېھرىبانلىق بىلەن ئۆزئارا سىلىشىشقا باشلىدى. بۇنداق تىكلىنىپ تۇرۇش ھالىتى ھەققىدە ئالدىنقى قىسىمدا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، تىكلەنگەن ئىككى تال چايان تۈز ھالىتىگە قايتقاندا، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى قىسقۇچى بىلەن مەھكەم قىسىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا يېڭىلىق بايقالمىدى. بۇ ئەر - خوتۇنلار يولىغا راۋان بولدى. مۇنار شەكلىدە تىكلىنىپ بىر ئاز ئارام ئېلىش ئۇزۇن سەپەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئارام ئېلىش شەكلىنى دائىم ئۇچراتقىلى بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا بەزىدە ئوخشاش جىنسلىق ئىككى چايانمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ، ئەمما ئوخشاش جىنسلىق ئىككى چاياننىڭ بۇنداق ھەرىكىتى جىددىي ۋە رەسمىي ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشمايدۇ. قۇيرۇقلىرىنى ئۆزئارا ئۇرۇپ قويۇشىدۇ، ئەمما ئۆزئارا سىلىمايدۇ.

ھېلىقى ئەركەك چايانغا قاراپ باقايلى. ئۇ ھاياجان بىلەن ھەمراھىنى باشلاپ، مەشۇقىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن كەينىچە ماڭماقتا ئىدى. يېرىم يولدا بىر توپ چىشى چايان ئۇچرىدى، ئۇلار رەتلىك تىزىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جەلپكارلىقىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇققا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. ئۇلار ھەسەت قىلىپ قالغانەك تۇراتتى. ئاردىن بىرى چىقىپ سۆرىلىپ مېڭىۋاتقان چىشى چاياننى قاماللاپ تۇتۇپ تارتىشقا باشلىدى، ئۇ ئىككىسىنى ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ جۈپلىشىشىنى توسماقچى بولغانەك قىلاتتى. ئەركەك چايان بولسا پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ

ئۇنىڭ قارشىلىقىنى بوسۇپ ئىلىپ ماڭماقچى بولدى، ئۇياق - بۇياققا تارتىش، سوزەشلەر كار قىلمىدى. داۋاملىق مىڭىش مۇمكىن بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئانچە تارتىشىپ تۇرماستىنلا دەرھال ۋاز كەچتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر چىشى چايان بار ئىدى. بۇ قېتىم چايانجان ئۇنچە مۇلايىم بولماستىن، قوپاللىق بىلەن ئۇنى تارتىپ بىللە سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. چايانقىز ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى قارشىلىق قىلىپ، ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى.

ئەركەك چايانىنىڭ توپ ئىچىدىكى ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان بىر چايانقىزغا كوزى چۈشتى. بۇ چايانقىز ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى قولغا كەلتۇرۇۋالغان ئەركەك چايانىنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ياش ئەركەك چايانغا نىسبەتەن بىرەر چىشى چاياندىن ئايرىلىپ قېلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. بىرى كەتسە يەنە نۇرغۇنلىرى ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ئۇنداقتا ئۇ زادى قانداق چايانغا ئىگە بولىدىغاندۇ؟ ئۇ دەل ئەڭ دەسلەپتە ئۆزىگە قۇچاق ئاچقان «خانقىز» غا ئىگە بولىدۇ.

ۋاھ ! دەرۋەقە ئۇ تۈنجى مەشۇقىنى تېپىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان چايانقىزنى يېتىلىگىنىچە ماڭماقتا. بۇ چاغدا ئەركەك چايان چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان جايغا كەلگەنىدى. چىشى چايان تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى، ئەركەك چايان ئىرغاڭلاپ سۆرىمەكتە، ئەگەر چىشى چايان رايىشلىق بىلەن بويسۇنسا، ئەركەك چايان ئۇنى يېنىكلا ئىلىپ ماڭالىغان بولاتتى. ئەركەك چايان پات - پات توختاپ دەم ئالاتتى، بەزىدە بىر قېتىمدا خېلى ئۇزاق ۋاقىت توختاپ قالاتتى.

ھازىر ئەركەك چايان دىققىتىنى يىغىپ ئالاھىدە بىر ھەرىكەت

قىلماقتا. ئالدى بىلەن ئىككى بىلىكىنى يىغىپ، ئاندىن ئۇزۇن سۇنۇپ، چىشى چايانىنىمۇ ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن ماشىنا ھالىتىدىكى تىك تۆت تەرەپلىك تارتما سىستېمىسىغا كەلتۈرۈپ، توختىماي ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ مەشىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جىمجىتلىق خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى.

بۇ چاغدا ئىككىسىنىڭ پېشانىسى يېقىن تىرىلىپ، بىر جۈپ ئېغىز ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتاتتى. مۇھەببەتنى ئىپادىلەش ئۇچۇن ئۇلار قۇچاقلىشىپ سۆيۈشسىمۇ تامامەن بولاتتى، ئەمما ئۇلار بۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نە بېشى، يۈزى، لېۋى ۋە ئېڭىكى يوق خۇددى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن تاراشلىنىۋەتكەندەك، ھەتتا بۇرنىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. يۈزنىڭ ئورنىدا كۆرۈمسىز ئېڭەك ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ ۋاقىت دەل ئەركەك چايانىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىدۇر. ئۇ سەزگۈر ۋە يۇمران بارماقلىرى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ كۆرۈمسىز يۈزىگە ئۇرۇپ قوياتتى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ يۈز ئەڭ چىرايلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ئېغىزىنى ھۇزۇر بىلەن چىشلەپ، ئېڭىكى بىلەن نوقۇپ قوياتتى. بىزگە ئۇنىڭ ئېغىزىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈمسىز كۆرۈندى. بەزىلەر سۆيۈشۈشنى ئاق كەپتەر ئىجاد قىلغان، دېيىشىدىكەن. مەن كەپتەردىنمۇ ئاۋۋالقى بىر كەشپىياتچىنى بىلىمەن. ئۇ بولسىمۇ دەل چايان.

ئۇ قارىماققا تولىمۇ رايىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ئامالسىز بولغاچقا، پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. قانداق قېچىش كېرەك؟ بۇ تولىمۇ ئاددىي چىشى چايان قۇيرۇقىنى كالتەك قىلىپ ئەركەك چايانىنىڭ

ئالدىنىغا زەرب بىلەن بۇرنى سىلىۋىدى، ئەركەك چايان دەرھال قولىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئايرىلىشتى. ئەتىسى ئاچچىقى يانغاندا، ئۇلار يەنە قول تۇتۇشقىنىچە شادلىق سەيرىنى داۋام قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

زەرب بىلەن ئۇرۇلغان بىر كالتەك بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، قارىماققا تولىمۇ مۇلايىم كۆرۈنگەن چىشى چايانىڭ مىجەزى تۇراقسىز بولۇپ، ئەگەر خالىمىسا دەرھال ئايرىلىپ كېتەلەيتتى. بۇنىڭغا دائىر ئەمەلىي بىر مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق سەيلە قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر تال خىش پارچىسىنى تاپتى. ئەركەك چايان ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن پەقەت بىر تال قىسقۇچىنىلا ئاچقانىدى. ئۇ بىرقانچە تال پۇتى ۋە قۇيرۇقىنى ئىشقا سېلىپ، كىرىش ئېغىزىنى ئوڭشىغاندىن كېيىن شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. چىشى چايانمۇ قەدەممۇقەدەم ئەگىشىپ كىردى. ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەگەشتى دېيىشكە بولاتتى.

چىشى چايان ئۇ يەرنى ياقتۇرمىدىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا كامار ئېغىزىدا پەيدا بولۇپ، بەدىنىنىڭ يېرىمىنى سىرتقا چىقاردى. ئۇ قارشى تەرەپتىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى، قارشى تەرەپ بولسا ئىچىدە تۇرۇپ كۈچىنىڭ بارىچە ئۇنى ئىچىگە سۆرەيتتى. بىر مەيدان تىركىشىش باشلاندى. بىرى ئىچىدە تۇرۇپ كۈچەيتتى، يەنە بىرى سىرتتا تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇ ئىككىسى ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ يەنىلا بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ئاخىر چىشى چايان بارلىق كۈچىنى يىغىپ قاتتىق كۈچەپ ئەركەك چايانىنى كامارىدىن تارتىپ چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر جۈپ ھەمراھ كامار سىرتىغا چىقتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قوللىرى مەھكەم تۇتۇشقان ھالەتتە ئىدى. سەيلە يەنە باشلاندى، ئۇلار ئەينەك قەپەس دىۋارىنى بويلاپ تۇپتوغرا بىر سائەت ئايلىنىپ، ئاخىرىدا بىر پارچە خىش پارچىسىنىڭ يېنىدا توختىدى. بۇ دەل بايىقى خىش پارچىسى ئىدى. بۇ چاغدا كىرىش ئېغىزى راۋان بولۇپ، ئەركەك چايان ئۇدۇللا ئىچىگە كىردى ـ دە، ھەمراھىنى كۈچ بىلەن ئىچىگە سۆرىدى. چىشى چايان بولسا پۇت ـ قوللىرىنى مەھكەم تىرەپ، قۇيرۇقىنى تۆپىغا پاتۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇنداق قارشىلىقنى كۆرۈپ، ئىچىمدە تەرتىپلىك مۇقەددىمە بىلەن باشلانمىغان جۈپلىشىشتىن قانداق نەتىجە چىقار، دەپ ئويلىدىم.

خىش پارچىسى ئاستىدىكى زوراۋان زادى يول قويماي چىڭ تۇردى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ كۈچلۈك ئالىقىنىنىڭ كۈچى بىلەن چىشى چايان ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كامارغا كىردى. ھازىر سائەت دەل ئون بولدى. قارىغاندا، بۈگۈن كېچە كىرىپ چىقماي، ئۇلار ئايرىلغانغا قەدەر ساقلاپ ئولتۇرسام بولغۇدەك. پۇرسەت تېپىپ خىش پارچىسىنى ئېچىپ، ئاستىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋالنى كۆزىتىمەن. ئاران ئېرىشكەن بۇنداق پۇرسەتتە بىر كۆرۈۋالمىسام بولمايدۇ. نېمىنى كۆردۈم؟

كۆرگىنىم يەنىلا بۇرۇنقى ئەھۋال بولدى. دەل يېرىم سائەت ئۆتكەندە، قاتتىق قارشىلىق قىلغان چايانقىز كامارنى قۇتۇلۇپ چىقىپ قېچىپ كەتتى. ئەركەك چايان ئۇنى قوغلاپ چىقىپ، كىرىش ئېغىزىدا تۇرۇپ كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ ساھىبجامالنى قولدىن چىقىرىپ قويغىنىدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ، ئامالسىز بۇرۇلۇپ يەنە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئالدانغانىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئالدانغانىدىم.

ئالتىنچى ئايمۇ كىرىپ قالدى.

يورۇقلۇقنىڭ بەك كۈچىيىپ كېتىپ بۇ جانىۋارلارنى

ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، چىراغنى ئەينەك قەپەسنىڭ سىرتىغا خېلى ئارىلىق قالدۇرۇپ ئاسقانىدىم. شۇنداق بولغاچقا، ئەركەك ـ چىشى چايانلار سەيلە قىلغان چاغدىكى بەزى تەپسىلاتلارنى ئېنىق كۆرۈشكە ئامال بولمىدى. قول تۇتۇشۇپ ماڭغاندا ھەر ئىككىسى ئاكتىپ بولدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ قىسقۇچلىرى ئۆزئارا قىسىشقانمىدۇ؟ بۇ نۇقتا تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، چوقۇم ئېنىق بىلمىسەم بولمايتتى.

چىراغنى قەپەسنىڭ ئوتتۇرىغا يۆتكەپ قويۇۋىدىم، ئەتراپ تولىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. چايانلار كۈچلۈك چىراغ نۇرىدىن قورقۇش ئەمەس بەلكى تولىمۇ جانلىنىپ چىراغنى چۆرگىلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. بەزى چايانلار چىراغقا يامىشىپ يورۇقلۇققا تېخىمۇ يېقىنلاشماقچى بولۇشاتتى. دەرۋەقە، ئۇلار چىراغ قالپىقى ئارقىلىق يامىشىپ چىقىشتى. پۇتلىرىنىڭ سىيرىلىپ كېتىشى بىلەن كارى بولماي چىراغ قالپىقىنىڭ گىرۋىكىنى مەھكەم قاماللىغىنىچە يامىشىپ، ئاخىر ئەڭ ئۈستىگىچە يامىشىپ چىقتى. ئۇلار چىراغنىڭ ئۈستىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن، بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئەينەككە چاپلاپ، يەنە بىر قىسمىنى مېتال ياپراقچە ئۈستىگە قويۇپ، كېچىچە چىراغ نۇرىنىڭ جۇلاسىدىن ھۇزۇرلىنىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ماڭا چوڭ پىلە كېپىنىكىنى ئەسلەتتى. ئىلگىرى چوڭ پىلە كېپىنىكىنىڭ ئېلېكتىر چىراغنىڭ نۇر قايتۇرۇش تاختىسىدا خىيال بىلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

بىر جۈپ ئەركەك ـ چىشى چايان ئاسما چىراغنىڭ يورۇقىدا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىر ـ بىرىگە تىرىلىپ تەتۈر تىك تۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار قۇيرۇقى بىلەن بىرھازا ئەركىلەشكەندىن كېيىن يولغا چىقىشتى. مەن پەقەت ئەركەك چايانىنىڭلا رول ئويناۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ ھەربىر تال قىسقۇچىدا چىشى چايانىنىڭ قىسقۇچىنى مەھكەم قىسىۋالغان بولۇپ، بۇ پەقەت

ئەركەك چايانىنىڭلا ئۇلارنى باغلاپ تۇرىدىغانلىقى، خالىغان ۋاقتتا ئۆز خاھىشى بىلەن بۇنداق ھالەتنى بىكار قىلالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چىشى چايان ھېچ نەرسە قىلالمايتتى، ئۇ قولغا ئېلىنغان، ئۇنى ئالدىغان ئۇنسۇر ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ قولىغا ئىشكەل سېلىپ بولغانىدى.

بۇنىڭدىن ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى كۆرۈش تولىمۇ قىيىن بولسىمۇ، مەن ئىلگىرى ئەركەك چايانىنىڭ مەشۇقىنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم، يەنە ئۇنىڭ قارشى تەرەپنىڭ بىر تال پۇتى ۋە قۇيرۇقىنىمۇ تۇتۇۋېلىپ، يولسىزلىق بىلەن تارتقۇچلاۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگەنىدىم. بۇنداق تارتقۇچلانغان چىشى چايان قىسقۇچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئەدەپ دېگەننى بىلمەيدىغان ئالىجوقا ئەركەك چايان ئاخىرى چايانقىزنى يىقىتىپ، بىر جۈپ قىسقۇچىدا قىسىۋالغانىدى. بۇ خىلدىكى ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، زوراۋانلىق قىلمىشىغا كىرەتتى. ئەركەك چايانىنىڭ بۇ ئىپادىسى بەئەينى سابىن ئاياللىرىغا زوراۋانلىق قىلىۋاتقان رامۇلوسنىڭ① قول ئاستىدىكىلەرگە ئوخشايتتى.

## ئائىلە

تۇرمۇشتا قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كىتابىي بىلىملەرگىلا تايانغاندا، پەقەت قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنىلا پەرەز قىلىشقا بولىدۇ؛ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، چارە - ئامال ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، ھەل قىلىش بىر

---

① رامۇلوس — رىۋايەتلەردىكى قەدىمكى رىمنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۇنجى ھۆكۈمرانى. سابىن ئاياللىرى ئىتالىيەدە ياشىغان قەدىمكى ئىرق سابىنلارنىڭ ئاياللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدەر ئاسانغا چۈشىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بىلمەسلىكنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەۋزەللىكى بولىدۇ. ئادەمنىڭ كاللىسى ئەركىن پىكىر قىلالىسا، كىتابتىكى يوق تويۇق يولغا كىرىپ قالمايدۇ. يېقىندا بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. ئالىم سانىلىدىغان بىرەيلەن ئاناتومىيەگە ئائىت بىر پارچە ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا لانگىدوك چايىنىڭ ھەر يىلى 9 - ئايدا ئائىلە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى. ئويلاپ باقسام، ئەينى چاغدا ئۇ دوكلاتنى كۆرمىسەم ياخشى بوپتىكەن. بىزنىڭ رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، لانگىدوك چايىنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى ئۇ دوكلاتتا ئېيتىلغىنىدىن خېلىلا بۇرۇن بولىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى پىروفېسسورنىڭ بۇ دەرسى ئانچە ئۇزاق ئەمەس ئىدى، بولمىسا مەن راستلا 9 - ئايغىچە ساقلاپ تۇرۇپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەن بولاتتىم. ئۈچىنچى ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە، مەن ئەھمىيىتى زور دەپ قارىغان ئاشۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈش ئۈچۈن قانچىلىغان جاپالىق ۋە مەنىسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزگىنىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن. سىرتقى مۇھىتتا ھېچقانداق بىنورماللىق كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مەن ئېسىل پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىر يىل ۋاقىتنى بىكارغىلا ئىسراپ قىلىۋەتكەنىدىم، يەنە تېخى بەلگىلەنگەن تەتقىقات تېمىسىدىنمۇ ۋاز كەچكەنىدىم.

بىلمەسلىك بەزىدە نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ، تونۇش يولدىن يىراقلاپ كەتكەندە، ئويلىمىغان يەردىن يېڭى بايقاشلار قولغا كېلىشى مۇمكىن. بۇ گەپنى يېقىندا ماڭا خېلى نامى چىققان بىر ئۇستاز ئېيتقانىدى. بىر كۈنى ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغىنىمدا پاستېر① ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى داڭلىق

---

① پاستېر (1822 — 1895) — فىرانسىيە خىمىيە ئالىمى، مىكرو بىيولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ ئىلمىي تەجرىبىگە ئەھمىيەت بېرىشنى، كونا قاراشلارغا ئېسىلىۋالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

شەخس پاستېر لويىس ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلەتتىم، ئۇنىڭ تارترات كىسلاتاسىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى سىممېترىكسىزلىك ھەققىدە يازغان ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇغانىدىم. يەنە ئۇنىڭ ئىنفوزورىيە قۇرتىنىڭ كۆپىيىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت زور ئىشتىياق باغلىغانىدىم.

ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بولىدۇ. ھازىر بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز ئۆزگىرىش نەزەرىيەسى بولسا، ئەينى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئىزدەنگىنى نەزەرىيەسى ئىدى. پاستېر ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇش نەزەرىيەسى ئىدى. پاستېر ئۆزىنىڭ باكتېرىيەلىك ـ باكتېرىيەسىز كولبارىغا، تولىمۇ ئىنچىكە ۋە ئىنچىكە ئىسچام تەجرىبىسىگە تايىنىپ، ئاساسسىز بىر نەزەرىيەنى مەڭگۈلۈك بەربات قىلغانىدى. ئۇ نەزەرىيەدە چىرىگەن ماددىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەلۇم خىمىيەلىك توقۇنۇش ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ قەيت قىلىنغانىدى.

تالاش ـ تارتىش بار ئۇ مەسىلىدىن پاستېر غەلىبىلىك ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن بۇرۇنلا خەۋىرىم بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ كۈنى نامى مەشھۇر مېھماننى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدىم. بۇ ئالىمنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىدە بىرنەچچە مەسىلىنى مەندىن سوراش مۇددىئاسى بار ئىكەن. مېنىڭ سالاھىيىتىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ تولىمۇ ئالىي شەرەپ ھېسابلىناتتى، مەن ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر كەسىپداش ئىدىم، خالاس.

پاستېرنىڭ بۇ قېتىم ئاۋىگنون رايونىنى زىيارەت قىلىشى پىلىچىلىك ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھەرقايسى پىلە بېقىش فېرمىلىرى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاپەتلەر يۈز بەرگەنلىكتىن، پىلىچىلىك ساھەسىدە بىرمەھەل خارابلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. نېمىشقىكىن، پىلە قۇرتى سېسىپ، ئارقىدىن قېتىپ،

ئەڭ ئاخىرىدا بىر قەۋەت تاش قەۋەتكە ئورالغان پىلە غوزىكى يۇرچىقىغا ئايلىنىپ قالدى. دېھقانلار بۇنىڭدىن چۆچۈشتى، ھوسۇل ئېلىشقا ئازلا قالغاندا ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىگە قاراپلا قالدى. ئۇلار ئاز بولمىغان مەبلەغ ۋە قان ـ تەرىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىغا بارغاندا، بىقىش ئۆيىدىكى پىلە غوزەكلىرىنى ئوغۇت دۆۋىسىگە تۆكۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بىز كېيىنىۋاتقان ئاپەتنى ئاساسىي تېما قىلىپ پاراڭلاشتۇق:

— پىلە غوزىكىنى كۆرۈپ باقاي دېگەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بىلەن ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ماڭا تېپىپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— بۇ تولىمۇ ئاسان. مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى پىلە غوزىكى سودىسى قىلىدۇ، قوشنا ئولتۇرىمىز. سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، ھازىرلا ئەكېلىمەن.

بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. يانچۇقۇمغا لىققىدە پىلە غوزىكى قاچىلاپ كىرىپ پاستېرغا كۆرسەتتىم. ئۇ قولىغا بىر تالنى ئېلىپ ئۆيان ـ بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى باشقا بىر دۇنيادىن كەلتۈرۈلگەن ئاجايىپ نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئەجەبلىنىپ كۆزەتتى، قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ سىلكىپ باقتى.

— ئاۋاز چىقىۋاتىدۇغۇ، ئىچىدە بىرنېمە بار ئىكەن ـ ھە؟

— شۇنداق.

— ئىچىدىكى نېمە؟

— قورچاق.

— نېمە؟ قورچاق؟

— ھەئە، ئۇ نەرسە بىر خىل مومىياغا ئوخشايدۇ. پىلە قۇرتى كېپىنەككە ئايلىنىشتىن بۇرۇن بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

— ھەممە پىلە غوزىكىنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق نەرسە بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، پىلە قۇرتىنىڭ يىپەك چىقىرىشى قورچاقنى قوغداش ئۈچۈن.

— نېمە!

ئاندىن ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا پىلە غوزىكىنى يانچۇقىغا سالدى. كېيىن بوش ۋاقتىتىن پايدىلىنىپ بۇ يېڭى جانلىق — پىلە قورچىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ سورىدى. ئۇنىڭ ئۆزگە بولغان ئالاھىدە ئىشەنچىسى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ پىلە قۇرتى، پىلە غوزىكى، پىلە قورچىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئائىت ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىدى. قەدىمكى تەنتەربىيە مەشقاۋۇللىرى ئاندىن تۇغما ھالەتتە چېلىشقا چۈشكىنىدەك، مەخسۇس پىلىچىلىك ساھەسىدىكى ھەر خىل ئاپەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىدىغان بۇ «كىنىيار»① ئاپەت مەيدانىغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇنى يالىڭاچ دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى قۇتقۇزماقچى بولغان ھاشاراتقا نىسبەتەن ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتقىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. پاستېردىن تولىمۇ ھەيران قالدىم، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن قايىل بولغانىدىم.

كېيىنكى سۆز تېمىسى باشلانغاندا ھەيرانلىقىم يوقالدى. ئۇ باشقا بىر مەسىلە — ئىسسىقتىش ئارقىلىق ھاراقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا توختىلىپ، تۇيۇقسىز سورىدى:

— ماڭا ھاراق كۆپىڭىزنى كۆرسىتەمسىز؟

مېنىڭ ھاراق كۆپۈم نامراتلار ئىشلىتىدىغان كۆپ ئىدى. بىر ئوقۇتقۇچى ئازغىنا ئىش ھەققى بىلەن ياخشى ھاراق ئېلىپ ئىچەلمىگەچكە، تېخى يېقىندىلا بىر ئوچۇم قارا شېكەر بىلەن ئالما تىلىنمىسىنى كۆپكە سېلىپ ئېچىتىپ، چۈچۈمەل تەمى بار ھاراق ياسىۋالغانىدىم. ئۇ مېنىڭ ھاراق كۆپۈمنى كۆرمەكچى! نېمىشقا ھاراق ئىدىشىمنى كۆرمەن دېمەيدۇ؟ نېمىشقا

① كىنىيار — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىلاھى، يېزا ئىگىلىك زىيانداشلىرىنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى ۋە ئورنى ئېنىق يېزىلغان، ئۈستىنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن كونا هاراق بوتۇلكىلىرىنى كۆرمەن دېمەيدۇ؟ ئۇ مېنىڭ هاراق كۇپۇمنى كۆرمەكچى بولۇۋاتىدۇ!

غەلىتىلىك هېس قىلغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىنى بۇرمىلىۋېتىشنى خىيال قىلىپ، سۆز تېپىشنى يۆتكىدىم. ئەمما ئۇنىڭ زادى ۋاز كەچكۇسى كەلمىدى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا هاراق كۇپىڭىزنى كۆرسىتىڭ.

ئۇ قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا، رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. ئۇنىڭغا ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى يۆلەنچۈكى يوق بىر ئورۇندۇقنى كۆرسەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىدە سىغىمى تەخمىنەن ئون ئىككى لىتىر كېلىدىغان بىر خۇمرا بار ئىدى.

— مېنىڭ هاراق كۇپۇم ئاشۇ، ئەپەندى.

— سىزنىڭ هاراق كۇپىڭىز مۇشۇمۇ؟

— باشقىسى يوق.

— هەممىسى مۇشۇ يەردىمۇ؟

— ئامال يوق، شۇنداق، هەممىسى مۇشۇ يەردە.

— هە!

شۇندىلا ئۇ لام ـ جىم دېمىدى، هېچقانداق كۆزقارىشىنى ئىپادىلىمىدى. پاستېرنىڭ ئىپادىسىدىن خۇمرىنىڭ ئىچىگە يەرلىك خەلق «كۇچتۇڭگۇر ئىنەك» دەپ ئاتايدىغان بىر خىل زاكۇسكىنىڭ سېلىنغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۈبهىسىزكى، قىزىتىش ئارقىلىق ئېچىتىشقا مېنىڭ هاراق كۇپۇم — كونا ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇلغان، چەككەندە ئىچى بوشتەك ئاۋاز چىقىرىدىغان خۇمرام بولمايتتى. بىر خىل مىكرو جانلىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سەكرەپ ئۆتتى، يەنە كېلىپ ئۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق مىكرو جانلىقنىڭ بىر خىلى — كىشىلەرنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى سۇندۇرىدىغان «شور پېشانىلىك» ئىدى.

هاراق كۇپى هەققىدىكى ئىش كىشىنى بىئارام قىلىسمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن مېنىڭ پاستېرنىڭ چېچەن ۋە ئۆزگە ئىشىنىدىغانلىقىغا بولغان كۆزقارىشىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىدى. ئۇ ھاشاراتلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى؛ ئۇ بايا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پىلە غوزىكىنى كۆرۈپ، ئىچىدە كەلگۈسىدە كېپىنەككە ئايلىنىدىغان قورچاقنىڭ بارلىقىنى بىلدى. بىزنىڭ جەنۇبتا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىكى بالىلارمۇ بىلىدىغان ئىشنى ئۇ ئازراقمۇ بىلمەيتتى. ھالبۇكى، بۇ يېڭى ئۆگەنگۈچى ئۇزاق ئۆتمەيلا پىلىچىلىك فېرمىسىنىڭ تازىلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاندىن تېببىي دورا ۋە مۇھىت تازىلىق ئەھۋالىنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتتى.

ئۇنىڭ قورالى پىكىر يولى — شاخچىلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئاساسىي گەۋدىنى ساقلاپ قالىدىغان پىكىر يولىدىن ئىبارەت ئىدى. ھالەت ئۆزگەرتىش، ئۇچەككە كىرىش، پىلە غوزىكى، قورچاق پوستى، قورچاق لىچىنكىسى ۋە يەنە باشقا ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھاشاراتشۇناسلىققا دائىر ئىنچىكە ئاتالغۇلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەربىر ئىدى. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بۇلارنى بىلمىگىنى ياخشى ئىدى. پىكىر يولى دېيىلگىنى، مۇستەقىل ئىدىيە ۋە جۇرئەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇش روھىنى ساقلاش دېگەنلىك بولاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەركىن بولۇپ، كىشىلەرگە مەلۇم بولغان چەكتىن چىقىپ كېتەلەيتتى.

پاستېر تولىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە پىلە غوزىكى ئىچىدىكى تىۋشنى تىڭشىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى شانلىق بىر مىسال بولۇپ، مۇشۇنداق مىسالنىڭ تۈرتكىسىدە مەن ئۆزۈمنىڭ ھاشاراتشۇناسلىق تەتقىقاتىمدا بىلمەسلىك قائىدىسىنى چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر تۈر قىلىپ بېكىتتىم. ئادەتتە كىتابنى ئانچە كۆرمەيتتىم، كىتاب ئوقۇغاندىن ۋە كۆتۈرەلمىگۈدەك يۇقىرى ئىستىمال ئۇسۇلىنى قوللىنىپ باشقىلاردىن سورىغاندىن كۆرە، يەنىلا تەتقىقات ئوبيېكتىم بىلەن

يالغۇز قېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆزلىتەلىگىنىم ئەۋزەل ئىدى. ھېچنېمىنى بىلمىسەم، بۇمۇ ياخشى ئىدى. بۇنداق بولغاندا ھاشارەتلارغا تېخىمۇ ئەركىن سوئال قويالايتتىم. ئېرىشكەن ئىلھامىمغا ئاساسەن، بۇگۈن بىر خىل پىكىر يولى ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلىسەم، ئەتە قارىمۇقارشى پىكىر يولى ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلەيتتىم. بەزىدە كىتاب ئاختۇرسام، بۇ ئۆزۈمنىڭ كاللىسىدا گۇمانغا بوشلۇق ئېچىپ بەرگىنىم بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، شىددەت بىلەن ئايىنىۋاتقان ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ۋە قويۇق تىكەنلەر ئاغدۇرۇلمىغان يەرلىرىمنى مەھكەم چىرمىۋالغانىدى.

ئەينى چاغدا بۇنداق ئالدىن كۆرەرلىكىم كەمچىل بولغانلىقتىن، بىر يىل ۋاقىتنى بىكارغىلا ئىسراپ قىلىۋەتكەنىدىم. ئۇ چاغدا كىتابتىن ئۆگەنگەن بىلىملىرىمگە ئىشەنگەنلىكتىن، سىنتەبىردىن بۇرۇن چايان ئائىلىسىنى كۆزەتكىلى بارمىغانىدىم، ئەمما ھازىر ئىيۇل ئايلىرىدىلا ئۇنىڭ ئائىلىسىنى كۆرەلىدىم. ئەمەلىي ۋاقىت بىلەن كىتابتا دېيىلگەن ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى بۇنچە چوڭ پەرقنى رايوننىڭ ئوخشىماسلىقىدىن دەپ قارايمەن: مەن بۇگۈن پروۋېنستا تۇرۇپ كۆزىتىۋاتىمەن؛ ئەمما ئەينى چاغدا مېنى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن لىئون دۇفور ئەپەندى بولسا ئىسپانىيەدە تۇرۇپ كۆزەتكەنىدى. گەرچە ئۇستازنىڭ نوپۇزى ئىنتايىن يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما مەن ئەينى چاغدا ئازراق گۇمان قالدۇرۇپ قويسام توغرا بولاتتى. ئەگەر كۆپ ئۇچرايدىغان قارا چايانىنىڭ ماگا بەرگەن ئۇچۇرىغا تاسادىپىي ئۇچراپ قالمىغان بولسام، مۇستەقىل تەپەككۇرنى يوقاتقان ئەھۋال ئاستىدا، لانگىدوك چايىنىنىڭ ئائىلىسىنى كۆزىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بىرىپ قويغان بولاتتىم. ئويلاپ باقسام، پاستېرنىڭ پىلە قۇرچىقىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىگە چوڭقۇر ئىدراك يوشۇرۇنغانىكەن!

بىز دائىم كۆرىدىغان چايانىنىڭ تېنى لانگىدوك چايىنىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىچىك بولىدۇ، ئۇنىڭدەك كۆپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئىلگىرى خىزمەت ئۇستىلىمدىكى چوڭ ئېغىزلىق بوتۇلكىلاردا ئادەتتىكى ئۇخشىمىغان چايانلارنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن باقاتتىم. بۇ بوتۇلكىلار ئانچە چوڭ ئورۇننى ئىگىلىمەيتتى، كۆزىتىشكىمۇ قولايلىق، ھەر كۈنى ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرالايتتىم. ئەتىگەندە دەپتىرىمگە خاتىرىلەشتىن بۇرۇن، بۇ جانىۋارلىرىم يوشۇرۇنۇۋالغان كارتون قەغەز پارچىسىنى ئېچىپ، كىچىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى كۆزىتىشنى ئۇنتۇمايتتىم. ئەمما، بۇنداق ھەر كۈنى كۆزىتىدىغان ئۇسۇل چوڭ ئەيىنەك قەپەسكە ئانچە ماس كەلمەيتتى. چۈنكى، قەپەس نۇرغۇن ئايرىمخانىلارغا بۆلۈنگەن بولغاچقا، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇپ بولۇپ ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغاندىمۇ، قەپەس ئىچىدە بىر مەيدان قالايمىقانچىلىق پەيدا بولاتتى. چوڭ ئېغىزلىق بوتۇلكىدا بولسا بىر قاراپلا قارا چايانىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى كۆرگىلى بولاتتى.

بىر قېتىم بىۋاستە قانداش چايان بىلەن ئانىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايۋاتقان كۆرۈنۈشىگە تۇيۇقسىز كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سەھەر ۋاقتى سائەت ئالتە بولغاندا، قارا چايان يوشۇرۇنۇۋالغان كارتون قەغەزنى ئېچىپ، بىر ئانا چايانىنىڭ دۈمبىسىگە نۇرغۇنلىغان بالا چايانىنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. قارىماققا ئۇلار ئانا چايانىنىڭ دۈمبىسىگە يېپىپ قويۇلغان كالتە خالاتقا ئوخشايتتى. بىردىنلا كۆڭلۈمدە تاتلىق بىر خىل رازىمەنلىك پەيدا بولدى. كىشىگە بۇنداق دىلئاراملىق ئاتا قىلىدىغان پەيت بىر كۆزىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىتتا ئاندىن نېسىپ بولاتتى. بۇ مېنىڭ چىشى چايانىنىڭ بالىلىرىنى دۈمبىسىگە ئولاشتۇرۇۋالغانلىقىدەك قىممەتلىك كۆرۈنۈشنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئانا چايان تېخى ئەمدىلا بوشانغانىدى، بەلكىم تۈنۈگۈن كېچىدە بوشانغاندۇ. چۈنكى، تېخى تۈنۈگۈن كۈندۈزدە ئۇنىڭ ئۇستىدە ھېچنېمە يوق ئىدى.

يەنە باشقا نەتىجىلەرمۇ مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئەتىسى يەنە بىر ئانا چايان بالىلىرىنى ئۈستىگە يېپىنىۋالدى. ئۈچىنچى كۈنىمۇ يەنە ئىككى ئانا چايان خالات كىيدى. ھازىرغىچە جەمئىي تۆتىنى كۆردۈم. مەن بۇنچىۋالا كۆپ بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلمىغانىدىم. تۆت ئانا چاياننىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە جىمجىت نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈش تۇرمۇشۇمغا باشقىچە ئىللىق كەيپىيات ئاتا قىلغانىدى.

ھازىر تەلەي بۇرۇنقىدەكلا ماڭا ھەمدەم بولۇپ كەلمەكتە. چوڭ ئېغىزلىق بوتۇلكىدا تۇنجى قېتىملىق بايقاشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەينەك قەپەسنى ئەسكە ئالدىم. بۇ چاغدا مەن لانگىدوك چايىنىمۇ قارا چاياندەك بالدۇر يېتىلەلمىگەندۇ، دېگەننى ئويلاۋاتاتتىم. بولدى ئويلىمايلا قوياي، بېرىپ كۆرۈپ باقساملا بولمىدىمۇ.

يىگىرمە بەش پارچە خىش پارچىسىنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ تاشلىدىم. پاھ! نەتىجە دېگەن مانا! بىر دىنلا قېنىم مەۋج ئۇرۇپ، شىددەت بىلەن ئېقىپ، يىگىرمە ياش ۋاقتىمدىكى ھاياجىنىم قايتا قوزغالغاندەك ھېسسىياتقا كەلدىم. يىگىرمە بەش پارچە خىش پارچىسىدىن ئۈچىنىڭ ئاستىدا ئائىلىسىگە قاراۋاتقان ئانا چاياننى بايقىدىم. بىر تال ئانا چاياننىڭ بالىلىرى چوڭىيىشقا باشلىغان، قارىماققا بىر ھەپتىلىك بولغاندەك قىلاتتى. ئەگەر مەن ئۇدا كۆزەتكەن بولسام، بۇ ئەھۋالنى بۇرۇنلا بىلەلىشىم مۇمكىن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى تال ئانا چايان تۈنۈگۈن كېچىدە بوشانغان بولۇپ، قورسىقىنىڭ ئاستى قىسمىدا ئازراق قالدۇق ماددىلارنىڭ يۇقۇندىسى تۇراتتى. بۇ قالدۇق ماددىلارنىڭ نېمىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە سەل تۇرۇپ توختىلىمىز.

ئىيۇل ئاخىرلىشىپ، ئاۋغۇست ۋە سېنتەبىرمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تەتقىقات ماتېرىيالى بولالىغۇدەك يېڭى نەتىجە بايقالمىدى. بۇنىڭدىن ئىككى خىلدىكى چاياننىڭ ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا كۆپىيىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىيۇل

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ھەممىسى ئاخىرلاشتى. قەپەستە قالغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە بەزى يوغان قورساق چىشى چايانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ماڭا چايانچاقلارنى تۇغۇپ بەرگەن ئانا چايانىنىڭ بوشىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە ئوخشايتتى. قىش يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرىمۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكىدەك ئىنكاس قايتۇراي دېمەيتتى. قارىماققا تېزلا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار بۇنداق ئىشنىڭ نەتىجىسى ئويلىمىغان يەردىن كېلەر يىلىغا سۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتىن شۇنى چۈشىنەلەيمىزكى، ھامىلىدارلىق مەزگىلى ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. بۇنداق ئۇزاق ھامىلىدارلىق مەزگىلى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلاردا تولىمۇ كەم كۆرۈلىدۇ.

بوشلۇقى ئانچە چوڭ بولمىغان بوتۇلكا ئىنچىكە كۆزىتىشكە قولايلىق ئىدى. شۇڭا، مەن ھەربىر تال ئانا چايانىنى باللىرى بىلەن ئايرىم بوتۇلكىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئەتىگەندە قارىسام، كېچىدە بوشىنىشقا باشلىغان ئانا چايانىنىڭ قورسىقى ئاستىدا يەنە بىر قىسىم چايان باللىرى كۆرۈندى. مەن شال پاخلى بىلەن ئانا چايانىنى تۇرتۇپ، تېخى ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە يامىشىپ چىقالمىغان چايانچاقلار ئارىسىدا بەزى نەرسىلەرنى بايقىدىم. بۇ بايقاش مەن ئوقۇغان كىتابلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىلىملەرگە نىسبەتەن تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. بەزىلەر چايان تۇرىدىكىلەرنى بالا تۇغۇپ كۆپىيىدىغان ھايۋانغا تەۋە، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بايانغا ئاساسلانغاندا ئورۇنلۇقتەك بىلىنىسىمۇ، توغرا بولۇشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە، بالا چايان تۇغۇلۇشى بىلەنلا چايانىنىڭ بىزگە تونۇشلۇق بولغان ھالىتىدە بولمايدۇ.

بۇ نۇقتىنى قائىدە بىلەنمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. چايان بالىسىنىڭ كەڭرى قىسقۇچلىرى، ئۇزۇن پۇت ـ قوللىرى، يىغىلىدىغان قۇيرۇقىنىڭ ئانا تېنىگە قانداق سىغدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ھەرىكىتى قولايسىز بۇنداق كىچىك ھايۋان

بەلكىم ئۇنداق تار بوشلۇققا مەڭگۇ سىغماسلىقى مۇمكىن. ئۇ تۇغۇلغاندا چوقۇم ئورالغان هالەتتە بولغانلىقتىن هېچقانچە بوشلۇقنى ئىگىلىمەيدۇ.

ئانا چايانىڭ تېنىدە بايىقىغان قالدۇق ماددىلار ئىسمى - جىسمىغا لايىق تۇخۇم بولۇپ، ئۇلارنىڭ هامىلىدار بولغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان تۇخۇمدانىنى ئاناتومىيە قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن چايان تۇخۇمى بىلەن ئانچە پەرقى يوق. كىچىككىنە چايان بالىسى ئىنچىكىلىنىپ گۇرۇچ دانچىسىدەك نەرسىگە ئايلىنىپ، قۇيرۇقىنى قورسىقىغا ياتقۇزۇپ، جۈپ قىسقۇچىنى قاتلاپ مەيدىسىگە قويۇۋالىدۇ، نەچچە جۈپ پۇتىنى بىقىنىغا مەهكەم چاپلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېلىلىپس شەكىللىك هاياتلىق دانچىسى چاققانلىق بىلەن هەرىكەتلىنىپ، توسۇلۇپ قالىدىغان ئەهۋالدىن ساقلىنالايدۇ. پېشانىسىدىكى قارا چېكىتلەر بالا چايانىڭ كۆزىدىن ئىبارەت. بالا چايان بىر تامچە سۈزۈك سۇيۇقلۇقنىڭ ئىچىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ دۇنياسى ۋە ئاتموسفېراسى بولۇپ، ئاتموسفېرانىڭ سىرتقى قەۋىتىنى بىر قات نازۇك پەردە ئوراپ تۇرىدۇ.

هېلىقى قالدۇق ماددىلار هەقىقىي تۇخۇمدىن ئىبارەت. ئانا لانگىدوك چايىنى بوشىنىپ بولغاندا يېنىدا ئوتتۇز - قىرىق دانە تۇخۇم بولۇپ، بۇ سان ئانا قارا چايانىڭكىدىن سەل ئازراق. ئەپسۇسلىنارلىقى، كېچىدىكى بوشىنىش ئەهۋالىنى كۆزەتكىلى بارغىنىمدا، بەك كەچ كىرىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشكە ئاران ئۈلگۈرگەن بولسامۇ، پەقەت بىرنەچچە تاللا قالغان تۇخۇمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەندىم. چايان تۇرىدىكىلەر ئەمەلىيەتتە تۇخۇم تۇغىدىغان هايۋانغا كىرىدۇ، پەقەت تۇخۇم بېسىش مەزگىلى قىسقا بولغاچقا، ئانا چايان تۇخۇم تۇغۇپ بولۇشىغىلا، بالا چايانلار تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلايدۇ.

بالا چايان قانداق قىلىپ تۇخۇمدىن چىقالايدۇ؟ مېنىڭ ئەلۋەتتە بۇ جەريانغا نەزەر سېلىش هوقۇقۇم بار. ئانا چايانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەڭ تاشلىيى ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تۇخۇم پەردىسىنى قامالالاپ، ئۇنى تارتىپ - يىرتىپ ئېچىپ، ئاندىن يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. يېڭى بوۋاقنىڭ كىيىمىنى سالدۇرغاندا ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، بەئەينى ساغلىق بىلەن ئانا مۇشۇكنىڭ باللىرىنى يالىغان ۋاقتىدىكىدەك مېھرىبانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە قورال - سايمانلار بەك قوپال بولسىمۇ، ئەمما ئەمدىلا شەكىللەنگەن تەندە نە يارىلىنىش، نە زەخىملىنىش بولمايدۇ.

مەن يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدىم: چايان تۈردىكىلەر ئادەملەرگە يېقىنلىشىدىغان ئانا مېھرىنى ئەڭ بۇرۇن ئىپادىلىگەن جانلىق ئىكەن. يىراق، تاش كۆمۈر ئېراسىنىڭ فىلورا دەۋرىدە، تۇنجى چايان پەيدا بولغان چاغدىلا ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن. ئۇچەكتىكى دانچىسىمان تۇخۇم ئۇ چاغدا ئۆملىگۈچى ھايۋانلار ۋە بېلىق تۈردىكىلەردىلا بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي قۇش تۈردىكىلەر ۋە بارلىق ھاشاراتلارمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولدى. ئاندىن كېيىن نازۇك ئورگانىزم مورفولوگىيەسى بارلىققا كېلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ باللا تۇغۇپ كۆپىيىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتقىچە ھاياتلىقنىڭ تۇخۇمدىن چىقىشى تەن سىرتىدىكى ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ رەھىمسىز تەھدىتى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى ئانا تېنىنىڭ بەل قىسمىدا تاماملىنىپ كەلدى.

ھاياتلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ تەرتىپلىك ھالدىكى ئۆزگىرىش جەريانى ياكى ناچار ھالەتتىن ياخشى بولۇشقا ئۆزگىرىش جەريانى بولماستىن، بەلكى ياخشى ھالەتتىن ئەڭ ياخشى ھالەتكە ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. تەدرىجىي تەرەققىيات سەكرەش شەكلىدە تاماملىنىدۇ. بەزىدە ئىلگىرىلەش بولسا، بەزىدە چېكىنىشمۇ بولىدۇ. دېڭىزدا دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشى بولغىنىدەك، پەسىيىشمۇ بولىدۇ. ھاياتلىقنىمۇ بىر دېڭىز

دېمەك، سۇ دېڭىزدىنمۇ سىرلىق ۋە چوڭقۇر بۇ دېڭىزدىمۇ دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى مەۋجۇت. ھاياتلىق بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە ئۆزگىرىش ياسامدۇ يوق؟ كىم ياسايدۇ دېيەلەيدۇ؟ كىم قايتا ياسمايدۇ دېيەلەيدۇ؟

ئەگەر ساغلىق بالا ھەمراھىنى ئېغىزى بىلەن ئېلىۋېتىش ۋە ئۇنى يەۋېتىش ئارقىلىق قوزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، قوزىچاق ئۇ يۆگەكتىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ چىقالمايدۇ. ئوخشاشلا، بالا چايانمۇ ئانىسىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. بەزى بالا چايانلارنىڭ ئاللىبۇرۇن يىرتىۋېتىلگەن تۇخۇم خالتىسىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، جان تىكىپ تىركىشىپمۇ ئاخىرىدا يەنىلا قۇتۇلۇپ چىقالمىغىنىنى كۆرگەنىدىم. لىچىنكا قوغداش قېپىدىن قۇتۇلغاندا ئۆزىگە خاس رول ئوينىيالايدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئاجىزلىقى باشقا بىر خىل ئاجىزلىققا تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئۇ تۇغۇلغان چاغدا ئورالغان خالتا ئىنتايىن ئاجىز، ھەتتا پىيازنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى نېپىز پەردىدەك بولسىمۇ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن يىرىپ چىقالمايدۇ.

چۈجىنىڭ تۇمشۇقىدا ساقلىنىش ۋاقتى تولىمۇ قىسقا بولغان قاتتىق پەردە بولۇپ، ئۇنى تۇخۇمدىن چىققاندا تۇخۇم شاكىلىنى چېقىشقا ئىشلىتىدۇ. ئەمما، چايان بالىسى ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ بوشلۇق ئىگىلىمەيدىغان گۇرۇچ دانچىسىدەك تۈگۈلۈۋالغان بولغاچقا، ئىلاجسىز سىرتتىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھەممە ئىشنى ئانىسى ئورۇنلايدۇ. ئۇ ئەڭ مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىدۇ، ھامىلىدىن بوشىنىش جەريانى يەنە باشقا ماددىلارنى چىقىرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەممىنى پاكىز تازىلايدۇ، گەرچە نورمال چايان تۇخۇملىرىغا ئارىلىشىپ كەتسىمۇ، سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئورۇقلانمىغان تۇخۇملارنى بىرىنىمۇ قويماي ئايرىپ چىقىدۇ، باللىرىنىڭ يىرتىلغان كېيىمى ياكى قالدۇق پارچىسىنى ھەرگىزمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ھەممىسى ئانىسىنىڭ قورسىقىغا قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەتكەن بولىدۇ، تۇخۇم چىقىرىش ئۈچۈن ئىگىلەنگەن جاي پاك - پاكىز يىغىشتۇرۇۋېتىلىدۇ.

كۆرگىنىمىز ئانا چايانىنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىشى ئارقىسىدا ساقلىنىپ قالغان بالا چايانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىنى تولىمۇ پاكىز، ئەركىن - ئازادە، رەڭگى ئاق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە بولغان تەن ئۇزۇنلۇقىنى ئېلىپ ئېيتساق، لانگىدوك چايىنىنىڭ توققۇز مىللىمېتىر، قارا چايانىنىڭ تۆت مىللىمېتىر كېلىدۇ. تۇغۇش ۋە تازىلاشتىن كېيىن بالا چايانلار يامىشىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. ئۇياقتىن بىر تال، بۇياقتىن بىر تال بولۇپ ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئۆمىلەپ چىقىدۇ. ئۇلار ئانىسىنىڭ قىسقۇچىنى بويلاپ ئالدىرىماي ئېگىزگە قاراپ يامىشىدۇ. ئانا چايان جۈپ قىسقۇچىنى يەرگە قويغان ھالەتتە بالىلىرىنىڭ ئۆز گەۋدىسى ئۈستىگە چىقىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بالا چايانلار نىشانسىز ھالدا غۇژمەكلىشىپ، ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قەۋەت قاتلام ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۈزۈكسىز كېڭىيىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە مەھكەم يېپىشىۋالىدۇ. مەن مۇنداق قىلىپمۇ سىناپ باققانىدىم، يەنى، بۇ يۇمران جانلىقلارغا ئازراق قوپاللىق قىلىپ، ئۇلارنى موي قەلەمنىڭ ئۇچى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۈستىدىن سۈپۈرۈپ چۈشۈرۈۋېتىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. بۇ چاغدا يۈك ئۇلىقى ۋە يۈك مىدىرلىماي جىمىپ قالدى. مانا بۇ دەل تەجرىبىنى باشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىدى.

ئانا چايانىنىڭ بالىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئاپپاق خالات كىيىۋالغان ھالىتى ھەقىقەتەنمۇ بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. ئانا چايان قۇيرۇقىنى تىكلەپ، مىدىرلىماي تۇراتتى. مەن بىر تال شال پاخىلىنى بۇ چايان ئائىلىسىنىڭ يېنىغا سانجىپ قويۇۋىدىم، ئانا چايان دەرھال ئىككى تال قىسقۇچىنى زەردە بىلەن كۆتۈردى. بۇنداق ھالەت پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنى خەتەردىن قوغدىغان

ۋاقتىدىلا كۆرۈلەتتى. ئۇ ئىككى مۇشتىنى پۇلاڭلىتىپ، سوقۇشقا تەييارلىق ھالىتىگە كىردى، قىسقۇچلىرى كەڭ ئېچىلغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت قايتۇرما زەربە بېرىش ئېھتىمالى بار ئىدى. قۇيرۇقى تىك كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە پۇلاڭلاۋاتاتتى. بۇ ھەرىكەتمۇ ئادەتتە بەك ئاز ئۇچرايتتى. ئەمما، ئۇ قۇيرۇقىنى تېزلا تۈزلىمىدى. بەلكىم ئۇنداق قىلسا دۈمبىسى مىدىرلاپ كېتىپ ئۇستىدىكى يۇكلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ مۇشتۇمىلا شىددەتلىك، ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىپ، رەقىبىگە تېتىشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

چېشى چايانىنىڭ غەزەپلىنىشىدىن ئانچە ئەجەبلەنمىدىم. بىر تال بالا چايانىنى ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدۇم. ئانا چايان بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغاندەك ئەسلىدىكى جىمجىت ھالىتىدە تۇرىۋەردى. بىر تالنى ئېلىۋەتكەنگە ئاچچىقلىنىش كېتەمدۇ؟ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن چايان بالىسى ئۆزىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرالايدۇ. ئۇ ئاۋۋال خېلىغىچە قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئازراقمۇ جىددىيلەشكەندەك قىلمايتتى، ئاندىن يېنىدا ئانىسىنىڭ قىسقۇچىنىڭ سوزۇلۇپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ دەرھال ئۇنىڭغا يامىشىپ قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ھەرىكىتى ئانچە چاققان ئەمەس، ھەرگىزمۇ تۈكلۈك قارا ئۆمۈچۈك بالىلىرىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۆمۈچۈك بالىلىرىنى بوشلۇقتىكى سېرك ئارتىسلىرى دېيىشكە بولاتتى.

مەن بايىقىدىنمۇ چوڭراق تەجرىبىنى قايتا بىر قېتىم ئېلىپ باردىم. بۇ قېتىم چايان بالىلىرىنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنى ئېلىۋەتتىم. چايان بالىلىرى پىتىراپ كەتكەن بولسىمۇ ئانچە يىراققا كەتمىدى، ئارقىدىن خېلىغىچە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئايلىنىپ يۈردى. ئانا چايان ئاخىر ئۇلاردىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ بالىلىرىنى يېنىغا يىغىش ئۈچۈن، تۇگۇۋالغان ئىككى تال بىلىكى (چايان تۇرىدىكىلەرنىڭ قىسقۇچ شەكلىدىكى سەزگۈ

مۇڭگۈزى) بىلەن يەردىكى قۇم دانچىلىرىنى سۈپۈرگەندەك ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ كېلەڭسىز ھەرىكىتى تولىمۇ قوپال بولۇپ، باللىرىنىڭ زەخىملىنىپ قېلىشىدىن ئازراقمۇ ئەندىشە قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى. مېكىيانىنىڭ مۇلايىم قاقاقلىشى بىلەن يىراقلاپ كەتكەن باللىرى ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشىدۇ. ئەمما، ئانا چايان بولسا قولى بىلەن باللىرىنى يېنىغا تارتىپ كەلدى. بەختكە يارىشا چايان باللىرىغا ھېچ ئىش بولمىغاندى. ئۇلار ئانىسىنىڭ تېنىگە ئۇرۇلۇش بىلەنلا دەرھال ئۆمىلەپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە قايتىدىن توپلاشتى.

ئانا چايان ناتونۇش چايان باللىرىغىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ بالىسىدەكلا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەگەر ئانا چايانىنىڭ دۈمبىسىدىكى باللىرىنى موي قەلەم بىلەن چۈشۈرۈۋېتىپ، باشقا بىر ئانا چايانىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويغاندا، ئۇ ئانا چايان جوپ بىلىكى بىلەن ئۇلارنى خۇددى ئۆز بالىسىدەكلا قوينىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشىغا ئۇندەيدۇ. ئانا چايان ئۇنى بېقىۋالدى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. «بېقىۋېلىش» دېگەن سۆز بۇ يەردە ئانا چاياننى بەك ئاچ كۆز ئىكەن دېگەنلىك بولمايدۇ. ئانا چايان ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ھەقىقىي ئاچ كۆز دەپ ئاتاشقا ماس كېلىدىغىنى توكلۇك قارا ئۆمۈچۈكتۇر. توكلۇك قارا ئۆمۈچۈك گاڭگىراپ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن باشقا ئائىلىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ يېنىدا مىدىرلاپ يۈرگەن كىچىك قارا ئۆمۈچۈك بولسىلا، ئانا قارا ئۆمۈچۈك ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونىدا توكلۇك قارا ئۆمۈچۈكنىڭ دائىم بىر توپ باللىرىنى ئۈشىنىسىگە ئارتىۋېلىپ، يىل بويى كۆكرىپ تۇرىدىغان چاتقاللىقتا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىلگىرى ئانا چايانىنىڭمۇ توكلۇك قارا ئۆمۈچۈكتەك باللىرىنى يۈدۈپ سەيلىگە چىققىنىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانىدىم، ئەمما چىشى چايان بۇنداق پائالىيەتنى

بىلمەيدىغانـدەك قىلاتتـى. چىشى چايان ئانا بـولغاندىـن كېيىـن
ئادەتتە سىـرتقا چىقمايتتى، ھەتتا كـەچتە باشـقا چايانـلار سىرتقا
ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەندىمۇ ئۇ يەنىلا ئۆيىدە تۇراتتى. كىچىك
ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ئۇخلاش ۋە ئوزۇقلىنىشنى تـەرك ئېتىـپ،
بالىلىرىغا قارايتتى.

ئەمەلىيەتتە، كىچىك جانىۋارلار يەنە بىر قېتىملىق جاپالىق
سىناقتىن ئۆتۈشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار چوقۇم يەنە
بىر قېتىم تۇغۇلۇشى كېرەك. ھازىر ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا
ھاشاراتلارنىڭ لىچىنكىدىن يېتىلگەن قۇرت ھالىتىگە ئۆتۈشتەك
جەرياننى باشتىن كەچۈرمەكتە. بالا چايانلارنىڭ تاشقى قىياپىتى
يېتىلگەن قۇرتقا خېلى ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئىزنا ۋە سىزىقچىلار
تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان بولۇپ، خۇددى سۇ پەردىسىنىڭ
ئارقىسىدىن قارىغاندەك كۆرۈنەتتى. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى،
ئۇلار ھازىرقى بالىلارچە كىيىمنى سېلىپ تاشلىغانـدىلا ئاندىن
ھەقىقىي، ئېنىق كۆرۈنىدىغان بەدەنگە ئىگە بولالايدۇ.

كىيىمنى تاشلاشتىن ئىبارەت بۇ جەرياندا بالا چايانلارنىڭ
سەككىز كۈننى ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدە ئۆتكۈزۈشىگە توغرا
كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە بالا چايانلار «تېرىسىنى تاشلىۋېتىش» نى
تاماملايدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردە «تېرە تاشلاش» دەپ ئاتاش ئانچە
مۇۋاپىق بولمايدۇ. چۈنكى، بالا چايانلارنىڭ تېرىسىنى
تاشلىۋېتىشى بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى تېرە تاشلاش
ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېرە تاشلاش بىرنەچچە قېتىم
ئېلىپ بېرىلىدۇ. تېرە تاشلاشتا تېرە تاشلىغۇچى ھاشاراتلار
كۆكرەك قەپىسى ئۇدۇلىدىن بىر يوچۇق ئېچىپ، مۇشۇ
يوچۇقتىن پۈتۈن بەدىنىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئەمدى كېرەك
قىلمايدىغان بىر قات كىيىمنى تاشلايدۇ؛ چايان تۇرىدىكىلەرنىڭ
پەقەت قۇرۇق تېرە قەۋىتىنى تاشلايدىغان تەرىپىلا ئاتالمىش تېرە
تاشلاشقا ئوخشايدۇ. تېرە تاشلىغاندا، تاشلىنىدىغىنى قۇرۇق
قاپ، يەنى تېرە تاشلىغۇچىنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ، ئۇنىڭ

قىياپىتى تولۇق ساقلىنىپ قالىدۇ.

ھازىر كۆزىتىۋاتقىنىمىز پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش. مەن بىر پارچە ئەينەك پارچىسىغا تېرە تاشلاۋاتقان چايان بالىسىدىن بىر نەچچىنى قويدۇم. ئۇلار قارىماققا بەك ئازابلىنىۋاتقاندەك قىمىرلىماستىن ياتاتتى. تاشقى قېپى يىرتىلغان بولۇپ، مەخسۇس چىقىش ئېغىزى يوق ئىدى، ئالدى - ئارقا، ئوڭ - سول ھەممە تەرەپتىن يىرتىلغانىدى، پۇت - قوللىرىنى، قىسقۇچلىرىنى قاپتىن، قۇيرۇقىنى غىلاپتىن چىقاردى، ئاجرىغان سىرتقى قاپ يىرتىق كىيىملەرنىڭ پارچىسىدەك يەرگە چۈشتى. بۇ بىر خىل تەرتىپسىز ۋە مۇكەممەل ھالىتى ساقلانمىغان ئاجراش ئىدى. بۇ جەريان تاماملانغاندىن كېيىن، چايان بالىلىرىنىڭ ھەقىقىي چايان قىياپىتى تولۇق نامايان بولۇپلا قالماستىن، ھەرىكىتىمۇ خېلى چاققانلىشىپ قالغانىدى. گەرچە بەدىنىنىڭ رەڭگى يەنىلا ئاپپاق بولسىمۇ، ھەرىكىتى تېتىكلىشىپ، ھەش - پەش دېگۈچە يەرگە چۈشۈپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا چېپىپ ئوينىغىلى تۇردى. كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، تېنىنىڭ بىردىنلا ئۇزىراپ، ئەسلىدىكى توققۇز مىللىمېتىردىن ھازىرقى ئون تۆت مىللىمېتىرغا ئۆزگىرىشى بولدى. قارا چايانىنىڭ بالىسى ئالتە - يەتتە مىللىمېتىرغا ئۆزگەردى، تەن ئۇزۇنلۇقى يېرىم ھەسسە ئۇزارغان بولسا، چوڭلۇقى ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

بىز ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ تېنىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىماي تۇرالمايمىز. ئەمەلىيەتتە، بالا چايان ھېچقانداق ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلمايدۇ. بەدەن ئېغىرلىقىغا كەلسەك، ئاشمايلا قالماستىن، بەلكى كېمىيىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بىر قەۋەت تېرىسىنى تاشلىۋەتكەنىدى. خۇلاسىلىگەندە، ھەجمى چوڭايغان بىلەن ئېغىرلىقى ئاشمىدى. شۇڭا، بۇ بىر خىل ھەجمىنىڭ كېڭىيىشىدىن ھاسىل بولغان يوغىناش بولۇپ، پىششىقلاشتىن ئۆتمىگەن ماددىنىڭ

ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىشىگە ئوخشايدۇ. ئىچكى قىسمىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەچكە، ھاياتلىق تەركىبلىرى ھەجمى تېخىمۇ چوڭ بولغان قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىپ، ھېچقانداق يېڭى ماددا قوشۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھەجىمىنىڭ چوڭىيىشىنى پەيدا قىلىدۇ. مېنىڭچە، كىمكى ناھايىتى زور سەۋرچانلىق ۋە مۇۋاپىق سايمانلارغا ئىگە بولغىنىدا، بەلكىم بۇ خىلدىكى قۇرۇلۇشنىڭ بىر قاتار ئۆزگىرىشىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ، بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. مېنىڭ بىلىمىم بۇنىڭغا يېتىشمەيدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىم مەسىلىنى باشقىلار ھەل قىلسا مۇۋاپىق بولغۇدەك.

بالا چايانىنىڭ تاشلىۋەتكەن سىرتقى قېپى ئاق رەڭدىكى تالچىسىمان ماددا بولۇپ، مايلاپ قويۇلغان كىيىم پارچىسىغا ئوخشايتتى. ئۇلار يەرگە چۈشۈپ كەتمەستىن، ئانا چايانىنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ پۇتىنىڭ يوتا قىسمىغا يېقىن ئورۇندا بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، ئاپپاق ۋە يۇمشاق سېلىنچىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئەمدىلا تېرە تاشلىغان بالا چايانلار بۇ سېلىنچىدا ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئاتقا ئېگەر توقۇلسا، چەۋەندازلار ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالايدۇ. بالا چايانىنىڭ يىرتىق كىيىم قەۋىتى ئېگەر بېشى ۋە ئۈزەڭگىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، «چەۋەندازلار» ئۇنى تۇتقۇچ ۋە دەسسىگۈچ قىلىپ پايدىلىنىپ، ئاتقا مىنىش ۋە چۈشۈش ھەركىتىنى چاققانلىق بىلەن ئورۇنلىيالايدۇ.

موي قەلەم بىلەن ئانا چايانىنىڭ دۈمبىسىدىكى بالىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدىم، كۆز ئالدىمدا ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. ئۈزەڭگىدىن ئايرىلىپ ئاتتىن چۈشۈپ قالغان «چەۋەندازلار» تولىمۇ ئىلدام ھەركەت بىلەن تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئاتقا مىنىشكە باشلىدى، ئۇلار ئېگەر تاسمىسىنى تۇتۇپ، قۇيرۇقىنىڭ تېرەش كۈچىنىڭ ياردىمىدە بىر سەكرەپلا ئۆز ئورنىغا بېرىۋالدى. يۇمشاق سېلىنچا ۋە ئۇلارغا تۇتقۇچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولىدىغان ئېگەر تاسمىسى بىر ھەپتە ئەتراپىدا ساقلىنىدىغان بولۇپ، بالا چايانلار ئۆزىنى قوغدىيالىغۇدەك بولغۇچە تۇرىدۇ. ئۇ چاغدا سېلىنچىنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. كىچىك جانىۋارلارنىڭ تارقاپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، سېلىنچىمۇ غايىب بولىدۇ.

بالا چايانلاردا رەڭ پەيدا بولۇشقا باشلاپ، قورساق قىسمى ۋە قۇيرۇق قىسمى بىر قەۋەت ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، قىسقۇچى يېرىم سۈزۈك مەرمەر تاشتەك پارقىراق ھالەتكە كىردى. ياشلىق چاغلاردا ھەممە نەرسە تولىمۇ گۈزەل بولىدۇ. مېنىڭ لانگدوك چايانلىرىم ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ، كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان زەھەرلىك نەشتەر چىقارمىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدىغان ئەرمەك ھايۋانغا ئايلانغان بولاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلاردا قوغدىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشتەك ئىستەك پەيدا بولۇپ، ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئويناشقا باشلىدى. ناۋادا ئۇلار سەل يىراقلاپ كەتكىلى تۇرسا، ئانا چايان ئاگاھلاندۇراتتى ۋە قولى بىلەن قومنى تاتىلاپ، ئۇلارنى قايتىدىن بىر يەرگە يىغاتتى.

ھەر قېتىملىق دەم ئېلىش ۋاقتىدا خۇددى مېكىيان بىلەن چۈجىلەرنىڭ ئارام ئېلىۋاتقان چېغىدىكىدەك ئېسىل كۆرۈنۈشنى كۆرگىلى بولاتتى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى چايانچاقلار ئانىسىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ يەردە يېتىۋالاتتى، بىرنەچچىسى ئاپپاق سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. بۇ چاغدىكى سېلىنچا ئاللىبۇرۇن پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. بەزىلىرى ئانىسىنىڭ قۇيرۇقىنى بويلاپ يۇقىرىغا يامىشىپ ئەڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئايىغى ئاستىدىكى چايان توپىغا زور ئىشتىياق بىلەن باقماقتا ئىدى. يەنە بەزى سېرىك ئارتىسلىرى يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ، تۆۋەنگە قاراپ خۇماردىن چىققان ھەمراھلىرىنىڭ ئورنىنى

ئالدى. ھەربىر كىچىك جانىۋارنىڭ كۆزىتىش مۇناردىن ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرگۈسى كېلىدۇ.

ئائىلىنىڭ كۆپ قىسىم ئەزالىرى ئانىسىنىڭ يېنىغا توپلاشتى، ئۇلار بىردەممۇ بىكار تۇرماي مىدىرلىشىپلا تۇراتتى، ئانىسىنىڭ قورسىقى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، بېشىنى چىقىرىپ، كۆرۈش ئەزاسىدىكى قارا چېكىتلەرنى پىلدىرلىتىپ تۇرۇشاتتى. ئانىسىنىڭ پۇتىغا ئامىراقلىرى بولسا، ئۇ پۇتلارنى چېنىقىش ئۈسكۈنىسى قىلىۋېلىپ ئوينايتتى، بۇ پۇتۇن دىققىتى بىلەن ئاسما تورنىڭ مەشىق قىلغانغا ئوخشايتتى. بىردەمدىن كېيىن ھەممىسى ئويناشتىن توختاپ، قايتىدىن ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ جىمىپ قېلىشتى. بۇ چاغدا ئانا چايان ۋە بالا چايانلارنىڭ ھېچقايسىسى مىدىر - سىدىر قىلمىدى.

ھازىر چايانچاقلارنىڭ يېتىلىش مەزگىلى، قوغداشتىن قۇتۇلۇشنىڭ تەييارلىق مەزگىلى بولۇپ، ئالاھازەل بىر ھەپتە ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ. بۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ چوڭىيىشقا سەرپ قىلغان ۋاقتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. چايان ئائىلىسىدىكىلەر ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدە ئون بەش كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. قارا تۈكلۈك ئۆمۈچۈكنىڭ بالىسىنى يۈدۈپ يۈرىدىغان ۋاقتى ئالتە - يەتتە ئايغا يېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە تۈكلۈك قارا ئۆمۈچۈك بالىلىرى ھېچقانداق ئوزۇقلۇققا موھتاج بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت چاققان ھەرىكەت ۋە جانلىق خاراكتېرىنى ساقلىسىلا كۇپايە. ئۇنداقتا، ئانا چايانىنىڭ بالىلىرى نېمە يەيدۇ؟ بولۇپمۇ تېرە تاشلاپ تېتىكلىشىپ قالغان چايان بالىلىرىنى ئانىسى مول ئوزۇق بىلەن تەمىنلەمدىغاندۇ؟ ئۆزى يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يۇمشاقلىرىنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ قويامدۇ يوق؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھېچقايسىسىنى ئوزۇقلاندۇرمايدۇ ھەم ھېچنېمە قالدۇرمايدۇ.

ئانا چايانغا بالىلىرى يېپىلەيدۇ دەپ قاراپ ئەنچىكىلەپ

تاللىغان بىر تال سېرىق چېكەتكە تاشلاپ بەردىم. ئانا چايان ئەتراپىدىكى بالىلىرىغا قاراپمۇ قويماستىن بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن يېيىشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا بىر بالا چايان ئانىسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ ماڭلىيىغا كېلىپ توختاپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋالغا قاراشقا باشلىدى. بالا چايانىنىڭ تىرنىقى ئانىسىنىڭ ئېغىزىغا تېگىپ كېتىشى بىلەنلا ئۇ قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال ئارقىسىغا چېكىندى. ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، چوڭ بىر بالادىن ئامان قالدى. چۈنكى، يېيىشكە كەلگەندە ئېغىزىنى يىغالمايدىغان بۇ چوڭ جانىۋار كىچىك چايانغا ھېچ نەرسە قالدۇرمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى چىشلىۋېلىشى، ئاندىن ئىككىلەنمەستىن يۇتۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئانا چايان سېرىق چېكەتكىنىڭ بېشىنى چايناماقتا. بىر بالا چايان سېرىق چېكەتكىنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا ئېسىلىۋالغان بولۇپ، كىچىككىنە ئېغىزى بىلەن ئاستا چىشلەپ تارتىپ ئۇنى تېتىپ باقماقچى بولاتتى. ئەمما، ئۇ بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتى. ئەسلىدە چېكەتكىنىڭ قۇيرۇق قىسمى بەك قاتتىق ئىدى.

يەنە بىر خىل ئەھۋالمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بالا چايان تۇنجى قېتىم ئوزۇقلانغاندا، ئەگەر ئانىسى ئازراق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇ يېيەلىگۇدەك يۇمشاق نەرسىدىن يېگۈزۈپ قويسا، بالا چايان چوقۇم ئانىسىنىڭ بۇ سوۋغىسىدىن بەك خۇشال بولىدۇ. ھالبۇكى، ئانا چايان ئۆزى يېيىش بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ، باشقا ھېچ نەرسە بىلەن كارى بولمىدى.

گۈزەل ۋاقىتلارنى ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگەن چىرايلىق چايانلىرىم، سىلەر قانداق قىلارسىلەر؟ سىلەر بۇ يەردىن ئايرىلىپ، يىراقتا يىمەكلىك ئىزدەپ بارماقچى. بۇنى سىلەرنىڭ تاقەتسىزلىك ئىچىدە تېپىرلىشىڭلاردىن بىلگىلى بولىدۇ. ئاناڭلاردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. ئۇ ئەمدى سىلەرنى بالىلىرىم دەپ قارىمايدۇ. شۇنداق، سىلەر چوڭ بولدۇڭلار، ھەر

بىرىگلارنىڭ ئۆز يولىغا ماڭىدىغان ۋاقتى كەلدى.

ناۋادا سىلەرنىڭ قانداق تەمدىكى يېمەكلىكنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلسەم، ناۋادا سىلەرگە يېمەكلىك بېرىدىغان يېتەرلىك ۋاقتىم بولسا ئىدى، چوقۇم خۇشاللىق بىلەن سىلەرنى باقاتتىم، سىلەرنى ئۆزۈڭلار تۇغۇلغان ئەينەك قەپەس ئىچىگە، خىش پارچىلىرى ئارىسىغا، قېرىلار جەمئىيىتىگە بەند قىلىپ قويمىغان بولاتتىم. مەن ئۇ قېرى جانىۋارلارنىڭ، كۆكسىنىڭ بەك تار ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنى سىغدۇرمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئوماقلىرىم، ئۇ قېرى ئالۋاستىلار سىلەرنى يەۋېتىدۇ. ئاناڭلار سىلەرنى قوغدىمايدۇ، ئۇ ئاللىبۇرۇن سىلەرنى ناتونۇشلارنىڭ سېپىگە قوشۇۋەتتى. ئۇ كېلەر يىلى يەنە جورا تاپقان مەزگىلدە ئىچى تارلىق قىلىپ سىلەرنى يەۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن يىراققا كېتىڭلار، ئېھتىيات ئۈچۈن چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭلار كېرەك.

ئەگەر كەتمىسەڭلار قەيەردە تۇرىسىلەر؟ قانداق ياشايسىلەر؟ شۇڭا، گەرچە مەن چىدىمىساممۇ، بىز ئايرىلىشىمىز كېرەك. كېيىنكى نەچچە كۈننىڭ بىرىدە سىلەرنى ماكانىڭلارغا ئاپىرىپ قويۇۋېتىمەن. ئۇ يەردىكى تاغ باغرىدا تاشلار بەك كۆپ، يەنە قۇياش نۇرى يېتەرلىك. سىلەر ئۇ يەردە ئۆزۈڭلاردەك ھەمراھلارنى تاپالايسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئەمدى چوڭ بولۇشقا باشلىغانلار بولىسىمۇ، بىر تال بارماقمۇ پاتمايدىغان قىسىلچاقتا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. سۆيۈملۈك ئوماقلىرىم، سىلەر ئۇ يەردە مېنىڭ ئۆيۈمدىكىدىنمۇ ياخشىراق نەرسىنى، يەنى ھايات ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىشنى ئۆگىنەلەيسىلەر.

# قىزىل خانقىز

ماي ئېيى كەلگەندە قۇياش نۇرىغا چۆمگەن ئىللىق جايغا بارىمىز، سەۋرچانلىق بىلەن دۇب دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى كۆزىتىمىز، يەنە چاتقاللىقنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلىمىز. بۇ خىل چاتقالنىڭ ئىنچىكە يوپۇرماقلىرى بار، يەرلىكتىكى پرووۋېنس دېھقانلىرى ئۇنى «هاۋايس» دېيىشىدۇ، ئۆسۈملۈكشۇناسلار «ئەگىلىك دۇپى» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق كۆرۈمسىز چاتقاللاردىن ئاتلاپلا ئۆتۈپ كېتەلەيمىز، هالبۇكى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل دۇب دەرىخى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ دۇب دەرىخىدىن ھېچ نەرسىسى كەم ئەمەس. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىكى قوتۇر غوزەكلىك مېۋە دۇب دەرىخىنىڭ قاتتىق پوستلۇق مېۋىسى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىدۇ، دۇب دەرىخىدە بار نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇ خىل ئادەتتىكى دۇب دەرىخىنى، يەنى ئېنگلاند دۇب دەرىخىنى كۆرگىلى بارمايمىز. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىمىزنى تاپالمايمىز. پەقەت مۇقەددەس دۇب دەرىخى ۋە ئەگىلىك دۇب دەرىخىلا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

بىز دۇب دەرىخىنىڭ ئۈستىدە چوڭ - كىچىكلىكى پۇرچاقچىلىك كېلىدىغان قاپقارا پارقىراق نەرسىلەرنى ئاندا - ساندا ئۇچرىتالايمىز. ئۇ دەل قىزىل خانقىز بولۇپ، ئۆزگىچە بىر خىل ھاشارات. ئۇ بىر خىل ھايۋانمۇ؟ قانداقلىقىنى بىلمەيدىغانلار ئۇنىڭ ھايۋانات ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنى شىرنىلىك مېۋە، قارىقات ياكى كاشتان

مېۋىسى دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ نەرسىنى ئېغىزغا سېلىپ چىشلىگەندە بىر خىل قىرتاق ئارىلاش تاتلىق تەمى چىقىپ، كىشىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئاڭلىدۇق، بۇ يېپىشلىك مېۋە بىر خىل ھايۋان، يەنى بىر خىل ھاشارات ئىكەن. لوپا ئەينەكتە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ بېشى، قورسىقى ۋە پۇتلىرىنى ئىزدىسىڭىزمۇ ھەرگىز تاپالمايسىز، ئۇ نەرسىلەر بەئەينى كۆمۈر گۆھىرىدىن ئوخشاش بىر ئۆلچەمدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مارجانلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا ھاشاراتلارغا خاس تەن ئەزاسى بارمۇ - يوق؟ ئازراقمۇ يوق. بۇ مارجانلارنىڭ سىرتقى يۈزى سىلىقلانغان پىل چىشىدەكلا پارقىراق. ئۇ مىدىرلامدۇ؟ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولامدۇ؟ ئازراقمۇ مىدىرلىمايدۇ. ياقۇتمۇ بۇنچىۋالا مۇستەھكەم جايلاشقان ئەمەس.

بەلكىم ئۇ نەرسىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى دەرەخ شېخى بىلەن ئۇچراشقان جايىدىن ھايۋانلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا دەرەختىن خۇددى مېۋە ئۈزگەندەك مۇكەممەل ھالەتتە ئالغىلى بولىدۇ. ئاستى قىسمىدا، بىر قەۋەت ئاق رەڭلىك مومسىمان ماددا بولىدۇ. بۇ جايدا شىرنە ئېقىپ چىقىدىغان تۆشۈك شەكىللەنگەن. ئىسپىرتقا يىگىرمە تۆت سائەت چىلاپ قويغاندىن كېيىن، بۇ مومسىمان قەۋەت ئېرىپ، بىز تەكشۈرمەكچى بولغان ئورۇن ئېنىق كۆرۈندى.

لوپا ئەينەك توختىماستىن ئىشلىمەكتە، شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنىڭدىن پۇت - قول ياكى ئېلمەكنىڭ ئىزىنى تاپقىلى بولمىدى. پۇت ۋە ئېلمەكلەر گەرچە ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، ھاشاراتنىڭ بەدىنىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىيالايدۇ. لوپا ئەينەكتە ئۇنىڭ سۈمۈرۈش نەيچىسىنىمۇ تاپقىلى بولمىدى. سۈمۈرۈش نەيچىسى دەرەخ شىرنىسىنى سۈمۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇ خىلدىكى ھاشاراتلارنىڭ كەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا بولمايدىغان ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھاشاراتنىڭ ئاستى قىسمى ئۇستىدەك پارقىراق بولمىسىمۇ، لېكىن باشقا جايلىرىدەكلا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. دېمەك، قىزىل خانقىز ئاددىي ھالدىلا دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق باغلىنىشى يوق.

ئەسلي ئىش بۇنداق ئەمەس. قارا مارجانلار ئوزۇقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن توختىماي چوڭىيىپ، بىر خىل مەھسۇلات — تاتلىق ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئىدىشىدا ياسالغان مەھسۇلاتقا ئوخشايدىغان نەرسە چىقىرىدۇ. بۇنچە كۆپ نەرسە چىقارغانىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم دەرەخ شېخىدىن شىرنە سۈمۈرىدىغان نەشتىرى بولۇشى كېرەك. گەرچە ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، چوقۇم بار. بەلكىم چارچىغان كۆزلىرىم پەرق ئېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم، قىزىل خانقىزنى دەرەختىن ئالغان پەيتتە، ئۇ سۈمۈرۈش نەيچىسىنى بەدىنى ئىچىگە يىغىۋالغاچقا، كۆرگىلى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ كىچىك شارچىنىڭ دەرەخ شېخىغا يۇزلەنگەن تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى ئۇنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدىغان ئېرىقچە بار ئىدى. ئېرىقچىنىڭ ئاستىدا تۇگمىنىڭ تۆشۈكىدەك چوڭلۇقتا كامار بولۇپ، ئۇرنى كىچىك شارچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. قىزىل خانقىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى دەل مۇشۇ كامار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ بىر كۆپ ئىقتىدارلىق كامار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئىقتىدارى شىرنە چىقىرىدىغان بولاق كۆزىدىن ئىبارەت.

بىز يوپۇرمىقىدا قىزىل خانقىز ماكانلاشقان دۇب دەرىخى شاخچىسىدىن بىرنەچچىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنى سۇ قۇيۇلغان ئىستاكانغا سېلىپ قويدۇق. بۇنداق قىلغاندا يوپۇرماق مەلۇم ۋاقىت يەنە يېڭى پېتى ساقلىنىدىغانلىقتىن، قىزىل خانقىز بىر مەھەل خاتىرجەم ياشىيالايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى كاماردىن رەڭسىز، سۈزۈك بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىپ چىققانلىقىنى

كۆردۇق. ئىككى كۈن ئىچىدە ھاشاراتنىڭ جۈغىچىلىك چوڭلۇقتا شىلىمشىق سۈيۇقلۇق ھاسىل بولدى. سۈيۇقلۇق تامچىسى داۋاملىق ئېغىرلاپ، ئاخىر كىچىك ھاشاراتتىن ئاجراپ چۈشتى بىر تامچە سۈيۇقلۇق چۈشۈپ بولۇشىغا، يەنە بىر تامچە چىقىشقا باشلىدى. بۇ توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقتۇر. كىچىك ھاشارات قانچە قايغۇرغانسېرى، ئۇنىڭ كۆز يېشى توختىماي ئاقىدۇ.

دىتسىللەنگەن سۈيۇقلۇقنى بارماق بىلەن تىلىمىزغا تەگكۈزۈپ تېتىپ باقتۇق. پاھ! ئېمىدېگەن قالتىس! تەمى، پۇرىقى ئالاھىدە ياخشى، ھەسەلدىن قېلىشمايتتى. ناۋادا قىزىل خانقىزنى كۆپلەپ بېقىپ، مەھسۇلاتىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالغىلى بولسا، ئۇنداقتا ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك نازۇنېمەتكە ئايلانغان بولاتتى.

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا بىز بۇ نېپىز قاپلىق شارچىنىڭ ئىچىنى ئاچتۇق. چۈرۈك ۋە قاتتىق قاپنى ئېچىۋىدۇق، كۆز ئالدىمىزدا ئاناتومىيەلىك تۈزۈلۈشى ئىنتايىن ئاددىي بىر تال ھاشارات تۇخۇمى نامايان بولدى، تۇخۇم دانچىلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۈچ ھەپتىدىن بېرى شېرىن مەي ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلىرىنى، قاتار - قاتار دىتسىللەش پېچلىرىنى كۆرۈشنى ساقلاپ، ئاخىرىغا كەلگەندە لىق توشتۇرۇلغان تۇخۇم دانچىلىرىدىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمىدۇق. ئاتالمىش قىزىل خانقىز دېيىلگىنى ھاشاراتلارنىڭ لىق بىر قاپ ئۇرۇقى ئىكەن.

# ئونىنچى بۆلۈم



ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يالتىراق قوڭغۇزنىڭ تاماق تەييارلىشى

يەنە يالتىراق قوڭغۇز توغرىسىدا توختىلىمىز. قۇلۇلە يەردىكى ۋاقتىدا قىپىنىڭ ئىچىگە قانچىلىك يوشۇرۇنۇۋالسىمۇ، يالتىراق قوڭغۇزنىڭ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشى ئىنتايىن ئاسان. چۈنكى، بۇ چاغدا تاشقى قىپىنىڭ ئۈستى ئانچە پۇختا بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئالدى تەرىپىنىڭ خېلى چوڭ قىسمى ئوچۇق ھالەتتە ئىدى. ئۇ ھەرقاچان قاتتىق تاشقى قېپىغا مەھكەم بېكىنىۋېلىپ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييار تۇرسىمۇ، كېيىمىنىڭ ياقا تەرىپى مۇداپىئە قىلىش رولىنى ئوينىيالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ يۇمشاق تېنى مۇشۇ جايدىن ئوڭايلا ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. ئەمما، كۆپىنچە ئەھۋالدا قۇلۇلە يەر يۈزىدە تۇرماستىن، يەر يۈزىدىن ئېگىز جايلارنى ماكان قىلىدۇ، كسانتورريە دەرىخىنىڭ شاخلىرى، تاشنىڭ سىلىق يۈزى دېگەندەك جايلارغا چاپلىشىۋالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ماكانى ۋاقىتلىق قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. قەبىھ يالتىراق قوڭغۇز ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىسىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. ھالبۇكى، قاپ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ياشايدىغانلار ھاياتىنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا چوقۇم يوشۇرۇنغان جاينىڭ ھېچقانداق قىسمىدا ئوچۇق ئورۇن قالدۇرماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇنداق بولماي، ئادەتتە بىز كۆرىدىغان ھالەتتە بولغىنىدا، قۇلۇلە پاناھلىنىدىغان جايغا مەھكەم چاپلاشماستىن، ئازراق يوچۇق قالدىغان بولسا، مەيلى ئۇ يوچۇقنىڭ قانچىلىك كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يالتىراق قوڭغۇز ئاسانلا شۇڭغۇپ كىرىۋالالايدۇ. يالتىراق قوڭغۇز ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە قورالىنى

ئىچىگە تىقىپ بىر چىشلەپلا قۇلۇلىنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ ـ دە، ئۇنى مەززە قىلىپ يېيىش ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، يالتىراق قوڭغۇز ھەرىكەت قىلغاندا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى چوقۇم يەڭگىل ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆلجىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ، قارشى تەرەپكە قېچىپ كېتىدىغان ياكى قايتۇرما زەربە بېرىدىغان پۇرسەت بەرمەسلىكى كېرەك. ناۋادا قۇلۇلە تولغۇلۇۋېلىش ھەرىكىتى قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ چاپلىشىپ تۇرغان ماكانىدىن ئاجراپ پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلجا يەرگە چۈشۈشى بىلەن يالتىراق قوڭغۇزنىڭ ھېچقانداق جاپاسىزلا قولغا كەلتۈرگەن ئوزۇقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھۇجۇم قىلىنغان پەيتتە، ئېگىزدىكى دەرەخ غولىغا بىر قەۋەت يېلىم بىلەن يېپىشىۋالغان قۇلۇلە قېپىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئاسانلىقچە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى چوقۇم قاتتىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇپ، قارشى تەرەپتە ئازراقمۇ چۆچۈش ۋە ئاغرىش سەزگۈسى پەيدا قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ مۇسكۇلى ئىنكاس قايتۇرۇپ قالسا، ئولجا چۈشۈپ كېتىشى، قولغا كېلىپ بولغان ئوۋ گۆشىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. يالتىراق قوڭغۇزنى مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان ئەڭ ياخشى چارىنىڭ تولىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي مەست قىلىۋېتىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردۇق. يالتىراق قوڭغۇزنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن ناھايىتى تىنچ ئەھۋالدا بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت.

ئۇ ئولجىسىدىن قانداق بەھرىلىنىدىغاندۇ؟ يېيىش ئارقىلىقمۇ؟ ئالدى بىلەن قۇلۇلىنى ئۇششاق پارچىلاپ، ئاندىن چايناش ئەزاسىدا ئېزىۋېتەمدىغاندۇ؟ مېنىڭچە بۇنداق ئەمەس. مەن

تۇتۇۋالغان يالتىراق قوڭغۇزلارنىڭ ئېغىزىدا ئەزەلدىن قاتتىق ھالەتتىكى يېمەكلىك قالدۇقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. پارقىراق قوڭغۇزنىڭ «يېيىشى» چايناپ يېيىش بولماستىن، ئىچىش بولىدۇ. ئۇ چىۋىن قۇرتىدەك ئۇسۇل بىلەن ئولجىسىنى ئاق شورپىغا ئايلاندۇرۇپ ئىچىۋېتىدۇ. قوش قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ گۆشكە ئامراق لىچىنكىلىرىدەك، يالتىراق قوڭغۇزمۇ ئاۋۋال ھەزىم قىلىپ، ئاندىن ئوزۇقلىنىشقا ماھىر كېلىدۇ. ئولجىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن بۇرۇن ئۇنى سۇيۇقلاندۇرىدۇ. تۆۋەندە ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي كۆرۈپ باقايلى.

بىر تال قۇلۇلە بايىلا يالتىراق قوڭغۇز تەرىپىدىن ناركوز قىلىۋېتىلدى. ناركوز قىلغۇچى ھەممىشە بۇ خىزمەتنى ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بارىدۇ، ھەتتا قۇلۇلىدەك يوغان مەخلۇقلارغا يولۇققاندىمۇ يالغۇز قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا مېھمانلار بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆپچىلىك تاماق شىرەسى ئالدىغا كېلىپ، ئولجىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بىلەن ھېچقانداق جېدەللەشمەستىن، زىياپەتتىن ئورتاق بەھرىلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار زىياپەتنى داۋاملاشتۇرسۇن، بىز ۋاقتىنچە كېتىپ تۇرايلى. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ يەرگە قايتا كېلىپ، قۇلۇلە قېپىنىڭ ئېغىزىنى دۈم قىلىپ ئۆرۈدۇق. بۇ چاغدا قاپ ئىچىدىكى نەرسىلەر قازاندىن تۆكۈلگەن شورپىدەك ئېقىپ چۈشتى. مېھمانلار يەپ - ئىچىپ قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، شورپا قاچىسى ئىچىدە يېگۈدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى.

ئىش ئىنتايىن ئېنىق بولدى. باشلىنىشىدىلا پارقىراق قوڭغۇزنىڭ خۇددى ئۇنى چېكىپ بېقىۋاتقاندەك، بۇ يەرنى بىر چىشلەپ، ئۇ يەرنى بىر چىشلەپ قويۇۋاتقىنىنى، يۇمشاق تەنلىك ھايۋان گۆشىنىڭ شورپىسىمان ھالەتكە ئايلانغىنىنى كۆرگەندۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار بەس - بەستە يېتىپ

كېلىشىپ، ئايرىمچىلىق قىلىشماي ئۇنىڭدىن ئورتاق ھۇزۇرلىنىشتى. مېھمانلار بىر تەرەپتىن شورپىغا مەخسۇس ھەزىم قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان پروتېئازا سۈيۈقلۇقى قويۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شورپىنى ئىچەتتى. پارقىراق قوڭغۇزنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلدا يېمەكلىكنى ئالدى بىلەن سۈيۈقلۇققا ئايلاندۇرۇۋالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى ئىككى تال ئىلمەكنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق قوغداش قەۋىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئىلمەكنى قارشى تەرەپنىڭ تېنىگە سانجىپ ناركوز زەھىرىنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۆلجىنىڭ گۆشىنى سۈيۈقلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان نەرسىنىڭ دەل مۇشۇ زەھەرلىك سۈيۈقلۇق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق. بۇ بىر جۈپ مىكرو تېپتىكى قورالنى لوپا ئەينەكتە كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ئىلمەككە ئوخشمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مەركىزى بوش بولۇپ، چۈمۈلىخور ھەرىنىڭ قورالىغا بەك ئوخشايتتى. چۈمۈلىخور ھەرە بۇ قورالى بىلەن ئۆلجىسىنىڭ گۆشىنى پارچىلىماستىنلا شۈمۈرۈۋالىدۇ. ھالبۇكى، پارقىراق قوڭغۇز بىلەن چۈمۈلىخور ھەرىنىڭ ئىپادىسىمۇ بەك پەرقلىق بولىدۇ. چۈمۈلىخور ھەرە ئۆلجىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، توپا ئاستىدىكى ۋارونكىسىمان ئۇۋىسىدىن ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ، ئەمما پارقىراق قوڭغۇزنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىدىغان سۈيۈقلۇق قورۇلمىسى ھېچقانداق نەرسىنى ئاشۇرۇپ قويمايدۇ.

ھەر ئىككىسى ئوخشاش قورالغا ئىگە بولسىمۇ، بىرى ئۆلجىسىنىڭ پەقەت قېنىنىلا ئىچىدۇ، يەنە بىرى بولسا ئالدىن سۈيۈقلاندۇرۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ھەممە نەرسىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ.

بەزىدە قۇلۇلە قېپىنىڭ ئورنى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشى ئۇنچە ئاسان بولمىسىمۇ، لېكىن

پارقىراق قوڭغۇز ئىشنى تولىمۇ چەبدەسلىك بىلەن قىلىدۇ. پارقىراق قوڭغۇز بىقىۋاتقان چوڭ ئىغىزلىق بوتۇلكىلاردا مۇنداق بىر سەرخىل كۆرۈنۈشنى كۆردۈم. چوڭ ئىغىزلىق بوتۇلكىنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە ئەينەكنى يىپىپ قويدۇم. تۇتۇپ كەلگەن قۇلۇلە بوتۇلكىنىڭ ئىچكى دىۋارىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆمىلەپ، بوتۇلكا ئىغىزىغا كەلگەندە ئاندىن توختىدى، ئاندىن ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى بىر قەۋەت يىلىم سۇيۇقلۇقى بىلەن قىپىنى ئاشۇ جايغا چاپلىدى. ئۇ بۇ جايدا ۋاقىتلىق تۇرىدىغانلىقتىن، يۇمشاق تەن قورۇلمىسى ئاجرىتىپ چىقارغان يىلىمنى كۆپرەك ئىشلىتىشكە چىدىمىدى. شۇڭا، پەقەت ئازراقلا مىدىرلىسا تۇرغان جايىدىن ئاجراپ، بوتۇلكىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كىتەتتى.

بوتۇلكىدىكى پارقىراق قوڭغۇز يۇقىرىغا يامىشىپ قۇلۇلىنىڭ ۋاقىتلىق ماكانىغا يىتىپ كەلدى. ئۇ بوتۇلكا دىۋارىغا ياماشقاندا تايىنىدىغىنى يامىشىش ئەزاسى بولۇپ، بۇ ئەزا ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلىغانىدى. پارقىراق قوڭغۇز مەلۇم نىشاننى تاللىغاندىن كىيىن، ئۇنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، قول سالغۇدەك بىر يوچۇق تىپىپ، قۇلۇلىنى يىنىككىنە بىر نەچچە قىتىم چىشلەپ قويۇپ، ئۇنى ناركوز قىلىۋىتىدۇ، ئاندىن مەززىلىك شورپا تەييارلاشقا تۇتۇش قىلىدۇ. كىيىنكى بىرنەچچە كۈندە بۇ مەززىلىك شورپا ئۇنىڭ ھۇزۇرلۇق ئوزۇقى بولىدۇ.

تاماق يىگۈچىلەر شورپا قاچىسى يىنىدىن ئايرىلغاندا قۇلۇلە قازىنىنىڭ ئاستىمۇ قورۇقدىلىپ قالغانىدى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا نىپىز يىلىم قەۋىتى بىلەن ئەينەككە چاپلانغان قۇلۇلە قىپى يەنىلا چاپلاقلىق پېتى تۇراتتى. قاپ ئىچىدىكى يوشۇرۇنغۇچى ئازراقمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئاستا ـ ئاستا سۇيۇق شورپىغا ئايلىنىپ، پارقىراق قوڭغۇز ھۇجۇم باشلىغان ھىلىقى يوچۇقتىن ئىقىپ چۈشۈپ، قاپ قورۇقدىلىپ قالغانىدى. بۇ تەپسىلاتلاردىن

قۇلۇلىنى مەست هالەتكە كەلتۇرۇپ قويىدىغان چىشلەش هۇجۇمىنىڭ قانچىلىك يامانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. پارقىراق قوڭغۇز قۇلۇلىدىن تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىدۇ، ئۇنى ئېسىلىپ تۇرغان جايىدىن هەرگىز چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كاپۇستا كېپىنىكىگە تاقابىل تۇرۇش

كۆكتات كېپىنىكىنىڭ لىچىنكىسى دەسلەپتە تۆرەلمە يېتىلىدىغان تۇخۇم خالتىسىغا ئورىلىپ، كاپۇستىنىڭ ئاستى قەۋىتىدىكى يوپۇرمىقىدا خاتىرجەم تۇرىدۇ. ئەمدىلىكتە تۇخۇم خالتىسى تۇرغان جايدىن يىلتىزىغىچە بولغان ئاستى قىسمىنىڭ ھەممىسى ئېلىپ كېتىلدى، كۆكتات تۇپىسىنىڭ ئورنىدا يۇمىلاق تۆشۈكلەر قالدى. قۇرۇلۇشنىڭ ئۇل قۇرۇلمىسى غايىب بولۇپ، لىچىنكا ماكانىنىڭ ئىزناسىلا قېلىپ قالدى. كاپۇستا كېپىنىكى لىچىنكىلىرى ھازىر يۇقىرى قىسمىدىكى يوپۇرماق رايونىغا يۆتكەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۆكتات يوپۇرماقلىرىنى ئۇزۇقلۇق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ سۇس ئاپېلسىن رەڭدىكى بەدىنىدە ئاق رەڭلىك شالاڭ تۈكچىلەر ئۆسكەن بولىدۇ. تېنى تېخى ئىككى مىللىمېتىرلا كېلىدىغان كىچىك جانىۋارنىڭ كىچىككىنە بېشى قاپقارا، پارقىراق ئىدى، ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدىكى يىرتقۇچ ھالىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرگىلى بولاتتى.

قۇرتلار تۇپى كاپۇستىنىڭ يېشىل يايلىقىغا قەدەم بېسىشى بىلەنلا بەدىنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايدىغان مۇھىت يارىتىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئىككى - ئۈچتىن توپلىشىۋالغان بولۇپ، بىر - بىرىگە يېقىن ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەشۇت يىپىنى قۇسۇپ چىقىرىۋاتاتتى. مەشۇت يىپ ئالاھىدە ئىنچىكە بولغاچقا، پەقەت لوپا ئەينەك بىلەن تەپسىلىي كۆزەتكەندىلا ئاندىن كۆرگىلى بولاتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا كاپۇستا كېپىنىكى لىچىنكىلىرى بىر قېتىملىق تېرە تاشلاشنى تاماملاپ، تاشقى كىيىمىدە ئۆزگىرىش

بولدى، سۇس ئاپپلسىن رەڭگىنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان قارا چېكىتلەر پەيدا بولۇپ، ئاق رەڭلىك يۇمران تۇكچىلەرگە ئارىلىشىپ كەتتى. تېرە تاشلاش تولىمۇ جاپالىق بولغان بىر جەريان، بۇ مەزگىلدە لىچىنكىلار ئۈچ ـ تۆت كۈن جىمجىت تۇرىدۇ. بۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەپ تويمايدىغان ئېچىرقاش مەزگىلى باشلىنىدۇ، كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە كاپۇستا رەھىمسىزلەرچە دەسسەپ چەيلىنىدۇ.

نېمىدېگەن چوڭ ئىشتىھا ـ ھە ! كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيدىغان ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر ! بۇ بىر تېگى يوق كامار بولۇپ، يېمەكلىكلەر ئۇنىڭدىن ئۆتسىلا دەرھال باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەڭ چوڭ بىر تال كاپۇستا يوپۇرمىقىنى تاللاپ قەپەستىكى قۇرت توپىغا تاشلاپ بەردىم، ئىككى سائەتتىن كېيىن پەقەت يوپۇرماق غولىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. ئەگەر يېڭى كۆكتات يوپۇرمىقىنى داۋاملىق ئۇلاشتۇرۇپ تاشلاپ بەرمىگەندە، بۇ قۇرتلار يوپۇرماق غولىنى غاجىلاشقا باشلايدۇ. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن بەرگىلى تۇرسام، يۈز كىلوگىرام كۆكتات يوپۇرمىقى ئۇلارنى بىر ھەپتە بېقىشقا يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

كۆپىيىش مەزگىلىدە بۇ بىر توپ يىرتقۇچ قۇرتلار بىر خىل ئاپەتكە ئايلىناتتى. لاتىنلارنىڭ ئۇلۇغ پولىنارى ① ياشىغان دەۋردە، كىشىلەر قوغدىماقچى بولغان كاپۇستا ئېتىزىنىڭ ئوتتۇرىغا بىر تال مۇما قاداپ، ئۇچىغا ئاپتاپتا ئاقىرىپ كەتكەن ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى سانجىپ قويىدىكەن. كىشىلەر بۇنداق قورقۇنچلۇق غەلىتە نەرسە ياساپ قويغاندا، كۆكتات ئېتىزىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان زىيانداشلارنى بىر يەرگە يىغقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

مېنىڭچە، بۇ ئۇسۇل زىيانداشلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرىدىغان ئۇسۇل ئەمەس. بۇ يەردە ئەمەلىي قوللىنىشچان بىر

---

① پولىنار ــ قەدىمكى رىمنىڭ تەبىئەتشۇناسى، ئۇنىڭ ئوتتۇز يەتتە جىلدلىق «تەبىئەت تارىخى» دېگەن كىتابى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇسۇل ھەققىدە توختىلىمىز. بۇ ئۇسۇلنى بىزنىڭ رايوندىكىلەر ھېلىمۇ ھەم ئىشلىتىۋاتىدۇ. «ئەپسانە» دىنمۇ ئۇزاققىچە ساقلىنىدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك. پولىنار ئېيتقان قەدىمكى كۆكتات ئېتىزىنى قوغدىغۇچى ئەسۋاب ئۇزۇكسىز ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەنئەنە سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلدى. كىشىلەر ھازىر قولۇلە قېپىنى ئات بېشى سۆڭىكىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇنى تاياقچىنىڭ ئۇچىغا كىيدۈرۈپ، تاياقچىنى ئېتىزغا سانجىپ قويۇشىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى بۇرۇنقىدىن خېلى ئاددىيلاشقان بولسىمۇ، ئۇنۇمى ھېچقانچە پەرقلەنمىگەچكە، زىيانداشلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئانچە ئەسقاتمايدۇ.

مېنىڭچە، ئادەم ئانچە ئەقىللىك بولمىسىمۇ ھېچقىسى يوق، پەقەت ئازراق قارىغۇلارچە ئەگىشىپ ماڭالايدىغان كاللا بولسىلا، ئىشلار ھەقىقەتنى ئۆزى سۆزلەپ بېرىدۇ. دېھقان قوشنىلىرىمدىن سورىسام، ئۇلار ماڭا مۇنداق دېدى: قولۇلە قېپىدىن پايدىلىنىشنىڭ قائىدىسى تولىمۇ ئاددىي، ئاپپاق قولۇلە قېپى پارقىراپ ئاق كېپىنەكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. كاپۇستا كېپىنىكى بالىلىرى قولۇلە قېپى ئۈستىدە ئاپتاپتا پۇچىلىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇ يەردە يىگۈدەك ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كىچىك جانىۋارلار شۇ تەرىقىدە جان تەسلىم قىلىدۇ، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلەيدىغانلىرى تولىمۇ ئاز.

مەن ئۇلاردىن قولۇلە قېپىدا تۇخۇم دانچىلىرى قاتلىمى ياكى لىچىنكىلار توپىنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپ كۆردۈم. خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا:

— كۆرۈپ باقمىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى.

— كۆرۈپ باقمىغان بولساڭلار بۇلارنى قانداق بىلىسىلەر؟

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار، ھازىر بىز شۇ چاغدىكى بويىچىلا ئىش كۆرىمىز، باشقىسى بىلەن كارىمىز يوق.

بۇ جاۋابتىن تولىمۇ قانائەتلەندىم. چۈنكى، ئۇ قەدىمكى ئات بېشى سۆڭىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە چوڭقۇر ئورناپ

كەتكەنلىكتىن ئاسانلىقچە يوقالمايتتى. نەچچە ئەسىردىن بېرى كەڭرى تارقالغان ئەپسانىلەر ئەل ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، كۆكتات ئېتىزنى قوغدايدىغان بىر خىللا ئامالىمىز بار، يەنى ئېتىزنى ۋە كۆكتات يوپۇرمىقىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ، قۇرت تۇخۇمى قەۋىتىنى بارماق بىلەن مىجىپ، قۇرتلارنى پۇت بىلەن دەسسەپ يوقىتىۋېتىشتىن ئىبارەت. ھازىرچە بۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىر تېخى يوق. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئاز بولمىغان زېھىن ۋە ۋاقىت سەرپ بولىدۇ.

# بىنورماللىق ھەققىدە

ئاتالمىش بىنورمال دېيىلگىنى، شەيئىلەرنىڭ ماس ھالدىكى ئومۇمىيلىقىدىن چەتنەپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. مىسال، قورتنىڭ ئالتە تال پۇتى، ھەربىر پۇتىدا ئىنچىكە بىر تال بارمىقى بولسا، مانا بۇ بىنورماللىققا كىرىدۇ. نېمە ئۈچۈن پۇتى باشقا بىر ساندا بولماي ئالتە بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بارمىقى كۆپ بولماي بىر تال بولىدۇ؟ بۇنداق مەسىلىلەرنى مەنىسىز دەپ قاراپ ئويلاپمۇ باقمايمىز. ئومۇمىي قانۇنىيەت، ئومۇمىيەتنىڭ قانۇنىيىتى بولغاچقا، ئومۇمىي قانۇنىيەت دېيىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا پەقەت مۇشۇنچىلىكلا دىققەت قىلىشىدۇ، ئۇنىڭ ساقلىنىش سەۋەبىگە ئانچە زېھىن سەرپ قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، بىلىشىمىز ھاجەتسىز، دېيىشىدۇ.

بىنورماللىق بىزنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. نېمە ئۈچۈن بىنورماللىق بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش يۈز بېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلار يۈز بېرىدۇ؟ تەرتىپنى بۇزغۇچى ئىبلىس ھەممە يەردە ئىز قالدۇرغانمىدۇ؟ قىيا ـ چىيا ئاۋازلار خور ئاۋازنى قالايمىقان قىلىۋاتقانمىدۇ؟ مەسىلە بۇنچىۋالا ئېغىر بولغانىكەن، چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشىمىز زۆرۈر. مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا چوڭ ئۈمىد باغلاپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ.

ئاۋۋال يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ھادىسىلەردىن بىرنەچچىنى تاللاپ مىسال كەلتۈرۈپ باقايلى. تەتقىقات جەريانىدا بەزىدە

تاسادىپىي يېڭى بايقاشلارغا ئېرىشىپ قالىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تولىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، گەندىخور ھاشارات ئاشۇ ئومۇمىي قانۇنىيەتكە تەۋە بولمىغانلارنىڭ بىرى. تۇنجى قېتىم ھاشارات لىچىنكىسىنى كۆرگىنىمدە ئۇنى مەجرۇھتەك ھېس قىلغانىدىم. ئۇ چاغدا كۆڭلۈمدە گەندىخور ھاشارات لىچىنكىلىرى ھاياتلىق مۇساپىسىدە بەزى ئاپەتلەرگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاجىز تېنى ۋە ئارقا پۇتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلمىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئەجەبا يېمەكلىك ئىسكىلاتىنىڭ تار كارىدورىدا ئۇزاق مەزگىل بىر خىللا قىياپەتتە مېڭىۋېرىپ، بەدەن شەكلى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

بۈگۈن ئۇنىڭ سەۋەبىنى تولۇق چۈشەندىم. گەندىخور ھاشارات لىچىنكىسى كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئاقساق بولۇپ قالغان بولماستىن، بەلكى تۇغما مېيىپ بولىدىكەن. ئۇنىڭ تۇخۇمدىن قانداق چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن لوپا ئەينەك بىلەن تۇخۇمدىن چىقىۋاتقان ۋاقتىنى ئىنچىكە كۆزەتتىم. ئۇ يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلانغاندىن كېيىن بىر جۈپ ئارقا پۇتى ئولجىنى تۇتۇپ يېيىشتە مۇھىم رولىنى ئوينايدىغان مىجىغۇچ قىلىناتتى. ئەمما، ھازىر ئۇ پۇتلار يىگىلەپ ئانچە كۆزگە چېلىقمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ھېچقانداق رولى بولمايتتى. يۆگەپ دۇمبىسىگە ئارتىۋالغان پۇتلىرىنىڭ ئۇچى ئېگىلىپ گىرنىڭ ئىلمىكىگە ئوخشاپ قالغانىدى، يەرگە تەگمەيتتى.

بىر جۈپ ئالدى پۇتى تۇغۇلغان چاغدا نورمال بولسىمۇ، ئىنتايىن قىسقا ئىدى. ھاشارات بۇ پۇتلىرىنى ئالدى بەدىنىنىڭ ئاستى تەرىپىگە يىغىۋېلىپ، چىشلىۋالغان يېمەكلىك پارچىلىرىنى كۆتۈرۈشكە ئىشلىتەتتى. ئوتتۇرىدىكى بىر جۈپ پۇتى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك بولۇپ، ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلار خۇددى پۇختا تىرەكتەك ھاشارات تېنىنىڭ تومپىيىپ چىققان جايىنى تىرەپ تۇرىدۇ. سېمىز بەدىنى

ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ كەينى تەرەپتىن قارىغاندا، ھېچقانداق نەرسىگە ئوخشىمايدىغان، بۇ دۇنيادا يوق غەلىتە مەخلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنى بىر جۈپ ياغاچ ئاياغ كىيىۋالغان بوردەك دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭ تەن قۇرۇلمىسى نېمىشقا مۇشۇنداق غەلىتە بولىدۇ؟ بىزگە ئايان بولغىنىدەك، گەندىخور ھاشارات لىچىنكىسىنىڭ بەدىنىدە غەلىتە ئۆسكەن بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ ھاشارات لىچىنكىسىنىڭ كەمپۈت قەغىزىدەك خۇرجۇنى. ئۇ بەك ئېغىر بولغاچقا، ھاشارات ھەربىر قەدەم يۆتكەلگەندە سۆرىلىپ يىقىلىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سېمونت ماتېرىيالى دۆۋىلەپ قويۇلغان ئامبارنى ماكان قىلغان بولىدۇ. گەندىخور ھاشارات لىچىنكىسىنىڭ پۇتىنىڭ نېمىشقا مايماق ھالەتتە يىگلەپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدۇق. ئەگەر بۇ پۇتلار ئىلمەككە ئايلىنالىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە. گەندىخور ھاشارات لىچىنكىسى يېمەكلىك دۆۋىسىدە مېڭىپ يۈرۈپ مەززىلىك ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ يېتىلىشى نورمال بولسا، ئۇنىڭ ئىككى تال ياغاچ ئاياغ كىيىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، يۇقىرىغا تېخىمۇ ئاسان يامىشالايتتى.

بۇنىڭدىن مەن سىكاراب قوڭغۇزى لىچىنكىسىنى ئەسلەپ قالدىم. سىكاراب قوڭغۇزى لىچىنكىسى ئالاھىدە تار بىر ئۆيگە قامالغان بولۇپ، ھەرىكەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، قوزغۇلۇپ قالماي ئۆزىنى قويۇپ، بىر پارچە مەززىلىك يېمەكلىك ئېغىزىنىڭ ئالدىغىلا كېلىدۇ. مېڭىپ بولغۇچى ھەممە يەردە مېڭىپ يۈرسە، ساپساق تۇرغۇچى بىر قەدەممۇ ماڭمايدۇ؛ توكۇر بولغۇچى يىراققا بارالىغان بىلەن، ھەرىكەتتى چاققان بولغىنى نەگىلا بارسا تامغا ئۈسۈپلا يۈرىدۇ. ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇنداق ئىشنى قائىدە ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرگىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلانغاندىن كېيىن، سىكاراب قوڭغۇزى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۈردىكى ياپونىيە مايقوڭغۇزى، يېرىم چىپار تەنلىك قوڭغۇز، توم بويۇنلۇق قوڭغۇز، چىچەكسىمان چىپار قوڭغۇزلارنىڭ ھەممىسى مېيىپقا ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدى پۇتىدا بوغۇم بولمايدۇ. ھازىرغىچە مۇشۇ تۆت خىل ماي قوڭغۇزنىڭ ئەھۋالىدىن ئىگىلىشىمچە، ئاتالمىش ئايرىم ئەھۋال، ئوخشاش بىر تۈردىكى ھاشاراتلار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر تەرىپىنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

مەزمۇنى تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلاپ بارىدىغان كەسپىي سىستېمىلىق بىر لۇغەت بار، ئۇنى ئوقۇغان كىشى چۈشىنىكسىز ھېسسىياتتا بولىدۇ. تۈزگۈچىنىڭ قىزىقىشى بويىچە لۇغەتتە «قوڭغۇز» دېگەن بۇ قەدىمىي ۋە ئالىيجانابلىقا ئىگە ئىسىم تاشلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لاتىن تىلىدا «قورالسىزلانغۇچى» مەنىدىكى «ئادسىنوس» دېگەن ئىسىم ئىشلىتىلگەن. بۇ ئىسىمنى ئويلاپ تاپقۇچى ئالاھىدە بىر سەزگۈ ئىگىسىمۇ ئەمەس. سكاراب قوڭغۇزدىن باشقا كۆپ خىلدىكى گەندىخور ھاشاراتلارنىڭمۇ مۈڭگۈز قورالى بولمايدۇ. مىسال، سكاراب قوڭغۇزى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۆشى قاسراقسىز مايقوڭغۇزمۇ شۇنداق. ئۇ ھاشاراتلارنى تۈرگە ئايرىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىسىم قويۇشنى تەشەببۇس قىلغانىكەن، ئۇنداقتا چوقۇم «ئالدى پۇتىدا بوغۇم بولمايدىغان» ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىر سۆزنى ئويلاپ چىقىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق بىر ئاتالغۇ سكاراب قوڭغۇزى ۋە شۇ تۈردىكى ھاشاراتلارغىلا ماس كېلىشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى تۈزگۈچى ئويلاپمۇ باقمىغان. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ پەقەت قۇم دانچىسىنىلا كۆرۈپ، ئېگىز تاغنى كۆرمىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ سۆز تۈزگۈچىلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان بىر خىل غەلىتە نۇقسان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاشاراتلارغا نىسبەتەن بەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بوغۇم ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قول دەپ قارىلىدىغان بىردىنبىر جاي. مايقوڭغۇزنىڭ ئالدى پۇتىدا نېمە ئۈچۈن ھاشاراتلاردا بولىدىغان بارماقمۇ بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىمۇ ھەر خىل ھاشاراتلاردا ئومۇمىيۈزلۈك بولىدىغان پەنجە شەكىللىك تىرناقلار ئۆسمەستىن، پەقەت بىر جۈپ ناكار پۇت بىلەن بىر جۈپ چولاق قول بولىدۇ؟ مۇنداق بىر گەپ بولۇپ، خېلى يوللۇقتەك ئاڭلىنىدۇ. بۇ تەلۋە دوملاتقۇچىلار گەندە كۆمىلچىنى دوملاتقاندا بېشىنى ئاستىغا، قۇيرۇق تەرىپىنى ئۈستىگە قارىتىپ كەينىچە ماڭىدۇ، بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ھەممىسى ئىككى تال ئالدى پۇتىنىڭ ئۇچىغا چۈشىدۇ، گەندە كۆمىلچىنىڭ دومىلىشى يەرگە تايىنىپ تۇرغان ئاشۇ پىشاڭلارغا تايىنىدۇ.

ئىنچىكە ۋە سەزگۈر بارماق بۇنداق شارائىتتا بىۋاستە يەر يۈزىنىڭ سۈركىشىگە ئۇچراپ، ھەرىكەتكە زور قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ گەندىخور قوڭغۇزنىڭ ئۇنى تاشلىۋەتمەكچى بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب. ئۇنداقتا پۇتىنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قانداق ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىپ، قانداق تاماملىنىدۇ؟ ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقاندا تاسادىپىيلىق يۈز بېرىپ ئۈزۈلۈپ كېتەمدىغاندۇ؟ ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، ئەزەلدىن ئالدى پۇتىدا بوغۇمى بار ماي قوڭغۇزنى كۆرۈپ باقمىدۇق. تېخى ئەمدىلا گەندە كومىلچى دومىلىتىشنى ئۆگىنىۋاتقىنىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار قورچاق قېپىدا ئۆتكۈنچى مەزگىلىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەك ساۋۇتىنىڭ سىرتىدىكى روشەن سىزىقچىلاردىنمۇ بارمىقىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. يېتىلگەن ھاشاراتنىڭ بارمىقى بولماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بارمىقى ئۈزۈلۈش ھادىسىسى بۇرۇنقى دەۋردە يۈز بەرگەن. خېلى زامانلار ئىلگىرى مايقوڭغۇز بىر قېتىملىق تاسادىپىي

ۋەقەگە ئۇچراپ، كارغا كەلمەيدىغان ھېلىقى بارمىقى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ئويلىمىغان يەردىن ئارتۇقچە ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن ھېس قىلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىرسىيەت قالدۇرۇش رولىدىن پايدىلىنىپ، قالغان پۇتلىرىنى كېسىۋېتىشنى ئۆز قوۋمىغا يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ مايقوڭغۇز ھاشارەتلەرنىڭ بارماق شەكىلدىكى ئالدى پۇتى بولۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا قالغان ئالاھىدە ھاشارات بولۇپ قالغان.

ئەگەر كۆپلىگەن گۇمانلار ئوتتۇرىغا چىقمىسىلا، يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئەمما، كىشىلەر ئىختىيارسىز ئويلايدۇ: ئەڭ دەسلەپتە نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا كېيىن كارغا كەلمەسلىك سەۋەبىدىن كېسىۋېتىلىدىغان ئەزانى تەن قۇرۇلمىسىدا ھازىرلاش ئېستىكى تۇغۇلغان؟ ھايۋانلارنىڭ ئۈستىخان قۇرۇلمىسىدا ئەجەبا لوگىكا ۋە يىراقنى كۆرۈش زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا مەلۇم قۇرۇلمىنى قارىغۇلارچە قوللىنىپ، شەيئىلەردە يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى پۈرسەت دەپ قاراش كېرەكمۇ؟

بۇنداق ئەخمىقانە خىياللارنى نەزەردىن ساقىت قىلايلى. ئىش ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەمەس. مايقوڭغۇزنىڭ كەم بولغان ئالدى پۇت بوغۇمى ئىلگىرىمۇ يوق ئىدى. ياق، مايقوڭغۇزى ھەرگىزمۇ گەندە دومىلاتقاندا كەينىچە دومىلىتىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئىككى بوغۇمىدىن ئايرىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى دەل ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتىدىن ئىبارەت. بۇنى كىم دېگەن؟ بۇنى تۆشى قاسىراقسىز مايقوڭغۇزى بىلەن سىسفۇس قوڭغۇزى دېگەن. بۇ ئىككى گۇۋاھچىمۇ دومىلىتىش ماھىرلىرى، ئۇلارمۇ بېشىنى ئاستىغا قىلىۋېلىپ، قىيىنلىقى يۇقىرى خىزمەتنى ئالدى ئىككى پۇتىغا چۈشكەن ئېغىرلىق كۈچى بىلەن ئورۇنلايدۇ. ھالبۇكى، يەر يۈزى بىلەن توختىماي سۈركىلىپ تۇرسىمۇ، سىكاراب قوڭغۇزىنىڭ ئالدى پۇتلىرى يەنىلا باشقا ھاشاراتلارنىڭكىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇكەممەل بارماق ھالىتىنى ساقلىغان؛ سىكاراب قوڭغۇزى ئىنچىكە پۈت بوغۇمىنى قانچىلىك ياقتۇرمىسۇن، ئۇ يەنىلا تاشلىۋەتمىدى. نېمە ئۈچۈن سىكاراب قوڭغۇزى باشقا قوڭغۇزلار رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان ئومۇمىي قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ؟ بۇ مەن سورىغان ئانچە ئاقىلانە بولمىغان بىر سوئال. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان دانانىڭ چىقىشىنى تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن قارشى ئالىمەن.

سازلىق چېغىرتمىقى خارتۇملۇق ھاشاراتنىڭ پۈت بوغۇمىنىڭ ئۇچىدا بىر تاللا ئىلمەك بولۇپ، باشقا ھاشاراتلاردا بولسا تەڭ ئۆسكەن ئىككى تال ئىلمەك بولىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت بىر تاللا ئىلمىكى بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن تولۇق رازى بولدۇم. ئۇنىڭ ئىككى تال ئىلمىكىنىڭ بىرى كەم بولۇشىغا زادى نېمە سەۋەب بولغان؟ ئەجەبا بىرى رودىمېنتلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ يەنىلا رولى بار. قالدۇق ئىلمەك يامىشىش قورالى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن چېغىرتماقگۈلنىڭ سىلىق شاخ ۋە يوپۇرمىقىغا يامىشالايدۇ، گۈل بەرگىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، گۈل بەرگىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوخشاشلا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ، ئۇ بولسىلا خارتۇملۇق ھاشارات يۈزى سىلىق غوزەك مېۋىنىڭ ئۈستىدە خاتىرجەم يۈرەلەيدۇ. بىر تال ئىلمىكى ئارتۇق بولسا، بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا زور ياردىمى بولىدۇ. ئەمما، بۇ قارام ھاشاراتقا يەنە بىر ئىلمەكنىڭ لازىمى يوق. ئەمەلىيەتتە، تەبىئىي قانۇنىيەت ئۇنىڭ ئىككى تال ئىلمەككە ئىگە بولۇشىغا يول قويىدۇ، باشقا ھاشاراتلار ئىككى تال ئىلمەك ئىشلەتسە، چېغىرتماقگۈلدىكى مەجرۇھچاقنىڭ بىر تال ئىلمىكى كەم، بۇنىڭغا زادى نېمە سەۋەبچى؟

قائىدە بويىچە، بىر تال ئىلمەكنىڭ كەم بولۇشى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. ئەمما، كونكرېت نەرسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمىگۈدەك بىر ئىشلا، خالاس. بۇ تەپسىلاتنى بىلىش ئۈچۈن، يەنىلا لوپا ئەينەككە مۇراجىئەت

قىلىمىز. لوپا ئەينەكنىڭ كۆپۈنگۈلىنزىسى ئاستىدا بۇ كەمتۈكلۈكنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئالپىس تېغىدا ياشايدىغان بىر خىل سېرىق چېكەتكە بولۇپ، ۋېندىر چوققىسى تاغ رايونىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇچۇش ئەسۋابى بولغان پەردىسىمان قاناتنى كېرەك قىلمايدۇ، يېتىلگەن ھالىتى لىچىنكا بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. جۈپلىشىش مەزگىلى يېقىنلاشقاندا خېلى چىرايلىقلىشىپ، قويۇق قىسمىدا قىزىل چېكىتلەر پەيدا بولۇپ، پۈت ئۈگىسى كۆك رەڭگە كىرىدۇ، ئەمما ئۇ ئەمدى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ تولۇق يېتىلگەن بولۇپ، جۈپلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرالىسىمۇ، ئەمما چېكەتكە ئائىلىسىدىكى باشقا ھاشاراتلاردەك ئۇچۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولماستىن، سەكرەپ يۈرىدۇ.

سەكرىيەلەيدىغان ھاشاراتلار ئىچىدە پەقەت شۈلا كالۋا پىيادە ئەسكەر، دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ لاتىن تىلىدا «پىيادە يۈرگۈچى» دېگەن لەقىمى بار. ئوخشاش تۈردىكى باشقا ھاشاراتلارغا بولسا قانات ئۆسۈپ چىققان، بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب، ئۇنىڭ مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدىغان ئۇچۇش ئەزاسىنىڭ قاتتىق تاشقى قاپتىن تۈزۈلگەن يەلكىسىدە بولغانلىقىدا. تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانىدا، قانداق بولۇپ كۆك پۈتلۈق سېرىق چېكەتكىنىڭ چىرايلىق قانىتى قاپ ئىچىگە بەند بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۇ ئەسلىدە ئۇچۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇچۇشنى خالىمىغان. بۇنىڭدا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدىغان سەۋەب يوق. بۇ خىلدىكى ھاشاراتنىڭ چىشلىق چاق سىستېمىسى ھەرىكەتتىن توختىغان.

پسايك كېپىنەكنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىنمۇ غەلىتە. بۇ خىل ھاشاراتلارنىڭ چىشىسىنىڭ دەسلەپكى ئۆسۈش دەۋرىدىن قارىغاندا، كېپىنەككە پۈتۈنلەي ئايلىنالايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار كېپىنەككە ئايلىنىشقا ئامالسىز، پەقەت ئەتلىمە گۆش ھالىتىنىلا ساقلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇخۇم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خالتىسىغا لىق كەلگۈدەك ھالەتكە كېلەلەيدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئۇچالايدىغان ھاشارات بولسىمۇ، ئۇچالايدىغان ھاشاراتلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولغان قاناتنى ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. بەلگىلەنگەن شەكىل پەقەت ئەركەك ھاشاراتنىڭ بەدىنىدىلا ئىپادىلىنىدۇ. ئەركەك ھاشاراتلار ئاخىرىدا قارا مامۇق كىيىم كىيگەن ھالەتكە ئۆزگىرىپ، رەڭگارەڭ مامۇق بېزەككە تولغان پالۋانغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە ئەركىن ئۇچالايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىككى جىنسنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بىرىدە پەقەت بىر بۆلۈك لاي ئۇچەيلا ئۆسۈپ، يەنە بىرى شەكىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىق رەڭگارەڭ مۇكەممەل كېپىنەككە ئايلىنالايدۇ؟

ئەمدى بىر خىل كالتە قاناتلىق ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنى كۆرۈپ باقايلى. قېنى قانداق ئويلايسىزكىن؟ ئۇ لىچىنكا مەزگىلىنى تېرەك ۋە سۆگەت دەرىخىدە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ بىر خىل مۇڭگۈزلۈك ئۇزۇن قالقان قاناتلىق ھاشاراتنىڭ، تەن تۈزۈلۈشى خېلى چىرايلىق. ئۇ دولانا دەرىخىدە ياشايدىغان ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز بىلەن بەسلىشەلەيدۇ. قالقان قاناتلىق ھاشاراتلار توغرىسىدا سۆزلىسەك، ھەقىقىي قالقان قاناتلىق ھاشاراتتا يۇمراق قانىتىنى ۋە ئاسانلا ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان تېنىنى قوغدايدىغان قالقانسىمان قانات ئۆسكەن بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان تېرەك، سۆگەتتە ياشايدىغان ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز قالقان قاناتلىقلار تۈرىدىكىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى پەقەت كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇنىڭ يەلكىسىدە قالقانسىمان قانات كەبى بىر جۈپ قىسقا ئۇچلۇق بۆلەك ئۆسكەن بولۇپ، قارىماققا قىسقا قارلىغاچ قۇيرۇقىسىمان مۇراسىم كىيىمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سىز ئۇنىڭ ئىككى تال قانىتىنىڭ تېنىنى تولۇق ياپالمىغان ھالىتىنى كۆرۈپ، كىيىم پىچقاندا رەخت كەملەپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئىككى تال قارلىغاچ قۇيرۇقى ئاستىدىن قورسىقىنىڭ ئۇچىغىچە سوزۇلغان بىر جۈپ كەڭرى قانات ئۆسۈپ چىققان.

مۇنداقلا قارىغاندا، تۈرقى بەكمۇ غەلىتە قارا ھەرىنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. قالقانسىمان قاناتلىق ھاشارات تۈرۈپمۇ قورسىقىنى ياپالمايدىغان قالقاننىڭ يەنە نېمە رولى بولسۇن؟ ماتېرىيال يېتىشمىگەنلىكتىنمۇ؟ بەدىنىگە تولۇق كېلىدىغان يۇرۇشلۇك كىيىم شۇنچە قىممەتمىدۇ؟ بۇنداق بېخىللىق كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

قالقانسىمان قاناتلىق ھاشاراتنىڭ يەنە بىر خىلى بولغان ئوسۇرغاق قوڭغۇزنى كۆرۈپ باقايلى. بۇنىڭدىن يەنە نېمىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرىدىڭىز؟ نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇنىڭ لىچىنكىلىرى ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنىكىگە ماكانلىشىپ، ئۇنىڭ قورچاقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلانغاندىن كېيىن، ياز پەسلىدە دائىم بوغساق ئوتىنىڭ پۆپۈكى ئارىسىدا يۈرىدۇ. مۇنداقلا قارىسىڭىز ئۇنى قوش قاناتلىق ھاشارات ياكى چىۋىن دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر جۈپ قانىتىنىڭ ئۈستىدە قالقانسىمان قانات بولمايدۇ. يېقىنراق بېرىپ كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ مۈرىسىدە بىر جۈپ قاسراق، يەنى ئىشلىتىلىشتىن قالغان بىر جۈپ قالقانسىمان قانات قالدۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇمۇ ئەزالارنىڭ تولۇق يېتىلمىگەنلىكىنىڭ بىر مىسالى. بۇ ھاشاراتمۇ ئىككى تال قالقانسىمان قانىتىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشنى ئويلىماي، ئۇلارنىڭ قالدۇقىنىلا ساقلاپ قالغان.

قالقانسىمان قاناتلىق ھاشاراتلار ئىچىدە سانى ئىنتايىن كۆپ بىر خىلى بار. ئۇ بولسىمۇ يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇزدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قالقانسىمان قانىتىنى كېسىۋەتكەن بولۇپ، ئۇچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرىلا قېلىپ قالغان. بۇ خىلدىكى ھاشاراتلار تولىمۇ تېجەشچان، قىسقا كىيىمنىڭ ئاستىدىن كېلەڭسىز قورساقلىرى چىقىپ قالغاچقا، گۆزەللىكتىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

مەجرۇھلۇق، كۆرۈمسىزلىك، بىنورماللىق ھادىسىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داۋاملىق مىسال كەلتۈرسەك، بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئارقىدىن تۇگىمەس نېمە ئۈچۈنلەرگە دۇچ كېلىپ، جاۋابىنى تېپىپ بولالماي قالىمىز. ھايۋانلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئىنتايىن قىيىن. ئەمما ئۆسۈملۈك ئۇنداق ئەمەس. پەقەت ئۇسۇلىمىز جايىدا بولسىلا، ئۇلار ھەرقاچان بىزگە ماسلىشىپ، سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىدۇ. ئەمدى بىنورماللىق ھادىسىسى توغرىسىدىكى سوئاللارنى ئۆسۈملۈكلەردىن سوراپ باقايلى، بەلكىم ئۇلار بىزگە قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئازغان مۇنداق بىر تېپىشماقنى ئوتتۇرىغا قويىدى: بىز بەش قېرىنداشنىڭ ئىچىدە ئىككىمىزنىڭ ساقىلى بار، ئىككىمىزنىڭ ساقىلى يوق، يەنە بىرىمىزنىڭ بولسا يېرىم ساقىلى بار.

بۇ بەش قېرىنداش زادى نېمە؟ ئۇلار دەل ئازغاننىڭ بەش تال ئورىغۇچى يوپۇرمىقى، يەنى گۈل كاسىسى يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. بۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆزىتىپ باقايلى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يوپۇرماق شەكىللىك ياكى پەي شەكىللىك قىلتىرىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇلار بەزىدە ئېپتىدائىي ھالەتكە قايتىپ، ئازغان يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۆسۈملۈكشۇناسلىق بىلىملىرى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، ئەمەلىيەتتە، ھەربىر تال گۈل كاسا يوپۇرمىقى شەكلىنى ئۆزگەرتكەن يوپۇرماق بولۇپ، مانا بۇلار ئاتالمىش ساقىلى بار ئىككى قېرىنداش.

يەنە ئىككى تال گۈل كاسا يوپۇرمىقىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھېچقانداق قىلتىرىقنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى ئاتالمىش ساقىلى يوق ئىككى قېرىنداش. ئاخىرىدا يەنە بىر تال گۈل كاسا يوپۇرمىقىنىڭ بىر تەرىپىدە ھېچنېمىنىڭ يوقلۇقىنى، يەنە بىر تەرىپىدە بولسا پەي شەكىللىك قىلتىرىقنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئاتالمىش يېرىم ساقاللىق قېرىنداش.

بەش تال گۈل كاسا يوپۇرمىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى تاسادىپىي ئامىل سەۋەبىدىن ياكى گۈلنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن بولغان ئەمەس. بارلىق ئازغان گۈللەرنىڭ چىنىسىمان يوپۇرماقلىرى مۇشۇ تەرزدە ماسلاشقان بولۇپ، ئازغان گۈلى كاسا يوپۇرمىقىنى ئۈچ خىل قىلىتىرىق قۇرۇلما تىپىغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ بىر مۇقىم قائىدە بولۇپ، گۈل تۈپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش قانۇنىيىتىدىن شەكىللەنگەن. ئىنسانلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال ساقلانغان، ۋىترۇۋىئاس① نىڭ سەنئىتى بىزنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشىمىزدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ خىلدىكى ئاددىي ۋە گۈزەل ئالاھىدىلىككە ئىگە قانۇنىيەت ئۆسۈملۈكشۇناسلىقتا مۇنداق شەرھلەنگەن: ئۆسۈملۈك دۇنياسىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرتىپ — بەشنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ تىزىش شەكلى بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى مۇشۇ تۈزۈلۈشكە رىئايە قىلىپ، بۇرمىسىمان قاتلىنىش ئۇسۇلى بويىچە بەش تال بەرگ تەرتىپ بويىچە تىزىلىپ، ھەربىر ئايلانما ئۆزئارا ئوخشاش دېگۈدەك چەمبەرنى شەكىللەندۈرگەن، ئەمما بۇنداق تىزىلىشنىڭ نەتىجىسىدە، ھەربىر گۇرۇپپىدىكى بەش تال بەرگ ئىككى بۇرمىسىمان قەۋەتكە تەكشى تىزىلغان، يەنى ھەر ئىككى ئايلانمىغا بەش تال بەرگ ئورۇنلاشقان.

سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، گۈل كاسا يوپۇرمىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئازغان گۈلنىڭ ئومۇمىي لايىھەلىنىش مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈش ئاسانلىشىدۇ. بىر چەمبەر ئايلانمىسىنى ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولغان بەش بۆلەككە بۆلەيلى، بىرىنچى ئۈزۈك نۇقتىغا بىر تال گۈل يوپۇرمىقىنى قويايلى. ئىككىنچى گۈل كاسا يوپۇرمىقىنى قەيەرگە قويىمىز؟ ئۇنى ئىككىنچى ئۈزۈك نۇقتىغا قويساق بولمايدۇ. ئەگەر شۇ ئورۇنغا

① ۋىترۇۋىئاس — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە ياشىغان قەدىمكى رىمنىڭ داڭلىق ئارخىتېكتورى. ئۇنىڭ «بىناكارلىق ئىلمى» دېگەن ئەسىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويغاندا، بىر قەۋەت چەمبەرگىلا بەش تال گۈل چىنىسى يوپۇرماقچىسى پېتىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى قەۋەت چەمبەرگە تەكشى تەقسىملىگىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى تال گۈل كاسا يوپۇرمىقىنى ئۈچىنچى ئۈزۈك نۇقتىغا قويايلى. ئاندىن ھەربىر ئۈزۈك نۇقتىنى ئاتلاپ بىر تال گۈل كاسا يوپۇرمىقىنى قويايلى. پەقەت مۇشۇنداق تىزغاندىلا، ئىككى چەمبەر ئايلانمىسىدا بەش تال گۈل يوپۇرمىقىنى تەكشى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئەمدى گۈل كاسا يوپۇرمىقىنىڭ تەگ قىسمىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى ئارىلىقىدا بوشلۇق قالمىغان چەمبەرگە ئورۇنلاشتۇرايلى. ئەمدى كۆرىدىغىنىمىز، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ئورۇندىكى بەرگىنىڭ پۈتۈنلەي قاتلانماستىن، يۈزى قىسمىنىڭ تولۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز؛ ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى ئورۇندىكى بەرگىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىن يېنىدىكى بەرگ بىلەن كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز؛ بەشىنچى ئورۇندىكى بەرگىنىڭ بولسا بىر تەرىپىنىڭ توسۇلۇپ، يەنە بىر تەرىپىنىڭ ئېچىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نۇقتا ئېنىقكى، توسۇلۇپ تۇرغان تەرەپلەرنىڭ ئۈستىدە باشقا بەرگدىن شەكىللەنگەن توسالغۇ بولغانلىقتىن، شۇ تەرەپتىكى يۇمران تۈكچىلەر ئۆسۈپ چىقىشقا ئامالسىز قالىدۇ. مۇشۇنداق مىخانىزم سەۋەبىدىن، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ئورۇندىكى گۈل كاسا يوپۇرمىقىدا قىلتىرىق ئۆسكەن، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى ئورۇندىكى گۈل كاسا يوپۇرمىقىدا قىلتىرىق ئۆسمىگەن، بەشىنچى ئورۇندىكى گۈل كاسا يوپۇرمىقىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۆسۈپ، يەنە بىر تەرىپىدە ئۆسمىگەن.

شۇنداق قىلىپ، ئازغان تېپىشمىقىنىڭ جاۋابىمۇ چىقتى. يۇزەكى قارىغاندا، بەش تال گۈل كاسا يوپۇرمىقىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەستەك، تاسادىپىي ھالدا بىنورمال ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بەش تال گۈل كاسا

يوپۇرمىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى دەل ماتېماتىكىلىق ئېنىقلىمىنىڭ مۇقەررەر ئىپادىسى بولۇپ، بىر خىل ئىچكى ئالگېبرالىق پىرىنسىپنى ئىسپاتلايدۇ. تەرتىپسىزلىكنىڭ ئېتىپ بېرىدىغىنى تەرتىپ، قائىدىسىزلىكنىڭ ئىسپاتلايدىغىنى قائىدە.

بىز يەنە ئۆسۈملۈك دۇنياسىدىكى سېھرىي سىمېتىرىيىنى داۋاملاشتۇرايلى. بەشنى بىرلىك قىلغان تەرتىپ قانۇنىيىتى ئۆسۈملۈك گۈلىنى ئورۇن تەرتىپىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ تىزىلغان گۈل بەرگىگە ئىگە قىلغان. ھالبۇكى، كۆپلىگەن گۈل تاجىسىنىڭ توپلىشىش شەكلى نورمال شەكىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مىسال، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىنىڭ گۈل تاجىسى بىلەن نىقابسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىنىڭ گۈل تاجىسى دەل مۇشۇنداق. كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىنىڭ گۈل تاجىسىنىڭ بەش تال يېرىندىسى بولۇپ، سىلىندىرسىمان تۇۋرۇكىنىڭ ئۇچىدا ئوچۇق ھالەتتىكى تاجنى شەكىللەندۈرۈپ، رەتلىك بەش تال گۈل بەرگىنى ھاسىل قىلغان. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى تال چوڭ ئېچىلغان لەۋ ھالىتىدە بولۇپ، بىرى ئۈستىگە، يەنە بىرى ئاستىغا جايلاشقان. ئۈستۈنكى لېۋىگە ئىككى تال گۈل بەرگى يېرىندىسى، ئاستىنقى لېۋىگە ئۈچ تال گۈل بەرگى يېرىندىسى ئورۇنلاشقان.

كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىنىڭ گۈل تاجىسىغا ئوخشاشلا، نىقابسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىنىڭ گۈل تاجىسىمۇ جۈپ لەۋ ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۈستى لەۋ ئىككى تال، ئاستى لەۋ ئۈچ تال يېرىندىدىن شەكىللەنگەن. ئوخشىمايدىغىنى، ئاستىنقى لەۋدىكى ئۈچ تال يېرىندا چوقچىيىپ چىققان شەكىلدە ئۈستۈنكى لەۋنى تىرەپ، گۈل تاجىسىنىڭ بىر كىرىش ئېغىزىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ يان تەرىپىنى بارماق بىلەن قىسقاندا جۈپ لەۋ ئېچىلىدۇ، قويۇۋەتكەندە بولسا يېپىلىدۇ. كىشىلەر ھەرىكەتتىكى تولىمۇ ئوبرازلىق بۇ ئۆسۈملۈككە «ھايۋان چىراي ئوت» دەپ ئىسىم قويغان، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەزىلەر ئۇنى «بۆرە ئېغىزى ئوتى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن باشقا يەنە، هايۋان چىراي ئوتنىڭ چوڭ لېۋى ۋە يالغان نىقابىنىڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ئوبرازى ئارىسىدا بەزى ئوخشاشلىقلارنىمۇ هېس قىلالايدۇ. قەدىمكى تىياتىر سەھنىسىدە ئارتىسلار نىقاب بىلەن بېشىنى ئورىۋېلىپ، ئۆزى ئوينىماقچى بولغان شەخسنىڭ ئوبرازىنى يارىتاتتى. نىقابلىق گۈل تاجىسىنىڭ نامى مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن.

قوش لەۋ هالىتىدىكى گۈل تاجىسىنىڭ بىنورمال ئالاھىدىلىكى ھەرقايسى ئاتىلىقتا بەزى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، بەزى ئورۇنلاردا زىچ، بەزى ئورۇنلاردا شالاڭ جايلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئورنى ئاتىلىقنىڭ چاڭلىشىشىغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، بەش تال ئاتىلىقنىڭ بىرى ئالىبۇرۇن تاشلانغان. نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي مىساللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇنىڭ پەقەت تەگلىكىنىڭ ئىزىلا ئازراق ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرۇن مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ. قالغان تۆت تال ئاتىلىق ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشىمايدىغان ئىككى جۈپكە ئايرىلغان ھېلىقى تولىمۇ قىسقا ئاتىلىقنى پۈتۈنلەي يوقاتماقچى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ.

چۆل يالپۇزى بىر جۈپ قىسقا ئاتىلىقنى يوقىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنراق ئىككى تاللا ئاتىلىقى بولىدۇ. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئىككى ئاتىلىقنىڭ گۈل يېپچىسىدا يېرىمدىن چاڭدان بولىدۇ. تۇرى كۆپ بولغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىي قانۇنىيەت بولۇپ، ھەر بىر چاڭدان ئىككى دانە ئايرىمخانىغا ئايرىلىپ، بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە ئوتتۇرىدىكى نېپىز «چاڭدان ئايرىما قەۋىتى» تەرىپىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ قىستۇرۇلما قەۋەت گۈل يېپچىسىنىڭ ئۈستىگە يانتۇ ھالدا جايلىشىپ، تارازا يەلكىسىدە قورۇلمىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ چۆل يالپۇزى ئۈچۈن

ئىنتايىن مۇھىم. تارازا يەلكىسىنىڭ بىر ئۇچىدا چاڭدان قويۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرىپىدە ھېچنېمە يوق. ئاتىلىقنىڭ ھالقىسىمان تۈزۈلۈشىدە ئەڭ مۇھىم نەرسە ساقلانغاندىن باشقا، قالغان نەرسىلەر گۈل تاجىسىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى سەۋەبىدىن قۇربانلىققا ئايلانغان.

ئەمما، گۈلنىڭ ئەسلىدىكى زۆرۈر قۇرۇلمىسىغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان بىنورماللىق نېمە ئۈچۈن كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، نىقابسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى ۋە باشقا بەزى خىلدىكى ئۆسۈملۈكلەردە كۆرۈلىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى تونۇش ئۈچۈن، بىناكارلىق ئىلمى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەكشۈرۈش ئېلىپ بارايلى. ئەڭ دەسلەپ سىلىق قورام تاشقا تايىنىپ كۆۋرۈك يۈزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا جۈرئەت قىلغان كىشى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغۇچى «باش كاھىن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن، بۇ نامنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «كۆۋرۈك ياسىغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار چەمبەر يايىنى تاش ماتېرىيال دۆۋىسىنىڭ ئۆلچەملىك مودېلى قىلىپ، بۇ خىل يايىنى يېرىم چەمبەر دەپ ئاتىغان. كېيىن يەنە يېرىم چەمبەر تېرىكى دەپمۇ ئاتىغان. ئۇ رەتلەنگەن تاش ماتېرىيالدىن قۇراشتۇرۇلغان ئەگمە ئارقىلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى قېلىپ قارىماققا پۇختا ۋە كۆركەم بولسىمۇ، ئەمما ئاددىي ھەم قوپال كۆرۈنىدۇ.

ئاندىن كېيىن قارىمۇقارشى ئەگمە بارلىققا كېلىدۇ، مەركىزىي ئورنى ھەر خىل، يۆنىلىشى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئەگمىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن يېڭى ئۆلچەملىك قېلىپ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئەگمە ئۆگزە تېخىمۇ ئېگىز، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ كۆركەم، ئۈستى قەۋىتى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ياسىلىدىغان بولدى. ئوخشىمىغان شەكىللەرنى ئۈستىلىق بىلەن بىرىكتۈرۈشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ، بۇنىڭ بىلەن رەڭدارلىق، كۆپ خىللىق يەككە ۋە ئۆلۈكلۈكنىڭ ئورنىنى

ئالغان.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان گۈل تاجىسى گۈل قۇرۇلمىسىنىڭ ياي شەكىللىك ئەگمىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ قىياپىتىنىڭ سائەت شەكلىدە ياكى چەينەك شەكلىدە بولۇشىدىن، مەيلى چېچىلغان نۇرسىمان ياكى يۇلتۇزسىمان بولۇشىدىن ياكى باشقا شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان گۈل تاجىسىنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق چەمبەر شەكلىدە تىزىلىشتىن شەكىللەنگەن. قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گۈل تاجىسى بولسا ئادەتتىن تاشقىرى شىجائەتلىك قارىمۇقارشى ئەگمىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلگە بەرگەن شېئىرىي سەنئىتى ھەقىقىي شېئىرنىڭ تەرتىپسىز گۈزەللىكىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان. ھايۋان چىراي ئوتنىڭ لەۋ شەكىللىك نىقابى، چۆل يالپۇزىنىڭ چوڭ ئېغىزى ئەنگلىيە دولانىسى ۋە فىرانسىيە ئەينۇلا دەرىخىدەك شەرەپ ئوردېنى ئېلىشقا مۇناسىپ. ئۇلار گاممىغا كىرگۈزۈلگەن يېرىم نوتىغا، جۇشقۇن سىمفونىيەدىن چىققان گۈزەل ۋارىياتسىيە مۇزىكىسىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە! بەزىدە ئويلىمىغان يەردىن قىستۇرۇلغان يەككە كۇي ئومۇمىي ئوركېستىرغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى تاشيارغان ئارىسىدا يۇرىدىغان سېرىق چېكەتكە ئوخشاش لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىدا، ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئۇچمايدىغانلىقىنى، يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇزمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆزىنىڭ نېمىشقا قىسقا كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى، نېستۇرى قوڭغۇزمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆزىنىڭ نېمىشقا قىسقا قارلىغاچ قۇيرۇقى شەكلىدىكى مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغانلىقىنى، ئوسۇرغاق قوڭغۇزمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆزىنىڭ نېمىشقا قوش قاناتلىق ھاشاراتلارغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىدا ئاددىي ۋە مەنىسىز ئاساسىي مېلودىيەنى رەڭدارلىقىغا ئىگە

قىلىدۇ؛ ھەربىرى بارلىق ئەزالارنىڭ ئوركېستىر كېچىلىكى ئۇچۇن ئۆزى ماھىر بولغان كۈيىنى تەقدىم ئېتىدۇ. بىز تېخى مايقوشغۇزنىڭ نېمە ئۇچۇن ئالدى پۇت بوغۇمىنى كېرەك قىلمايدىغانلىقى، نېمە ئۇچۇن سازلىق چىغىرتمىقى خارتۇملۇق ھاشارىتىنىڭ بارمىقىدا بىر تاللا ئىلمىكى بولىدىغانلىقى، نېمە ئۇچۇن گەندىخور ھاشارات لىچىنكىسىنىڭ تۇغۇلۇشىدىلا مەجرۇھ بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلىيالمىدۇق. بۇنداق ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۇرۇپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب زادى نېمە؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، ئۆسۈملۈكلەردىن يەنە بىر قېتىم تەلىم ئالايلى.

پارنىكقا ئەسلىي جايى پىرۇ بولغان گۈلسامساق تېرىلغان. بۇ غەلىتە ئۆسۈملۈك كۆچىلىمىزدە تېپىشماقتەك گۇمان پەيدا قىلىدۇ. بىر قاراشتا، سۆگەت يوپۇرمىقىسىمان يوپۇرماقنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكۈدەك ھېچ نەرسىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنداقتا، يېقىنراق بېرىپ قاراپ باقايلى. نەتىجىدە، تالچىسىمان يوپۇرماق غولىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن سوزۇلغان ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. باشقا يوپۇرماقلارغا قاراپ باقساق، ھەممىسىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنى كۆرۈپ كۆز ئالدىمىزدا بويۇن مۇسكۇلى تولغىنىپ كەتكەن بىر تۇپ ئۆسۈملۈك نامايان بولىدۇ.

تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن بارمىقىمىزدا ئۇنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇپ، قايرىلىپ كەتكەن قىسمىنى تارتىپ تۈزلەپ قويدۇق. نەتىجىسى بىزنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى: يوپۇرماق سېپى كەينىگە تولغىنىپ تۈزلەنگەندىن كېيىن ئۇ يەنە ئۆرۈلۈۋالدى. ئۈستى تەرىپى ئاپپاق بولۇپ، ھاۋا تۆشۈكچىلىرىگە تولغان، رەت ـ رەت يوپۇرماق تومۇرلىرى بار ئىدى؛ ئاستى تەرىپى بولسا ئۈستىگە قارىشى كېرەك ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ چاغدا ئاستى تەرەپكە قاراپ تۇرغان يۈزى پارقىراق ۋە يېشىل ھالەتتە ئىدى. باشقا ھەرقانداق ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقى

ئاستى تەرىپى قوتۇر، ئۈستى تەرىپى سىلىق ۋە پارقىراق بولۇشتەك قائىدىگە رىئايە قىلىدۇ.

ئومۇمەن، تولغىنىش ھالىتىنى ئوخشاپ، پىرو گۇلسامىسقىنىڭ ھالىتىنى ئەسلىگە قايتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق يوپۇرماقلىرى تەتۈر ھالەتكە كەلدى. تەسكەي تەرىپى كۈنگەيگە، كۈنگەي تەرىپى تەسكەيگە ئۆزگەردى. ئۇڭ – تەتۈرى ئالماشتۇرۇلغان ئەھۋالدا، يوپۇرماق ئۆزىگە خاس رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش خاتالىقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈك بارلىق يوپۇرماقلىرىنىڭ بويىنىنى تولغاپ، يوپۇرماق سىپىنى ئايلاندۇرۇش تەدبىرىنى قوللانغان.

بۇنداق ئايلانما ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى كۈچ دەل كۈن نۇرىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىز ئادەم كۈچى ئىشلەتسەك، كۈن نۇرى ئۆزى قىلغان ئىشنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. مەن بىر تال تاياقچە ۋە شوينا تېپىپ كېلىپ، گۇلساماقنىڭ بىر تال شېخىنى ئېگىپ، ئۈچىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تاياققا باغلاپ قويدۇم. كۈن نۇرىنىڭ تەسىرىدە بارلىق يوپۇرماقلار نەچچە كۈن ئۆتمەيلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، يوپۇرماق سېپى تۈز ھالەتكە كەلدى. بۇ چاغدا پارقىراق تەرىپى دەل قۇياش نۇرىغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئاپپاق ۋە يىرىك تەرىپى تەسكەي تەرەپكە قارىغانىدى. بارلىق يوپۇرماقلارنىڭ بوينى تولغىنىش كېسىلى يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ يۆنىلىشى نورماللاشقان بولسىمۇ، بۇ بىر تۈپ ئۆسۈملۈكنىڭ ئاستى بىلەن ئۈستى ئالمىشىپ قالغانىدى.

يوپۇرمىقىنى شېخىغا تەتۈر قويۇۋالغان گۇلساماقنى كۆرۈپ، ئۆسۈملۈك بىلمەيلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانمىدۇ، شۇڭا كۈن نۇرىدىن پايدىلىنىپ يوپۇرماق سېپىنى مەجبۇرىي تولغاپ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى يەكمەكچى بولغانمىدۇ؟ مېنىڭچە بىزنى قالايمىقانلىشىپ خاتالىق يۈز بەرگەنمىدۇ؟ تەرتىپنى بۇزغۇچى ئىبلىس جادۇگەرلىك قىلىۋاتقانمىدۇ ياكى بىز بۇنىڭدىكى

ھەقىقىي سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەستىن، ئەمەلىيەتتىكى ياخشى ئىشنى يامان ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇقمۇ، دەپ ئويلىنىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنەلىسەك، قانچىلىغان غەلىتە ئاۋاز، قىيا ـ چىيالار ئىناقلىق دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولاتتى ـ ھە! شۇنداق بولسا، ئاتالمىش ئەڭ ئەقىللىكلەر ئەڭ ھاماقەتلەرگە ئايلانغان بولاتتى.

بىز ئىشلىتىدىغان ھەر خىل تىنىش بەلگىلىرى ئىچىدە بۇ مەنىگە ئەڭ ماس كېلىدىغىنى سوئال بەلگىسىدىن ئىبارەت. سوئال بەلگىسىنىڭ ئاستىدىكى چېكىت يەر شارىنى كۆرسىتىدۇ، ئۈستى تەرىپى چوڭ بىر ئىلمەك بولۇپ، ئۇ قەدىمكى كىشىلەر «لىتۇئۇس»① دەيدىغان پال توقمىقىنى كۆرسىتىدۇ، مېنىڭچە بولسا، بۇ سوئال بەلگىسى ئىلىم ـ پەنگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنى شەيئىلەرنىڭ «قانداق» ۋە «نېمە ئۈچۈن» لۇكى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان قورالغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نامەلۇملۇقنى ئېنىقلاشنى ئىستەك قىلىدىغان بۇ ئەگرى توقماق شۇنچە ئېگىزدە تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مەركىزىدە خىرە ۋە تار كۆرۈش دائىرىسىنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىزدىنىش پائالىيىتى كىشىلەرنى كۆز ئالدىدىكى خىرە نەزەر دائىرىسىدىن ھالقىشقا دەۋەت قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇرنىنى ئالىدىغىنى يەنىلا بىر قاتار يىراق، ئوخشاشلا خىرە ۋە تار بولغان نەزەر دائىرىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. دەرۋەقە، ئىنسانلار بىلىمىنىڭ ئۈزۈكسىز موللىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇنداق بىر تەرەپلىمە ھالەت جاپالىق ھالدا يېڭىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنداقتا، بارلىق تار كۆرۈش دائىرىسىنىڭ ئۇ تەرىپى، بارلىق خىرە نەزەر دائىرىسىنىڭ ئۇ تەرىپى زادى نېمە؟ كۆزنى چاقنىتىدىغان يورۇقلۇقمۇ ياكى نېمە ئۈچۈنلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنى ۋە قائىدىلەرنىڭ دۇنيا تەگلىمىسىدىكى چوڭ «X» مۇ. بىزدىكى

① لىتۇئۇس — قەدىمكى رىملىقلار پال سالغاندا ئىشلىتىدىغان ئىلمەك شەكىللىك توقماق.

مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان، توختىمايدىغان بىلىش ئىستىكىدىن ئىبارەت تۇغما ئىقتىدار بىزگە شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ. تۇغما ئىقتىدار دېگەن بۇ نەرسە ھايۋاناتلار دۇنياسىدا يوقالمايدۇ، ئەقلىي كۈچ ساھەسىدىمۇ ھەم شۇنداق.

ھازىرغىچە مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، ھاشاراتلارنىڭ ھەر خىل بىنورماللىقىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كەلدىم، لېكىن كىشىنى تولۇق قايىل قىلىدىغان جاۋابنى تاپالمىدىم. شۇڭا، كىشىگە نۇرغۇن گۇمانلارنى قالدۇرىدىغان بۇ قىسىمنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان چاغدا، بۇ بەتنىڭ كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان جايىغا پال سېلىشتا ئىشلىتىدىغان «لىتۇئۇس» نى، يەنى سوئال بەلگىسىنى سىزىپ قوياي.

# ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ توي ئادىتى

ھەممەيلەنگە ئايان بولغىنىدەك، ماڭدامچى قوڭغۇز كېپىنەك قۇرتىنى يوقىتىش ماھىرى، ھەقىقەتەنمۇ باغۋەن دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ. ئۇ كۆكتاتلىق، گۈللۈكنى قوغدايدىغان سەزگۈر قاراۋۇل. مەن تەتقىقاتىمنى بۇ تەرەپتىن باشلاپ، ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ نامىنى بېزىمەكچى بولمىساممۇ، ئەمما كېيىنكى مەزمۇنلار ئارقىلىق كۆپچىلىككە بۇ تۈردىكى ھاشاراتنىڭ ھازىرغىچە كىشىلەرگە نامەلۇم بولۇپ كەلگەن تەرىپىنى ئېچىپ بەرمەكچىمەن. ھېچقانداق ئوۋ نىشانىنى ساق قويماي يەۋېتىدىغان بۇ رەھىمسىز يىرتقۇچ ئاخىرىدا باشقىلار تەرىپىدىن يەۋېتىلىدى. ئۇنى كىم يەۋەتتى؟ ئۆزى ۋە ئۆزىگە ئوخشاشلار يەۋەتتى.

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ سايىسىدا بىر تال ماڭدامچى قوڭغۇز ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. تاۋاپىقا كەلگۈچىلەر قارشى ئېلىناتتى، ئۇ قەپەستىكى مېھمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىدە چوڭ رول ئوينىيالايتتى. مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ قاراپ، قالقانسىمان قانىتىنىڭ ئۇچى تەرىپىنىڭ ئازراق يارىلانغانلىقىنى بايقىدىم. كۈنداشلار ئارىسىدىكى جېدەلدىن بولغانمىدۇ؟ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىزنى كۆرگىلى بولمايتتى. مۇھىم بولغىنى، ئۇ ئېغىر يارىلانمىغانىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەنىلا پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. مەن ئۇنى ئەينەك ئۆيگە سېلىپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقان يىگىرمە بەش تال ماڭدامچى قوڭغۇزغا ھەمراھ قىلدىم.

ئەتىسى يېڭى مېھماننىڭ ئەھۋالىنى كۆرگىلى بارغىنىمدا، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپ قالغانىدى، كېچىدە ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغانىدى. پۇچىلىنىپ كەتكەن قاتتىق قانتى ئۇنى قوغدىيالماي، قورسىقى تېشىۋېتىلگەنىدى. ئوپېراتسىيە تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن قىلىنغان، بىرەر تالمۇ پەت - قولى زىيانغا ئۇچرىمىغانىدى. ئالىقىنى، بېشى، كۆكرىكىنىڭ ھەممىسى ساپساق، پەقەت قورسىقىدىلا چوڭ بىر كامار ئېچىلغان، ئىچىدىكى نەرسىلەر ئاشۇ كامىردىن ئېلىۋېتىلگەنىدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ نەرسە ئالىبورۇن ئالتۇن چىغىناقتا ئايلىنىپ، ئىككى تال قاتتىق قانتى بىر - بىرىگە كىرىشىپ قالغانىدى، يۇمشاق توقۇلمىلىرى پاكىز ئادالانغان ئويستېر قۇلۇلىسى قېپىنىمۇ بۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

بۇ تىراگېدىيە مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئەزەلدىن قەپەستە يېمەكلىكنى كەم قىلمايتتىمغۇ؟ قۇلۇلە، مۇڭگۇزلۇك خانقىز، ياچىۋەك، سازاڭ، ئاق كېپىنەك ۋە ئۇلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئېسىل يېمەكلىكلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇلار يەپ بولالمىغۇدەك مىقداردا تەييارلاپ بېرەتتىم. دۇبۇلغا - ساۋۇتى پۇچىلانغان ماڭدامچى قوڭغۇز تۇرىدىكىلەر ئوڭايلا ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقتىن، مېنىڭ باشقا ماڭدامچى قوڭغۇزلىرىم بۇ ھەمراھىنى يەۋەتكەنىدى. ئۇلار بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاچارچىلىقتا ئارتىپ قويۇشقا ئامالسىز ئىدى.

ئەجەبا ئۇلاردا يارىلانغۇچى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى، باشقىلار ئۇنىڭ قورسىقىنى قۇرۇقداپ قويۇشى كېرەك، دەيدىغان ئادەت بارمىدۇ؟ ھاشاراتلار خەير - ساخاۋەتنى بىلمەيدۇ، ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نەگە بېرىشىنى بىلەلمەيۋاتقان ناكار ھەمراھىغا ياردەم قىلمايدۇ. گۆشخورلار ئارىسىدىكى ئىشلار بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تىراگېدىيەلىك ھالەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بەزىدە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ ھاشارات بىر نەپەر ناكار بولغۇچىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈنمىدۇ؟ ئەسلا ئۇنداق ئەمەس.

ئاۋۋال ئۇنى تېتىپ باقتدۇ، ناۋادا خېلى تەملىك تۇيۇلسا، يەۋېتىش ئارقىلىق ئۇنى مېيىپلىك ئازابىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇرىدۇ.

شۇڭا، مۇنداق ئېھتىماللىقمۇ مەۋجۇت: قاتتىق قانتى يارىلانغانلىقتىن، بىر قىسمى سىرتقا كۆرۈنۈپ قالغان كاسىسى ھەمراھلىرىنى جەلپ قىلغان، كۆپچىلىك يارىدار بولغان بۇ ھەمراھىنى ياخشى بىر ئولجا دەپ ئويلىغان. يەنە بىر خىل ئەھۋال، ئەگەر ھېچقايسىسى يارىدار بولمىسا، ئۇنداقتا كۆپچىلىك ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشامدۇ؟ ھەر خىل سىرتقى ئىپادىلەردىن قارىغاندا، ئۇلار ئىنتايىن ئىناق مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. تاماقلىنىش ۋاقتىدا، مېھمانلار ھەرگىز سوقۇشمايدۇ، ئولجا ئاز بولسا نۆۋەت بويىچە تالىشىپ يەيدۇ، خالاس. خېلى ئۇزاق بولغان چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا تاختاي ئاستىدا تۇرغاندىمۇ ھەرگىز ئۇرۇشۇپ قالمايدۇ. يىگىرمە بەش تال جانىۋىرىم سالقىن تۇپىغا بەدىنىنىڭ يېرىمىنى كۆمۈۋېلىپ، بىغەم ھالدا كۆشىگەچ مۈگدەپ، بىر ـ بىرىگە يېقىن يېتىشىدۇ. ياپقۇچ تاختاينى ئېچىشىم بىلەنلا ئۇلار ئويغىنىپ مېڭىشقا باشلايدۇ، قالايمىقانچىلىقتا مەيلى قاچان دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىزمۇ يۈز ئۆرۈشمەيدى.

بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتى چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە، قەرەلسىز داۋاملىشىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىيۇن ئايلىرىنىڭ پېشىنىم ئىسسىق مەزگىلىدە قەپەسنى تەكشۈرگىنىمدە بىر تال ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ تەن ئەزالىرى تولۇق بولۇپ، بەدىنى يىغىلىپ ئالتۇن چىغناق ھالىتىگە كېلىپ، تولۇپ يەۋېتىلگەن ئويستېر قۇلۇلىسى قېپىغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ نەرسە بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ھادىسىنىڭ جەريانىدىكىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. مەن بۇ ئىسكىلىتنى جەسەت سۆڭىكىنى تەكشۈرگەندەك تەپسىلىي كۆزەتتىم. قورساق قىسمىدىن چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىلغاندىن باشقا، ھېچقانداق يېرى

زەخملەنمىگەنىدى. بۇنىڭدىن ئۇ باشقا ھەمراھلىرى تەرىپىدىن قورسىقى تېشىۋېتىلىش جەريانىدا نورمال ھالىتىنى ساقلايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر تال ماڭدامچى قوڭغۇز ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاشلا قېپى مۇكەممەل، پاكىز ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ قورسىقىنى تۆۋەنگە قىلىپ قويغاندا، بىر تال مۇكەممەل ئەۋرىشكىنى كۆرگىلى بولسا، قورسىقىنى ئۈستىگە قىلىپ قويغاندا، ئىچىدە ئازراقمۇ گۆش توقۇلمىسى قالمىغان قۇرۇق قاپنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر تال ئىسكىلىت پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا يەنە بىرى، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى بولۇپ، جانىۋارلىرىمنىڭ سانى كۆز ئالدىمدىلا ئازىيىشقا باشلىدى. ئەگەر بۇنداق ياۋايىلارچە قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، قەپەستە ھېچنېمە قالمايتتى.

بۇ كۈنلەردە كېتىپ قالغان ماڭدامچى قوڭغۇزلىرىم تەبىئىي ئۆلگەن بولسا، ھايات قالغۇچىلار ئۇلارنىڭ گۆشىنى بۆلۈشۈۋالغانمىدۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، نوپۇسنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئەركىن – ئازادە ياشاۋاتقان تىنچ پۇقرانى قۇربان قىلىشقا چىدىغانمىدۇ؟ بۇنىڭ ھەقىقىي تەرىپىنى بىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس. چۈنكى، ۋەقە ئاساسەن كېچىدە يۈز بېرەتتى. ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرغاچقا، كۈپكۈندۈزدىلا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىككى قېتىملىق جەسەت ئاناتومىيەسى ھەرىكىتىنىڭ شاھىتى بولدۇم.

ئىيۇن ئېيىدا بىر چىشى قوڭغۇزنىڭ بىر ئەركەك قوڭغۇزنى ئوينىتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەركەك قوڭغۇزنىڭ گەۋدىسى ۋىجىكرەك بولغاچقا، ئوڭايلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئوپېراتسىيە باشلاندى، ھۇجۇم قىلغۇچى ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قالقانسىمان قانىتىنى ئېچىپ، كەينى تەرىپىدىن قورسىقىنى چىشلىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، يېنىك سىلكىپ، ئىشتىھا بىلەن چاينىدى. يېيىلگۈچى

جىسمانىي كۈچى تولۇق بولسىمۇ، ئەمما قارشىلىق قىلمىدى. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن قارشى يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىپ، قورقۇنچلۇق ئىلمەكتىن قۇتۇلماقچى بولاتتى، بىردەم ئالدىغا يۆتكەلسە، يەنە بىردەم كەينىگە سۈرۈلەتتى، بارلىق قارشىلىقى مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنەتتى. كۈرەش ئالاھازەل ئون بەش مىنۇتچە داۋاملاشتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ قوڭغۇزلار قەدىمىنى توختىتىپ، خۇددى ئۆز - ئۆزىگە: «بىردەمدىن كېيىن مېنىڭ ھۇنىرىمنى كۆرىسىلەر» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەركەك قوڭغۇزنىڭ كۈچى غالىب كېلىپ ئاخىر قۇتۇلۇپ چىقىپ قېچىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ قېچىپ كېتەلمىگەن بولسا، قورسىقى رەھىمسىز ماڭدامچى قوڭغۇز قىزچاق تەرىپىدىن قۇپقۇرۇق قىلىپ قويۇلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر مەيدان مۇشۇنىڭدەك ئويۇننى كۆرۈشكە داخىل بولدۇم. بۇ قېتىم ئويۇن ئاخىرغىچە ئوينالدى. ئوخشاشلا بىر تال چىشى قوڭغۇز يەنە بىر تال ئەركەك قوڭغۇزنى ئارقا تەرىپىدىن چىشلىۋالغانىدى. ئەركەك قوڭغۇز جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا تىرىشقاندىن باشقا ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمىدى. بۇ چىشلەنگۈچىنىڭ بوزەك قىلغۇچىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇشى ئىدى. ئالدى بىلەن تېرىسى، ئاندىن گۆشى تېشىلىپ، ئارقىدىن ئىچكى ئەزالىرى تارتىپ چىقىرىلىپ، بودەك خانىم تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلدى. ئەمدى بودەك خانىمغا قارايدىغان بولساق، بېشىنى ھەمراھىنىڭ قورسىقىغا تىقىپ، قۇرۇق ئىسكىلىتىنىڭ ئىچىدە يەنە گۆش توقۇلمىسى بارمۇ يوق، دەپ تەپسىلىي كۆزىتىپ باقتى. ئەركەك قوڭغۇزنىڭ پۇتلىرى بىرھازا تىترىگەندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. قاتىل خانىمنىڭ ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ھېسداشلىقى قوزغالمىدى. ئۇ ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، كۆكرەك بوشلۇقىدىكى بېشى ئاران پاتىدىغان تار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىسىلچاقىچە باردى. ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىدە پەقەت ئۆزئارا كىرىشىپ قولۋاق ھالىتىگە كېلىپ قالغان قالقانسىمان قانىتى ۋە ئۇۋۇلۇپ كەتمىگەن ئالدى يېرىم گەۋدىسىلا قالغانىدى. قۇرۇقدالغان ئىسكىلىت شۇ يەرگىلا تاشلىنىۋېتىلدى.

مەن قەپەستە كۆرگەن ئىسكىلىتلارنىڭ ھەممىسى ئەركەك قوڭغۇزلارنىڭ بولۇپ، ئەركەك قوڭغۇزلار مۇشۇنداق ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. ئەڭ بولمىغاندا شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ھېلىمۇ ھايات ياشاۋاتقان ئەركەك قوڭغۇزلارمۇ مۇشۇ تەرزدە جان تەسلىم قىلاتتى. ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىدىن ئاۋغۇستنىڭ بېشىغىچە قەپەستىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى دەسلەپكى يىگىرمە بەشتىن ھازىرقى پەقەت بەش تال چىشى قوڭغۇزغا ئازايدى، يىگىرمە تال ئەركەك قوڭغۇز غايىب بولدى. ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قورسىقى يېرىلىپ، ئاندىن پاك - پاكىز قۇرۇقداپ قويۇلدى. ئۇلار كىم تەرىپىدىن ئاناتومىيە قىلىندى؟ روشەنكى، چىشى قوڭغۇزلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىۋېتىلدى.

مەن كۆرۈشكە نېسىپ بولغان ئىككى قېتىملىق ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى تۆۋەندىكى نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. ئىككى قېتىملىق ھەرىكەت كۈپكۈندۈزدىلا ئېلىپ بېرىلىپ، چىشى قوڭغۇز قاتتىق قاناتنىڭ ئاستىغا كىرىپ، ئەركەك قوڭغۇزنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى توقلىدى. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىرىنچى قېتىملىقتىمۇ شۇنداق قىلىنماقچىدى. گەرچە باشقا قىرغىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا كۆرەلمىگەن بولسامۇ، ئېرىشكەن پاكىتىم خېلىلا قىممەتكە ئىگە ئىدى. بىرەيلەن يېقىندىلا مۇشۇنىڭدەك مەنزىرىنى كۆرگەن بولۇپ، چىشلەنگۈچى قارشى تەرەپكە قايتۇرما ھۇجۇم قىلماي، قوغدىنىش تەدبىرىمۇ قوللانماي، پەقەت قېچىپ كېتىشكىلا تىركىشىۋاتقانىكەن.

بۇ پەقەت ھاياتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا يۈز بېرىۋاتقان ئادەتتىكى قائىدىگە ئۇيغۇن جېدەل بولسا، ئۇنداقتا ھۇجۇمغا

ئۇچرىغۇچى چوقۇم قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ پۈتۈنلەي شۇنداق قىلالايدۇ، پەقەت ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ بەدىنىنى تۇتۇۋالسىلا، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى توسۇيالايدۇ. يەنى قانغا قان، جانغا جان ئالالايدۇ. ناۋادا تۇتۇشۇپ قالسا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ چوقۇم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلەيتتى.

ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئەخمەق ئۆز كاسىسىنى قارشى تەرەپنىڭ رەھىمسىزلەرچە چىشلىشىگە يول قويدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆزىنى چىشلەۋاتقان قارشى تەرەپكە قايتۇرما زەربە بېرىپ، ھۇجۇمىنى توسۇشقا توسالغۇ بولىدىغان قانداقتۇر بىر خىل خىجىللىق پىسخىكىسى باردەك قىلىدۇ. بۇنداق كەڭ قورساقلىق ماڭا لانگىدوك چايىنىنى ئەسلەتتى. ئەركەك چايان نىكاھ ئاخىرلىشىدىغان چاغدا چىشى چايانىنىڭ ئۆزىنى يەۋېتىشىنى قىلچىلىك قارشىلىقسىز قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق كەڭ قورساقلىق ماڭا يەنە ياچىۋەكنىڭ ئاشنىسىنى ئەسلەتتى. ئۆز ئىشىغا سادىق ئەر بەدىنىنىڭ بىر قىسمىلا قالغان چاغدىمۇ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. بۇلار توي ئادىتى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئەركەك چايانغا نىسبەتەن گەپ سىغمايدىغان يوسۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باغچامدىكى ئەركەك ماڭدامچى قوڭغۇزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قورسىقى يېرىلدى. ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسەتكىنى بىر خىل ئادەتتىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆز رازىلىقى بىلەن قۇربانلىق بولىدۇ. ئاپرېلدىن ئاۋغۇستقىچە بولغان تۆت ئايدا ھەر كۈنى نەچچە جۈپ ئەركەك - چىشى قوڭغۇزلار جۈپلىشىدۇ. ئۇلار بەزىدە سىناق تەرىقىسىدىكى ئەر - خوتۇن بولسا، بەزىدە ئىناۋەتلىك ئەر - خوتۇن بولۇشىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىناۋەتلىك ئەر - خوتۇن بولىدىغان ئەھۋال كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇلار جورا تېپىشقا ئالدىرايدىغان، ئىشق ئوتىنى باسالمايدىغان سەۋدايىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياجىنى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ مۇھەببەت ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشى تولىمۇ ئاددىي بولىدۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر تال ئەركەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماڭدامچى قوڭغۇز ئەمدىلا يولۇققان چېشى قوڭغۇزغا ئېتىلىپ
بېرىپ، ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ. چېشى قوڭغۇز بېشىنى ئازراق
كۆتۈرسە، بۇ ئۇنىڭ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ھېلىقى چەۋەنداز مۇڭگۈزىنى لىڭشىتىپ، بوينى بىلەن
قارشى تەرەپنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك ئۇرىدۇ. ئەر - ئاياللىق
مۇناسىۋەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار تاماق ئۈستىلىگە
بېرىپ ئېسىل قۇلۇلە گۆشىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئاندىن ھەر
قايسىسى قايتىدىن جورا ئىزدەيدۇ. يېڭى توي قىلغان ئەر -
خوتۇنلارمۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، يەنە باشقا جورا ئىزدەپ
ماڭىدۇ. ماڭدامچى قوڭغۇزغا نىسبەتەن ھاياتلىق مۇشۇنداقلا
داۋاملىشىدۇ.

باغچامدا ئەرگە تېگىشنى ساقلاۋاتقان خانقىزلار بىلەن خوتۇن
ئېلىشقا ئېھتىياجلىق يىگىتلەرنىڭ سانى نىسبەتكە چۈشمەيتتى.
بەش تال چېشى قوڭغۇزغا يىگىرمە تال ئەركەك قوڭغۇز توغرا
كېلەتتى. ئەمما، بۇنىڭدا چوڭ مەسىلە يوق. كۆپچىلىك يولدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چېشى قوڭغۇزدىن ئورتاق پايدىلىنىدۇ.
مۇشۇنداق ئۆزئارا يول قويۇش روھى بولغاچقا، كۆپ قېتىم
تەكرار ئېلىپ بېرىلىش ئارقىلىق، ئۇچرىشىش پۇرسىتى بالدۇر
ياكى كېيىن بولسىمۇ، ھەربىر ئەركەك قوڭغۇز ھامان بىر كۈنى
ھەۋىسىنى قاندۇرالايدۇ.

مېنىڭ ئەركەك - چىشلىرىنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق بولغان
ماڭدامچى قوڭغۇز توپىغا ئېرىشكۈم بار ئىدى. ھالبۇكى، بۇ
ئىشنى تاسادىپىي ئامىل كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، تاللاشقا
ئامال بولماي، مۇشۇنداق بىر توپ ماڭدامچى قوڭغۇزنى
تۇتالىغانىدىم. باش باھار پەسلىدە يېقىن ئەتراپتىكى تاش
ئارىسىدىن ماڭدامچى قوڭغۇز ئىزدەپ، مەيلى ئەركەك ياكى چېشى
بولسۇن، تاپالىغىنىمنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كەلگەنىدىم. پەقەت
سىرتقى قىياپىتىگىلا قاراپ ئۇنىڭ جىنسىنى پەرق ئېتىش
قىيىن ئىدى. كېيىن قەپەستە بېقىش جەريانىدا چېشى

قوڭغۇزنىڭ ئەركەك قوڭغۇزدىن يوغانراق بولىدىغانلىقى، بۇ چىشى قوڭغۇزنىڭ بىر روشەن بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇڭا، باغچامدا جىنس نىسبىتىنىڭ بۇنداق تەڭپۇڭسىز بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ تاسادىپىي ئامىلدىن بولغان. تەبىئىي شارائىتتا ئەركەك قوڭغۇزنىڭ نىسبىتى بۇنچىۋالا يۇقىرى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا ماڭدامچى قوڭغۇزلارمۇ تاشنىڭ ئاستىغا بۇنداق توپلىشىۋالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ماڭدامچى قوڭغۇز ئاساسەن تەنھا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئىككى - ئۈچىنىڭ بىر ئۇۋىدا ياشىشى تولىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ. بىر دانە ئەينەك قەپەستە بۇنچىۋالا كۆپ ماڭدامچى قوڭغۇزنىڭ توپلىشىۋېلىشى ھەقىقەتەنمۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەردە قالايمىقانچىلىق ۋە كونتروللۇقنى يوقاتقان ۋەزىيەت كۆرۈلمىدى. ئەينەك قەپەسنىڭ ئىچىدە كەڭرى بوشلۇق بولۇپ، قوڭغۇزلارنىڭ ئۆزاق ئارىلىققا مېڭىشىغا ماس كېلىدۇ، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىشىغىمۇ ماس كېلىدۇ، توپتىن ئايرىلىپ، ئايرىم ياشىغۇسى بارلىرى ئايرىم ياشىسىمۇ بولىدۇ، توپلىشىپ ياشاشنى خالىغۇچىلار دەرھال ھەمراھ ئىزدىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

قاماپ قويۇلغان ۋاقىتتا ئۇلار ئازراقمۇ بىئارام بولغاندەك كۆرۈنمەيتتى. كۆپ قېتىم غىزالىنىش ۋە تەكرار جۈپلىشىش ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دالادا ئەركىن ياشىغاندا ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بۇنداق ئۇرغۇپ تۇرماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم ھاياتىي كۈچى كەمچىل بولۇش ئېھتىمالى چوڭ. چۈنكى، ئۇ يەردە قەپەستىكىگە ئوخشاش مول يېمەكلىكلەر تەييار تۇرمايدۇ. ئەمما، بۇ گۇناھكارلارنىڭ پاراۋانلىق كۆتۈنۈشى نورمال سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، شۇندىلا ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

بىردىنبىر ئوخشىمايدىغىنى، ئوخشاش تۈردىكىلەرنىڭ ئۇچرىشىشى قەپەسمدە دالاغا قارىغاندا خېلى كۆپ بولاتتى. بۇ

چىشى قوڭغۇزغا نىسبەتەن يات جىنسنى تېخىمۇ ئاسان خارلاش پۇرسىتى ياراتقانلىق بولاتتى. ئۇلار ئۆزى ئويىنىتىپ زېرىككەن ئەركەك قوڭغۇزنى ھەرقاچان تاشلىۋېتەتتى، ئۇلارنىڭ كاسىسىنى چىشلەپ، قورسىقىدىن تۆشۈك ئاچاتتى. ئۆزئارا بەك يېقىن تۇرغاچقا، ئوۋچىنىڭ قەدىناسىنى يەۋېتىش ھادىسىسى كۆپىيىپ كەتكەنىدى، ئەمما بۇنداق قىلمىش پەقەت شۇ سەۋەبتىنلا يۈز بەرمەيدۇ، بۇنى ئادەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تاسادىپىي ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

جۇپلىشىش مەزگىلى ئاخىرلاشقاندا، ئەگەر دالادا بىر چىشى ماڭدامچى قوڭغۇز بىر ئەركەك ماڭدامچى قوڭغۇزغا يولۇقۇپ قالسا، ئۇنى ئوزۇقلۇق قىلىۋېتىدۇ - دە، توي مۇراسىمىنىڭ ئاخىرقى تەرتىپى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەن خېلى جىق تاشلارنىڭ ئاستىغا قاراپمۇ بۇنداق مەنزىرىنى كۆرەلمىدىم. ھېچقىسى يوق، قەپەستە كۆرگەنلىرىم قايىل بولۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ماڭدامچى قوڭغۇزلار دۇنياسى ئاجايىپ دۇنيا ئىكەنغۇ! ئۇ يەردە تۇخۇم ئۇرۇق بىلەن قوشۇلۇپ، ئەمدى ياردەمچىگە موھتاج بولمايدىغان چاغدا، بودەك خانىم ياردەمچىسىنى يەۋېتىدىكەن! ئەركەك قوڭغۇز مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلسە، كۆپىيىش قانۇنىيىتى ئۇنى نېمىدېگەن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان - ھە؟

مۇھەببەت ئاخىرلىشىپ، ئوخشاش تۇردىكىلەر ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشتى. بۇنداق ھادىسە ئومۇميۇزلۇك مەۋجۇتمۇ؟ نۆۋەتتىكى ئەھۋالغا نىسبەتەن ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇچ ئەمەلىي مىسال مەۋجۇت: بىرىنچىسى ياچىۋەك، ئىككىنچىسى لانگىدوك چايىنى، ئۇچىنچىسى ماڭدامچى قوڭغۇز. ئۇچار چېكەتكە تۇردىكى ھاشاراتلارنىڭ ئىچىدە ئەركىكىنى ئۆلجا قىلىدىغان ئۇسۇل ئانچە قورقۇنچلۇق بولماستىن، بىر قەدەر مېھرىبانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا بۇنداق

دېيىلىدۇ دېگەندە، يەۋېتىلگەن ئەركەك ھاشارات ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن بولۇپ، تىرىك يەۋېتىشكە كىرمەيدۇ. چىشى ئاق تاقتاق چېكەتكە جورىسىنىڭ پۇتىنى يېيىشكە تولىمۇ ئامراق، يېشىل تاقتاق چېكەتكىمۇ ھەم شۇنداق.

بۇ بەلكىم ئوزۇقلانغۇچىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مىسال، ئاق تاقتاق چېكەتكە ۋە يېشىل تاقتاق چېكەتكىلەرنىڭ ھەممىسى گۆشخورغا تەۋە. ئەركەك تاقتاق چېكەتكىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇچراتقان چىشىلىرى ئۇنى يېمەيدۇ، ئۇنىڭ تۇنۇگۇن كېچىدىكى جورىسى ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ. ئوۋ غەنىيمىتى بولسىلا، جورىسىنىڭ گۆشىمۇ شۇنداق تەملىك بىلىنىدۇ.

گۆشخور ھاشاراتلار قانداق بولىدىغاندۇ؟ تۇخۇم تۇغۇش مەزگىلى يېقىنلاشقاندا، قاناتسىز چىشى تاقتاق چېكەتكە شۇنداق ياخشى ياشاۋاتقان ھەمراھىغا ئۆتكۈر چىشىنى پاتۇرۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر كامار ئاچىدۇ، ئاندىن ئۇنى يېيىشكە باشلاپ، تاكى قورسىقى تويغۇچە توختىمايدۇ. تەبىئىتى مۇلايىم قارا چېكەتكە توساتتىن بىرقىسما بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئايدىڭ ئاخشامدا تەسىرلىك مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتىپ بەرگەن ھەمراھىنى ئۇرۇپ يەرگە يىقىتىپ، ئۇنىڭ قانىتىنى چەيلەپ، چالغۇسىنى بۇزۇۋېتىدۇ، ھەتتا دېمى بېسىلماي تۇرۇپلا، ئۇ مۇزىكانتنىڭ تېنىدىن بىرنەچچە چىشلەم گۆشنى ئۇزۇۋالىدۇ. بۇنىڭدىن جۇپلىشىشتىن كېيىن چىشىسىنىڭ ئەركىكىگە ئەسەبىيلەرچە ئۆچ بولۇپ قالىدىغانلىقى، بولۇپمۇ گۆشخور ھاشاراتلارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ۋەھشىي ئادەتلەرنى زادى نېمە كەلتۈرۈپ چىقارغان؟ مېنىڭچە، شارائىت بولسىلا، چوقۇم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمەن.

# بالىلىق ئەسلىمىلىرى

بالىلار خوشال چاغلاردا ھاشاراتلار بىلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتىدۇ؛ گۈلگە پۈركەنگەن دولانا دەرىخى ھاشاراتلارنىڭ ماكانى بولۇپ، تۆشۈك ئېچىلغان قەغەز قاپ بۇ ماكانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە مۈڭگۈزلۈك خانقىز ۋە زەرگەر گۈل قوڭغۇزى بېقىلىۋاتقان بولۇپ، كۆڭلىنى مەمنۇنىيەت ئىگىلىگەنىدى. بالىلار قۇشلارنى ئۆيلىگىنىدە قۇش بىلەنلا ھەپىلىشەتتى، قۇش ئۇۋىسى، قۇش تۇخۇمى ۋە ئېغىزىنى يوغان ئېچىشىپ تۇرغان قۇش بالىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە ئۇنىمايتتى. خېلى ئۇزاقتىن بېرى گۈمبەمەدەك مېنى ئۆزىگە رام قىلىپ كەلدى. ئۇلار شۇنچىلىك رەڭدار ئىدى. تۈنجى قېتىم ئاسما باغلىق ئىشتان كىيىپ، چۈشىنىكسىز كىتابلار ئارىسىغا غەرق بولدۇم. مەن ئۆزۈمنى تۈنجى قېتىم قۇش ئۇۋىسى تېپىۋالغاندەك، تۈنجى قېتىم گۈمبەمەدەك تىرىۋالغاندەك ھېس قىلىپ قالغانىدىم. ئەمدى مۇھىم بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي. ئادەم ياشىنىپ قالغاندا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگۈسى كېلىدىكەن.

قىزىقىش يېڭىدىن باشلىنىپ، بىزنى ئاڭسىز، مۇجمەل ھالەتتىن تارتىپ چىقتى. بۇ تولىمۇ ئامەتلىك پەيت ئىدى. بۇ چاغدا سىلەرمۇ يىراق بالىلىق دەۋرىڭلارنى ئەسلەۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن. بۇلار ماڭىمۇ گۈزەل ۋاقىتلىرىمنى ئەسلەتتى. بىر ئۇۋا تاغ بۆدۈنىسى ئاپتاپسىنىپ ئۇخلاۋاتقاندا، بىرەيلەننىڭ ئاياغ تىۋىشى ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ماموق تەنلىك ئوماقلار

يىراقتىكى چاتقاللىقتا غايىب بولۇشتى. ئەمما، ۋەزىيەت ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە قايتىپ، بىر چاقىرغان ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىسىنىڭ يېنىغا جەم بولۇشتى.

باللىق چېغىمنى ئەسلىسەم، ئەھۋال خۇددى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆتكەن ئىشلارمۇ خۇددى بىر خىل قۇش بالىسىدەك، تۇرمۇشنىڭ چاتقاللىقىدا پەيلىرى تۇزۇغان بولىدۇ، ئەمما ئەسكەرتىشتىن كېيىنلا ئۇلار يەنە مېنىڭ ئەسلىمەم بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەسلىمىدىكى بىر ئىش گەرچە چاتقاللىقتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما كاللامنى پەقەت ئارامىدا قويمايتتى، يەنە بىر خىل ئىشلار قايتا يېنىپ كەلمىدى. ئۇلار بازاردىكى سودىگەرلەرنىڭ يايمىسىدا غايىب بولۇشقانىدى. يەنە بەزىلىرى ئېنىق ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. ھالبۇكى، ۋاقىت ئۇقىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئۆتكەن ئىشلار ئىچىدە ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغىنى ئەڭ بۇرۇن يۈز بەرگەنلىرى ئىدى. باللىق ئەسلىمىسىنىڭ يۇمشاق موم قېپى ئاشۇ ئىشلار سەۋەبىدىن بۇزۇلمايدىغان مۇستەھكەم بىرونزا ساۋۇتقا ئايلانغانىدى.

ئاشۇ كۈنى تولىمۇ سۆلەتۋاز بولۇپ كەتكەنىدىم. ئىشتىھايىمنى باسىدىغان ئالمىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان ۋاقتىممۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر تاغ چوققىسىغا بېرىپ قاراپ باقماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا ماڭا نىسبەتەن ئۇ جاي دۇنيانىڭ چېتى ئىدى. تاغ چوققىسىدا بىر رەت دەرەخ بار ئىدى، شامالغا كەينىنى قىلىپ، بېلىنى ئەگكىنىچە توختىماستىن لىڭشىپ مېڭىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆيدىكى دېرىزىدىن قاراپ، ئۇلارنىڭ بوران – چاپقۇندا توختىماستىن بېشىنى لىڭشىتىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى قانچە قېتىم كۆرگىنىمنى بىلمەيمەن. شىمال شاملى تاغ باغرىدىكى قارلارنى دومىلىتىپ ماڭغاندا، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تىركەشكىنىنى قانچە قېتىملاپ كۆرگىنىمنى بىلمەيمەن! كۆپىنى كۆرگەن ئاشۇ دەرەخلەر ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نېمە ئىش قىلىشۋاتقاندۇ؟

مەن ئۇلارنىڭ ئېغىرچىلىققا بەرداشلىق بېرەلىشىگە بەك قىزىقىمەن. بۈگۈن تولىمۇ ئوچۇق ۋە جىمجىت ئاسمان تىگىدە ئۇلار خاتىرجەم تۇرۇپتۇ. ئەتە بۇلۇتلار سىيپاپ ئۆتكەندە توختىماستىن ئىرغاڭلايدۇ. ئۇلار تىنچ تۇرسا ئارام تېپىپ قالىمەن؛ ئۇلار ئالاقزەدە بولغاندا بىئارام بولىمەن. ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم. ئۇلار ھەرقاچان كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. سەھەردە قۇياش ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، زېمىنغا سېخىي نۇرىنى چاچىدۇ. قۇياش زادى قەيەردىن چىقىدىغاندۇ؟ تاغ ئۇستىگە چىقىپ قاراپ باقسام، بەلكىم بۇ مەسىلە ئايدىڭ بولۇشى مۇمكىن.

تاغ باغرىنى بويلاپ ئۇستىگە ياماشتىم. يانتۇ باغىردا ئوت ـ چۆپلەر ئانچە قويۇق ئەمەس، قوي پادىلىرى يەۋەتكەندەك. ھېلىمۇ ياخشى بىرەر تال چاتقالمۇ ئۇچرىمىدى، بولمىسا كىيىملىرىمنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتسە، ئۆيگە بارغاندا قىيىن ـ قىستاققا چۈشۈپ قالاتتىم. تاش پارچىلىرىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر بولغىنىدا، بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، پەقەت يايپاڭ كەلگەن چوڭ تاشلارلا تاغ باغرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە تاشلىنىپ ياتاتتى. يولنىڭ ھەممە يېرى ئوخشاش دېگۈدەك بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپلۈك ئۆينىڭ ئۆگزىسىدەك بەلگىلىك يانتۇلۇقتا ئىدى. ماڭا يول بەك ئۇزۇن، پۇتلىرىم بولسا بەك قىسقا تۇيۇلدى. نەچچە قەدەم مېڭىپلا تاغ چوققىسىغا قاراپ قوياتتىم. دوستلىرىم، يەنى تاغ چوققىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ ماڭا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقىنىنى ھېس قىلالمىدىم. غەيرەت قىل، شاكىچىك! داۋاملىق يامىشاي.

ھەي، پۇتۇمنىڭ يېنىدا كۆرۈنگىنى نېمىدۇ؟ ئەسلىدە چىرايلىق بىر قۇش چوڭ تاش ئاستىدىكى پاناھ جايىدىن ئۇچۇپ چىققانىكەن. تەڭرىگە مىڭ شۈكۈر، ئوڭ تەرەپتىكى كاماردا پاخال ۋە ماموق پەيلەردىن سېلىنغان قۇش ئۇۋىسى بار ئىكەن. بۇ مەن

ئۇچراتقان تۇنجى قۇش ئۇۋىسى، قۇشلارنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان تۇنجى سوۋغىسى ئىدى. ئۇۋىدىكى ئالتە تال كىچىك تۇخۇم بىر - بىرىگە يېقىن تىزىلىپ تۇراتتى. تۇخۇملارنىڭ رەڭگى باھاردىكى يېشىللىققا چىلاپ قويغاندەك كۆپكۆك ئىدى. مەن بۇ گۈزەل ۋە ئاجايىپ ئىشتىن ئىنتايىن شادلىنىپ، يەردە يېتىپ قۇش ئۇۋىسىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتىم.

دەل شۇ چاغدا ئانا قۇش يېنىك ۋىچىرلاپ، قانىتىنى جىددىي قېقىپ، تاشتىن - تاشقا يۆتكىلىپ ئۇچۇپ، مەن كەپسىزنىڭ ئەتراپىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. مەن ئۇ چاغدا تېخى ئاق - قارىنى تولۇق پەرق ئېتەلەيدىغان ياشتا بولمىغاچقا، ئانا بولغۇچىنىڭ ئەندىشىسىنى چۈشەنمەيتتىم. كۆڭلۈمدە ئۇۋچى ھايۋانلارنىڭ پىسخىكىسى بويىچە بىر پىلان تۈزدۈم. ئۇن كۈندىن كېيىن يەنە كېلىپ، تېخى ئۇچۇرما بولمىغان قۇش باللىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇم. مەن بىر تال تۇخۇمنى ئېلىۋالدىم. بۇنداق بولغاندا، بىر ئۇۋا قۇش تۇخۇمنى بايقىغانلىقىمنى مەغرۇرلارچە ئىسپاتلىغىلى بولاتتى. تۇخۇمنى مىجىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئازراق مۇخ بىلەن ئوراپ تۇتۇۋالدىم. ھەي، نېمىسىنى دەي، باللىق دەۋرىمدە تۇنجى قېتىم قۇش ئۇۋىسىنى بايقىغان چاغدىكى خۇشاللىقىمغا ھېچنېمىنى تەڭ قىلمايمەن.

ئۇنى چېقىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۇتۇپ ماڭدىم. بولدى، ئەمدى ياماشماي مۇشۇ يەردە توختاپ قالاي. قۇياشنىڭ دەرەخ كەينىدىن چىقىشىنى باشقا بىر كۈنى كېلىپ كۆرەرمەن. تاغ باغرىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدىم. تاغدىن چۈشۈپ بولغاندا، ياردەمچى پوپ ئەپەندى ئۇچراپ قالدى. ئۇ قولىدىكى كىتابنى ئوقۇغاچ سەيلە قىلىۋاتقانىدى. ئۇ مېنىڭ ماڭغان چاغدىكى ئېھتىياتچانلىقىمنى كۆرۈپ، قانداقتۇر بىرەر مۇقەددەس نەرسە كۆتۈرۈۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغاندۇ. مەن تۇخۇم بار قولۇمنى كەينىمگە قىلىۋالغان بولسامۇ، ئۇنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن قېچىپ

قوتۇلالمىدىم.

— بالام، قولۇڭدىكى نېمە ؟

دەمال نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، ئالىقىنىمنى ئېچىپ، مۇخ كارىۋاتتا ياتقان كۆك تۇخۇمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

— ھە ! ساكىسىگال تۇخۇمى ئىكەنغۇ. قەيەردىن تېپىپ كەلدىڭ؟

— تاغدىكى تاش ئاستىدىن.

سوئال سوراش چوڭقۇرلىشىپ، سەۋەنلىكىمنىڭ ھەممىسى ئاشكارىلاندى — مەن ئەسلىي ھېچنېمە ئىزدىمەكچى ئەمەس ئىدىم، توساتتىن بىر قۇش ئۇۋىسىنى بايقىدىم. ئۇۋىدا ئالتە تال تۇخۇم بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن مۇشۇ بىرنى ئېلىۋالدىم. قالغان بەشىنى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ كەتمەكچى.

— بالام، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. بىر ئۇۋا قۇشنى ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كەتسەڭ ھەرگىز بولمايدۇ. سەن بەختسىز بىر ئائىلىنى ھۆرمەتلىشىڭ كېرەك. رەھىمدىل تەڭرىنىڭ قۇشلىرىنىڭ چوڭ بولۇپ، ئۇۋىسىدىن ئۇچۇپ چىقىشىغا يول قويۇشۇڭ كېرەك. ئۇلار تەبىئەتنىڭ خۇشاللىقى، ئۇلار يەردىكى زىيانداشلارنى تازىلايدۇ. ئەگەر گەپ ئاڭلايدىغان بالا بولساڭ، ئەمدى ئۇ يەرگە بېرىپ قۇشلارغا چېقىلما.

مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىم ھەققىدە قەسەم بەردىم. شۇنىڭ بىلەن پوپ سەيلىسىنى داۋاملاشتۇردى. ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، بىغۇبار مەنىۋىيەت ئېتىزىمغا ئىككى تال ئۇرۇق سېلىنغانىدى. ئۇنىڭ بىرى، مەنىلىك بىر ئېغىز سۆز ئىدى، ئۇ بايا ماڭا قۇشلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ يامان ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. لېكىن، مەن قۇشلارنىڭ قانداق قىلىپ بىزگە ياردەملىشىپ زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدىم. ئەمما، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن، ئانا قۇشنى ئۇركۇتۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

پاپوروتنىڭ تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان تامغا يامىشىپ ئېچى تەرەپكە قارىدىم. تام ئىچىدىن بىر قاراشتىلا سۈنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇ يەرنى بۈككىدە ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر قاپلىغانىدى. بۇ يېشىل سىلىنچىنىڭ بەزى جايلىرى ئوچۇق قالغان، ئۇ بوشلۇقتا رەڭگى قارامتۇل سېرىق رەڭدىكى كەسلەنچۈكلەر يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئەگەر بۈگۈن بولسا مەن ئۇلارنى سەمەندەر دەپ ئاتىغان بولاتتىم، ئەمما ئۇ چاغدا مەن ئۇنى كۆز ئەينەكلىك يىلان بىلەن ئەجدىھانىڭ بالىسى، يەنى ئۇخلىغىلى ئۇنىمىغان چاغلىرىمىزدا چوڭلار بىزگە دەپ بېرىدىغان قورقۇنچلۇق غەلىتە مەخلۇق، دەپ بىلەتتىم. تەڭرىم ! بولدى كۆرگۈم يوق، دەرھال چۈشۈپ كېتەي.

تۆۋەنگە داۋاملىق ماڭغاندا، كىچىك ئېقىن بىرنەچچىگە بۆلۈنەتتى. ھەربىر بۆلۈنۈش ئېغىزىدا ئالنوس دەرىخى ۋە ئەرمۇدۇن دەرىخى بار ئىدى، ئۇلار شاخ يوپۇرماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، يېشىل بىر سايىۋەننى ھاسىل قىلغانىدى. سايىۋەننىڭ ئاستى توم يىلتىزلاردىن ياسالغان دەرۋازا ئىدى، دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزۈن قاراڭغۇ كارىدور تەبىئىي شەكىللەنگەن سۇ ئۆستىدىكى ئاكوپقا ئوخشايتتى. ئاكوپنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى قۇياش نۇرى چۈشكەن جايلاردا يۇمىلاق نۇقتىلار ھاسىل بولغانىدى، بۇلار قۇياش نۇرى بۇ سايىۋەننىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئۆتكەندە شەكىللەنگەنىدى.

كارىدوردىكى سۇدا قىزىل بويۇن بېلىجانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىز قەدىمىمىزنى يېنىك ئېلىپ، يەردە يېتىپ ئۇلارنى كۆزەتتۇق. پاھ، بۇ بېلىجانلار نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە، بوينى قىپقىزىل ئىكەنغۇ ! ئۇلار سۇ ئېقىنىغا قارشى يۆنىلىشكە قاراپ تۇراتتى، ساقىقى توختىماستىن ئېچىلىپ يېپىلىپ، سۇ ئىچىپ ۋە چىقىرىپ تۇراتتى، پەقەت قۇيرۇقى ۋە دۈمبە پالىقىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قويسىلا، ئەسلى ئورنىدا جىمجىت تۇرالايتتى. دەرەختىن بىر تال يوپۇرماق سۇغا چۈشتى. ئاپلا ! سەپ بۇزۇلۇپ،

www.uyghurkitap.com

بىلىجانلار بىردىنلا غايىب بولۇشتى.

ئېقىندىن يىراقراق بىر جايدا بىر پارچە بۆك دەرەخزارلىقى بولۇپ، ھەربىر تۈپى تۈپتۈز ئۆسكەچكە، تاللىن ئورمىنىغا ئوخشايتتى، ھەيۋەتلىك ئۈچىدىكى شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا بىرنەچچە قىسقا تۇمشۇقلۇق قاغا نېمىلەرنىدۇر مۇزاكىرىلەشكەچ، قانىتىدىكى كونا پەيلەرنى يۇلماقتا ئىدى. يەر يۈزىنى غۇچچىدە مۇخلار قاپلىغان بۇ يۇمشاق يەردە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا بىر تال گۇمبەمەدەكنى بايقىدىم. ئۇ تېخى پۈتۈنلەي ئېچىلمىغان بولۇپ، بىرەر سەرگەردان مېكىيان تاشلاپ كەتكەن تۇخۇمغا ئوخشايتتى. بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم گۇمبەمەدەك تىرىۋېلىشىم ئىدى. مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان گۇمبەمەدەكنى بارماقلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ، ئايلاندۇرۇپ كۆزىتىپ، ئۇنىڭ قانداق قۇرۇلمىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا مەندە بىر خىل ھەۋەس قوزغالدى. بۇ ھەۋەس ئۇنى كۆزىتىپ بېقىشقا ئۈندىگۈچى ھەۋەس ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر قىسىم گۇمبەمەدەكلەرنى تاپتىم، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ۋە رەڭگى ھەر خىل ئىدى. مەندەك بىر يېڭى ئۆگەنگۈچىنىڭ نەزىرىدە بۇلار يېتىپ ئاشاتتى. گۇمبەمەدەكلەرنىڭ بەزىلىرى سائەت، چىراغ قالپىقى ياكى تەكشى تەكلىك ئىستاكان شەكلىدە بولسا، يەنە بەزىلىرى خىش شەكىللىك، ۋارونكا شەكىللىك، تەتۈر يېرىم شار شەكىللىك ئىدى. مەن يەنە سۇندۇرغاندىن كېيىن سۈتتەك سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدىغان، بىردەمدىن كېيىنلا كۆك رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدىغان گۇمبەمەدەكلەرنىمۇ ئۇچراتتىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، شەكلى نەشپۈتكە ئوخشايدىغان گۇمبەمەدەكمۇ بولۇپ، ئاستى قۇرغاق، ئۈچىدا يۇمىلاق تۆشۈكى بار ئىدى. بارمىقىم بىلەن ئۇنىڭ قورساق قىسمىنى يەڭگىل چېكىپ قويۇۋىدىم، خۇددى موردىن ئىس چىققاندەك، ھېلىقى تۆشۈكتىن تۇمانسىمان نەرسىلەر چىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن

تولىمۇ ئەجەبلەندىم. ئۇلاردىن يانچۇقۇمغا توشقۇدەك ئۈزۈۋېلىپ، بىكار ۋاقتلىرىمدا ئاشۇنداق ئىس چىقىرىپ، ئويناپتىتىم ، ئەڭ ئاخىرىدا، قولۇمدا بىر تال تېۋىتلىق شارچىلا قالدى.

چەكسىز لەززەتكە تولغان بۇ دەرەخزارلىقنىڭ ماڭا قانچىلىك خۇشاللىق ئاتا قىلغىنىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. تۈنجى قېتىم گۇمبەمەدەك بايقىغاندىن تارتىپ بۇ يەرگە تالاي قېتىملاپ كەلدىم. قاغىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا گۇمبەمەدەكنى ئەمەلىيەتتىن تونۇش پىروگراممىسىنى تاماملىدىم. بىلىپ - بىلمەي نۇرغۇن گۇمبەمەدەك ئەۋرىشكىسى توپلىۋالدىم. ھالبۇكى، مېنىڭ بۇ نەتىجىلىرىم ئۆيدىكىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. بىزنىڭ ئۇ يەردە «بۇدالېر» دېيىلىدىغان بىر خىل گۇمبەمەدەك بولۇپ، ئۇنىڭ يۇرتىمىزدا نامى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىل گۇمبەمەدەك ئادەمنى زەھەرلەيدىكەن. مەن قارىماققا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان «بۇدالېر»نىڭ نېمىشقا بۇنچىۋالا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم. كېيىن دادام ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئاندىن قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىش مېنىڭ ئۇ زەھەرلىك نەرسە بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا يېقىن ئۆتۈشۈمگە توسالغۇ بولالمىدى.

بۇك دەرەخزارلىقىنى داۋاملىق زىيارەت قىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈم بايقىغان گۇمبەمەدەكلەرنى ئۈچ تۈرگە ئايرىپ خۇلاسلەپ چىقتىم. بىرىنچى تۈردىكىلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغىنى ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ تۈردىكى گۇمبەمەدەكلەرنىڭ تەگ قىسمىدا چېچىلغان نۇرسىمان قېتى بولىدۇ؛ ئىككىنچى تۈردىكىلەرنىڭ ئاستى تەرىپىدە قېلىن بىر قەۋەت قاتلام بولۇپ، بۇ قاتلامغا كۆز بىلەن ئاران كۆرگىلى بولغۇدەك تۆشۈكچىلەر ئورۇنلاشقان؛ ئۈچىنچى تۈردىكىلەرنىڭ

سىرتقى يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ئۇچلۇق تىكەنلەر بولۇپ، ھالىتى مۈشۈكنىڭ تىلىدىكى ئوششاق تىكەنچىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەن ئەستە تۇتۇشقا ياردىمى بولىدىغان قانۇنىيەتلىك تونۇش ھەققىدە ئىزدىنىپ، نەتىجىدە بىر خىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدىم.

يەنە خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بىرنەچچە پارچە قوللانما قولۇمغا چىقىپ قالدى. بۇ چاغدا مەن ئايرىپ چىققان ئۈچ تۈرنى باشقىلارنىڭ ئاللىبۇرۇن ئىگىلەپ بولغانلىقىنى بايقىدىم. باشقىلار ھەتتا لاتىن تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەنىدى. مەن لاتىن يېزىقىنى تونۇمىساممۇ، بۇ سەۋەبلىك رايىم قايتىپ قالمىدى. ماڭا فىرانسۇز تىلى بىلەن لاتىن تىلىنى ئۆز ئارا تەرجىمە قىلىش مەشىق پۈرسىتى بەرگەن لاتىن تىلى ئاتالغۇلىرى گۇمبەمەدەكنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەنىدى، ھېلىقى پوپ مىسسا ئىنجىلى ئوقۇغاندا ئىشلەتكەن قەدىمكىلەرنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلى گۇمبەمەدەككە شەرەپ ئاتا قىلغانىدى، شۇنداق قىلىپ گۇمبەمەدەكنىڭ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئوبرازى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنداق ئاقىلانە ئاتالغۇنىڭ قىممىتىنى كۆرستىش ئۈچۈن، ئامال قىلىپ ئۇلارنى ھەقىقىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

بۇ كىتابلاردىمۇ مەن قىزىققان ھېلىقى ئىچىدىن ئىس چىقىدىغان گۇمبەمەدەك تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «بۆرىنىڭ ئوسۇرۇقى» دەپ ئىسىم قويۇلغانىدى. ماڭا بۇ ئىسىم تولىمۇ ئەدەپسىز، قوپال تۇيۇلدى. ئارقىدىن ئۇ لاتىن تىلىدىكى «رىگىل بارتىن» دېگەن سۆز بىلەن ئاتالغانىدى. كىم بىلسۇن، بۇ ئىسىم قارىماققا يارىشىملىق كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ لاتىن تىلىدا بۆرىنىڭ ئوسۇرۇقىنى كۆرستىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى ساھەسىدە ئىنتايىن مول ئاتالغۇلار ھازىرلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ فىرانسۇز تىلىغا

تەرجىمە قىلىنىپ ئىشلىتىشكە ماس كېلىشى ناتايىن. قەدىمكىلەرنىڭ بىزگە قالدۇرغان نەرسىلىرى بىز بۇگۈن قالدۇرغان نەرسىلەردەك قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆسۈملۈكشۇناسلىقىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مەدەنىيلىك، ئەخلاقىقا زىت بولغان، نېمە بولسا شۇنى دەيدىغان قوپال ئۇسلۇب ساقلانغان.

قايسىبىر چاغلاردا مەن تولۇپ تاشقان باللارچە قىزىقىش بىلەن گۈمبەمەدەكنى تونۇش دۇنياسىغا تەنها قەدەم باسقانىدىم. باللىقتىن زوق ئالىدىغان چاغلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بەك يىراقلاپ كەتتى. ①«Eheu ! fugaces labuntur anni !» دەپ خورسىناتتى خوراتىئۇس. ھەي، دەرۋەقە شۇنداق. يىللار ئالمىشىپ، ۋاقىت ئاتقان ئوقتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھازىر تېخىمۇ شۇنداق، ئۇلار قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋېتۇ. ئىلگىرى يىللار شۇنچە خۇشال ئېقىندەك تۈيۈلۈپ، ئالدىرىماي ئاققان بولسا، ھازىرغا كەلگەندە جىددىي ئېقىندەك بىر دۆۋە كونا سۆڭەك، سولاش مۇسكۇلغا قاراپ رەھىمسىزلەرچە چاپماقتا. ۋاقىت ھەرگىز ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنايلى.

گۈگۈم پەردىسى يېپىلغاندا، ئوتۇنچى ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە باغلام ئوتۇنلىرىنى باغلاشقا كىرىشتى. ئوتۇنچىغا ئوخشاشلا، مەندەك بىر بىلىم ئورمىنىدىكى ئوتۇنچىمۇ ھاياتىنىڭ گۈگۈم پەردىسى يېپىلىش ئالدىدا بارلىق ئوتۇنلارنى توپلاپ رەتلەشنى ئويلىدى. ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمدا يەنە نېمىلەرنى تېخى قىلمىدىم؟ مۇنداقلا ئويلىسام ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىرنەچچە دېرىزە ئوچۇق، دېرىزە ئالدىدىكى ئاشۇ دۇنيا ئىزدىنىشنى ساقلاپ تۇرماقتا.

---

① لاتىنچە، مەنىسى: ۋاھ! كۈنلەر ئۆتىدۇ، ئاخىر قېرىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل گۈمبەمەدەكلەر ماڭا بالىلىق دەۋرىمدىلا ئۈسۈملۈك دۇنياسىدىكى خوشاللىقنى تېتىتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئاخىرىدا ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشەلمىدى. مەن بۇرۇندىن تارتىپ هازىرغىچە ئورمانغا ھەمىشە بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇردۇم. كۆز پەسلىدە چۈشتىن كېيىنكى ھاۋا ياخشى بولسىلا، ئېغىر پۇتلىرىمنى سۆرەپ، ئۇلارنى زىيارەت قىلىشقا باراتتىم. بۇنداق قىلىشىم باشقا نەرسە ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىدى. كىشىنى ھەمىشە مەستخۇش قىلىدىغان ئەترگۈل رەڭلىك ئېرىكا گىلىمى ئۈستىدە تولۇپ ياتقان كالا جىگىرىسىمان زەمبۇرۇغدەك چوڭ باشلار، قالپاقلىق زەمبۇرۇغدەك جانلىق ئانىلىق تۇمشۇقى، يەنە مارجانسىمان زەمبۇرۇغدەك دانە - دانە، توپ - توپ گۈزەل ئوبراز مەنزىرىسىنى كۆپرەك كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە بولاتتىم.

سېرىگنان ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولدى. بۇ يەردىكى گۈمبەمەدەكلەر ئۆزىنىڭ جەلپكار قىياپىتىنى قىلچىمۇ ئايىماستىن ماڭا ئايان قىلدى. يېقىن ئەتراپتىكى دۇب دەرەخلىرى، ياۋا بۆلجۈرگەن ۋە روزېمارىيەلەر توپلىشىپ ئۆسكەن كىچىك تاغدا شەكلى شۇنچە كۆپ خىل، رەڭگارەڭ گۈمبەمەدەك ئۈنۈپ چىققانىدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا بۇنداق بايلىق مېنىڭ بىر پىلانغا سەۋدايىلارچە بېرىلىشىمگە سەۋەبچى بولدى. مەن مەۋھۇم تەسۋىرنى سىزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئەسلىي ھالىتى بويىچە ساقلاشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئەۋرىشكىلەرنى توپلىشىم كېرەكلىكىنى جىددىي ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسىم سىزىشنى باشلىۋەتتىم. ئەتراپىمدىكى كۆرگىلى بولىدىغان بارلىق گۈمبەمەدەك تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىي چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە سىزىپ چىقتىم. ئىلگىرى سۇ بوياق رەسىم بىلەن تونۇشمايتتىم، مەيلى، ھېچقىسى يوق، بۇرۇن

ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمىگەن نەرسىنى كەشىپ قىلىپ بارلىققا كەلتۈرەي. دەسلىپىدە ياخشى سىزالمىساممۇ، كېيىن تەدرىجىي ياخشىلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا چوقۇم ياخشى سىزالايمەن. مېنىڭچە، ھەر كۈنى بىر خەت ـ بىر خەتتىن نەسىر يازغانغا قارىغاندا رەسىم سىزىش خېلى كۆڭۈللۈك.

ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە مەن نەچچە يۈز پارچە گۈمبەمەدەك رەسىمنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندىم. ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر خىل گۈمبەمەدەكلەر ئۆز شەكلى، ئۆز چوڭلۇقى، ئۆز رەڭگى بويىچە بۇ قەغەزلەرگە سىزىلدى. بۇ گۈمبەمەدەك رەسىملەر توپلىمى خېلى قىممەتكە ئىگە. ئۇ سەنئەت نۇقتىئىنەزىرىدىن تولۇق پىشمىغان دەپ قارالغاندىمۇ، ھېچبولمىغاندا توغرىلىقىنى ساقلىغان. رەسىملەر توپلىمى ھەققىدىكى ئىش سىرتقا پۇر كەتتى. يەكشەنبە كېلىشى بىلەنلا، ئۇنى تاماشا قىلغىلى ئادەم كېلەتتى، زىيارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەھرادىكى ئاددىي كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەربىر پارچە رەسىمگە ساددىلىق بىلەن قاراپ، ئادەم قولىنىڭ سىركۈل ياكى قېلىپ يوق شارائىت ئاستىدا مۇشۇنداق گۈزەل رەسىمنى سىزىپ چىقالىغانلىقىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشاتتى. ئۇلار رەسىمدىكى گۈمبەمەدەكنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قانداق گۈمبەمەدەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ، خەلقىنىڭ ئۇنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ مېنىڭ قىلمىمىنىڭ كۆزىتىلىش ئوبيېكتىغا سادىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ قېلىن بىر پارچە سۇ بوياق رەسىملەر توپلىمى نۇرغۇن ئەمگەك سەرپ قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن مېۋە. ئۇلار كەلگۈسىدە نېمىگە ئايلىنار؟ شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، دەسلەپكى بىر مەزگىلدە ئۆيدىكىلەر مېنىڭ بۇ مىراسىمنى قەدىرلەپ ساقلايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ھامان ئاۋارىچىلىك ھېس قىلىپ، بىر ئىشكاپتىن يەنە بىر ئىشكاپقا، بىر بالىخانىدىن يەنە

بىر بالىخانىغا يۆتكەيدۇ. چاشقانلارمۇ توختىماي زىيارەت قىلىپ، بەتلىرى تىتىلىدۇ. ھامان بىر كۈنى قايسىدۇر بىر تۈغقانلارنىڭ نەۋرىسىنىڭ قولىغا چىقىپ، ئايروپىلان ياساپ ئوينايدىغان قەغەزگە ئايلىنىدۇ. بۇ مۇقەررەر بولىدىغان ئىش. ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىنتايىن قەدىرلىگەن نەرسىمىز ئاخىرىغا كەلگەندە رېئاللىقنىڭ تىرنىقى ئاستىدا رەھىمسىزلەرچە چەيلىنىدۇ.

بۇ كىتاب يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据作家出版社2011年8月第1版，2012年3月第2次印刷本翻译出版。

# هاشارات خاتىرىسى

ئاپتورى: فابىر (فىرانسىيە)
تەرجىمە قىلغۇچىلار: گۈلشەھەر نىغمەت، تاھىرجان ئەركىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16
نەشرى: 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17741 - 7
باھاسى: 40.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چەت ئەل نادىر ئەسەرلىرى تەرجىمە قۇرۇلۇشى

外国文学经典翻译工程

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# هاشارات خاتىرىسى

ISBN 978-7-228-17741-7

定价：40.00 元